مۇھەممەد يۈسۈپ

# مانا بۇ ئىسلام

ئىسلامي ئەسەرلەر نەشرياتى

(ح) محمد يوسف محمد تورسون،1434هـ

فهرسة مكتبة الملك فهد الوطنية أثناء النشر

تورسون، محمد يوسف

هذا هو الإسلام/محمد يوسف تورسون-الرياض،1434هـ

ص؛..س

ردمك:8-4717-978

(الكتاب باللغة الأويغورية)

1-العقيدة الإسلامية 2-الوعظ والإرشاد أ. العنوان

ديوي214 1434/2495

رقم الإيداع:1434/2495

ردمك:8-4717-00-603-978

بۇ ئەسىرىمنى غۇربەت كوچىلىرىدا ماڭا قولداش بولۇپ، كۆڭلۈمگە خۇشاللىق بېغىشلىۋاتقان سۆيۈملۈك قىزلىرىم فاتىمە، فائىزە، ئوغۇللىرىم ئىمران ۋە ئىرفانلارغا بېغىشلايمەن.

- ئاپتور

# هذا هو الإسلام

تأليف

محمد يوسف محمد تورسون

الطبعة الأولى

# مانا بۇ ئىسلام

ئاپتورى: مۇھەممەد يۇسۇپ

بىرىنچى نەشرى

**بسم الله الرحمن الرحيم**

ئەڭ گۈزەل ماختاش ۋە ئەڭ ئېسىل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە پەرۋىشچىسى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالانى چىن يۈرەكتىن مەدھىيىلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىمەن. ھەق دىنىنى بىزلەرگە يەتكۈزگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد، دۇئا ۋە سالام يوللايمەن. ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە تا قىيامەتكىچە ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا بەخت ـ سائادەت تىلەيمەن.

تۈركىيە ۋە ئانا ۋەتەندىكى ئوقۇرمەنلىرىمدىن بىر قانچىسى خېلى ۋاقىتىن بېرى مەندىن ئىسلام دىنى ھەققىدە چۈشىنىشلىك، ئىخچام ۋە كەڭ دائىرىلىك بىر كىتاب يېزىپ چىقىشىمنى تەلەپ قىلغان ئىدى. مەنمۇ ۋاقىت چىقىرالىسام يازىمەن دەپ ۋەدە بەرگەنىتىم. مەشغۇلىيىتىمنىڭ كۆپلىكىدىن بۇ ئىشقا ھېچ قولۇم تەگمەي كەلگەن ئىدىم. يېقىندا يەنە ئۇلاردىن بىرى مەندىن بۇ ئىشنى سۈيلىدى ۋە تەلەپنى قاتتىقراق قويدى. شۇنىڭ بىلەن باشقا چىشلىرىمنى قويۇپ ئىزدىنىشكە باشلىدىم، بۇ ھەقتە قەلەم تەۋرەتكەن كاتتا ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتىم. يەنە بىر تەرەپتىن ئىلگىرى ئىسلام دىنى ھەققىدە يازغانلىرىمنى توپلىدىم. جانابى ئاللاھ تائالادىن ياردەم سوراپ بىر قانچە ئاي جاپالىق ئىشلەش جەريانىدا بۇ كىتابنى يېزىپ ياتا قىلىپ تۈزۈپ چىقتىم. ئاندىن داۋاملىق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ۋە تولۇقلاش جەريانىدا كىتابىمنى بۇ ھالىغا كەلتۈردۈم. ئەقلىمگە كەلگەن مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى ھەققىدە توختالدىم، چۈشىنىشلىك، كەڭ مەلۇمات بېرىشكە تىرىشتىم. ئەمما تۈرلۈك خاتالىق

ۋە نۇقسانلاردىن خالىي دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ پىكىر بېرىشىنى، ئۆلىمالىرىمىزنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن.

جانابى ئاللاھ تائالادىن بۇ ئاددىي ئەمگىكىمنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلىشىنى ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمان خەلقىم ئۈچۈن مەنپەئەتلىك ئىلىملەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىنى سورايمەن.

ـ مۇھەممەد يۈسۈپ

1434/10/14ھىجرى

2013ـيىلى21ـئاۋغۇست

## ئاپتور ھەققىدە

مۇھەممەد يۈسۈپ 1968-يىلى خوتەن ۋىلايىتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپلا قارىيلىققا كىرىشكەن بولۇپ، كىچىك يېشىدىلا قۇرئان كەرىمنى يادلاپ بولغان. 1984 - يىلى ناھىيىلىك چوڭ جامەدە تۇنجى خەتمىنى ئوقۇغاندا كىشىلەرنىڭ زوقىنى قوزغىغان.

1984- ۋە 1985-يىللار ئارىسىدا يوشۇرۇن مەدرىسەدە ئەرەب تىلى ئۆگىنىشكە باشلاپ، دەسلەپكى ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن، 1986 - يىلى 6- ئايدا چەت ئەلدە ئىلىم تەھسىل قىلىش مەقسىتى بىلەن ۋەتەندىن ئايرىلغان ۋە شۇ يىلى ھەج پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولۇپ، مىسىرغا ئوقۇشقا كەتكەن.

1986-يىلى9-ئايدا مىسىر ئەزھەر بىلىمگاھىنىڭ تەييارلىق سىنىپىغا ئوقۇشقا كىرىپ، شۇ يىلنىڭ ئاخىرى تولۇق ئوتتۇرىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن. تولۇقنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى يىللىقىنى ئوقۇپ بولۇپ، مۇسابىقە ئارقىلىق تۆتىنچى يىللىققا ئاتلىغان. شۇنداق قىلىپ 4 يىللىق تولۇق ئوتتۇرىنى 3 يىلدا پۈتتۈرگەن.

1989 - ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرىئەت ۋە قانۇن فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ، 1993- يىلى تاماملىغان.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1995 - يىلىنىڭ بېشىغىچە تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىكى «ئۈسكۈدار رايونلۇق قۇرئان يادلاش مەدرىسەسى»دە ئەرەب تىلى ۋە قىرائەتتىن دەرس بەرگەن.

1995 – يىلىدىن 2001 - يىلىغىچە قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدىكى«قازاق-تۈرك ئىنىستىتوتى»دا ئەرەب تىلىدىن مۇئەللىم

بولـــۇپ ئىشـــلىگەن. بـــۇ جەريانـــدا قازاقىســـتاننىڭ جۇمھۇرىيەتلىـــك گېزىتلىرىدىن «ئۇيغۇر ئـاۋازى» ۋە « يېڭـى هايـات» گېزىتلىرىـدە دىنىـي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدە نۇرغۇن ماقالە يېزىپ ئېلان قىلغان.

2001 ـ يىلىـدىن بىـرى سـەئۇدى ئەرەبىسـتان رادىئوسـىنىڭ ئۇيغـۇر بۆلۈمىدە بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

## مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ پىكىر-قارىشى

مۇھەممەد يۈسۈپ دىنىـي جەھەتـتە ئوتتۇراھاللىقنى ئاساس قىلغـان ئىلغـار پىكىـر-قاراشـقا ئىـگە بولـۇپ، رادىكاللىقتىن ۋە چەكلىـك مۇھىـت تەسىرىدىن ئەلۋەتتە يىراقتۇر.

تىنىمسىز ئىـزدىنىش روھىغـا ئىـگە مـۇھەممەد يۈسـۈپ ھـازىرغىچە 20 پارچىـدىن ئـارتۇق ئەسـەر يازغاننىـڭ سـىرتىدا، ئەرەب تىلىـدىن ئۇيغـۇر تىلىغا 10 پارچىدىن ئارتۇق كىتـاب تەرجىـمە قىلغـان ھەمـدە ھەر قايىسـى تور بەتلىرىدە 100 پارچىـدىن كـۆپرەك ماقـالە ئـېلان قىلغـان. ھـازىرغىچە ئۇنىـڭ ئەسـەرلىرى ۋەتەن ئىچـى ۋە سـىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىـڭ قىـزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

## مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ نەشر قىلىنىپ بولغان ئەسەرلىرى:

1. «ئىسـلامدىكى ئـائىلە تـۈزۈمى» بىرىنچـى نەشـرى 1996ــ يىلـى، ئىككىنچى نەشرى 2002ــ يىلـى ئىسـتانبۇلدا، ئـۈچىنچى نەشـرى 2010ـ يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان.

2.« ئىسـلام ئەقىـدىلىرى» بىرىنچـى نەشـرى 1997ــ يىلـى (ئۇيغـۇر سىلاۋيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا، ئىككىنچى نەشرى 1998ــ يىلـى قەشـقەردە، ئـۈچىنچى نەشـرى 2003ــ يىلـى قـازاق تىلىـدا ئالمۇتـا، تـۆتىنچى نەشـرى

2004ــ يىلــى ئىســتانبۇلدا، بەشــىنچى نەشــرى 2005-يىلــى (ئۇيغــۇر سىلاۋىيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا، ئالتىنچى نەشرى 2006-يىلى قازاق تىلىدا ئالمۇتىــدا، يەتتىنچــى، ســەككىزىنچى ۋە توققــۇزىنچى نەشــلىرى2008-2009- ۋە 2010-يىللىرى ئالمۇتىدا ئارقا-ئارقىدىن (ئۇيغۇر سىلاۋىيان يېزىقىدا) نەشر قىلىنغان.

3. «نامــاز ۋە ئۇنىــڭ قائىدە- تەرتىپلىرى» بىرىنچى نەشــرى 1998ــ يىلــى (ئۇيغــۇر ســىلاۋىيان ۋە ئەرەب يېزىقلىرىــدا) ئالمۇتىــدا، ئىككىنچــى نەشــرى 2007-يىلــى ئىســتانبۇلدا، ئــۈچىنچى نەشــرى 2008-يىلــى، تۆتىنچى نەشرى 2012-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان.

4. «نامــاز ھەققىــدە ســاۋات» بىرىنچــى نەشــرى 1998ــ يىلــى، ئىككىنچــى نەشــرى 2006-يىلــى، ئــۈچىنچى نەشــرى 2008-يىلــى، تــۆتىنچى نەشرى 2009-يىلى، بەشىنچى نەشرى 2010-يىلى (ئۇيغــۇر سىلاۋىيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا بېسىلغان.

5.«روزا ۋە ئۇنىــڭ ئەھكــاملىرى» بىرىنچــى نەشــرى 1999ــ يىلــى ئەرەب ۋە ســىلاۋىيان يېزىقلىرىــدا ئالمۇتىــدا، 2004-يىلــى ئىككىنچــى نەشرى ئىستانبۇلدا بېسىلغان.

6.« دىنىمىزنىــڭ ســاپلىقىنى قوغــدايلى» ( يېڭــى ھايــات ۋە ئۇيغــۇر ئاۋازى گېزىتلىرىــدە ئېــلان قىلىنغــان ماقالىلىرىنىــڭ تــوپلىمى)، بىرىنچــى نەشرى 1999-يىلى، ئىككىنچى نەشرى 2005-يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

7.« زاكات كىتابى» بىرىنچى نەشرى 2003ـ يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

8. «دۇئا ۋە ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى» بىرىنچى نەشرى 2004-يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

9. «ئىلاهىي قورغان» بىرىنچى نەشرى 2005- يىلى، ئىككىنچى نەشرى 2006-يىلى، ئۈچىنچى نەشرى 2010-يىلى ئىستانبۇلدا، تۆتىنچى نەشرى 2012-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان.

10. « غەرب مەدەنىيىتى ۋە بىز» 2004 - يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

11. « ھەج ۋە ئۆمرە قوللانمىسى» بىرىنچى نەشرى 2005 - يىلى ئىستانبۇلدا، ئىككىنچى نەشرى 2007- يىلى رىياد، ئۈچىنچى نەشرى 2009-يىلى (ئۇيغۇر سىلاۋيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا، تۆتىنچى نەشرى 2011-يىلى مەككىدە نەشر قىلىنغان.

12. « ئىسلامدىكى ھارام ۋە چەكلەنگەن ئىشلار» بىرىنچى نەشرى 2009-يىلى ئۇيغۇر ئەرەب يېزىقىدا ئىستانبۇلدا، ئىككىنچى نەشرى 2010- يىلى (سلاۋيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان.

13. «بەش پەرز ۋە ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى» 6 كىتابنىڭ توپلىمى بولۇپ، 2009-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان.

14. «ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن دىنىي ساۋات» بىرىنچى نەشرى 2009-يىلى بەيرۇتتا قاتتىق مۇقاۋىلىق قىلىپ بېسىلغان. قىسقارتىلغان ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى نەشرلىرى 2012-يىلى بەيرۇتتا ۋە ئىستانبۇلدا، تۆتىنچى نەشرى 2013-يىلى (ئۇيغۇر سىلاۋيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا، بەشىنچى نەشرى2013-يىلى مەككىدە نەشر قىلىنغان.

15. « دىن ۋە ھايات (1600سوئالغا جاۋاب)» 2009-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان. كېيىنچە تولۇقلىنىپ، «دىن ۋە ھايات(2000سوئالغا جاۋاب)» دېگەن ئىسىم بىلەن ئىككىنچى نەشرى 2010-يىلى، ئۈچىنچى نەشرى 2011-يىلى بەيرۇتتا، ئۈچىنچى نەشرىنىڭ ئۇيغۇر سىلاۋيان يېزىقىدىكى نۇسخىسى2013-يىلى ئالمۇتىدا، تۆتىنچى نەشرى 2013-يىلى بەيرۇتتا ئىككى توملۇق نەشر قىلىنغان.

16. «ئىسلام ئەخلاقى»بىرىنچى نەشرى 2010-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان.

17. «ھەج بەدەل ئىجارىتىنىڭ ھارامىلىقى ھەققىدە ئوچۇق سۆز» 2012-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان.

18. « پەرزەنتلىرىمىزنى قانداق تەربىيەلەيمىز؟»2013-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان.

19. « مانا بۇ ئىسلام ».

**نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان ئەسەرلىرى:**

1.«قۇرئان ئوقۇش قائىدىلىرى».

2. «غۇربەتتىكى ياشلىق» (شېئىرلار توپلىمى).

3.«يۈرەك سىرى»(شېئىرلار توپلىمى).

5.«قۇرئان كەرىم بىزنىڭ نىجات يولىمىز».

6.« پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ ماقامىنى قوغدايلى!»(ماقالىلار توپلىمى).

**ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرى:**

1.«التفسير الواضح»( روشەن تەپسىر). ئاپتورى: دوكتور مەھمۇد ھىجازى.

2. «الأديان في القرآن»(قۇرئاندىكى دىنلار). ئاپتورى: دوكتور مەھمۇد شەرىف.

3.«مختصر كتاب إظهار الحق»(ھەقىقەتنىڭ ئېلانى). ئاپتورى: ئەللامە رەھمەتۇللا ھىندى.

4.«كتاب التوحيد»(تەۋھىد كىتابى). ئاپتورى: مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەلفوزان.

5.«العقيدة الصحيحة» (توغرا ئەقىدە). ئاپتورى: سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق مۇپتىسى ئەللامە ئىبنى باز.

6. «شرح أصول الإيمان»( ئىمان ئاساسلىرىنىڭ شەرھى). ئاپتورى مۇھەممەد سالىھ ئەل مۇسەيمىن.

7.« منهج اهل السنة والجماعة»(ئەھلى سۈننىلەرنىڭ يولى). ئاپتورى: ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب.

8.«النصرانية في الأصل والواقع»(خرىستىئان دىنىنىڭ ئەسلى ۋە بۈگۈنى). ئاپتورى: ئەللامە مۇھەممەد ئابدۇللا سەھىم.

9. «صفة صلاة النبي»(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇش كەيپىيتى). ئاپتورى: مۇھەممەد ئىبنى ناسىرۇددىن ئەلبانى.

10. «الوسائل المفيدة للحياة الطبية» ئەللامە ئابدۇراھمان ناسىر ئەل سەئدى.

11. «الدروس المهمة لعامة الأمة»(مۇسۇلمانلارغا مۇھىم تەلىماتلار). ئاپتورى: ئىبنى باز.

12. «33سببا للخشوع في الصلاة»(نامازدا خۇشۇنىڭ33 سەۋەبى). ئاپتورى: مۇھەممەد سالىھ ئەل مۇنەججىد.

# مۇندەرىجە

ئاپتور ھەققىدە ........................................ 9
مۇندەرىجە................................................... 17
ئىسلام دىنى.................................................. 29
ئىسلامنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى ...................... 31
نېمە ئۈچۈن بەش؟ ........................................... 33
شاھادەت ........................................................ 33
ناماز ............................................................ 35
زاكات............................................................. 36
روزا .............................................................. 39
ھەج .............................................................. 44
ئىبادەتلەر ئەخلاقنى يۈكسەلتىش رولىغا ئىگە ................. 46
ئاللاھ تائالانىڭ دىنى بىردۇر ................................. 49
ئاللاھ تائالانىڭ دىنى ئەزەلدىن بىردۇر .......................... 49
ئىسلام ئۈممىتى ئۈلگىلىك ئۇممەتتۇر.................................. 51
ئەھلى كىتاب ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلامغا قارىتا مەۋقەسى ............... 52
ئىسلام جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنىدۇر ............................ 58
ئىسلام ھايات ئېنېرگىيەسى بولۇشى لازىم............................. 60
ئىسلام ئەمەلىيەت بىلەن تەبلىغ قىلىشقا موھتاج..................... 62
ئىسلام دىنى ئالەمشۇمۇل دىندۇر ................................... 64
ئىسلامنىڭ مۇكەممەللىكى ........................................ 69

ئىسلام ئەڭ مۇكەممەل دىندۇر.......................................... 69
ئىنسانلار ئېھتىياجلىق بولغان دىن ئىسلامدۇر ..................... 72
ئىسلامنىڭ غايىسى.................................................... 74
ئىسلام ۋە ئىنسان.................................................... 78
ئىسلام ۋە ئەقىل ..................................................... 80
ئىسلام ئەقلىي بىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان دىندۇر .................. 80
ئەقىللىق ئىنسان دىنسىز ياشىيالامدۇ؟ .............................. 81
ئىنسانلار دىنسىز ياشىمىغان.......................................... 84
ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى ............................................... 86
ئىسلام ۋە ئىمان ...................................................... 90
ئىماننىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى....................................... 91
ئىسلامنىڭ ئىمان ۋە ئەمەل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ............ 91
ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش ...................................... 93
ئاللاھنى تونۇشنىڭ ۋاستىلىرى ...................................... 95
ئەقلىنىڭ ئاللاھ تائالانى تونۇتۇشتىكى رولى......................... 95
ئاللاھ تائالانى ئۇنىڭ سۈپەتلىرى ئارقىلىق تونۇش ................ 97
پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش..................................... 99
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام............................................ 100
پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ...................................... 102
ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش ..................... 103
ۋەھيى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى............................................ 104
قۇرئان، ھەدىس ۋە ھەدىس قۇدسىي ................................ 106

قۇرئان كەرىم بىلەن ھەدىس قۇدسىنىڭ پەرقى............ 106
ھەدىس بىلەن ھەدىس قۇدسىنىڭ پەرقى...................... 107
قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش.................................109
سەۋەب ۋە نەتىجىلەر ............................................ 109
نەتىجە پەقەت ئاللاھ تائالادىن كېلىدۇ ........................ 112
سەۋەبلەر قانۇنىيىتى ............................................... 113
ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشى بىلەن بەندىنىڭ خاھىشى............ 114
ئىنسانىنىڭ يول تاللاش ئەركىنلىكى............................ 115
ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش................................119
قىيامەت ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى ................................... 119
بەرزەخ ئالىمى ........................................................ 120
پەرزەخ ئالىمىنىڭ راھىتى ۋە ئازابى............................ 121
ئاخىرەت چۈشەنچىسى .............................................. 121
بۇ دۇنيا ھاياتىنىڭ ئاخىرلىششى .................................. 126
ئاخىرەت ھاياتىنىڭ باشلىنىشى ..................................... 127
ئاخىرەتكە ئىشىنىشكە بولغان ئېھتىياج ۋە ئىنكارنىڭ ئاقىۋىتى... 128
ئىسلام ۋە تەبىئەت.....................................................136
تەبىئەت ۋە ئۇنىڭ مەنىسى ........................................ 136
تەبىئەت ئاللاھ تائالانىڭ سەنئىتىدۇر ........................... 137
ئىسلام ۋە ئىبادەت ...................................................139
ئىبادەتنىڭ تەرىپى.................................................. 139

ھەممە ئىبادەتكە چاقىرىلغان ........................................ 140
ئىبادەت ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ ........................................ 141
ئىنسان ئىبادەت قىلىشقا مۇھتاج ........................................ 143
ئىبادەت روھنىڭ غىزاسىدۇر ........................................ 144
ئىبادەت قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدۇر ........................................ 145
ئىسلام ۋە ئەخلاق ........................................ 148
گۈزەل ئەخلاق ........................................ 148
ناچار ئەخلاق ........................................ 149
ئىسلامدا گۈزەل ئەخلاقنىڭ قىممىتى ........................................ 149
گۈزەل ئەخلاق ئۈلگىسى ........................................ 150
ئىسلامدا ئەخلاق چۈشەنچىسى ........................................ 151
ئىسلام ۋە تازىلىق ........................................ 152
ئىسلام ۋە ھالال ـ ھارام ........................................ 156
ھالال ھارامدىن كۆپتۇر ........................................ 157
ھالال نەرسىلەردىمۇ ھارام تېپىلىدۇ ........................................ 159
ھالال ـ ھارام ئىنسانىنىڭ تاقىتىگە يارىشا بەلگىلەنگەن ........................................ 160
ھالال بىلەن ھارام ئېنىق ........................................ 161
ھالال بىلەن ھارام ئوتتۇرىسىدىكى نەرسىلەر ........................................ 163
ھالال بىلەن ھارامنىڭ دەرىجىلىرى بىر خىل ئەمەس ........................................ 165
ھالال ـ ھارام ئۇقۇمى ........................................ 167

يېمەك ـ ئىچمەكلەردىكى ھالال ـ ھارام.......................... 167
پىكىر ـ ئېتىقاد ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەردىكى ھالال ـ ھارام .......... 168
ھالالدىن يېيىشنىڭ زۆرۈرلۈكى .................................. 169
ھالال نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشنىڭ پايدىلىرى................ 169
ئىسلام ۋە شەرىئەت........................................... 171
ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرى.................. 171
ئىسلام ۋە فىقھى .............................................179
ئىسلام فىقھىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ........................... 180
ئىسلام فىقھىنىڭ ماۋزۇسى ................................ 180
فىقھ ئىلمىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ............................ 181
فىقھى ئىلمىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەب ........ 183
ئىسلام ۋە مەزھەپ...............................................184
مەزھەبىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى................................ 187
مەزھەپلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى ................... 187
ئىسلام ۋە تەقلىد .............................................190
تەقلىد قىلىشقا بولمايدىغان ئىشلار ............................ 190
تەقلىد قىلىشقا بولىدىغان ئىشلار ............................... 193
تەقلىد قىلىشقا بولىدىغان كىشىلەر .............................. 193
ئادالەتلىك مۇجتەھىدلەر كىملەر؟................................ 194
مەزھەپكە ئەگىشىشنىڭ ھۆكمى ................................. 194
رۇخسەت ئىزدەپ باشقا مەزھەپكە ئۆتۈش جائىزمۇ؟ ............... 197

مەزھەبكە ئەگەشمەسلىك دەۋاسى................................ 197
ئىسلام ۋە بىدئەت ..................................................199
دىندا پەيدا قىلىنغان بىدئەتلەر ........................................ 199
بىدئەتلەرنى مەنئى قىلىشنىڭ سەۋەبى ................................ 201
ئىسلام ۋە كۇپرى ..................................................205
كۇپرىنىڭ تۈرلىرى.................................................... 205
ئېتىقادتىكى كۇپرىلىق ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ................................ 205
ئەمەلدىكى كۇپرىلىقنىڭ تۈرلىرى.......................................... 208
ئىسلام ۋە نىفاق...................................................212
ئېتىقادتىكى نىفاق ...................................................... 212
ئەمەلدىكى نىفاق............................................................ 213
ئىسلام ۋە خائىنلىق...................................................215
خائىنلارغا ياخشى كۆن بولمايدۇ ........................................ 217
چېقىمچىلىق ۋە ئۇنىڭ خەتەرلىرى........................................ 217
چوڭ گۇناھلار........................................................220
ئىسلام ۋە تەۋبە.......................................................223
ئىسلام ۋە ھىدايەت ..................................................228
ھىدايەتنىڭ تۈرلىرى ...................................................... 228
زالالەتنىڭ مەنىسى.......................................................... 231
ھىدايەت ۋە زالالەتتىكى ئىلاھىي قانۇنىيەت ........................ 232
ئىسلام ۋە تەقۋالىق ..................................................237
تەقۋالىقنىڭ ئەھمىيتى...................................................... 237

پاسىقلىقنىڭ مەنىسى ............................................ 238
ئىسلام ۋە زاھىدلىق.......................................................240
زاھىدلىقنىڭ مەنىسى ............................................ 240
ھەقىقىي مەنىدىكى زاھىدلىق ............................... 241
زاھىدلىق بىلەن تەركىدۇنيالىقنىڭ پەرقى.............. 244
زاھىدلىقنىڭ پەزىلەتلىرى.................................. 245
ئىسلام ۋە ئايال .......................................................246
ئاۋۋالقى ئاياللار ئۆلگىلىك ئاياللار ئىدى ........................ 247
بىلىمسىزلىك ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ چېكىنىش دەۋرى ............. 248
ئايالللار تۈزۈلسە مىللەت تۈزۈلىدۇ.............................. 249
ئىسلام ۋە شىئە .......................................................252
ئون ئىككى ئىمام مەزھىبى..........................................255
ئىسلام ۋە تەسەۋۋۇپ...................................................265
سۇپىلىقنى ئىسلامدا يوق دېگۈچىلەر ............................ 266
سۇپىلىقنىڭ ئەسلىنى ئىسلامدا بار دېگۈچىلەر ................. 268
ئەڭ ئوتتۇراھال كۆز قاراش........................................ 273
ئىسلام ئۆلىمالىرى ھازىرقى سۇپىلارنى رەت قىلىدۇ.............. 275
تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى................................................ 275
تەسەۋۋۇپ ئېقىمى قاچان ۋە نەدە ئوتتۇرىغا چىققان؟............. 276
سۇپى ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى ..................................... 277
تەسەۋۋۇپنىڭ مەشھۇر پىرقىلىرى: ................................ 277

ئىسلام ۋە ۋەھھابىيلىق ......................................... 279
ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب........................... 279
ۋەھھابىي ھەرىكىتىنىڭ تارقىلىشى .................................. 280
ۋەھھابىيلىق ھەرىكىتىنىڭ تەسىر دائىرىسى........................ 282
ئىسلام ۋە سەلەف سالىھلار يولى ...................................... 284
سەلەف سۆزى ۋە سەلەفىيلىك ....................................... 285
سەلەف سالىھلار يولى چەكلىك يول ئەمەس........................ 286
سەلەفىيلىك دەۋاسى قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى سەلەفىي ئەمەس. 287
ئىسلام ۋە ئىلىم............................................................ 290
شەرئىي ئىلىم ........................................................... 291
شەرئىي ئىلىمنىڭ تۈرلىرى............................................ 293
دىندا مۇكەممەل بولۇشنىڭ پايدىلىرى............................... 294
ئىسلام ۋە ئىلىم-پەن ................................................... 299
ئىسلام ۋە ئىقتىساد .................................................... 303
ئىسلام ۋە ئېلىم-سېتىم................................................. 312
ئىسلام ۋە ھەق-ھوقۇقلار ............................................... 320
ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى... 320
قىلمىشلارنىڭ تەۋبىسى ............................................... 321
كىشلەرنىڭ ئەيىبىنى يېپىش ........................................ 322
ئىسلام ۋە ھىجرەت.......................................................... 323
ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىدىمۇ؟......................................... 325
دارى ئىسلامنىڭ دارى كۇفرىغا ئايلىنىش مەسىلىسى ............ 327

دار كۇفرىنىڭ دارى ئىسلامغا ئايلىنىش مەسىلىسى............. 329
ھىجرەتنىڭ ھۆكمى.................................................... 330
ھىجرەت قىلغۇچىلارنى قوبۇل قىلىدىغان جاي بولۇشى شەرت ... 331
قايسى دۆلەت ھىجرەتنى قوبۇل قىلىدۇ؟ ........................... 332
ئىسلام ۋە جىھاد .......................................................334
جىھادنىڭ بۆيرۇلۇشى.................................................. 335
ئىسلام ۋە تىنچلىق ......................................................337
ئىسلام ۋە مۇقەددەس ئۇرۇش ...........................................339
ئىسلام ۋە تېررورىزم ..................................................341
«تېررورىزم» سۆزىنىڭ مەنىسى......................................... 341
«جىھاد»سۆزىنىڭ مەنىسى ............................................ 342
تېررورىزم بىلەن جىھادنىڭ پەرقى .................................... 343
تېررورلۇق ۋە ئۇنىڭ جازاسى.......................................... 345
جىھاد ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتى ............................................. 346
مۇسۇلمانلار تاجاۋۇزچى بولمىغان .................................... 347
كىشىلەر مۇسۇلمان بولۇشقا زورلانمايدۇ............................. 348
كىشىلەر ئىسلام دىنىغا قانداق كىرىدۇ؟............................. 348
ئىسلام دىنى قىلىچ بىلەن تارقالمىغان............................... 349
ھەق-ھوقۇقلارنى مۇسۇلمانلار ئېلان قىلغان........................ 350
ئىسلام ۋە تەكفىر ئېقىمى ..............................................353
تەكفىر ئېقىمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىللار.... 353

«كاپىر» دېيىشكە ھەقلىق بولغانلار ............................ 354
تۆۋەندىكىلەرنىڭ كۇپىرلىقىنى ئاشكارا سۆزلەش لازىم: ........... 355
پىرقە بىلەن شەخسلەرنى ئايرىش مەسىلىسى...................... 356
چوڭ گۇناھلار ئىماننى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئەمما ئىماندىن چىقارمايدۇ358
ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن باشقا گۇناھلار كەچۈرۈم قىلىنىدۇ 360
بىر ئادەمدە ئىمان بىلەن كۇپرىنىڭ تېپىلىشى...................... 362
ئىسلام ۋە سىياسەت ...................................................365
ئىسلام ۋە دۆلەت.......................................................372
دىن دۆلىتى ئەمەس، ئىسلام دۆلىتى ............................... 372
ئىسلام دۆلىتى بىلەن دىن دۆلىتىنىڭ پەرقى ....................... 373
مۇسۇلمانلاردا سىياسىي ئىستىبدات دەۋرىنىڭ باشلىنىشى ...... 376
ئىسلام دۆلىتى باشقا دىنلارنى چەتكە قاقمايدۇ ..................... 377
ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى.................................... 380
ئىسلام ۋە دېموكراتىيە .................................................383
ئىسلام ۋە مىللەتچىلىك ................................................392
ئىجابى مىللەتچىلىك................................................... 397
سەلبى مىللەتچىلىك.................................................... 398
ئىسلام ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك.............................................401
ۋەتەن سۆيگۈسى ۋىجدان ۋە ۋاپا بۇرچىدۇر........................ 401
ئىسلام قوللايدىغان ئىجابىي ۋەتەنپەرۋەرلىك ...................... 405
ئىسلام رەت قىلىدىغان سەلبىي ۋەتەنپەرۋەرلىك .................. 406

ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مەنبەئى ئىسلام ئەقىدىسىدۇر ................ 406
ئىسلام ۋە ۋىجدان............................................408
دىن ۋىجداننىڭ يېتەكچىسىدۇر .................................. 409
ئىسلام ۋە كىشىلىك ھوقۇق..........................................411
1. باللارنىڭ ھەق-ھوقۇقى.............................................. 412
2. ئاياللارنىڭ ھەق-ھوقۇقى.............................................. 415
3. ئىجتىمائىي ھەق-ھوقۇقلار.............................................. 418
ئىسلام ۋە پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى ..................................422
ئىسلام ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكى............................................427
ئىسلام ۋە مۇرتەدنىڭ جازاسى............................................430
دىنغا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا قارشى چىقىشنىڭ پەرقى 434
مەن نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانمەن؟ ..........................................436
ئىسلامغا ئەڭ چوڭ زىيانكەشلىك مۇسۇلمانلاردىن كەلمەكتە ............441
ئىسلام ئۈممىتىنىڭ قان گۇرۇپپى ئىماندۇر.......................................444
پايدىلانغان مەنبەلەر ........................................................455

# ئىسلام دىنى

ئىسلام سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى: ئۆزىنى تاپشۇرۇش، بويسۇنۇش، باش ئېگىش دېگەنلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما ئىسلام سۆزىنىڭ ئىسلام ئاتالغۇلىرىدىكى مەنىسى: ئاللاھ تائالاغا بويسۇنۇش، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئەمرىگە تاپشۇرۇش ۋە ئۇنىڭ خاھىشىغا مۇۋاپىقلاشقان ھالدا ھايات كەچۈرۈش دېگەنلىكتۇر.

خۇلاسە قىلغاندا، ئىسلام ئىنسانىنىڭ ئۆزى بىلەن ياراتقۇچىسى ئوتتۇرىسىدا ئىتائەتچانلىقنى ئاساس قىلغان كۈچلۈك مۇناسىۋەت ئورنىتىشى دېگەنلىكتۇر.

بۇ مەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام ھەققىدە سورىغان سوئالىغا بەرگەن مۇنۇ جاۋابىدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىسىنى تاپىدۇ: «ئىسلام ـ ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ھەق ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش ۋە قۇدرىتى يەتسە بەيتۇللاھنى ھەج قىلىشتىن ئىبارەت»[1].

«ياراتقۇچى بىلەن يارىتىلغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قانداق بولۇشى كېرەك؟ يەر يۈزىدە بىر قانچە ئون يىل ھايات كەچۈرگەندىن كېيىن، يەنە ياراتقۇچىسىنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ شەپقىتىگە تەلمۈرىدىغان بىر ئىنسانىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى زادى قانداق بولۇشى كېرەك؟ بۇ مۇناسىۋەت جاھالەت ئۈستىگە قۇرۇلىشى كېرەكمۇ ياكى مەرىپەت ئۈستىگىمۇ؟ ئىسيانكارلىق ئۈستىگىمۇ ياكى ئىتائەتچانلىق ئۈستىگىمۇ؟

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

تەبىئىيكــى، ئىنســانىنىڭ بــۇ مەرھەمەتلىــك، كاتتــا ياراتقۇچىســىنى تونۇشى، ھاياتىنى ئۇنىڭ خاھىشىغا باغلىشى ۋە ئۇنىــڭ سىزىپ بەرگەن يولى بىلەن مېڭىشى ئەقىل ۋە مەنتىقىنىڭ بىردەك تەقەززاسىدۇر. مانا بۇ ئىسلامدۇر. مانــا بــۇ، جىمــى پەيغەمــبەرلەر ئىنسانلارنى دەۋەت قىلىــپ كەلگەن ئىسلامنىڭ ئۆزىدۇر.»[1]

ئىنســـــان مۇســـــۇلمان بولـــــۇپ، ئۆزىنىـــــڭ ئـــــاللاھ تائالاغـــــا بويسۇنىدىغانلىقىنى ئىپادە قىلغىنىدا، ئۇ جىمى كائىناتقا ئۇيغۇنلاشقان بولىــدۇ. چــۈنكى كائىنــاتتىكى جــانلىق، جانســىز بــارلىق مەۋجۇتــات ئىختىيــارىي ۋە ئىختىيارســىز ئــاللاھ تائالاغــا بويســۇنىدۇ. ئــاللاھ تائــالا قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ أَفَغَيْرَ دِينِ اللَّهِ يَبْغُونَ وَلَهُ أَسْلَمَ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ طَوْعًا وَكَرْهًا وَإِلَيْهِ يُرْجَعُونَ﴾ يەنــى﴿ئاســمانلاردىكىلەر ۋە يەردىكىــلەر ئىختىيــارىي ۋە ئىختىيارســىز رەۋىشــتە ئاللاھقــا بويســۇنغان تۇرســا، ئــۇلار ئاللاھنىــڭ دىنىـــدىن باشـــقا دىنىنـــى تىلەمـــدۇ؟ ھـــالبۇكى، ئۇنىـــڭ تەرىـــپىگە قايتۇرۇلىــدۇ.﴾[2] يەنــى كائىنــات ۋە ئۇنىڭــدىكى جىمــى مەۋجۇتــاتلار ئىختىيــارىي ۋە ئىختىيارســىز رەۋىشــتە ئــاللاھ تائالاغــا چوقــۇم بويســۇنىدۇ، ئۇنىــڭ خاھىشــى ۋە ئىرادىســى بــويىچە ھەرىــكەت قىلىــدۇ. كائىناتنىــڭ نىزامىمۇ ئاللاھ تائـالا بېكىـتكەن قـانۇن بىـلەن داۋام قىلىـدۇ. مەسـىلەن: يەرشــارىنىڭ ئــۆز ئوقــدا ئايلىنىشــقا داۋام قىلىــش بىــلەن بىــر ۋاقىتتــا قۇياشنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىشى ئاللاھ تائالا بېكىتكەن قانۇنىيەت بىلەن

(1) ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد غەززالىينىڭ«مائة سؤال عن الإسلام»(ئىسلام ھەققىدە 100سوئالغا جاۋاب)ناملىق ئەسىرى5-بەت.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى83-ئايەت.

ئەمەلگە ئاشىدۇ. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ۋە پەسىللەرنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشىمۇ ئاللاھ تائالا بېكىتكەن قانۇنىيەت بىلەن بولىدۇ.

ئاللاھ تائالاغا ئىشەنمەيدىغان ۋە ئۇنى تونۇمايدىغان ئىنسانلارمۇ ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشىغا ۋە ئىرادىسىگە ئىختىيارسىز ھالدا بويسۇنىدۇ. مەسىلەن: ئۇلارنىڭ كېسەلگە گىرىپتار بولۇشى، بالا ـ قازاغا ئۇچرىشى ۋە ئۆلۈشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشى بىلەن بولىدۇ. دېمەك، ھەممە ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز ھالدا چوقۇم ئاللاھ تائالاغا بويسۇنىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۇنىڭ ئىختىيارىي ھالدا ئاللاھ تائالاغا بويسۇنغانلىقى ۋە ئىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۇنىڭ خاھىشىغا تاپشۇرغانلىقىدۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن مۇشۇنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى قوبۇل قىلمىغان ئىنسانلار ئىختىيارىي ھالدا ئاللاھ تائالاغا بويسۇنمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز ھالدا چوقۇم بويسۇنىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىرادىسىدىن چەتنەپ كېتەلمەيدۇ. لېكىن ئاللاھ تائالاغا ئىختىيارىي بويسۇنۇش بىلەن ئىختىيارسىز بويسۇنۇش ئوتتۇرىسىدا ۋە نەتىجە جەھەتتە ئاسمان - زېمىن پەرقى بار. ئالدىنقىسى ئىتائەتمەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى جەننەتتۇر، كېيىنكىسى ئىسيانكارلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى دوزاختۇر.

## ئىسلامنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرى

ئىسلامنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن، ئاللاھ

تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بەرھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىش.

2. ھەركۈنى بەش ۋاخ نامازنى، ئىسلام شەرىئىتىدە كۆرسىتىلگەن بويىچە ئادا قىلىش.

3. يىلدا بىر ئاي رامىزان روزىسىنى تۇتۇش.

4. پۇل ـ مېلى زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتسە، يىلدا بىر قېتىم پۇل ـ مېلىنىڭ زاكىتىنى ئايرىش.

5. ئىقتىسادى يېتەرلىك بولۇپ، قودرىتى يەتسە، ئۆمۈر ئىچىدە بىر قېتىم بەيتۇللاھقا بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىش.

ئىسلامنىڭ يۇقىرىقى بەش ئاساسىي پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلغان ئادەم «مۇسۇلمان»دەپ ئاتىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ بەش پىرىنسىپنى مۇنداق بايان قىلغان: «ئىسلام بەش ئاساسنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار: ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ، گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكاتنى ئادا قىلىش، رامىزان روزىسىنى تۇتۇش، قۇدرىتى يەتسە بەيتۇللاھنى ھەج قىلىشتىن ئىبارەتتۇر»[1]. تەبىئىيكى، بۇ ھەدىستىن ئىسلامنىڭ ھەممىسى مۇشۇ دېگەن مەنە چىقمايدۇ. بەلكى بۇلار ئىسلامنىڭ ئاساسلىق ئىبادەتلىرى بەس. بۇ خۇددى كۆچمەن خەلقلەرنىڭ چېدىرىغا ئوخشايدۇ. خۇددى ھەر قانداق بىر چېدىر ئوتتۇرىغا بىر تۈۋرۈك، ئاندىن تۆت ئەتراپىغا بىردىن

(1) بۇخارى رىۋايىتى.

تۆت تۈۋرۈك تىكلەش بىلەن ئۆرە تۇرغانـدەك، ئىسلام دىنىمۇ ئاشۇ بەش ئاساس بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئەتراپىنى رەخت بىلەن ياپمىغىچە، ئۇ چېدىر دېيىلمەيدۇ.

بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، شاھادەت، ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەر ئىسلام بىناسىنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكلىرى بولۇپ، باشقا ئىبادەتلەر بۇ بىنانى تولۇقلايدۇ. خۇددى ھەر قانداق بىر ئۆي تاملىرى، ئۆگزىسى، دەرىزىلىرى ۋە ئىشىكلىرى بىلەن ئۆي بولغىنىدەك، ئىسلام ئىبادەتلىرىمۇ بۇ بەش ئاساسلىق ئىبادەت بىلەنلا تولۇقلانمايدۇ. بەلكى بۇيرۇلغان جىمى ئىبادەتلەر بىلەن تولۇقلىنىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام«ئىسلام بەش نەرسىدىن تەركىب تاپقان»دېمەستىن، «بەش ئاساستىن قۇرۇلغان»دېگەن.

## نېمە ئۈچۈن بەش؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئىسلام بەش ئاساسنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان....» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى چوڭقۇر ۋە مەزمۇنى مولدۇر. تۆۋەندىكى بايانلار بىزگە بۇ ماۋزۇدا قانائەت ھاسىل قىلدۇرىدۇ.

## شاھادەت

ئىسلامنىڭ بەش ئاساسىي پرىنسىپىنىڭ بىرىنچىسى بولغان«ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقلىقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ۋە بەندىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش»تىن ئىبارەت بۇ شاھادەت قەلبتىكى مۇستەھكەم ئىماننىڭ تەرجىمىسىدۇر. چۈنكى شاھادەت چىن ئىشىنىپ، دىل بىلەن تەستىق ۋە تىل بىلەن ئىقرار قىلىش بىلەن بولىدۇ. بۇ شاھادەت بولماستىن ھېچقانداق ئەمەل ـ ئىبادەت قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئىنسان چىن قەلبىدىن بۇ شاھادەتنى ئېيتىش بىلەن ئىسلام دىنىنى ئۇنىڭ جىمى ئەھكاملىرى بىلەن بىللە قوبۇل قىلغانلىقىنى ئىپلان قىلغان بولىدۇ. دىنغا كىرگەنلىك دېگەن مانا مۇشۇ. خۇددى بىرەر دۆلەتكە كىرگەن ئادەم ئۇ دۆلەتنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلىشقا مەجبۇر بولغانغا ئوخشاش دىنغا كىرگەن ئادەممۇ بۇ دىنىنىڭ بارلىق ئەھكاملىرى ۋە ئەمىر ھەم مەنئىلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك.

شۇڭا بۇ شاھادەت ئۇنىڭ مەزمۇنىغا ۋە تەقەززاسىغا كۆڭلىدىن قايىل بولماستىنلا، ئاغزاكى ئېيتىپ قويۇش بىلەن قوبۇل قىلىنمايدۇ. مۇنداق ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە مۇسۇلمان سانالمايدۇ. شۇڭا بۇ شاھادەتنى ئېيتىشتا تىل بىلەن دىل بىردەك بولۇشى لازىم. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿ وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ يَعْلَمُ مَا فِي أَنْفُسِكُمْ فَاحْذَرُوهُ ﴾ يەنى﴿بىلىڭلاركى، ئاللاھ قەلبىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا (يامان خىيالدا بولۇشتىن)ھەزەر قىلىڭلار﴾[1] دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەمدى ئىبادەتلەرگە كەلسەك، ئىبادەتلەر ئومۇمەن ئىنساننى ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيەلەپ يېتىلدۈرۈش رولىغا ئىگە. مەسىلەن: ناماز ئىنساننى گۇناھتىن توسىدۇ. زاكات ئىنسانغا مەردلىكنى ۋە سېخىيلىقنى ئۆگىتىدۇ. روزا ئۆز نەپسىنى كونترول قىلىشنى ۋە باشقۇرۇشنى ئۆگىتىدۇ. ھەج تەقۋالىقنى ۋە ئىتائەتچانلىقنى ئۆگىتىدۇ.

دېمەك، ناماز ئىنساننى يېتىلدۈرۈشكە، زاكات جەمئىيەتنى پاراۋان قىلىشقا مەسئۇلدۇر. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە قانداقلا جايدا ناماز ھەققىدە

(1) بەقەرە سۈرىسى235-ئايەت.

بايان ئۇچرىسا، زاكاتنىڭمۇ ئۇنىڭغا ياندىشىپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز.﴿الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْغَيْبِ وَيُقِيمُونَ الصَّلَاةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنْفِقُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ ۋە بىز بەرگەن نەرسىلەردىن(ياخشى يولغا) سەرپ قىلىدۇ﴾[1]، ﴿ وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ﴾ يەنى﴿نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار﴾[2] دېگەن ئايەتلەرگە ئوخشاش.

## ناماز

ناماز بارلىق ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىكى ۋە قەلبتىكى ئىماننى ئەڭ كۆرۈنەرلىك ھالدا نامايان قىلىپ تۇرىدىغان ۋە بەندىنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەڭ مەھكەم باغلاپ تۇرىدىغان ئىبادەتتۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دىنىنىڭ بېشى ئىسلام، ئۇنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكى نامازدۇر»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

ئاللاھ تائالانى، ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى، شۇنداقلا ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەقلىرىنى تونۇپ تۇرۇپ، كۈندە 24 سائەتلىك ۋاقىتىدىن بىر سائەتنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئاتاپ، ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشقا بېخىللىق قىلىدىغان ئىنساندىنمۇ بېخىل، تۇزكور، ۋاپاسىز ۋە خيانەتكار بىرى يوقتۇر. چۈنكى كۈندىلىك بەش ۋاخ نامازنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كۆپ كەتسە، ئاران بىر سائەت ۋاقىت كېتىدۇ. قالغان 23 سائەتنىڭ ھەممىسى يەنە ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر.

(1) بەقەرە سۈرىسى 3- ئايەت.
(2) بەقەرە سۈرىسى 43- ئايەت.
(3) تىرمىزى رىۋايىتى.

مەلۇمكى، بىز ئىنسانلار ۋاقتىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى كۈڭۈل ئېچىش، نەپسىمىزنى ئىستەكلىرىگە قاندۇرۇش، راھەتلىنىش قاتارلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىمىز. يەنە بىر قىسىم ۋاقتىمىزنى دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئىشلەش بىلەن تۈگىتىمىز. شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ ئۆمرىمىز سۇدەك ئېقىپ كېتىدۇ. ئەپسۇسكى، كۆپلىرىمىز بۇنى ئىنتايىن كېچىكىپ ھېس قىلىمىز.

ھەر كۈنى 5 قېتىم «ئاللاھ ھەممىدىن چوڭدۇر» دېگەن سادانى ئاڭلاپ، جايناماز‌غا كېلىپ، ئاللاھ تائالا بىلەن مەنىۋى مۇلاقاتتا بولۇشتىنمۇ ھوزۇرلۇق ئىش بارمۇ؟ تەبىئىيكى، بۇ ھوزۇرنىڭ تەمىنى تېتىمىغانلار بىلمەيدۇ. ناماز ئىسلام دىنىدا شەخسلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئادا قىلىپ قويۇشى بىلەن كۇپايە قىلىدىغان ئىبادەت ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىجتىمائىيلىقنىڭ ئالامىتى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىناقلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇڭا بەش ۋاخ نامازنى ھەر كىم ئۆزى يالغۇز ئوقۇسىمۇ ئادا تاپقىنى بىلەن، ئۇنى جامائەت بىلەن ئوقۇش ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

## زاكات

زاكات ـ زۆرۈر بولغان ئىجتىمائىي ئىبادەتتۇر. ئىسلام دىنى زاكاتنى چىقىش يولى قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا ياردەملىشىش، بىر ـ بىرىنىڭ غېمىنى يېيىش، قىيىنچىلىقلىرىنى بىرگە ھەل قىلىش ۋە بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەك بولۇشتىن ئىبارەت بىرلىك، باراۋەرلىك ئىچىدە ئۆمۈر سۈرۈشىنى مەقسەت قىلغان. ئىسلام شەرىئىتى قول ئىلكىدە بارلارنىڭ پۇل ـ مېلىدىكى يوقسۇللارنىڭ ھەقلىرىنى تۆۋەندىكى ئىككى يول بىلەن ئادا قىلىشقا بۇيرىغان:

1. ئىختىيارىي ياردەم بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى: «ھەقىقەتەن، مۆمىنلەر ئۆز ئارا قېرىنداشلاردۇر» دېگەن سۆزىدىكى قېرىنداشلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش يۈزىسىدىن، بايلارنىڭ پېقىرلارغا ۋە باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىگە ئېھسان، سەدىقە ۋە ساخاۋەت ناملىرى بىلەن قىلىشىغا تېگىشلىك بولغان ماددىي ياردىمىدۇر.

2. مەجبۇرىي ياردەم بولۇپ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ:﴿ وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ﴾ يەنى﴿نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار﴾[1] دېگەن ئەمرىگە ئاساسەن، جەمئىيەتتىكى بايلارنىڭ ئېھتىياجلىق شەخسلەرگە پۇل ـ ماللىرىدىن مەلۇم مىقداردا زاكات بېرىشتىن ئىبارەت بولغان مەجبۇرىيىتىدۇر.

«بېخىللىق ئىنسان تەبىئىتىكى قەدىمىي ئىللەت بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى ۋە مال ـ دۇنيا توپلاشقا ھېرىسلىقىدىن كېلىپ چىققان. دىن ئىنساننى نەپسىگە ئۆچ قىلىشقا ياكى پۈتۈنلەي تەركىدۇنيا بولۇۋېلىشقا چاقىرمايدۇ. بەلكى بۇ ھېرىسمەنلىكنىڭ باشقىلارغا قارىتا ھېسسىياتسىزلىققا، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن بىغەم بولۇپ ياشاشقا ئېلىپ بېرىشىنى رەت قىلىدۇ. ئىنسا بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بۇ يەردىدۇر.

چۈنكى ھايۋانلار لەززەتلىنىش قانۇنى بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ لوقمىسىنى ھاسىل قىلىش يولىدا باشقىلىرى بىلەن ئۆلۈم ياكى قېلىش جېڭىگە كىرىدىغان مەخلۇقاتتۇر. دۇنيا ئۆلارنىڭ كۆزىدە مۇشۇ دائىرىدىن چەتنەپ كېتەلمەيدۇ. ئىنسانمۇ

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 43ـ ئايەت.

ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتلىرى يولىدا كىچە ـ كۈندۈز كۈرەش قىلىدىغان ۋە تەبىئىتى ھايۋانلارنىڭ تەبىئىتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر مەخلۇقاتتۇر. چۈنكى ئۇمۇ شۇ بىر لوقما ئۈچۈن ياشايدۇ ۋە شۇ بىر لوقما ئۈچۈن ئۆلىدۇ.

ئىسلام دىنى كىلىپ ئىنسان تەبىئىتىدىكى بۇ شەخسىيەتچىلىككە چەك قويدى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزى ئۈچۈنلا ياشاش ۋە ئۆزىنىلا ئويلاشتىن ئىبارەت شەخسىيەتچىلىك ئىللىتىنى ئېلىپ تاشلاپ، باشقىلارنىڭ غېمىنى يېيىش، باشقىلارنىمۇ ئويلاش ۋە باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ بىر تەن بولۇپ ياشاش قاتارلىق ئېسىل پەزىلەتلەرنى ئۆگەتتى، شۇنداقلا ئىمانىنىڭ باشقىلارنىڭ غېمىنى يېيىشنى ۋە ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿ وَمَنْ يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِ فَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾يەنى﴿ ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىنى يەڭگەنلەر چوقۇم مۇرادىغا يەتكۈچىلەردۇر﴾[1] دەيدىغان ئىلاھىي قانۇننى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئىنساننىڭ ئۆزىنىلا ئويلاپ، باشقىلار بىلەن غەمى كارى بولماي ھايات كەچۈرۈشىنىڭ ئارقىسىغا، باشقىلارنىڭ ئاچ قېلىشى بىلەن ئۆزىنىڭ توق يۈرۈشى، باشقىلارنىڭ يوقسۇللىقى بىلەن ئۆزىنىڭ زاپاس مال ـ دۇنيا يىغىشى يوشۇرۇنغان. بۇنداق تەڭسىزلىك ئىنسانىيەتنىڭ بېشىغا ئەڭ ئېغىر زىددىيەتلەرنى ۋە ۋەھشىيلەرچە قان تۆكۈشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ماركسىزمغا ئۆزگىرىپ كەتكەن جەمئىيەتلەردىكى كىرزىسلار مۇشۇنداق چوڭ تەڭسىزلىكتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، كوممۇنىستلارنىڭ بايلارغا بولغان دۈشمەنلىكى ئۇلارنىڭ «ئاللاھ بار»

---

(1) تەغابۇن سۈرىسى16 ـ ئايەت.

چۈشەنچىسىگە بولغان ئاداۋىتىدىن قاتتىق ئىدى. چۈنكى ئۇ بايلار خەلقنىڭ ۋە دىننىڭ ھېسابىغا بېيىۋالغان، باشقىلارنىڭ غېمىنى يېيىشنى ئۇنۇتقان ئاچكۆز، تويماس بايلار ئىدى.

قۇرئان كەرىم دىن ھېسابىغا ئۆزلىرىنى بېيىتىپ، قورساقلىرىنى ھارام بىلەن تولدۇرۇۋالغان خىرىستىيان پوپلىرىنى قاتتىق سۆككەن ۋە ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقىنى كىشىلەرنىڭ ئىمانسىزلىقىغا سەۋەب بولغان ۋە ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن توسۇپ قويغان جىنايەت ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ.﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّ كَثِيرًا مِنَ الْأَحْبَارِ وَالرُّهْبَانِ لَيَأْكُلُونَ أَمْوَالَ النَّاسِ بِالْبَاطِلِ وَيَصُدُّونَ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ وَالَّذِينَ يَكْنِزُونَ الذَّهَبَ وَالْفِضَّةَ وَلَا يُنْفِقُونَهَا فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَبَشِّرْهُمْ بِعَذَابٍ أَلِيمٍ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! پوپلار بىلەن راھىبلەردىن نۇرغۇنلىرى كىشىلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ھەقىقەتەن ھارام يەيدۇ، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىشتىن توسىدۇ، ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن﴾[1]

زاكات ئىنسان تەبىئىتىدىكى بېخىللىق ئىللىتىنى تازىلاپ، ئۇنىڭدا قېرىنداشلىق ۋە مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىش چارىسىنىڭ بىر تۈرىدۇر.

## روزا

روزا تۇتۇش ئىبادىتى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ساماۋىي دىنلارنىڭ ھەممىسىدە ئورتاق بۇيرۇلۇپ كەلگەن قەدىمىي ئىبادەتتۇر، ئەمما ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلىنغان رامىزان روزىسى بولسا،

(1) تەۋبە سۈرىسى34ـ ئايەت.

ئايلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك، مىڭ ئايدىن ياخشى بولغان قەدىر كېچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە قۇرئان چۈشۈشكە باشلىغان بىر مۇبارەك ئايغا بەلگىلەنگەن كاتتا ۋە خاسىيەتلىك ئىبادەتتۇر.

روزا ئىنسانىنى پەس ھەۋەسلەردىن يۈكسەلتىپ، روھانىي خىسلەتلەرگە ئېرىشتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنى يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە كۆتۈرىدىغان؛ ئىنسانغا چىدام ۋە سەبىرچانلىقنى ئۆگىتىش ئارقىلىق ئۇنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدىغان تەربىيە خارەكتېرلىك ئىبادەتتۇر.

ئىنسان ئۆزىنىڭ پايدا - زىيىنىنى بىلىدىغان يېگانە مەخلۇقاتتۇر. چۈنكى ئىنساندىن باشقا جانلىقلاردا ئەقىل بولمىغانلىقتىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پايدا - زىيىنىنى بىلمەيدۇ. ئەمما ئىنسان ئاڭلىق ۋە ئەقىللىق مەخلۇقات بولغانلىقتىن، تەن ساقلىقنى ئاسراشنى بىلىدۇ، ئۆزىگە نېمىنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىنىڭ زىيانلىق بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ. ھايۋانلار بىلمەستىن ئۆزلىرىنى ھالاكەتكە ئاتسا، ئىنسانلار بىلىپ تۇرۇپ ئۆزلىرىنى ھالاكەتكە ئاتىدۇ.

يېيىشتە ئۆزىنى تۇتالماسلىق، ئاشقازىنىنى چېكىدىن تولدۇرۇۋېلىش ھايۋانلارغا خاس ئادەتتۇر. چۈنكى ھايۋانلارنىڭ يەپ - ئىچىپ ھۇزۇرلىنىشتىن باشقا ئارمىنى يوق. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە يېيىش ئۈچۈنلا ياشايدىغانلار ھايۋانلارغا ئوخشىتىلغان. ﴿ وَالَّذِينَ كَفَرُوا يَتَمَتَّعُونَ وَيَأْكُلُونَ كَمَا تَأْكُلُ الْأَنْعَامُ وَالنَّارُ مَثْوًى لَهُمْ﴾ يەنى﴿كاپىرلار (دۇنيا لەززەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولىدۇ ۋە ھايۋانلاردەك يەپ ــ ئىچىدۇ، ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ﴾ [1]

(1) مۇھەممەد سۈرىسى12-ئايەت.

ئالىملار تائامنىڭ ئىككى خىل ۋەزىپىسى بارلىقىنى سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ بىرى، تەننىڭ ھەرىكىتى ئۈچۈن يېتەرلىك ئېنېرگىيەلەرنى تولۇقلاپ بېرىش، يەنە بىرى، بالىلىق ۋە ياشلىق چاغلىرىدا تەننىڭ ئۆسۈشىنى تەمىن ئېتىشتۇر. ئادەم جىسمىنىڭ تائامغا بولغان ئېھتىياجى ئاپتوموبىلنىڭ يېقىلغۇغا بولغان ئېھتىياجىغا ئوخشاشتۇر. ئاپتوموبىلنىڭ يېقىلغۇسى بولغان بېنزىننى ساقلايدىغان تۇڭ تۆمۈردىن ياسالغانلىقتىن ئۆلچەمدىكىسىدىن ئارتۇقنى قوبۇل قىلالمايدۇ. ئەمما ئىنساننىڭ ئاشقازىنى كەڭرىش ۋە سوزۇلۇشچان بولغانلىقتىن ئۆلچەمدىن زىيادىسىنى قوبۇل قىلالايدۇ، ئاشقازان ھاجەتتىن ئارتۇق تولدۇرۇلغان تائامنى مايغا ئايلاندۇرىدۇ. نەتىجىدە، سېمىزلىك ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

مەلۇمكى ھەددىدىن ئارتۇق سېمىزلىك كېسەللىكنىڭ ئەلچىسىدۇر. ئىنسان شۇنداق بىر ئاجايىپ مەخلۇقاتكى، ئۇ ھەمىشە زىيادە ئۈچۈن، كۆپەيتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. مەسىلەن: مال ـ دۇنياسىنى كۆپەيتىش يولىدا ھالال ـ ھارامنى ئايرىماستىن ئىشلەيدۇ. شۇ تويماس قارنىنى تويغۇزۇش يولىدا ھاجەتتىن ئارتۇقنى تولدۇرۇۋالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرقى ھېسابتا ئىنسان ئۈچۈن زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئۆزى ياخشى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە بۇ كۆپەيتىشتىن ۋاز كەچمەيدۇ. مۇشۇ زىيادىنىڭ بىرەر ئۇرۇق بالىنىڭ جىسمىدا ياكى قارا ئىش قىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ جىسمىدە بولۇشىنى خالىمايدۇ. بەلكى ئۆزىدە زاپاس تۇرۇش بىلەن نۇرغۇن كېسەللىكلەرگە سەۋەب بولسىمۇ، يەنىلا شۇ زىيادە ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، شۇ زىيادە ئۈچۈن كىشىلەرنى رەنجىتىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەققىنى يەيدۇ. ئىنسان ئاڭلىق مەخلۇقات بولغىنى بىلەن بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان يېگانە

مەخلۇقــاتتۇر. چــۈنكى ئــۇ شــۇ بىردەملىــك لەززىتىنــى دەپ تەن سالامەتلىكىنى ھالاكەتكە ئىتتىشقا رازى بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنىداق دېگەن: «ئادەمنىڭ تاماق بىلەن قورسىقىنى چىڭ تولدۇرىۋالغىنىدىن يامان ئىش يوقتۇر، ئىنسان ھاجىتىگە تۇشلۇق يېسە بولىدۇ، پەقەت بولمىغاندا ئاشقازىنىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تاماق ئۈچۈن، يەنە بىرى ئىچىش ئۈچۈن، قالغان بىرىنى نەپەس ئېلىش ئۈچۈن بوش قالدۇرۇش لازىم.»[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە، كۆپ يېيىشنىڭ تەن ساقلىق ئۈچۈن زىيانلىق ئىكەنلىكىنى، ھەركىم ئېھتىياجىغا لايىق ھالدا يېيىشى لازىملىقىنى ۋە كۆپ بولغاندا ئاشقازىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى يېيىش ۋە ئىچىش بىلەن تولدۇرسىمۇ، قالغان ئۈچتىن بىرىنى نەپەس ئېلىش ئۈچۈن بوش قالدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئېيتقان. بۇ ھەدىس زامانىمىزدا ئىلمىي مۆجىزىلەر قاتارىدا تەتقىق قىلىنىپ تەن ساقلىقىنى ساقلاشتا بىرىنچى ئاساس دەپ ئېتىراپ قىلىنغان بىر ھەدىستۇر. ھازىرقى زامان تىببىي ئىلمى بۇ ھەدىسنىڭ تەن ساقلىقنى ساقلاش پىرىنسىپلىرى ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىقى ئىكەنلىكىنى ۋە ئاشقازىنىڭ ئۈچتىن بىرى چوقۇم بوش قالدۇرۇلۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىمەكتە. ھەتتا ياۋروپادا بۇ ھەدىسنى دوختۇرخانىلارنىڭ تاملىرىغا تەن سالامەتلىكنى ساقلاش پىرىنسىپلىرى قاتارىدا يېزىپ قويغان دۆلەتلەرمۇ بار.

قەدىمكى ئۆلىمالاردىن ئەبۇل ئۇسمان نۇرى ئوغلىغا قىلغان نەسىھىتىدە مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئى ئوغلۇم! ئۆزەڭنى نەپسى ھەۋەسلىرىڭ ۋە شەھۋەتلىرىڭگە قارشى كۈرەش قىلىشقا كۆندۈرگىن،

---

(1) ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

ئـاللاھ تائـالا سـىنى ئىنسـان قىلىـپ ياراتقـان ئىـكەن، سـەن نەپسـىڭنى ھـايۋان قىلىۋالمـا. چـۈنكى ئىلغىماسـتىن يېـيىش ۋە قـارنىنى چىـڭ تولـدۇرىۋېلىش ھايۋانلارغـا خـاس ئىشـتۇر. شـۇنى بىلگىنكـى، كـۆپ يېيىشتىن سېمىزلىك كېلىـپ چىقىـدۇ، سـېمىزلىكتىن كېسـەللىك كېلىـپ چىقىـدۇ، كېسـەللىكتىن ئۆلـۈم كېلىـپ چىقىـدۇ. مۇشـۇ سـەۋەب بىـلەن ئۆلگەن ئادەم شەرەپسىز بىر ئۆلۈمدە ئۆلگەن بولىدۇ. چـۈنكى ئـۇ ئۆزىنىـڭ شـــۇنداق ئۆلـــۈمگە ســـەۋەب بولغـــانلىقتىن، ئـــۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغـــان ھېسابلىنىدۇ.

ئـى ئوغلـۇم! قـارنىنى تولـدۇرىۋالغان ئـادەم سـەجدە بىـلەن رۇكۇنىمـۇ جايىـدا قىلالمايـدۇ، سـېمىز ئـادەم نامـازنى ياخشـى ئـادا قىلالمايـدۇ. سـۇڭا دەيمەنكى، روزا تۇتۇش ساقلىقتۇر، ئاز يېيىش ياخشىلارنىڭ ئادىتىدۇر.

ئـــى ئوغلـــۇم! مەن 90 ياشـــقا كـــىردىم، ئەممـــا ھـــازىرغىچە چىشـــلىرىم جايىـدا، قـولاقلىرىم ئاڭلايـدۇ، كـۆزلىرىم كۆرىـدۇ، ھەمـمە ئەزايىـم سـاق - سـالامەت تۇرماقتـا. بـۇ پەقەت ئـاز يېگەنلىكـتىن ئىـدى. سـەنمۇ ئەگەر ياشاشنى خالىساڭ مانا بۇ ياشاشنىڭ يولىـدۇر. ئەگەر يـاش تـۇرۇپ ئۆلـۈپ كېتىشنى خالىساڭ كۆپ يېيىش ئۆلۈمنىڭ يولىدۇر.»[1]

«روزا تۇتۇش ھازىرقى زامـان ھايـات ئېقىمىغـا قارشـى بىـر ئىبـادەتتۇر. چـــۈنكى دۇنيانىـــڭ ھەر قايســـى جايلىرىـــدا بەدەننـــى تونـــۇپ روھنـــى تونۇمايـــدىغان، دۇنيـــانى تونـــۇپ ئـــاخىرەتنى تونۇمايـــدىغان پەلەســـەپە ھۆكۈمرانلىـق قىلماقتـا. باشـقىلار نـېمە ئويلىسـا ئويلىسـۇن، نـېمە قىلسـا شـۇنى قىلسـۇن، ئەممـا بىـز مۇسـۇلمانلار ئۆچـۈن رەببىمىزنـى تونۇشـىمىز،

(1) ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد غەززالىينىڭ«مائة سؤال عن الإسلام»(ئىسلام ھەققىدە 100سوئالغا جاۋاب)»ناملىق ئەسىرى343-بەت.

ئۇنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلىشىمىز، ئۇنىڭ ئۈچۈن روزا تۇتۇشىمىز ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ئەسقاتىسۇن ئۈچۈن ئاخىرەتلىك ئوزۇق ئېلىشىمىز زۆرۈردۇر. شۇنداق بىر ئەپسۇسلىنارلىق ئىشمۇ باركى، روزا تۇتتۇق دەپ يېمەك ـ ئىچمەكنى تەرك ئېتىدىغانلار كۆپ بولسىمۇ، ھەقىقىي روزا تۇتىدىغانلار ئىنتايىن ئازدۇر.»[1]

**ھەج**

ھەج ئىبادىتى بۈرۈنقى ساماۋىي دىنلاردىمۇ بۇيرۇلۇپ كەلگەن قەدىمىي ئىبادەتتۇر. ھەج پائالىيەتلىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن باشلاپ داۋام قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا خۇراپات ۋە بۇتپەرەسلىك ئادەتلىرى ئارىلىشىپ بۇزۇلۇشى تۈپەيلى بۇددىست ئەرەبلەر ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ شەكلىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتكەن. ھەتتا كەبىنىڭ ئىچىگە ھەر قەبىلە ئۆزلىرىنىڭ بۇتلىرىنى تىزىۋالغان. ئىسلام دىنى دۇنياغا كېلىپ، ھىجرىيەنىڭ 8 ـ يىلى (مىلادىيە 630 ـ يىلى) مەككە پەتھى قىلىنىپ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، كەبىنىڭ ئىچىدىكى بۇتلار چېقىپ تاشلىنىپ كەبە تازىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن بىر يىل كېيىن، ھىجرىيەنىڭ 9 ـ يىلى ھەج ئىسلام دىنىنىڭ 5 ـ پەرزى بولۇپ بەلگىلىنىدۇ ۋە ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ قائىدە ـ تەرتىبلىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى ئەسلى شەكلىگە قايتۇرۇلىدۇ. شۇندىن بېرى ھەج پائالىيەتلىرى شۇ بويىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

ئەمما كۆپ كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلغاندەك، ئىبادەت يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتارلىقلار بىلەنلا چەكلىنىپ

---

(1) ئالدىنقى مەنبە 345ـبەت.

قالمايدۇ، بەلكى دىن دېمەك ئىبادەت دېمەكتۇر. يەنى ئىنسان ھەر ئىشتا ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىزىپ بەرگەن يول ئىچىدە ھەرىكەت قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ھاياتى پۈتۈنلەي ئىبادەت ئىچىدە ئۆتكەن بولىدۇ. مەسىلەن: ھالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەش، بالىلارنى بېقىش، ئۇلارنى ئىسلام ئەخلاقى بىلەن تەربىيەلەش ۋە ياخشى ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشۇش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى نىيەتنىڭ (ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت) دۇرۇس بولۇش شەرتى بىلەن ئىبادەت سانىلىدۇ. قەلبى ئاللاھ تائالاغا باغلانغان ئادەمنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق پۈتۈن ئىشلىرى، يۈرۈش - تۇرۇشلىرى، ھەتتا ئۇخلىشىمۇ ئىبادەتتۇر.

ناماز، روزا، زاكات، ھەج، خەير - ئېھسان قاتارلىق بەلگىلىك ئىبادەتلەر بەندىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بارىدىغان يولىدىكى ئۆزۈقلىنىش بېكەتلىرىدۇر. بۇلار خۇددى ئۇزۇن يولدىكى ماي قاچىلاش پونكىتلىرىغا ئوخشايدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلار مۇشۇ بەلگىلىك ئىبادەتلەر ئارقىلىق مەنىۋى جەھەتتىن كۈچ - قۇۋۋەت ھاسىل قىلىپ، يولىغا داۋام قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمان ماڭغان بۇ يولنىڭ ھەممىسى ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى:﴿ وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾يەنى ﴿ ئىنسانلارنى، جىنلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾[1] دېگەن ئايەتتىن مەقسەت قىلىنغان مەنە مۇشۇدۇر. ئىبادەت بۇ مەنىسى بىلەن ھاياتلىقنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

---

(1) زارىيات سۈرىسى56-ئايەت.

**ئىبادەتلەر ئەخلاقنى يۈكسەلتىش رولىغا ئىگە**

دىنىمىزدا بۇيرۇلغان ئىبادەتلەر ئەينى ۋاقىتتا ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىدىكى قىڭغىرلىقلارنى تۈزىتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن: ئىبادەتلەرنىڭ بېشى بولغان ناماز ھەققىدە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە:﴿ إِنَّ الصَّلَاةَ تَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنْكَرِ﴾يەنى﴿ھەقىقەتەن ناماز قەبىھ ئىشلاردىن، گۇناھلاردىن توسىدۇ﴾[1] دەيدۇ.

مەلۇمكى، قەبىھ ئىشلار بىلەن گۇناھلار ناچار ئەخلاقنىڭ نەتىجىسىدۇر. تەلەپكە لايىق ھالدا، سەممىي نىيەت بىلەن ئادا قىلىنغان ناماز ناچار ئەخلاقلاردىن چوقۇم توسىدۇ ۋە ياخشى ئەخلاقلارغا يېتەكلەيدۇ.

زاكاتنىڭ غايىسى ۋە مېۋىسىدىن مەقسەت گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈشتۇر. چۈنكى ئۆزىنى زاكات ۋە سەدىقىلەرنى بېرىشكە ئادەتلەندۈرگەن ئادەم يوقسۇللارغا ئىچ ئاغرىتىش ۋە شەپقەت قىلىشنى، شۇنداقلا سېخىيلىقنى ئۆگىنىدۇ.

زاكاتنىڭ بۇيرۇلۇشىنىڭ غايىسى ھەققىدە قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ:﴿خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِمْ بِهَا﴾يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن﴾[2]. ئايەتتىكى ﴿ياخشىلىقلىرىنى﴾ دېگەن ئىبارە، زاكاتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى بارلىق ياخشىلىقلارنى

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 45- ئايەت.

(2) تەۋبە سۈرىسى 103- ئايەت.

كۆپەيتىــدىغانلىقنى ئىپادىلەيــدۇ. ســېخىيلىق ۋە مەردلىكــتىن ئىبــارەت گۈزەل ئەخلاقمۇ زاكات كۆپەيتىپ بېرىدىغان ياخشىلىقلاردىن بىرىدۇر.

روزىنىــڭ بۇيرۇلىشــىنىڭ غايىســى ھەققىــدە قۇرئــان كەرىــم مۇنــداق دەيــدۇ:﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾يەنى ﴿ئـى ئىمـان ئېيتقانلار! گۇناھلاردىن ساقلىنىشـىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغانـدەك، سـىلەرگىمۇ رامىــــزان روزىســــى پەرز قىلىنـــــدى﴾[1]. ئـــايەتتىكى ﴿گۇنـــاھلاردىن ساقلىنىشـىڭلار ئۈچـۈن﴾ دېـگەن جـۈملە، روزىنىـڭ ئىنسانىنى گۇنـاھتىن يىـراق تۇرىـدىغان ۋە ياخشـىلىقنى سـۆيىدىغان گـۈزەل ئەخلاققـا ئېلىـپ بارىدىغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ.

ھەجنىــڭ بۇيرۇلۇشــىنىڭ غايىســى ھەققىــدە قۇرئـــان كەرىــم يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الْحَجُّ أَشْهُرٌ مَعْلُومَاتٌ فَمَنْ فَرَضَ فِيهِنَّ الْحَجَّ فَلَا رَفَثَ وَلَا فُسُوقَ وَلَا جِدَالَ فِي الْحَجِّ وَمَا تَفْعَلُوا مِنْ خَيْرٍ يَعْلَمْهُ اللَّهُ وَتَزَوَّدُوا فَإِنَّ خَيْرَ الزَّادِ التَّقْوَى﴾يەنـى﴿ھەج ۋاقتـى مەلـۇم بىرقـانچە ئايـدۇر. بـۇ ئـايلاردا ھەج قىلىشــنى نىــيەت قىلىــپ(ئىھرام باغلىغــان) ئادەمنىــڭ جىنســي ئـــالاقە قىلىشــى، گۇنـاھ قىلىشــى ۋە جېـدەل قىلىشــى مەنئـى قىلىنىــدۇ. ســىلەر قانـداقلىكى بىـر ياخشـى ئەمەلنـى قىلمـاڭلار، ئـاللاھ ئـۇنى چوقـۇم بىلىـپ تۇرىــدۇ. (ئــاخىرەتلىكىڭلار ئۈچــۈن) ئــوزۇق ئېلىــۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشــى ئوزۇق تەقۋادارلىقتۇر﴾[2] ئـايەتتىكى: ﴿گۇنـاھ قىلىـش ۋە جېـدەل قىلىشـى مەنئى قىلىنىدۇ﴾ دېگەن جۈملە بىـلەن﴿ئەڭ ياخشـى ئـوزۇق تەقۋالىقتـۇر﴾

(1) بەقەرە سۈرىسى 183ـ ئايەت.

(2) بەقەرە سۈرىسى 197ـ ئايەت.

دىگەن جۈملە ھەج ئىبادىتىنىڭ كىشىلەرنى گۇناھلاردىن، كىشىلەرگە ئازار بېرىشتىن يىراق بولغان تەقۋالىق دائىرىسىگە ئېلىپ كىرىدىغان گۈزەل ئەخلاققا يېتەكلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

# ئاللاھ تائالانىڭ دىنى بىردۇر

## ئاللاھ تائالانىڭ دىنى ئەزەلدىن بىردۇر

ئىسلام دىنىنى مۇندىن ئون تۆت ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنغىلا خاس بىر ئاتالغۇ دەپ چۈشىنىپ قالغانلار چوقۇم خاتالاشقانلاردۇر. چۈنكى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق چاقىرىقى ئىسلام ئىدى، ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا قولاق بېرىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقانلارنىڭ نامى«مۇسۇلمان» (بويسۇنغۇچى) ئىدى.

شۇ ئېنىقكى، ئىسلام دىنى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى كامالىغا يەتكەن بولدى.

ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى ۋە دىنىنى تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن تۇنجى پەيغەمبەر دەپ تونۇلغان نۇھ ئەلەيھىسسالامۇ ئۆزىنى قەۋمىگە :﴿ وَأُمِرْتُ أَنْ أَكُونَ مِنَ الْمُسْلِمِينَ﴾يەنى ﴿مەن مۇسۇلمانلاردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم﴾[1] دەپ تونۇشتۇرغان.

پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا:﴿ رَبَّنَا وَاجْعَلْنَا مُسْلِمَيْنِ لَكَ وَمِنْ ذُرِّيَّتِنَا أُمَّةً مُسْلِمَةً لَكَ﴾يەنى ﴿رەببىمىز! (ئوغلۇم بىلەن)ئىككىمىزنى ئۆزەڭگە ئىتائەتمەن مۇسۇلمانلاردىن

(1)يۇنۇس سۈرىسى72 ـ ئايەت.

قىلغىن. بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزەڭگە ئىتائەتمەن مۇسۇلمان ئۇممەت چىقارغىن﴾[1]دەپ دۇئا قىلغان.

پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرىگە، ئاندىن جىمى ئۈممىتىگە ئىسلامنى ئۆگەتكەن ۋە ئاخىرىغىچە مۇسۇلمان بولغان ھالدا ھايات كەچۈرۈشنى تەۋسىيە قىلغان. مەسىلەن: ئىسرائىل(ياقۇب ئەلەيھىسسالام) پەرزەنتلىرىگە ئىسلامنىڭ روھى بويىچە ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىپ ئۆتۈشنى ۋەسىيەت قىلغان.﴿ أَمْ كُنْتُمْ شُهَدَاءَ إِذْ حَضَرَ يَعْقُوبَ الْمَوْتُ إِذْ قَالَ لِبَنِيهِ مَا تَعْبُدُونَ مِنْ بَعْدِي قَالُوا نَعْبُدُ إِلَهَكَ وَإِلَهَ آَبَائِكَ إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ وَإِسْحَاقَ إِلَهًا وَاحِدًا وَنَحْنُ لَهُ مُسْلِمُونَ﴾يەنى ﴿يەئقۇب جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقتىدا سىلەر بىنىدا بارمىدىڭلار؟ شۇ چاغدا يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن: ‹مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر كىمگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟› دەپ سورىدى. ئۇلار: ‹سېنىڭ ئىلاھىڭ ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىمىز(مۇسۇلمانمىز)› دېدى﴾[2]

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇرىتلىرى بولغان ھەۋارىيلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ «مۇسۇلمان»لاردىن ئىكەنلىكىنى ئىقرارا قىلاتتى.﴿ وَإِذْ أَوْحَيْتُ إِلَى الْحَوَارِيِّينَ أَنْ آَمِنُوا بِي وَبِرَسُولِي قَالُوا آَمَنَّا وَاشْهَدْ بِأَنَّنَا مُسْلِمُونَ ﴾يەنى ﴿ئەينى زاماندا مەن ھەۋارىيلارغا: ‹ماڭا ۋە مېنىڭ پەيغەمبىرىمگە ئىمان ئېيتىڭلار› دەپ ۋەھيى قىلدىم. ئۇلار: ‹بىز ئىمان ئېيتتۇق،

(1)بەقەرە سۈرىسى 128- ئايەت.

(2) بەقەرە سۈرىسى133-ئايەت.

بىزنىڭ بويسۇنغۇچىلار(مۇسۇلمانلار) ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولغىن› دېدى﴿[1]

## ئىسلام ئۈممىتى ئۆلگىلىك ئۈممەتتۇر

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى بىلەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە شانلىق بىر ئۈممەتنى بەرپا قىلىپ چىقتى. ئۇ پۈتۈن ھاياتىنى ئاللاھ تائالاغا بېغىشلىغان، ئۇنىڭ خاھىشىغا ئۇيغۇن ياشايدىغان، كۈندە بەش قېتىم تاھارەت ئېلىش بىلەن تازىلىق قىلىدىغان، كۈن چىققاندىن كۈن پاتقانغا قەدەر بەش قېتىم ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن جايىنامازغا بارىدىغان، ئىنتىزامچان، ئىتائەتچان، مەدەنىيەتلىك بىر ئۈممەتنى قۇرۇپ چىقتى.

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى كۆپتۇر. بۇ ئۈممەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە جىمى ئەھۋاللىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئالدىنقى ئورۇندا قويىدۇ، ئۇنىڭ خاھىشى ۋە مۇرادى بويىچە ئىش كۆرىدۇ.

بۇ ئۈممەتنىڭ بىردىنبىر ئۆلگىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولۇپ، رەببى ئۇنىڭغا ئۆز ۋاقتىدا شۇنداق تەلىم بېرىپ يېتىشتۈرگەن ئىدى: ﴿قُلْ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ. لَا شَرِيكَ لَهُ وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَا أَوَّلُ الْمُسْلِمِينَ﴾يەنى ﴿ئېيتقىنكى، ‹مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ھەممىسى ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن پەقەت مۇشۇنىڭغا بۇيرۇلدۇم،

---

(1) مائىدە سۈرىسى 111-ئايەت.

مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن›﴾[1] مۇپەسسىرلەر ﴿مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام ئۈممىتىدىن مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ئەۋۋىلى ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلارنى مۇنۇ ئايەتنىڭ روھى بويىچە تەربىيەلەپ چىققان ئىدى:﴿ فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا فِي أَنْفُسِهِمْ حَرَجًا مِمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا﴾يەنى ﴿رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾[2]

ئىنسانىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭ خاھىشىغا ئۇيغۇن شەكىلدە ھايات كەچۈرىشى كاتتا شەرەپتۇر. ئىسلام مانا مۇشۇدۇر.

## ئەھلى كىتاب ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلامغا قارىتا مەۋقەسى

ئەھلى كىتاب- مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولغان يەھۇدىيلار بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى بولغان خرىستىيانلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ «ئەھلى كىتاب» ياكى «كىتاب بېرىلگەنلەر» دەپ ئاتىلىشى قۇرئان كەرىمنىڭ تەبىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا قۇرئان

(1) ئەنئام سۈرىسى162-163-ئايەت.
(2) نىسا سۈرىسى65-ئايەت.

كەرىمــدە ئــۇلارنى شــۇنداق ئاتىغــان. بۇنىــڭ ســەۋەبى، ئۇلارنىــڭ پەيغەمبەرلىـرىگە ئـاللاھ تائالانىـڭ تەۋرات بىـلەن ئىنجىلـدىن ئىبـارەت ساماۋى كىتابلارنى بەرگەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

ئەھلـى كىتـاب سـاماۋى دىنغـا ئېتىقـاد قىلىـدىغان، بۇتپەرەسـتلىكنى رەت قىلىــدىغان، ئــاللاھ تائالاغــا ۋە قىيــامەت كــۈنىگە ئىشــىنىدىغان قەۋملەر بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغـا ئۇنىـڭ لايىقـدا مۇئـامىلە قىلىــــپ، ئــــۇنى قوللىشـــــى ۋە مــــۇھەممەد ئەلەيھىسســــالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنـى بىرىنچـى بولـۇپ ئېتىـراپ قىلىشـى كۈتـۈلەتتى. چۈنكى ئۇلارنىــــڭ قولىــــدىكى تەۋرات بىــــلەن ئىنجىلــــدا مــــۇھەممەد ئەلەيھىسســالامنىڭ ئــاخىر زامــان پەيغەمبــرى بولــۇپ كېلىــدىغانلىقى، ئىســلام دىنىنىــڭ ئىنســانىيەتنىڭ مەڭگۈلــۈك دىنــى بولىــدىغانلىقى ھەققىدىكى بىشارەتلەر بار ئىدى.

شــۇڭا قۇرئــان كەرىمنىــڭ ئەھلــى كىتــاب ھەققىــدە چۈشــكەن دەسلەپكى ئايەتلىرىـدە ئـۇلاردىن ياخشـىلىق كۈتـۈش ۋە ئۇلارنىـڭ ئەرەب بۇتپەرەستلىرىگە قارشـى كۈرەشـتە ھەقىـقەت تەرەپـتە تـۇرۇپ، مـۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قـوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشـى ئۈمىـد قىلىنغـان بايـانلار ئـورۇن ئالغان. مەسىلەن:﴿ وَيَقُولُ الَّذِينَ كَفَرُوا لَسْتَ مُرْسَلًا قُلْ كَفَى بِاللَّهِ شَهِيدًا بَيْنِي وَبَيْنَكُمْ وَمَنْ عِنْدَهُ عِلْمُ الْكِتَابِ﴾يەنــى ﴿(ئــى پەيغەمــبەر!) مەكــكە كۇففــارلىرى: ‹ســەن پەيغەمــبەر ئەمەسســەن› دەيــدۇ. ئېيتقىنكــى، ‹راستلىقىمغا سـىلەر بىـلەن مېنىـڭ ئوتتۇرامـدا ئاللاھنىـڭ گـۇۋاھلىقى ۋە ئاللاھنىڭ كىتابىنى بىلىدىغانلارنىڭ گۇۋاھلىقى يېتەرلىكتۇر›﴾[1]

(1) رەئد سۈرىسى43ـ ئايەت.

مۇشرىك ئەرەبلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىقتا ۋە بۇ يېڭى دىنغا كىرىشنى رەت قىلىشتا چىڭ تۇرىۋالغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ئەھلى كىتابتىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىپ، ئىسلام دىنىنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى قوللىغانلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى ۋە بۇ خۇشاللىقنى سۆزلەيتتى. ئاللاھ تائالا بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:﴿ الَّذِينَ آتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ مِنْ قَبْلِهِ هُمْ بِهِ يُؤْمِنُونَ. وَإِذَا يُتْلَى عَلَيْهِمْ قَالُوا آمَنَّا بِهِ إِنَّهُ الْحَقُّ مِنْ رَبِّنَا إِنَّا كُنَّا مِنْ قَبْلِهِ مُسْلِمِينَ﴾يەنى ﴿قۇرئاندىن ئىلگىرى بىز كىتاب بەرگەنلەر قۇرئانغا ئىشىنىدۇ. ئۇلارغا قۇرئان تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا، ئۇلار: ‹بىز قۇرئانغا ئىشەندۇق. شۈبھىسىزكى، ئۇ رەببىمىز تەرىپىدىن چۈشكەن ھەقىقەتتۇر. بىز ھەقىقەتەن بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ مۇسۇلمان ئىدۇق› دەيدۇ﴾[1]

ئەھلى كىتابتىن بەزىلىرى ئۆزلىرى كۈتكەن پەيغەمبەرنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن كەلمەستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن قالاق بىر مىللەت سانىلىپ كەلگەن ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدىن چىققانلىقىنى قوبۇل قىلالمىغان، بۇ چوڭ شەرەپنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئېلىنىپ باشقا مىللەتكە بېرىلگەنلىكىگە چىداپ تۇرالمىغان. چۈنكى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن چىققان ئىدى.

شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئىسلامغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى مەۋقەدە تۇرغان. بۇ ئەھۋالدا ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى ئەھلى كىتاب

(1) قەسەس سۈرىسى 51ـ52ـئايەتلەر.

بىلەن چىرايلىقچە مۇنازىرىلىشىپ ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن:﴿ وَلَا تُجَادِلُوا أَهْلَ الْكِتَابِ إِلَّا بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ إِلَّا الَّذِينَ ظَلَمُوا مِنْهُمْ وَقُولُوا آمَنَّا بِالَّذِي أُنْزِلَ إِلَيْنَا وَأُنْزِلَ إِلَيْكُمْ وَإِلَهُنَا وَإِلَهُكُمْ وَاحِدٌ وَنَحْنُ لَهُ مُسْلِمُونَ﴾يەنى ﴿ئەھلى كىتاب بىلەن پەقەت ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلىشىڭلار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغۇچىلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئېيتىڭلاركى، «بىزگە چۈشكەن كىتابقا ۋە سىلەرگە چۈشكەن كىتابقا ئىمان ئېيتتۇق، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ۋە بىزنىڭ ئىلاھىمىز بىردۇر، بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز»﴾[1]

ئەمما ئەھلى كىتابنىڭ كۆپ سانلىقى، خۇسۇسەن، يەھۇدىيلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئېتىراپ قىلمىدى ۋە بۇ يېڭى دىننى قوبۇل قىلىشنى خالىمىدى. ئۇلار بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، مۇشرىك ئەرەبلەر بىلەن بىرلىشىپ ئىسلام دىنىنى يوق قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىپلا كەلدى.

ئەقىل ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئېيتقاندا، ئىسلام دىنى خەلقى ئالەمگە ئۆزىنى تونۇشتۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن ئۇنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىلگەن بولسا، ئەڭ توغرا بولاتتى. چۈنكى بۇ دىننىڭ ئەقىلگە بىۋاسىتە خىتاب قىلىپ ئۇنى قايىل قىلىشتىن باشقا قورالى يوق. ئۇ باشقىلارنى قورال كۈچىگە تايىنىپ، ئۆزىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن بىر دىن ئەمەس. بەلكى بۇ دىننىڭ تەبىئىتى كىشىلەرگە ھەقىقەتنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىش ۋە ئۇلاردىن تەپەككۇر قىلىپ

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى46-ئايەت.

ئەقلىنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئىش كۆرۈشنى تەلەپ قىلىشتۇر. ﴿إِنَّ هَٰذِهِ تَذْكِرَةٌ فَمَنْ شَاءَ اتَّخَذَ إِلَىٰ رَبِّهِ سَبِيلًا﴾ يەنى ﴿بۇلار شەكسىزكى، بىر ۋەز-نەسىھەتتۇر. ئەمدى خالىغان ئادەم ئۆزىنى رەببىگە يەتكۈزىدىغان يولنى تۇتسۇن﴾[1] «ھىدايەت تېپىشنى خالىمىغان ئادەم ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىلىدۇ، ئۇ ئىمان ئېيتىشقا زورلانمايدۇ. مانا بۇ، ئىسلام پىرىنسىپىدۇر.»[2]

مۇنۇ ئايەتمۇ بۇ پىرىنسىپنى ئوچۇقلىماقتا: ﴿ اسْتَجِيبُوا لِرَبِّكُمْ مِنْ قَبْلِ أَنْ يَأْتِيَ يَوْمٌ لَا مَرَدَّ لَهُ مِنَ اللَّهِ مَا لَكُمْ مِنْ مَلْجَإٍ يَوْمَئِذٍ وَمَا لَكُمْ مِنْ نَكِيرٍ. فَإِنْ أَعْرَضُوا فَمَا أَرْسَلْنَاكَ عَلَيْهِمْ حَفِيظًا إِنْ عَلَيْكَ إِلَّا الْبَلَاغُ﴾يەنى ﴿ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن، قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان بىر كۈن كېلىشتىن بۇرۇن رەببىڭلارنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار، بۇ كۈندە سىلەرگە قاچىدىغان جاي تېپىلماي قالىدۇ. ئەگەر ئۇلار (يەنىلا ئىمانىدىن) يۈز ئۆرۈسە، بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتكىنىمىز يوق، سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر﴾[3]

ئەھلى كىتاب بۇنىڭلىق بىلەنلا كۇپايە قىلمىدى. ئۇلار مۇسۇلمان بولغانلارنى بىر ئاماللارنى قىلىپ دىنىدىن قايتۇرۇش ئارزۇسىدا بولۇپ كەلدى. ئەمما مۇسۇلمانلار ھەر زامان ئۇلارغا كەڭ قورساق بولۇپ كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىغا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنى خالىمىدى. بەلكى ئۇلارنىڭ ھىدايىتىنى تىلىدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا

(1) مۇززەممىل سۈرىسى19-ئايەت.

(2) ئەللامە مۇھەممەد غەززالىينىڭ«مائة سؤال عن الإسلام»(ئىسلام ھەققىدە 100سوئالغا جاۋاب)ناملىق ئەسىرىدىن.

(3) شۇرا سۈرىسى47-48-ئايەتلەر.

ئۇلارغا:﴿ وَدَّ كَثِيرٌ مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ لَوْ يَرُدُّونَكُمْ مِنْ بَعْدِ إِيمَانِكُمْ كُفَّارًا حَسَدًا مِنْ عِنْدِ أَنْفُسِهِمْ مِنْ بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ الْحَقُّ فَاعْفُوا وَاصْفَحُوا حَتَّى يَأْتِيَ اللَّهُ بِأَمْرِهِ إِنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾يەنى﴿ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقەت ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن سىلەرنى ئىمانىڭلاردىن قايتۇرۇپ كاپىر قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر ئۇلارنى ئەپۇ قىلىڭلار ۋە كەچۈرۈڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[1]دەپ تەلىم بەرگەن.

ئەجەبلىنەرلىككى، ئەھلى كىتابنىڭ ئۆلىمالىرى تەۋرات ۋە ئىنجىلدىكى بىشارەتلەر ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ناھايىتى ئوبدان تونۇيتتى، ھەتتا مۇشرىك ئەرەبلەرنى ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق مەغلۇپ قىلىدىغانلىقى بىلەن تەھدىد قىلاتتى. ئاللاھ تائالا ئەھلى كىتابنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تونۇيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:﴿ الَّذِينَ آتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ يَعْرِفُونَهُ كَمَا يَعْرِفُونَ أَبْنَاءَهُمْ وَإِنَّ فَرِيقًا مِنْهُمْ لَيَكْتُمُونَ الْحَقَّ وَهُمْ يَعْلَمُونَ﴾يەنى ﴿بىز كىتاب بەرگەنلەر ئۇنى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى، شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىدۇ﴾[2]

ئەپسۇسكى، ئۇن بەش ئەسىردىن بېرى ئەھلى كىتابنىڭ ئىسلام دىنىغا قارشى مەۋقەسى ئۆزگەرگىنى يوق. ئۇلار پۇرسەت تاپسىلا بۇ

(1) بەقەرە سۈرىسى109-ئايەت.
(2) بەقەرە سۈرىسى146-ئايەت.

دىنغا تەنە قىلىپ، تۆھمەتلەرنى ئويدۇرۇپ، كىشىلەرگە بۇ دىننى ۋە بۇ دىننىڭ پەيغەمبىرىنى سەت كۆرسىتىپ كەلمەكتە. ئاخىرقى ۋاقىتلاردا ئوتتۇرىغا چىققان ھەجۋى رەسىملەر، ھەجۋى فىلىملەر بۇنىڭ مىسالى.

يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلارغا مۇسۇلمانلار شۇنچىلىك ياخشى مۇئامىلە قىلغان ۋە شۇنچىلىك ئادالەتلىك قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار مۇسۇلمانلارغا قايىل بولماي كەلمەكتە. چۈنكى قۇرئان كەرىمدە شۇنداق بىر ھەقىقەت باركى، ئۇ ھەر زامان ئۆزىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ مۇنۇ ئايەتتۇر: ﴿ وَلَنْ تَرْضَى عَنْكَ الْيَهُودُ وَلَا النَّصَارَى حَتَّى تَتَّبِعَ مِلَّتَهُمْ﴾يەنى ﴿سەن يەھۇدىيلار ۋە خرىستىيانلارنىڭ دىنىغا كىرمىگىچە ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ﴾[1]

## ئىسلام جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنىدۇر

ئىنسانلار يارىتىلغان ۋە ئىنسانىي جەمئىيەتلەر بارلىققا كەلگەن ئاۋۋالقى زامانلاردىن بىرى ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى ياراتقۇچىسىغا باغلاپ كەلگەن بىردىنبىر ھالقا ئىدى. بۇ دىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشى بىلەن تاكامۇللاشقان ئەڭ ئاخىرقى نۇسخىسىنى ئالغان بولدى. شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن ساماۋى كىتاب ــ قۇرئان كەرىم ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ئۇممەتلىرىگە ئۆزگىتىپ قالدۇرغان دىنىي تەلىماتلارنى ئىجمالىي ھالدا ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئەمما پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشماسلىقنىڭ ھېچ ۋەقەسى يوق. چۈنكى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەربىرى ئۆزلىرىنىڭ مىللىتىگىلا

---

(1) بەقەرە سۈرىسى120-ئايەت.

پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەنلىكتىن، ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىغا ۋە شارائىتىغا قاراپ ئۇلارنىڭ شەرىئەتلىرىمۇ ھەر خىل بولغان. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئومۇمىي پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەنلىكتىن، ئۇنىڭ شەرىئىتىمۇ بارچە ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن، ھەر زامان ۋە ماكانغا يارايدىغان، ئەمەلدىن قالمايدىغان، تا قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە قىلىپ بەلگىلەنگەن.

شۇنىسى ئېنىقكى، جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى ئەقىدە ۋە ئىمان مەسىلىسىدە ھەممىسى بىردەك ئىدى. ھەتتا ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ تا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە كەلگەن جىمى پەيغەمبەرلەر كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئىبارەت تەۋھىد ئەقىدىسىگە چاقىرىپ كەلگەن.

قىسقىسى، ئاللاھ تائالانىڭ دىنى ئەزەلدىن بىرلا دىن بولۇپ، ئۇ ئىسلام ئىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە بولغا پۈتۈن پەيغەمبەرلەر بۇ دىننى ئۆزلىرىنىڭ شارائىتى ۋە ئۈممەتلىرىنىڭ سەۋىيىسىگە مۇناسىپ ھالدا، چەكلىك تەبلىغ قىلىپ كەلگەن. ئاخىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشى بىلەن بۇ دىن پۈتۈنلەنگەن ۋە تاكامۇللاشقان، شۇنداقلا ئاخىرىغىچە ئۆزگەرمەيدىغان دىن بولۇپ قوبۇل قىلىنغان. ئاللاھ تائالانىڭ:﴿الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الْإِسْلَامَ دِينًا﴾يەنى ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە

نېمىتىمنى تامامىلىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾[1] دېگەن سۆزى بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ.

«دىن باشتىن كەچۈرگەن باسقۇچلار خۇددى ئىنسان باشتىن كەچۈرىدىغان باسقۇچلارغا ئوخشايدۇ. مەسىلەن: ئىنسان بالىلىق، ياشلىق ۋە قىرانلىق باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق ئاخىرى پىشىپ يېتىلگەندەك، دىنمۇ شۇنداق باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق ئاخىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن تاكامۇللاشقان.»[2]

ئىسلام ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلغان كاتتا نېمەت بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمانىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلامنىڭ مەنىسى ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە كەڭ بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى رەتكە سالىدۇ. خۇددى ئەللامە مۇھەممەد غازالى ئېيتقاندەك، «ئىسلام ئەقلىنى ۋە تەپەككۇرنى نۇرلاندۇرىدىغان، نەپسنى پاكلايدىغان، ئادەم جىسمىنى تازىلايدىغان، ئىش-ھەرىكەتنى رەتكە سالىدىغان، ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىدىغان، تىرىشچانلىقنى ئاشۇرىدىغان ۋە روھنى يۈكسەلتىدىغان ئابى ھاياتتۇر.»[3]

## ئىسلام ھايات ئېنېرگىيەسى بولۇشى لازىم

ئىسلام دىنىنىڭ ھاياتلىقنىڭ ئەمەلىي پرىنسىپى بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى چوقۇم ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش لازىم. ئۇ كىتابلاردا يېزىلىپ ساقلىنىدىغان ۋە مۇنبەرلەردە سۆزلىنىدىغان قۇرۇق نەزەرىيە

(1) مائىدە سۈرىسى3-ئايەت.

(2) ئەللامە مۇھەممەد غەززالىينىڭ «مائة سؤال عن الإسلام»(ئىسلام ھەققىدە 100سوئالغا جاۋاب)»ناملىق ئەسىرىدىن.

(3) ئالدىنقى مەنبەدىن.

بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھاياتلىق ساھەلىرىدىن ئورۇن ئېلىشى شەرت. بۇ مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيالىق ئىشلاردىن جاھالەتتە قالماسلىقى، بەلكى ھەممە مەيداندا ھازىر بولۇشى لازىم. مەيداننى باشقىلارغا تاشلاپ قويۇپ شۇ زاھىرىي ئىبادەتلەرگە غەرق بولۇپ قېلىش ھەرگىزمۇ ھېكمەتلىك ئىش ئەمەس. ئەللامە فەتھى يەكەن مۇنداق دېگەن: «ئىسلام بىزدىن دىن ۋە دۇنيالىق ھەر ئىشتا ئەڭ يۇقىرى پەللىنى ئىگىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. دۇنيالىق ئىشلارنى بىلمەسلىك مۇسۇلمانغا ياراشمايدىغان قالاقلىقتۇر. چۈنكى دۇنيا ئاخىرەتنىڭ ئېكىنزارلىقى بولۇپ، بۇ ئېكىنزارلىقتا ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن ياخشى نەرسىلەرنى تېرىيالىساق، ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ياخشى مول ھوسۇلىنى ئالىمىز. ئەگەر بىز دۇنيانى ئىسلامنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن بويسۇندۇرمىساق، دۈشمەنلىرىمىز ئۇنى بىزگە قارشى بويسۇندۇرىدۇ. زادى ئۇلار بويسۇندۇرىۋاتىدۇ.»[1] شۇڭا مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەزىپىسى دۇنياغا چۆكۈپ كېتىش ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئىسلامنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇشتۇر. مۇنداق قىلىش ئۈچۈن چوقۇم خاتالىقتىن مەسۇم بولغان بىر ئىلاھىي قانۇنغا موھتاجمىز.

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلارنى ئەنە شۇنداق تەربىيەلەپ چىققان ۋە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدىن ئىسلامنىڭ نەمۇنىلىرىنى چىقارغان. ئۇلار گويا ئىسلامنىڭ

---

(1) فەتھى يەكەن- 1933-يىلى لىۋاندا تۇغۇلغان مەشھۇر دىنىي ئالىم، يېتىلگەن سىياسىيون، لىۋاندىكى «ئىسلام پارتىيىسى»نىڭ رەئىسى، لىۋاننىڭ سابىق پارلامېنت رەئىسىنىڭ مۇئاۋىنى، «لىۋان مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى»نىڭ باش كاتىبى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن ۋە نۇرغۇن دىنىي ئەسەرلەرنى يازغان. ئەللامە فەتھى يەكەن 2009-يىلى لىۋاندا ئالەمدىن ئۆتكەن.

جانلانـــــدۇرۇلغان ســـــۈرىتى ئىـــــدى. ئىنســـــانىيەت مـــــۇھەممەد ئەلەيھىســـالامنىڭ ســاھابىلىرىدىكى يۈكســەك ئەخــلاق بىــلەن ئــالىي پەزىلەتنـى كۆرگەنـدىن كېيىن، ئىسلام دىنىغا ئۆزلىكىـدىن تـوپ-تـوپ بولۇپ كىرىشكە باشلىغان.

## ئىسلام ئەمەلىيەت بىلەن تەبلىغ قىلىشقا موھتاج

مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر ئىشتا ئەمەلىيەتچان بولۇشى زۆرۈر بولغىنىـدەك، دىنىنـى تەشـۋىق قىلىـش ۋە ئـۇنى تەبلىـغ قىلىـش ئىشـلىرىدىمۇ چوقـۇم ئەمەلىيەتچان بولۇشى لازىم. شۇنداق قىلغانـدىلا بـۇ تەبلىـغ ۋە تەشـۋىقات مېـۋە بېرىـدۇ. چـۈنكى ئىسـلامنى تىـل بىـلەن تەبلىـغ قىلىشـتىن، ئەمەل بىلەن تەبلىغ قىلىشنىڭ پايدىسـى كـۆپ، نەتىجىسـى مـول ۋە ئۈنـۈمى زور بولىـدۇ. بۇنىڭغـا مىسـاللار ئىنتـايىن كـۆپ. ئاسـىيا، ئافرىقـا ۋە ياۋروپـا قىتئەلىرىـدە كىشـىلەرنىڭ مۇسـۇلمان دەۋەتچىلەرنىـڭ گـۈزەل ئەخلاقـى، مۇئامىلىدىكى دۇرۇسلىقى ۋە ئىـش-ھەرىكەتتىكـى تـوغرىلىقى سـەۋەبلىك مۇسـۇلمان بولغـانلىقى بۇنىـڭ مىسـاللىرىدىن بىـرى. جۈملىـدىن بىـز ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتـا - بوۋىلىرىمىزمـۇ ئەبـۇ نەسىر سامانىي باشچىلىقىدىكى مۇســۇلمانلارنىڭ ئېســىل-پەزىلەتلىرىــدىن تەســىرلىنىپ مۇســۇلمان بولغانلىقى تارىخلاردا قەيت قىلىنىپ كەلمەكتە.

ئەلـلامە ئاببـاس سىسـىي[1] مۇنـداق بىـر قىسسـىنى ھېكـايە قىلغـان: يېگىـدىن مۇسـۇلمان بولـۇپ، ئىسـمىنى يەھيـا دەپ ئاتىغـان بىـر نـېمىس

(1) ئاباباس سىسىي- 1918-يىلى مىسىرنىڭ بۇھەيرە رايونىدا دۇنياغا كەلگەن دىنى ئالىم، «ئىخۋانۇل مۇسلىمۇن»جامائىتىنىڭ غوللۇق ئەزالىرىدىن بىرى، 1940-يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان، ناسىرنىڭ زامانىدا ئىككى قېتىم تۈرمىگە تاشلانغان، ئىسلام دەۋىتى ساھەسىدە كۆپلىگەن ئۆچمەس خىزمەتلەرنى قىلغان،

ياش بىر كۈنى ئايالى بىلەن ئاپتوۋۇزغا ئولتۇرغان ئىكەن. بىر ياشنىپ قالغان قارا تەنلىك ئادەمنىڭ ئۆرە تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، دەرھال ئۇنىڭغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىپتۇ. بىر ۋاقىتتىن كېيىن، يەھيا ھېلىقى ئادەمگە قارىسا قاتتىق يىغلاپ كېتىپ بارغان ئىكەن. ئادەمدىن نېمىشقا يىغلىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ «مەن ئەسلىدە جەنۇبىي ئافرىقىلىقمەن. مۇشۇ يېشىمغىچە بىرەر ئاق تەنلىك ماڭا ئورۇن بوشىتىپ بېرىپ باقمىغان. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھاياجاندىن يىغلاپ سالدىم»دېگەن. يەھيا بۇ قىسسىنى سۆزلەپ بېرىپ، « مانا بۇ ئىسلام! »دېگەن ئىكەن.

يەنە يەھيا مەككىدە بولغان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، مەسجىدى ھەرەمدە نامازغا ئازراق كېچىكىپ قالغانلىقتىن، ئۇ مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئىچىگە كىرەلمىگەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇ مەسجىدى ھەرەمنىڭ سىرتىدا بىر يول ئۈستىدىلا نامازغا تۇرغان بولۇپ، شېغىل بىلەن قۇم ئارىلاش تۇپراقنىڭ ئۈستىگە سەجدە قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان، بۇ ئارىدا تۇساتتىن بىر ھىندىستانلىق بوۋاي كېلىپ كۈنلۈكىنى ئېچىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ بەرگەن. نامازدىن كېيىن يەھيا قاتتىق ھاياجانلىنىپ« مانا بۇ ئىسلام! »دېگەن ئىكەن.

---

كۆپلىگەن دىنىي ئەسەرلەرنى يازغان، مىسىردا بىر قانچىلىغان دىنىي مۇئەسسەسەلەرنى قۇرغان. 2004-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

# ئىسلام دىنى ئالەمشۇمۇل دىندۇر

ئىسلام دىنى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن كەلگەن ئالەمشۇمۇل بىر دىندۇر.﴿ قُلْ يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنِّي رَسُولُ اللَّهِ إِلَيْكُمْ جَمِيعًا الَّذِي لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ لَا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ يُحْيِي وَيُمِيتُ فَآمِنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ النَّبِيِّ الْأُمِّيِّ الَّذِي يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَكَلِمَاتِهِ وَاتَّبِعُوهُ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ﴾يەنى ﴿ئېيتقىنكى، ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى قولىدا بولغان، ئىلاھلىقتا يېگانە بولغان، تىرىلدۈرىدىغان ۋە ئۆلتۈرىدىغان ئاللاھ تەرىپىدىن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسى ئۇممىي پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار﴾[1]

ئىسلام دىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ دىنى بولغانلىقتىن، ئۇ بارلىق پىرىنسىپلىرىدا، تەلىماتلىرىدا ۋە شەرىئىتىدە ئىنسان تەبىئىتى بىلەن تامامەن ماسلىشىدىغان، ئۇنىڭ جىمى مۇشكىلاتلىرىنى ھەل قىلىدىغان ۋە ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرىدىغان ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە بىر دىن. بۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىنى ئىنسانلار ئۈچۈن رەھمەت دىنى دېگەن ئىمتىيازغا سازاۋەر بولغان. بۇ دىننىڭ پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالا ﴿ وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِّلْعَالَمِينَ ﴾ يەنى ﴿بىز سېنى ئالەملەر ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾[2]دېگەن.

---

(1) ئەئراف سۈرىسى157-ئايەت.

(2) ئەنبىيا سۈرىسى107-ئايەت.

بىز ھەممىمىز ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتىمىز، قايتىشىمىزمۇ ئۇنىڭ تەرىپىگە بولىدۇ. بۇ قىسقىغىنە دۇنيا ھاياتىدىكى بارلىق ئىشلىرىمىز ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ، بارلىق مۇشكىلاتلىرىمىز پەقەت ئۇنىڭ تۈزۈپ بەرگەن قانۇنى بىلەنلا ھەل بولىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق بىر ئىجادكار ئۆزىنىڭ ئىجاد قىلغان نەرسىسىنىڭ سىرىنى بىلگەندەك، ياراتقۇچىمۇ بىز ئۈچۈن نېمىنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئىنسانىيەتنىڭ مۇشكىلاتلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا يۈلەنمەستىن ئوڭشىغىلى بولمايدۇ.

ئىنسانىيەت تارىخى ئىسلام دىنىدەك مۇكەممەل بىر دىننى، ئۇنىڭ قانۇنىدەك ئادالەتلىك بىر قانۇننى، ئۇنىڭ شۇئارىدەك ياڭراق بىر شۇئارنى، ئۇنىڭ ئەخلاقىدەك يۈكسەك بىر ئەخلاقنى كۆرگىنى يوق. زامانىمىزدىكى بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام نامىدىن ئىشلىگەن جىنايەتلىرى، يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلارنىڭ ئىسلامغا بولغان ئۆچمەنلىكى، دىنسىزلارنىڭ خۇراپى تەشۋىقاتلىرى سەۋەبلىك ئىسلامنىڭ سۈرىتى قىسمەن بۇرمىلانغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇ ئىنسانلارنى قايىل قىلىپ كەلمەكتە. غەربلىك مۇتەپەككۇرلارنىڭ، سىياسىيونلارنىڭ ۋە ئالىملارنىڭ ئىسلام توغرۇلۇق ئېيتقان ئىنساپلىق سۆزلىرى بار. تۆۋەندە بىر قانچىسىنى نەقىل قىلىمىز:

1. ئەنگلىيە شاھزادىسى چارلىز 1992-يىلى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدە سۆزلىگەن «ئىسلام ۋە غەرب»دېگەن تېمىدىكى لېكسىيەسىدە مۇنداق دېگەن: «ئىسلام بىزگە تىنچلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ. بۇ خرىستىيان دىنى قولدىن بېرىپ قويغان ئۆزگىچىلىكتۇر. ئىسلام دىنى ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ، دىن

بىلەن ئىلىمنىڭ ۋە ئەقىل بىلەن تەبىئەتنىڭ ئارىسىنى ئايرىشنى رەت قىلىدۇ.»

2. ئەنگىلىيىلىك تىلشۇناس ۋە بىئولوگىيە مۇتەخەسسىسى پروفېسسور لېيون مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىكى شۇ يەردىكى، ئۇ ئەقلىي بىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر دىن بولۇپ، ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ پىكرىي ئېنېرگىيىسىنى توڭلىتىپ قويۇشقا ئەمەس، بەلكى تەرەققى قىلدۇرۇشقا چاقىرىدۇ».

3. گوللاندىيىلىك تارىخشۇناس ۋە تالانتلىق شائىر دوكتور ل. مېلما مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام دىنىنىڭ ئىلغار بىر دىن ئىكەنلىكىنىڭ دەلىللىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇنىڭدا تەركىدۇنيالىق تەرغىب قىلىنمايدۇ، ئۇنىڭدا باشقا دىنلاردا بولغاندەك دىنىي بېسىمدارلىق يوق، مۇسۇلمان ئادەم نەدىلا بولمىسۇن ھەقىقەتنى ئىزدەشكە چاقىرىلغان، ئىسلام دىنىدا قېرىنداشلىق بىلەن باراۋەرلىك ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇ ئەقىلنى قەدىرلەيدۇ، ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى قاتتىق چەكلەيدۇ».

4. ياپونىيىلىك ئىقتىسادشۇناس ۋە ئىجتىمائىي ئىشلار مۇتەخەسسىسى دوكتور ئى. م مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلام تەلىماتلىرىنىڭ ئەقىلغا مۇۋاپىق ۋە ئۇيغۇن ئەمەلىيەتچان بولۇشى، ئادىمىزادنىڭ كىشىلەرنىڭ ئۇنى چۈشىنەلەيدۇ ۋە تۇرمۇشتا ئەمەلىيلەشتۈرەلەيدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنىدا باشقا دىنلاردىكىدەك «دىن ئادەملىرى» دەپ ئاتىلىدىغانلارنى ۋە ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن ئالاھىدە ئۈستۈن تۇتىدىغانلارنى تاپقىلى بولمايدۇ».

5. ياپونىيىلىك ئىچكى كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى دوكتۇر ش. نوتاكى مۇنداق دەيدۇ: «مەن بالىلىقىمدىن ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن بۇددا دىنىنى تەرك ئېتىپ ئىسلام دىنىغا كىرىشىم بىلەن كەڭ كەتكەن بىر روھىي ئالەمنى كەشىپ قىلغان بولدۇم ۋە ئۆمرۈم ئىچىدە تۇنجى قېتىم ھاياتنىڭ تەمىنى تېتىدىم.»

6. گېرمانىيەلىك شەرقشۇناس زېغرىد ھونىك «ئاللاھنىڭ نۇرى ياۋروپادا پارلايدۇ»ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «كىشىلەر دىنغا كىرىشكە زورلانمايدۇ. مانابۇ، قۇرئان كەرىمنىڭ پىرىنسىپى بولۇپ، ئەرەبلەر ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالغان مىللەتلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە زورلىغان ئەمەس. ئىسلام دىنىنىڭ نۇرى پارلاش بىلەن خىرىستىيانلىق بىر ئىزىدا توختاپ قالدى. مۇسۇلمان بولمىغان خىرىستىيانلارمۇ خۇددى گۈل ـ چېچەكلەر قۇياش نۇرىغا تەلپۈنگەندەك، مۇسۇلمانلارغا تەلپۈنگەن ئىدى.»[1]

7. ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد غەززالى غەربلىك شەرقشۇناس كونت ھېنرىنىڭ «ئىسلام كەبىچىلىك دىندۇر»ناملىق ئەسىرىدىن مۇنۇ سۆزنى نەقىل قىلىدۇ: «ئىسلام دىيارلىرىدا ياشاۋاتقان خىرىستىيانلارنىڭ تارىخنى تەتقىق قىلىپ چىقىپ شۇ ھەقىقەتكە يەتتىمكى، مۇسۇلمانلار خىرىستىيانلارغا تولىمۇ ئىسىل ۋە تولىمۇ

(1) ئۇستاز مەرۋان ھەسەن ھەمۇدەنىڭ«هذا هو الإسلام» (مانا بۇ ئىسلام)ناملىق ئەسىرى3ـبەت.

ئۆلگىلىك مۇئامىلە قىلغان. مۇنداق بىر ياخشىلىقنى مۇسۇلماندىن باشقىسىدىن كۆرگىلى بولمايدۇ.»[1]

8. ئىمام مۇھەممەد ئابدۇ غەربلىك شەرقشۇناس ھانوتۇنىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەقىل قىلغان: «بىز مۇسۇلمانلارغا ئادالەت، تىنچلىق ۋە كەچۈرۈمچانلىق جەھەتلەردىن كۆپ مىننەتدارمىز. بىز بۇ دىننى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتلىرىنى چۈشىنىشكە موھتاجمىز.»[2]

9. مەشھۇر مۇتەپەككۇر ئارتىر ھاملتون مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئىنسانلار ئەگەر ھەقىقەتنى ئىزدەيدىغان بولسا، ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق ئىنسانىي مۇشكىلاتلارنى ھەل قىلالايدىغان بىر دىن ئىكەنلىكىنى ئەلۋەتتە بىلگەن بولاتتى.»[3]

(1) ئەللامە مۇھەممەد غەززالىينىڭ«التعصب والتسامح بين المسيحية والإسلام»(ئىسلام بىلەن خرىستىيان دىنى ئوتتۇرىسىدىكى مۇتەئەسسىپلىك ۋە كەڭچىلىك پەرقى) ناملىق ئەسىرىدىن.
(2) ئىمام مۇھەممەد ئابدۇنىڭ«الإسلام والمسيحية بين العلم والمدنية»(ئىسلام ۋە خرىستىيان دىنىدا ئىلىم ۋە مەدەنىيەت پەرقى)ناملىق ئەسىرىدىن.
(3) ئۇستاز مۇھەممەد ئوسمانىنىڭ«محمد في الآداب العالمية المنصفة»( تەرەپسىز دۇنيا ئەدەبىياتىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنى)ناملىق ئەسىرىدىن.

# ئىسلامنىڭ مۇكەممەللىكى

## ئىسلام ئەڭ مۇكەممەل دىندۇر

1. ئىسلام دىنى ـ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە قوبۇل بولغان دىندۇر.﴿ إِنَّ الدِّينَ عِنْدَ اللَّهِ الْإِسْلَامُ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلامدۇر﴾[1]

2. ئىسلام دىنى ـ ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش ئارقىلىق ساماۋىي دىنلارغا خاتىمە بەرگەن ۋە ئىنسانلارغا ئۇنىڭ بىلەن نېمىتىنى تاماملىغان بىر دىندۇر.﴿ مَا كَانَ مُحَمَّدٌ أَبَا أَحَدٍ مِنْ رِجَالِكُمْ وَلَكِنْ رَسُولَ اللَّهِ وَخَاتَمَ النَّبِيِّينَ﴾يەنى ﴿مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن بىرسىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدۇر﴾[2]

3. ئىسلام دىنى ـ ئاللاھ تائالا ئۇنى تا قىيامەتكىچىلىك پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ دىنى بولۇشقا تاللىغان بىر دىندۇر.﴿ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الْإِسْلَامَ دِينًا﴾يەنى ﴿بۈگۈن

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى19 ـ ئايەت.

(2)ئەھزاب سۈرىسى 40 ـ ئايەت.

سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتـۈن قىلـدىم. سـىلەرگە نېمىتىمنـى تاماملىـدىم. ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولوشقا تاللىدىم﴾[1]

4. ئىسـلام دىنـى ــ ئاللاھقـا قوبـۇل بولغـان بىـرلا دىـن بولـۇپ، بۇنىڭدىن باشقىسى قەتئىي قوبۇل قىلىنمايـدۇ. ﴿ وَمَنْ يَبْتَغِ غَيْرَ الْإِسْلَامِ دِينًا فَلَنْ يُقْبَلَ مِنْهُ وَهُوَ فِي الْآَخِرَةِ مِنَ الْخَاسِرِينَ﴾يەنـى ﴿كىمكـى ئىسـلام دىنىــدىن باشــقا دىنىنــى تىلەيــدىكەن، ئــۇ (ئۇنىــڭ دىنــى) قوبــۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر﴾[2]

5 . ئىسـلام دىنـى- پۈتـۈن ئىنسـانىيەت ئۈچـۈن كەلـگەن دۇنيـاۋىي دىنــدۇر.﴿قُلْ يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنِّي رَسُولُ اللَّهِ إِلَيْكُمْ جَمِيعًا الَّذِي لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ يُحْيِي وَيُمِيتُ فَآَمِنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ النَّبِيِّ الْأُمِّيِّ الَّذِي يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَكَلِمَاتِهِ وَاتَّبِعُوهُ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ﴾يەنـى ﴿ئېيتقىنكـى، ئـى ئىنسـانلار! مەن ھەقىـقەتەن سـىلەرنىڭ ھەممىڭلارغـا ئـاللاھ تەرىپىـدىن ئەۋەتىلــگەن ئەلچىــمەن، ئاســمانلارنىڭ ۋە زېمىنلارنىــڭ پادشــاھلىقى ئاللاھقـا خاسـتۇر. ئۇنىڭـدىن باشـقا ھـېچ ئىلاھـىي مەبـۇد يوقتـۇر، ئـاللاھ تىرىلدۈرىــدۇ ۋە ئۆلتۈرىــدۇ. ئاللاھقــا ۋە ئۇنىــڭ ســۆزلىرىگە ئىمــان كەلتۈرىــدىغان ئەلچىســى ئــۇممىي پەيغەمــبەرگە ئىمــان كەلتــۈرۈڭلار. ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار﴾[3]

6. ئىسـلام دىنـى- ئۆزىـدىن بـۇرۇنقى پۈتـۈن سـاماۋىي دىنلارنىـڭ ئاساسـلىق غايىسـىنى ئەمەلـگە ئاشـۇرغان ۋە تەلىمـاتلىرىنى ئـۆز ئىچىـگە

(1)مائىدە سۈرىسى 3 ـ ئايەت.
(2)ئال ئىمران سورىسى 85 ـ ئايەت.
(3)ئەئراف سۈرىسى 158 ـ ئايەت.

ئالغـان، مەقسـەتلىرىنى ئورۇنلىغـان بىـر دىنـدۇر.﴿ وَأَنْزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ مُصَدِّقًا لِمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ الْكِتَابِ وَمُهَيْمِنًا عَلَيْهِ﴾ يەنـى ﴿بىـز ساڭا ئۆزىـدىن ئىلگىرىكـى كىتـابلارنى ئېتىـراپ قىلغـۇچى ۋە ئۇلارغـا شـاھىد بولغۇچى ھەق كىتابنى چۈشۈردۇق﴾[1]

7. ئىسلام دىنى ـ بارلىق دىنلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان مەڭگۈلۈك دىندۇر.﴿هُوَ الَّذِي أَرْسَلَ رَسُولَهُ بِالْهُدَى وَدِينِ الْحَقِّ لِيُظْهِرَهُ عَلَى الدِّينِ كُلِّهِ وَلَوْ كَرِهَ الْمُشْرِكُونَ﴾يەنى ﴿مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ھەق دىنىنـى بـارلىق دىـنلار ئۈسـتىدىن غالـب قىلىـش ئۈچـۈن پەيغەمبىرىنى ھىدايەت بىلەن ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى﴾[2]

8. ئىسلام دىنى ـ ئۇنىڭغا چىن ئېتىقاد قىلىپ، ئەمەل قىلغـۇچىلارنى ئەزىزلىقـا ئېرىشـتۈرىدىغان يېگـانە دىنـدۇر. ﴿هُوَ الَّذِي أَرْسَلَ رَسُولَهُ بِالْهُدَى وَدِينِ الْحَقِّ لِيُظْهِرَهُ عَلَى الدِّينِ كُلِّهِ وَلَوْ كَرِهَ الْمُشْرِكُونَ﴾يەنـى ﴿ئـاللاھ ئىچىڭلاردىكـى ئىمـان ئېيتىـپ ياخشـى ئەمەللەرنـى قىلغـان كىشـىلەرگە، ئۇلاردىن بـۇرۇن ئـۆتكەنلەرنى زېمىنـدا ھۆكـۈمران قىلغانـدەك، ئۇلارنىمـۇ چوقـۇم ھۆكـۈمران قىلىشـنى، ئـۇلار ئۈچـۈن تاللىغـان دىنىنـى چوقـۇم مۇسـتەھكەم قىلىـپ بېرىشـنى ۋە ئۇلارنىـڭ قورقۇنچىسـنى ئامانلىقـا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى﴾[3]

---

(1)مائىدە سۈرىسى 48 ـ ئايەت.

(2)سەف سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

(3)نۇر سۈرىسى 55 ـ ئايەت.

## ئىنسانلار ئېھتىياجلىق بولغان دىن ئىسلامدۇر

ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ھېچكىم ھەقسىزلىككە ئۇچرىمايدىغان، دىن، رەڭ، مىللەت ۋە تىل پەرقى سەۋەبلىك يەكلەنمەيدىغان، قانۇن ئالدىدا دوست ـ دۈشمەن، يىراق ـ يېقىن، رەئىس- پۇقرا ھەممىسى باراۋەر بولالايدىغان، ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان، ئۇنىڭ ماددىي ۋە ئەدەبىي ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى تولۇق قوغدايدىغان بىرەر ئادالەتلىك، ھەققانىي دىنغا موھتاج ئىكەنلىكىنى ھەمىشە ھېس قىلىپ تۇرغۇچىدۇر. مانا ئۇلار موھتاج بولغان دىن ئىسلام دىنىدۇر. چۈنكى ئىسلام دىنىدا ئىنسان ئارزۇ قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى بار. كىشىلەرنىڭ ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادىتىگە كاپالەتلىك قىلالايدىغان دىن بىرلا ئىسلام دىنىدۇر!

ئىسلام دىنى ئەقىدە ۋە شەرىئەتتىن ئىبارەت بولۇپ ئۇ، ئەقىدە ۋە شەرىئىتىدە ئەڭ تاكاملۇلاشقان بىر ئىلغار دىندۇر. ئۇ كىشىلەرنى:

1. ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىشقا بويرۇيدۇ، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن مەنئى قىلىدۇ.

2. ھەر ئىشتا راستچىللىققا بويرۇيدۇ، يالغانچىلىقتىن مەنئى قىلىدۇ.

3. ھەر كىمگە ئادالەتلىك بولۇشقا بۇيرۇيدۇ، ھەقسىزلىك قىلىشتىن مەنئى قىلىدۇ.

4. ھەر جايدا ئىشەنچلىك بولۇشقا بويرۇيدۇ، خىيانەت قىلىشتىن مەنئى قىلىدۇ.

5. بارلىق ئىشلاردا ۋاپادارلىققا بويرۇيدۇ، ۋاپاسىزلىقتىن مەنئى قىلىدۇ.

6. ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇلارنى قاخشىتىشتىن مەنئى قىلىدۇ.

7. ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشنى بۇيرۇيدۇ، ئۇنى ئۈزۈپ قويۇشتىن مەنئى قىلىدۇ.

8. قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇلارغا يامانلىق قىلىشتىن مەنئى قىلىدۇ.

9. پاكىزىلىققا بۇيرۇيدۇ، پاسكىنىلىقتىن مەنئى قىلىدۇ.

10. رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇشقا بۇيرۇيدۇ، شەپقەتسىزلىك قىلىشتىن مەنئى قىلىدۇ.

11. شىجائەتلىك ۋە سېخى بولۇشقا بۇيرۇيدۇ، قورقۇنچاقلىق ۋە بېخىللىقتىن مەنئى قىلىدۇ.

12. بىلىملىك، مەدەنىيەتلىك بولۇشقا چاقىرىدۇ، جاھىللىق ۋە قاششاقلىقتىن مەنئى قىلىدۇ.

13. كىشىلەرگە مەنپەئەتلىك بولۇشقا بۇيرۇيدۇ، بۇزغۇنچىلىق ۋە زىيانكەشلىك قىلىشتىن مەنئى قىلدۇ.

14. پائالىيەتچان بولۇشقا بۇيرۇيدۇ، ھورۇنلۇق ۋە تەييارتاپلىقتىن مەنئى قىلىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، ئىسلام دىنى كىشىلەرنى بارلىق ئېسىل ۋە گۈزەل ئەخلاقلارغا بۇيرۇيدۇ، ئۇلارنى پۈتۈن رەزىللىك، پەسكەشلىك ۋە ناچارلىقلاردىن مەنئى قىلىدۇ، بارلىق ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ ۋە بارلىق يامان ئىشلاردىن مەنئى قىلىدۇ.

# ئىسلامنىڭ غايىسى

ئىسلام دىنى ئىنسانىيەتنى تۆرلۈك خۇراپاتلاردىن ۋە ھەرخىل خورلۇق ھەم ئېزىلىشلەردىن ئازات قىلىپ، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى كۆتۈرۈش ۋە ئىززىتىنى قوغداش، شۇنداقلا ھاياتىنى رەتكە سېلىش ئارقىلىق ئۇنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بىر دىندۇر. بۇ مەنە قادىسىيە غازىتى جەريانىدا ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ قوماندىنى سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس تەرىپىدىن شۇ ۋاقىتتىكى ئىرانلىقلارنىڭ ھەربىي قوماندىنى رۇستەمگە ئەۋەتىلگەن ئەلچى رەبىئە ئىبنى ئامىرنىڭ سۆزىدە ئېنىق تولۇق ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇ رۇستەمگە مۇنداق دېگەن: «بىز پەقەت ئىنسانلارنى ئىنسانلارغا چوقۇنۇشنىڭ خورلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتەك ئەزىزلىققا ۋە دىنلارنىڭ جەۋر-زۇلۇملىرىدىن ئازات قىلىپ ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە چىقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدۇق» دېگەن.[1]

ھەبەشىستان (ھازىرقى ئېفيوپىيە)پادىشاھى نەجاشىغا ئەۋەتىلگەن ئەلچى جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەجاشىنىڭ ئالدىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا ئىسلام دىنىنىڭ غايىسى ئېنىق روشەن ئىپادىلەنگەن. ئۇ مۇنداق دەپ نۇتۇق سۆزلىگەن: «ئى پادىشاھىم! بىز بۇتلارغا چوقۇنىدىغان، زىنا - پاھىشە قىلىدىغان، ئوغرۇق - تۇغقانچىلىققا رىئايە قىلمايدىغان، كىشىلەرنى قۇل قىلىدىغان، ھارامنى يەيدىغان، كۈچلۈكلىرىمىز ئاجىزلىرىمىزنى بوزەك قىلىدىغان بىر قالاق مىللەت ئىدۇق. بىزگە بىز نەسەبىنى، راستچىللىقىنى، ئىپپىتىنى ۋە ئەمىنلىكىنى ياخشى بىلىدىغان بىر پەيغەمبەر كەلدى. ئۇ بىزنى

(1) بۇ قىسسە «البداية والنهاية» ۋە«تاريخ الطبري»ناملىق كىتابلاردا بايان قىلىنغان.

بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن يىۈز ئۆرۈپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىشقا، راست سۆزلەشكە، ئامانەتكە ئىشەنچلىك بولۇشقا، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا سىلە - رەھىم قىلىشقا، قوشنىلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە، هارامدىن يىراق تۇرۇشقا، كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. بىزنى زىنا - پاھىشىدىن، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن، يېتىملارنىڭ مال - مۈلكىنى يېيىشتىن، ئىپپەتلىك ئاياللارغا قارا چاپلاشتىن ۋە بارلىق يامانلىقلاردىن مەنئى قىلىدۇ. ئۇ يەنە بىزنى ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە، روزا تۇتۇشقا ئەمر قىلىدۇ.»[1]

ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلار ئارا مۇناسىۋىتىنىڭ قايسى شەكىلدە بولىدىغانلىقىنى ۋە قانداق قىلغاندا دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك خاتىرجەملىككە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئۆگەتكەن ھەم شۇنىڭ يولىنى روشەن قىلىپ سىزىپ بەرگەن. شۇڭا ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتلىرى ۋە قانۇن - تۈزۈملىرى هاياتلىق ساھەلىرىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان هالدا ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ تولۇق قىلىپ بېكىتىلگەن.

توماس كارلىل[2] مۇنداق دەپ يازغان: «چۆلدە ياشايدىغان، ھەممە تەرەپتىن ئارقىدا قالغان ئەرەب مىللىتىگە بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىشى بىلەن ئۇلار ئىلىم - ئىرپاندا دۇنيانىڭ قىبلىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئەرەبلەر بۇرۇنقى ئاجىزلىقىدىن كۈچلەندى، سان جەھەتتىكى ئازلىق كۆپەيدى، خورلۇقتىن ئەزىزلىققا ئېرىشتى. چارەك ئەسىر ئۆتمەستىن،

---

(1) دوكتور راغىب سەرجانىنىڭ لېكسىيەسىدىن.

(2) توماس كارلىلنىڭ «باتۇرلار» ناملىق ئەسىرى 1940- بەت، توماس كارلىل (1795- 1881) مەشھۇر ئېنگىلىز يازغۇچىسى.

دۇنيا ئۇلارنىڭ ئەقلى ۋە ئىلىم ـ مەرىپىتى بىلەن گۈللىنىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئەرەبلەر ئىسلامدىن ئىلگىرى ئاياللارنى ئىنسان قاتارىدا كۆرمەيتتى. ئىسلامدىن كېيىن، ئاياللارنى ھۆرمەتلەشتە دۇنيا خەلقىگە ئۈلگە بولۇپ قالدى. ئەرەبلەر ئىسلام دىنىنىڭ سايىسىدا ئادالەتنى سۆيىدىغان، ئىنسانلارغا يول كۆرسىتىدىغان، زۇلۇمغا قارشى تۇرىدىغان، ئاجىزلارنى يۆلەيدىغان پەزىلەتلىك ئىنسانلارغا ئايلىنىپ قالدى. بىر قانچە ئون يىل ئىچىدىلا ئەمەلگە ئاشقان مۇنداق جىددىي ئۆزگىرىش ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق ئىش ئىدى. گويا ئەرەبلەرنىڭ قەلبىگە پەرىشتىلەر چۈشۈپ يەرلەشكەن ۋە ئۇلارنى جىمى ياخشى ئىشلارغا ئۈندەپ، يامان ئىشلاردىن يىراقلاشتۇرغان.»

«ئىسلام دىمەك ـ كەم ـ زىيادە قىلىشقا بولمايدىغان، ھەتتا بارماقلار بىلەن سانىغىلى بولىدىغان ئازغىنە ئىبادەت دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئىسلام ئىنساننى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە سالاھىيەتلىك قىلىش بولۇپ، مۇسۇلمان بولۇش دېگەنلىك ئىنساننىڭ ھاياتتىكى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە تولۇق سالاھىيەتلىك بولۇشى دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: بىر زاۋۇتنى ياسىماقچى بولغان ئىنژىنېر ئۇ زاۋۇتتىن ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتلارنى كۆزدە تۇتماستىن، بەلكى بۇ زاۋۇتنىڭ ھەمىشە ئىشلەپ چىقىرىشقا سالاھىيەتلىك بولۇشىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

ئايروپىلاننىڭ سالاھىيىتى ـ ئۇنىڭ ئۇچۇش ئۈچۈن ھازىر بولۇشى، قەلەمنىڭ سالاھىيىتى ـ يېزىش ئۈچۈن ھازىر بولۇشى، ئىنساننىڭمۇ ئەمەل ـ ئىبادىتىنىڭ ھەمىشە ئاللاھ تائالاغا يارايدىغان دەرىجىدە بولۇپ، قوبۇل بولۇشى پەقەت ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ دۇرۇس بولۇشى بىلەن بولىدۇ. ئىنساننىڭ نىيىتى ھەر ئىشتا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەشتىن

ئىبارەت بولىدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتتىكى پۈتۈن ئىشلىرى ئۆزلىكىدىن ئىبادەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. پۇل چىقىرىدىغان زاۋۇتمۇ ئۇنىڭغا كىرگەن قىممەتسىز خام ئەشيالارنى قىممەتلىك پۇل قىلىپ چىقارغىنىدەك، ئىنساننىڭ نىيىتى سالاھىيەتلىك بولسا، ئۇنىڭ ھاياتتىكى پۈتۈن ئىشلىرى كاتتا ئىبادەتلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ»[1].

(1)مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەززالىينىڭ «ھەذا دينىنا» (بۇ بىزنىڭ دىنىمىز) ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

# ئىسلام ۋە ئىنسان

ئىنسان تەبىئىتى ئىسلام دىنى بىلەن تامامەن ماسلىشىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق ئادەم ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا ھازىر بولغان ھالدا دۇنياغا كېلىدۇ، ئۇ تەربىيە، ئائىلە ۋە مۇھىت قاتارلىقلارنىڭ تەسىرى بىلەن يا مۇسۇلمان بولۇپ يېتىلىدۇ ياكى باشقىچە بولۇپ يېتىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەر قانداق بالا ئىسلام دىنىنى ئېتىراپ قىلىشقا ھازىر بولغان تەبىئىتى بىلەن تۇغۇلىدۇ، ئۇنى ئاتا ـ ئانىسى يەھۇدىي قىلىدۇ ياكى خىرىستىيان قىلىدۇ ياكى مەجۇسىي قىلىدۇ»[1] دېگەن ھەدىسى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويغان ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپ.﴿ فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا فِطْرَتَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا لَا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ اللَّهِ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ﴾يەنى﴿يۈزۈڭنى ھەق دىنغا ـ ئاللاھنىڭ فىترىتىگە قاراتقىنكى، ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ فىترەت ئۈستىگە ياراتقان، ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش يوقتۇر. بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ﴾[2]

بۇ ئايەت، ھەرقانداق ئىنساننىڭ ئاللاھنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئاساس قىلغان ھەق دىن بىلەن تۇغۇلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىنسان تەبىئىتىدە ئاللاھقا ئىشىنىش ئېڭى تۇغۇلۇشتىن بىرى باردۇر. بەزى چاغلاردا، بولۇپمۇ راھەت ـ پاراغەتلىك چاغلاردا ئىنسانلارنىڭ غاپىللىقى سەۋەبى بىلەن، بۇ دىن ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇلار ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

---

(1)بۇخارى رىۋايىتى

(2)رۇم سۈرىسى 30 ـ ئايەت.

ئەمما ئۇلارنىڭ باشلىرىغا ئېغىر كۈنلەر كېلىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چارىسى تۈگىگەن ۋە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ۋاقىتتا، بۇ دىن ئۇلارنىڭ قەلب قاتلىرىدىن پارتلاپ چىقىدۇ. شۇ ۋاقىتتا، ئۇلار پۈتۈن كامالىي ئىخلاس بىلەن ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىپ، ئۇنىڭغا مۇناجات قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىدۇر. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿وَإِذَا مَسَّ الْإِنْسَانَ ضُرٌّ دَعَا رَبَّهُ مُنِيبًا إِلَيْهِ ثُمَّ إِذَا خَوَّلَهُ نِعْمَةً مِنْهُ نَسِيَ مَا كَانَ يَدْعُو إِلَيْهِ مِنْ قَبْلُ﴾ يەنى ﴿ئىنسانغا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتسە رەببىگە يۈزلەنگەن ھالدا، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۆز تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نېمەت ئاتا قىلغان (ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى كۆتۈرىۋەتكەن) چاغدا، ئاللاھقا ئىلگىرى قىلغان دۇئاسىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ﴾[1]

(1)زۇمەر سۈرىسى 8 ـ ئايەت.

# ئىسلام ۋە ئەقىل

## ئىسلام ئەقلىي بىلىش ئۇستىگە قۇرۇلغان دىندۇر

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئىسلام دىنى تاكامۇللىشىپ ئەڭ ئاخىرقى ساماۋى ۋەھىينىڭ تاماملىنىشى بىلەن ئەقىلنىڭ دەۋرى باشلانغان ئىدى. قۇرئان كەرىمدە ئەقىلغا ئىشارەت قىلغان ۋە ئەقىل ئىگىلىرىگە خىتاب قىلغان ئايەتلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقى بۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك.

قۇرئان كەرىم ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، ھالال ـ ھارام ۋە مۇئامىلە مەسىلىلىرىنىڭ ئاساسلىق پىرىنسىپلىرىنى ئېنىق قىلىپ بېكىتكەن بولۇپ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگەرمەيدۇ، ئۆزگىرىشنىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ ۋە ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ، بەلكى تا قىيامەتكىچە شۇنداق داۋام قىلىدۇ.

بۇلاردىن باشقا مەسىلىلەر ئىنسانلارنىڭ ئەقلىگە تاپشۇرۇلغان بولۇپ، زاماننىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئىنسانلارنىڭ بىلىم ـ سەۋىيىسىنىڭ يۇكسىلىشىگە ئەگىشىپ ئىجتىھاد بىلەن بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن: كېڭەش سىياسىي ئىستىبداتقا قارشى تۇرۇش، خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغداش ۋە شەخسلەرگە چوقۇنۇشنى مەنئى قىلىش مەقسىتى بىلەن يولغا قويۇلىدىغان بىر دىنىي پىرىنسىپتۇر. ئەقىل بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا زامانغا، شارائىتقا مۇناسىپ ھالدا چارە ـ تەدبىرلەرنى ۋە قانۇنلارنى بېكىتەلەيدۇ.

ئادالەت ھەقسىزلىققا قارشى تۇرۇش مەقسىتى بىلەن يولغا قويۇلىدىغان دىنىي پىرىنسىپتۇر. ئەقىل بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە

ئاشــۇرۇش يولــدا قــانۇن ـ تــۈزۈملەرنى ۋە مەھكىملەرنــى مەيــدانغا كەلتۈرەلەيدۇ.

جىھاد دىننى ۋە مۇسۇلمانلارنى ھىمايە قىلىش مەقسىتى بىلەن يولغا قويۇلــدىغان دىنىــي پىرىنسىــپتۇر. ئەقىــل بــۇ مەقســەتنى ئەمەلــگە ئاشــۇرۇش يولــدا زامــانىۋى تېخنىكىلارنــى قوللىنىشــقا ۋە ھــاۋادا، قۇرۇقلۇقتــا ۋە دېڭىــزدا جىھادنىــڭ پۈتــۈن چــارە ـ تەدبىرلىرىنــى قوللىنالايدۇ. بۇ ماۋزۇدا ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ چېكى يوق.

ئىسلام شــەرىئىتىدە نۇرغۇنلىغــان مەســىلىلەر ۋە كــۆپلىگەن جازالار ئەقىــل بىــلەن بىــر تەرەپ قىلىنىشــقا تاپشــۇرۇلغان. مەســىلەن: يالغــان سۆزلەش، ساختىپەزلىك، كۆزبوياMچىلىق، جىھاد مەيدانىدىن قېچىش، جــازانە قىلىــش، يېتىمنىــڭ مــال ـ مــۈلكىنى يېــۋېلىش قاتــارلىق جىنايەتلەرنىــڭ ئــاخىرەتتىكى جازاســى قۇرئــان كەرىمنىــڭ ئــايەتلىرى، پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامنىڭ ھەدىسلىرى ئــارقىلىق بايــان قىلىنغــان بولسىمۇ، بۇ جىنايەتلەرنىڭ بــۇ دۇنيــادىكى جازاسى يــا قۇرئــان كەرىمدە يــاكى ھەدىسلەردە بەلگىلەنمــگەن بولــۇپ، ئەقلىــي ئىجتىھاد ئــارقىلىق بەلگىلەشــكە تاپشــۇرۇلغان. مۇنــدىن باشــقا، پەيغەمبەرلەرنىــڭ زامانىــدا بولمىغــان ۋە كۆرۈلــۈپ باقمىغــان، پەقەت كېيىنكــى زامــانلاردا ئوتتۇرىغــا چىققــان ۋە داۋاملىــق چىقىــپ تۇرىۋاتقــان نۇرغۇنلىغــان مەســىلىلەر بــار بولــۇپ، ئــۇلار پەقەت ئەقلىــي ئىجتىھــاد بىــلەن ئىــش كۆرۈشــنى تەلەپ قىلىدۇ.

## ئەقىللىق ئىنسان دىنسىز ياشىيالامدۇ؟

دىنغا ئىشىنىش ۋە دىنغا باغلىنىــپ ھايــات كەچۈرۈش ئەقىلسىزلىق بولىــدىغان بولســا ئىــدى، دۇنيــادىكى ئەقىــل ـ پاراســەتتە، ئىلىــم ـ

مەرىپەتتە ۋە ھەر خىل پەن ـ تېخنىكىلاردا كامالىغا يەتكەن نۇرغۇن كىشىلەر دىنسىزلىقنى ئەۋزەل كۆرگەن ۋە دىنغا ئىشەنمىگەن بولار ئىدى. ئەكسىچە، يۇقىرىقىدەك ئىنسانلار ئەڭ دىندار ۋە ئاللاھ تائالانى ئەڭ ياخشى تونۇيدىغان كىشىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ:﴿ إِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ﴾يەنى ﴿ئاللاھتىن ئۇنىڭ ئالىم بەندىلىرىلا قورقىدۇ﴾[1]دېگەن

تەپسىر ئىبنى كەسىردە، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى توغرۇلۇق مۇنداق دېيىلگەن: «ئاللاھ تائالادىن ھەممىدىن بەك قورقىدىغانلارنىڭ ئۇنى ياخشى بىلىدىغانلار ئىكەنلىكىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىنساننىڭ بىلىمى ۋە مەرىپىتى ئاشقانسېرى ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلىقىنى ۋە كاتتىلىقىنى تېخىمۇ ياخشى بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاللاھ تائالادىن ھەممىدىن بەك قورقىدىغان بولىدۇ.»

ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان كاپىر ئىنساننى ئەقىللىق دېگىلى بولامدۇ؟ شەكسىزكى، مۇنداق كاپىر ئىنساننىڭ چوقۇم ئەقلىدە مەسىلە بار. دۇنيادا مۇندىنمۇ ئارتۇق تۇزكورلۇق بولمايدۇ. ئاتا ـ ئانىسىدىن تانغان ئادەمنى كىشىلەر تۇزكور، قارغىشقېپى، ۋىجدانسىز دەپ ئەيىبلەيدۇ. دۇنيادا ھەر قانداق بىر دۆلەت دۆلەتنىڭ مەخپىيەتلىكىنى سىرتقا يايغان ئىنساننى «دۆلەتكە ۋە خەلققە خىيانەت قىلغان خائىن»دەپ ئەيىبلەپ ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىدۇ. دۆلەت دېگەن نېمە؟ ئۇ ئاللاھ تائالا ياراتقان يەر يۈزىدىن بىر پارچە زېمىن. خەلق دېگەن كىملەر؟ ئاللاھ تائالا ياراتقان ئىنسانلاردىن بىر

---

(1) فاتىر سۈرىسى28 ـ ئايەت.

جامائە. ۋەتەنلەرنى ۋە خەلقلەرنى ياراتقان زاتقا خىيانەت قىلىپ، ئۇنى ئىنكار قىلغان ئادەمنى نېمە دېيىش كېرەك؟ ئۇ گۇناھكار سانالمامدۇ؟

شۇڭا دەيمىزكى، ئاللاھ تائالانى تونۇشنى ۋە ئۇنىڭ دىنىغا باغلىق بولۇپ ياشاشنى خالىمايدىغان ئىنسانلار چوقۇم ۋىجدانى تۇگەشكەن، ئەقلىدە مەسىلە بار، تەپەككۇرى ساغلام بولمىغان ئىنسانلاردۇر. بەلكى مۇنداقلارنى ئىنسان دېيىشكە ئەرزىمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىنسانلىقتىن ھايۋانلىققا بەكرەك يېقىندۇر.[1]

مۇنداقلار ئۆزلىرىنىڭ نەپسىي ھەۋەسلىرىگە چوقۇنىدىغان، ھەقىقەتنىڭ ساداسىنى ئاڭلىمايدىغان، قۇياشتەك پارلاپ تۇرغان ھەقىقەتنىمۇ كۆرەلمەيدىغان مەخلۇقاتلار بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئاخىرەتكە بارماستىنلا مۇشۇ دۇنيادا جازالايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى ئۆزلىرىنىڭ زىيىنىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى ئۆزلىرى كولايدۇ. ھەقىقەتكە قارشى چىقىپ ئاخىرى ئىبرەتلىك مەغلۇب بولغانلار بۇلارنىڭ مىسالىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۆزلىرىنىڭ نەپسىي ھەۋەسلىرىگە چوقۇنىدىغانلارنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن:﴿ أَرَأَيْتَ مَنِ اتَّخَذَ إِلَهَهُ هَوَاهُ أَفَأَنْتَ تَكُونُ عَلَيْهِ وَكِيلًا.أَمْ تَحْسَبُ أَنَّ أَكْثَرَهُمْ يَسْمَعُونَ أَوْ يَعْقِلُونَ إِنْ هُمْ إِلَّا كَالْأَنْعَامِ بَلْ هُمْ أَضَلُّ سَبِيلًا﴾يەنى ﴿نەپسى ھەۋەسلىرىنى ئۆزلىرىگە ئىلاھ قىلىۋالغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ سەن ئۇنىڭغا ھامىي بولالامسەن؟ ياكى ئۇلارنىڭ تولىسىنى ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ گۇمان

(1) ئىسلام مۇتەپەككۇرى مەرھۇم مۇھەممەد غەززالىيىنىڭ «مائة سؤال عن الإسلام»(ئىسلام ھەققىدە 100سوئالغا جاۋاب) ناملىق ئەسىرىنىڭ13 ـ بېتىدىن.

قىلامسەن؟ ئۇلار پەقەت ھايۋانلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ھايۋانلاردىنمۇ بەتتەر ئازغۇندۇر﴾[1]

قىسقىسى، ئىسلام دىنىنى بىلمەسلىك ئەڭ چوڭ ناقىسلىقتۇر. ئىنسان ئۇنىڭسىز مۇكەممەل بولالمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتىدىن ۋە مەرھەمىتىدىن ئۆزىنى بىھاجەت سانىغان، بىرەر قېتىممۇ ئۇنىڭغا قەلبى بىلەن يۈزلىنىپ باقمىغان ۋە بىرەر قېتىم بولسىمۇ «رەببىم! مېنى كەچۈرگىن، مېنى قوبۇل قىلغىن»دېمىگەن ئادەمنى قانداقمۇ نورمال ئادەم دېگىلى بولسۇن؟!

## ئىنسانلار دىنسىز ياشىمىغان

ئۆتمۈشلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئىنسانىيەت بېشىدىن كەچۈرگەن ھەرقانداق بىر دىنىنىڭ ئاساسلىق دەۋىتى ھەممىنى ياراتقۇچى ۋە ئىدارە قىلغۇچى يەككە ـ يېگانە بىر تەڭرىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشنى ئاساسلىق نۇقتا قىلغان بولسىمۇ، زامانلارنىڭ ئۆتىشى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆلۈپ تۈگىشى، دىندارلارنىڭ ھەق يولدىن ئېزىشى، كىشىلەرنىڭ ھەق دىنىنىڭ تەلىماتلىرى ۋە ئەقىدىلىرىنى تامامەن ئۇنتۇپ كېتىشى نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ، ئوتنى، دەرەخلەرنى، بۇتلارنى ۋە باشقا ھەرخىل مەخلۇقاتلارنى ئاللاھقا يېقىنلىشىش مەقسىتى بىلەن ئاللاھقا ۋاستە قىلىۋالغانلىقىنى، كېيىنچە، ئۇلارغا رەسمىي تۇردە چوقۇنغانلىقىنى كۆرىمىز.

قۇرئان كەرىم بىزگە، ئۆز ۋاقتىدىكى مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرىنى مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:﴿مَا نَعْبُدُهُمْ إِلَّا لِيُقَرِّبُونَا إِلَى

(1) فۇرقان سۈرىسى 43 ـ ئايەت.

اللَّهِ زُلْفَى﴾يەنى ﴿بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنىشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر﴾[1] ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىنى ياراتقۇچى ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلاتتى. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿وَلَئِنْ سَأَلْتَهُمْ مَنْ خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ خَلَقَهُنَّ الْعَزِيزُ الْعَلِيمُ﴾يەنى ﴿ئەگەر سەن ئۇلاردىن ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى دەپ سورىساڭ، ئۇلار: ‹ئەلۋەتتە ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ ياراتتى› دەيدۇ﴾[2]

تارىخشۇناسلار يەر يۈزىدە ھېچقانداق بىر مىللەتنىڭ دىيانەتسىز ياشىمىغانلىقىنى يەكۈنلىدى. ئاللاھ تائالانى قويۇپ، ساختا مەبۇدلارغا چوقۇنغانلارمۇ ئۇلارنى چوقۇنغان نەرسىلەرنى ياراتقۇچى خالىق دەپ ئاتىمايتتى، بەلكى ئۇلارنى ياراتقۇچى تەڭرىگە ۋاستە بولغۇچى ئىلاھلىرىمىز ياكى كىچىك خۇدالىرىمىز دەپ ئاتايتتى. يېقىنقى زامانلارغىچە، ئاپرىقىدا ئىپتىدائىي جەمئىيەت ھالىتىدە ئۆتكۈزۈلەردە، كەپىلەردە ياشاپ كەلگەن، ئادەم گۆشىنى يەيدىغان ئىنتايىن ۋەھشىي قەۋم «ھوتېنتوت» قەبىلىلىرىمۇ، پۈتۈن ئىلاھلارنىڭ بېشىدا، يالغۇز بىر ئىلاھ بار، دەپ ئېتىقاد قىلاتتى ۋە ئۇنى «ئاتىلارنىڭ ئاتىسى» دەپ ئاتايتتى.

ئىنسان توغرا يولدىن ئېزىپ، قانچىلىك چوڭ خۇراپاتلارغا چۆكۈپ كەتسىمۇ، بەرىبىر ئۇنىڭ ئەقلى ھېچ نەرسىنىڭ سەۋەبسىز ۋۇجۇتقا چىقمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ ـ دە، ئۇ ئەقلىنى مۇشۇ سەۋەبلەر قانۇنىغا

(1) زۇمەر سۈرىسى 3 ـ ئايەت.
(2) زۇخرۇف سۈرىسى 9 ـ ئايەت.

ئەگەشتۈرۈپ پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ۋە چەكسىز قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇيدۇ. ھېچ بولمىغاندا، ئۇنىڭ بېشىغا كۈلپەتلەر كېلىپ، دۇنيانىڭ سەۋەبلىرى كارغا كەلمىگەن چاغدا ئۇنىڭ ئەقلى ئۇنى ئاللاھقا تونۇشتۇرىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھقا يالۋۇرىدۇ.

خۇلاسە: ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تەلىپىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ، ئەقلىنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە كامالىتىدۇر.

ئاللاھنىڭ ھەممىنى ياراتقۇچى يەككە ـ يېگانە خالىق (ياراتقۇچى) ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئۇنىڭغا ئىقرار قىلغاندىن كېيىن، ئىنسان ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىشى كېرەك.

**ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى**

سوئال: ئىنسان نېمە ئۈچۈن يارىتىلغان؟

ھەر قانداق بىر ئىجادكار ئۆزى ئىجاد قىلغان نەرسىنىڭ سىرىنى، ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئىجاد قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ياخشى بىلگەندەك، بارلىق كائىناتنىڭ، جۈملىدىن ئىنساننىڭ ئىجادكارى ۋە ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ تائالا «ئىنسان» دەپ ئاتالغان بۇ مەخلۇقاتنى نېمە ئۈچۈن ياراتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئەلۋەتتە ياخشى بىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىزنىڭ بۇ سوئاللىرىمىزغا جاۋاب بېرىپ قۇرئان كەرىمدە، ئىنساننى يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى يۈرگۈزۈشى ۋە ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىشى ۋە ئۇنىڭ خاھىشى بويىچە ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن ئۆزىدىن ئورۇن باسار قىلىپ

ياراتقـانلىقىنى ئــېلان قىلــدۇ:﴿ وَإِذْ قَـالَ رَبُّـكَ لِلْمَلَائِكَـةِ إِنِّي جَاعِـلٌ فِي الْأَرْضِ خَلِيفَةً قَالُوا أَتَجْعَلُ فِيهَا مَنْ يُفْسِدُ فِيهَا وَيَسْفِكُ الدِّمَاءَ وَنَحْنُ نُسَبِّحُ بِحَمْدِكَ وَنُقَدِّسُ لَكَ قَالَ إِنِّي أَعْلَمُ مَا لَا تَعْلَمُونَ﴾يەنــى ﴿ئــۆز ۋاقتىــدا رەببىڭ پەرىشتىلەرگە: ‹مەن يەر يۈزىدە ئورۇن باسار يـارىتىمەن› دېـدى. پەرىشــتىلەر ‹يەر يۈزىــدە بۇزۇقچىلىــق قىلىــدىغان، قــان تۆكــدىغان (شەخسنى) ئورۇنباسار قىلامسەن؟ هـالبۇكى بىـز بولساق سېنى پـاك دەپ مەدھىيىلەيمىـز، مـۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىـز› دېـدى. ئـاللاھ ‹مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن› دېدى﴾[1]

يەر يۈزىــدە ئۇرۇنباســار بولۇشــنىڭ ســالاھىيىتى ۋە ئەڭ ئالــدىنقى شــەرتى ئىنســاننىڭ رەببىنــى تونۇشــى ۋە ئۇنىــڭ ئەمــر ـ پەرمانلىرىغــا ئىتــائەت قىلىــپ، ئــۇ ئىســتىگەن بــويىچە ياشــاش ئىكەنلىكىنــى بايــان قىلىــپ، ئــاللاھ تائــالا مۇنــداق دەيــدۇ:﴿ اللَّهُ الَّذِي خَلَقَ سَبْعَ سَمَوَاتٍ وَمِنَ الْأَرْضِ مِثْلَهُنَّ يَتَنَزَّلُ الْأَمْرُ بَيْنَهُنَّ لِتَعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ وَأَنَّ اللَّهَ قَدْ أَحَاطَ بِكُلِّ شَيْءٍ عِلْمًا﴾يەنــى ﴿ئــاللاھ يەتــتە ئاســماننى يــاراتتى، زېمىننىمـۇ ئاســمانلارغا ئوخشــاش (يەتــتە قىلىــپ) يــاراتتى، ئاللاھنىــڭ ئەمـرى ئۇلارنىــڭ ئارىســىدا جــارى بولــۇپ تۇرىــدۇ. (ســىلەرگە بــۇنى بىلدۈرۈشــۈم) ئاللاھنىــڭ ھەممــگە قــادىر ئىكەنلىكىنــى ۋە ئاللاھنىــڭ ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈنــدۇر﴾[2]، ﴿ وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾يەنى ﴿جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت

(1) بەقەرە سۈرىسى 30 ـ ئايەت.
(2) تالاق سۈرىسى 13 ـ ئايەت.

ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾[1]. يەنى ئىنسانلارنى مېنىڭ خاھىشىم بويىچە هايات كەچۈرسۇن ئۈچۈن ياراتتىم، دېگەنلىك.

بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ كائىناتتىكى شەيئىلەر ئۈستىدە ياخشى ئويلىنىپ، تەپەككۇر قىلغان كىشى كائىناتتىكى ھەرقانداق نەرسىنىڭ، ئۆزىدىن باشقىسى ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى ۋە باشقىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. مەسىلەن: سۇ زېمىننى ياشارتىش ئۈچۈن، زېمىن ئۆسۈملۈكلەرنى چىقىرىش ئۈچۈن، ئۆسۈملۈكلەر ئىنسانلار ۋە هايۋاناتلارنى ئوزۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن، هايۋاناتلار ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆمۈر سۈرىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

ئەمدى ئىنسان كىم ئۈچۈن؟

ئىنساننىڭ پۈتۈن كائىناتتىكىلەرنىڭ ئۇلۇغراقى بولۇپ يارىتىلغانلىق ھۆرمىتىگە مۇۋاپىق، ئەقىلگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىردىنبىر ئەڭ توغرا جاۋاب شۇكى، ئىنسان ئاللاھ ئۈچۈن: ئاللاھنى تونۇش، ئۇنىڭغا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان. شۇ ۋەجىدىن، كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇداتلار پەقەت شۇ ئىنساننىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈنلا يارىتىلغان ۋە ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەن.

ئىنسان ئەلۋەتتە، يۇقىرىقى شەيئىلەردىن ئۇلۇغ ۋە ئۈستۈندۇر. بۇلار قانداقمۇ ئىنسان ئۈچۈن ئىلاھ بولالىسۇن؟! شۇڭا ئىنساننىڭ قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، ئوت، كالا ۋە باشقا مەخلۇقاتلارغا چوقۇنۇشى ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق ھۆرمىتىنى هايۋانلىق دەرىجىسىگە چۈشۈرگەنلىكىدۇر.

(1) زارىيات سۈرىسى 56 ـ ئايەت.

ئىنسان ئۈچۈن ئاللاھقا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىشتىن باشقىسى ياراشمايدۇ.

# ئىسلام ۋە ئىمان

ئىمان سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش دېگەننى ئىپادىلىسە، ئىسلام ئىستىلاھىدا ئىمان- ئاللاھ تەرىپىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرۈلگەن ھەقىقەتلەرنىڭ راست ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىپ قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى تىل بىلەن سۆزلەشتۇر.

بەزى ئىنسانلار دەيدۇكى: بىز بىراۋغا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقى ئاستىدا ياشاشنى خالىمايمىز، بەلكى ئۆزىمىز خالىغان بويىچە ھايات كەچۈرىمىز. چۈنكى بىز ئەركىن يارىتىلغان مەۋجۇداتمىز. بۇ ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىدە ئاقلىنىشقا بولىدىغان بىر پىكىر، ئەمما ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئاقمايدۇ. چۈنكى ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ مۈلكىدۇر. ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ يارىتىشى، رىزىقلاندۇرۇشى ۋە پەرۋىش قىلىشى ئارقىسىدىلا شۇنداق ئىنسان بولۇپ يېتىشكەن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىسيانكارلىق قىلسا بولامدۇ؟

ئىنسانغا يارىشىدىغىنى ئاللاھ تائالاغا تەلتۆكۈس بويسۇنغان ھالدا، ئۇنىڭ خاھىشىغا ئۇيغۇن شەكىلدە ھايات كەچۈرىشىدۇر. مۇسۇلماندىن تەلەپ قىلىنىدىغىنىمۇ مۇشۇ ئىدى. بۇنداق ياشىغانلار ھەقىقىي مۇسۇلمان دېيىلىدۇ.﴿ وَمَنْ يُسْلِمْ وَجْهَهُ إِلَى اللَّهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ فَقَدِ اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَى وَإِلَى اللَّهِ عَاقِبَةُ الْأُمُورِ﴾يەنى ﴿ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا، ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئاللاھقا ئاتىغان ئادەم ھەقىقەتەن مەھكەم تۇتقىغا ئېسىلغان بولىدۇ. زادى ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا ئائىتتۇر ﴾[1]

(1) لۇقمان سۈرىسى22-ئايەت.

## ئىماننىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى

ئىماننىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى نېمە؟

ئىماننىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى تۆۋەندىكى ئالتە ھەقىقەتكە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت:

1. ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

2. ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

3. ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ بارلىقىغا چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

4. ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

5. قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

6. ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش.

يۇقىرىقى ئالتە ھەقىقەتكە چىن دىلىدىن ئىشىنىپ، ئېتىقاد قىلغان ئادەم «مۆمىن» دەپ ئاتىلىدۇ.

## ئىسلامنىڭ ئىمان ۋە ئەمەل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئىسلامنىڭ ئىمان ۋە ئەمەل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان زىچ باغلىنىشلىق مۇناسىۋەتتۇر. چۈنكى ئىسلام ـ ئىمان ۋە ئەمەل دېمەكتۇر. ئىمان ئېتىقادقا، ئەمەل شەرىئەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئېتىقاد بىلەن شەرىئەت ئىككىسى بىرلىكتە ئىسلامغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە،

ئىمان ھەمىشە ياخشى ئەمەللەر بىلەن بىرلىكتە بايان قىلىنغان.﴿ إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ سَيَجْعَلُ لَهُمُ الرَّحْمَنُ وُدًّا﴾يەنى ﴿ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن رەھمان تائالا (ئۇلارنىڭ دىللىرىدا) مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ﴾[1]،﴿ إِنَّ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ كَانَتْ لَهُمْ جَنَّاتُ الْفِرْدَوْسِ نُزُلًا﴾يەنى﴿شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مەنزىلگاھى فىردەۋس جەننەتلىرى بولىدۇ. ئۇلار ئۇ جەننەتلەردىن يۆتكىلىشنى خالىمايدۇ﴾[2] دېگەن ئايەتلەر بۇنىڭ مىسالى.

(1) مەريەم سۈرىسى 96 ـ ئايەت.
(2)كەھف سۈرىسى 107 ـ ئايەت.

# ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش

دۇنيادا ھېچقانداق دىن ۋە ھېچقانداق بىر پەلسەپە ئاللاھ تائالانى ئىسلام دىنى تەرىپلىگەندەك مۇكەممەل ۋە توغرا تەرىپلىگەن ئەمەس. ئىسلام دىنىنىڭ دەستۇرى بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ خەۋەر بېرىشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە، ئاللاھ تائالا بىردۇر! ئۇ ئەزەلدىن بار بولغان، ھەممىنى ياراتقان ۋە ھەممىنى پەرۋىش قىلىپ تۇرىۋاتقان ۋە ھەممە جانلىقلارغا رىزىق بېرىۋاتقان يالغۇز ئىلاھتۇر.

ئۇ زاتىدا، بارچە ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدە ۋە بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە ئەڭ مۇكەممەل ۋە يېگانە ئىلاھتۇر. ئۇ جىسىم ئەمەس، زامان ۋە ماكانغا مەخسۇس ئەمەس، ئۇ ھېچ نەرسىگە ئوخشىمايدۇ ۋە ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ ھېچ نەرسىدە ئورۇن ئالمايدۇ ۋە ھېچ نەرسە ئۇنىڭدا ئورۇن ئالمايدۇ، ئۇ ھەممىدىن بىھاجەت بولۇپ، ھېچكىمگە ھېچ نەرسىدە ھاجىتى چۈشمەيدۇ، ئەكسىچە، ھەممە ئۇنىڭغا موھتاج، ئۇ ئەڭ مۇكەممەل سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇپ، بارلىق ئەيىب ـ نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر. ئۇ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، ھېچ كىم ئۇنىڭغا تەڭداش ئەمەس.

ئاللاھ تائالا مۇتلەق كۈچ ـ قۇدرەت، چەكسىز ئىلىم ـ ھېكمەت ئىگىسى بولۇپ، كائىناتنى ئىدارە قىلىشتا، ئىنسان، ھايۋان، ئۇچار قۇش ۋە ھاشارەتتىن ئىبارەت بارچە جانلىقلارنى رىزىقلاندۇرۇشتا ۋە ئۆلتۈرۈش، تىرىلدۈرۈش، بار قىلىش، يوق قىلىش قاتارلىق بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە يېگانىدۇر، ئۇنىڭ شېرىكى ياكى ياردەمچىسى يوقتۇر.

كائىناتتىن قانداقلا بىر ئىش بولمىسۇن، چوقۇم ئۇنىڭ ئىرادىسى، ئىلمى ۋە تەقدىرى بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالادىن ئىبارەت تەڭداشسىز بىر يېگانە ئىلاھ ئۇچۇن بۇ ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ ئادالەتلىك تەرىپتۇر.

ئاللاھ تائالا بەزى پەيلاسوپلار تەسەۋۋۇر قىلغاندەك كائىناتتىكى يوشۇرۇن كۈچمۇ ئەمەس، ماتېرىيالىزمچىلار دەۋا قىلغاندەك تەبىئەت ياكى كائىنات ئەمەس، يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلار ئېتىقاد قىلغاندەك ئىنسانغا ئوخشاش ئەمەس، بەلكى ئۇ كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ياراتقان، مەخلۇقاتلارغا ئوخشىمايدىغان قەدىمي ئىلاھتۇر ۋە ھەقىقي مەبۇدتۇر.

ئىنساننىڭ ۋىجدانىدا مۇشۇ چۈشەنچە يەرلەشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھاياتىدا تولۇق بىر خاتىرجەملىك، پىكرىي قانائەت ۋە ھۇزۇر - ھالاۋەت ھۆكۈم سۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئادالەتلىك، توغرا ئىش قىلىدىغان، رەھىم - شەپقەتلىك بىر ئىلاھنىڭ تەسەررۇپى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ - دە، غەم - قايغۇ ۋە ئەندىشە دېگەنلەر ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئورۇن تاپالمايدۇ، نەتىجىدە، ھاياتنىڭ تەمىنى ۋە ھالاۋىتىنى تولۇقى بىلەن تېتىيدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق سائادەتمەنلىك بارمۇ دۇنيادا؟!

ئىماننىڭ بېشى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش بولۇپ، بۇ ئېتىقاد ئىماننىڭ ئاساسلىق گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.﴿ ذَلِكُمُ اللَّهُ رَبُّكُمْ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ خَالِقُ كُلِّ شَيْءٍ فَاعْبُدُوهُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ وَكِيلٌ﴾يەنى ﴿ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر.

ئـــاللاھتىن باشـــقا ھەقىقىـــي مەبـــۇد يوقتـــۇر، ئـــۇ ھەمـــمە نەرســـىنى ياراتقۇچىدۇر﴾[1] مانا بۇ ئىماندۇر.

## ئاللاھنى تونۇشنىڭ ۋاستىلىرى

ئـاللاھ تائـالانى تونۇشـنىڭ ۋاسـىتىلىرىنى ئىخچاملىغانـدا ئىككـى تۈرلـۈك دېيىشـكە بولـىدۇ. ئۇلارنىـڭ بىـرى، ئەقىـل بىـلەن ئىلىـم، يەنە بىرى، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن ئىبارەت.

## ئەقىلنىڭ ئاللاھ تائالانى تونۇتۇشتىكى رولى

ئىنسـاندىكى ئورگانلارنىـڭ ھېچبىـرى بىكارغـا يارىتىلغـان ئەمەس. ئىنسـان ۋۇجۇدىنىـڭ يېتەكچىسـى بولغـان ئەقىلنىـڭ ۋەزىپىسـى - تەپەككـۇر قىلىـش ۋە ئىزدىنىشـتىن ئىبـارەت. ئەگەر ئىنسـان ئەقلىنـى ئىشـلىتىپ، ئەتراپىـدىكى شـەيئىلەر ئۈسـتىدە پىكىـر يۈرگـۈزۈپ، ئىزدەنمەيـدىكەن، ئـۇ، ئەقىلنىـڭ ۋەزىپىسـىنى جـارىي قىلـدۇرمىغان بولىدۇ. ئىسلام دىنى ئەقلىي بىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر دىن بولۇپ، ئۇنىـڭ دەۋىتـى پەقەت ئەقىـل بىـلەن ھېسسـىياتقا خىتـاب قىلىـدۇ. كىشىلەرنى پىكىر يۈرگۈزۈپ ئىزدىنىشكە چاقىرىدۇ.

چـۈنكى ئىسـلام دىنـى كىشـىلەرنىڭ ئۇنىڭغـا قـارىغۇلارچە ئىتىقـاد قىلىشىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى ئەقىل ئىشلىتىپ ئـويلاپ، پىكىـر يۈگـۈزۈپ، ياخشـى چۈشـىنىپ، ئانـدىن ئىسـلام دىنىغـا كىرىشـنى تەلەپ قىلىـدۇ. شـۇڭا، قۇرئـان كەرىمـدە، ئاللاھنىـڭ ئاسـمان، زېمىـن ۋە ئۇلارنىـڭ ئارىسـىدىكى گـۈزەل سـەنئەتلىرى ئۈسـتىدە ئويلىنىـپ، پىكىـر يۈرگۈزۈشـنى ئىبادەتنىـڭ جەۋھـىرى دەپ قارىغـانلىقتىن، ئۇنىڭغـا

(1) ئەنئام سۈرىسى 102 ـ ئايەت.

ئىنتايىن كۆپ ساۋاب بېرىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىنغان.﴿ إِنَّ السَّمْعَ وَالْبَصَرَ وَالْفُؤَادَ كُلُّ أُولَئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْئُولًا﴾يەنى ﴿قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى)نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ﴾[1]. دېمەك: قۇلاق، كۆز، قەلب قاتارلىق سەزگۈ ئەزالارنىڭ ئىنسان ئۈچۈن قىلىدىغان خىزمەتلىرى كۆپ ۋە بۇ ئەزالارنىڭ ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى ئېغىردۇر.

ئاللاھ تائالانى تونۇشنىڭ ۋاستىسى بولغان «ئەقىل»نى، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە 50 ئورۇندا، «ئەقىل ئىگىلىرى»نى 10 ئورۇندا ماختىغان. ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان كائىناتتىكى تۈرلۈك ئالامەتلەر بايان قىلىنغان كۆپلىگەن ئايەتلەرنىڭ ئاخىرلىرىنى﴿ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَةً لِقَوْمٍ يَعْقِلُونَ﴾ يەنى﴿ بۇنىڭدا چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار﴾، ﴿أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴾ يەنى﴿ چۈشەنمەمسىلەر؟﴾ ۋە ﴿ فَاعْتَبِرُوا يَا أُوْلِي الأَبْصَارِ ﴾ يەنى﴿ئىبرەت ئېلىڭلار ئى ئەقىل ئىگىلىرى!﴾ دېگەنگە ئوخشاش جۈملىلەر بىلەن تۈگەتكەن.

دۇنيادا ھېچكىم «ئۆزى يوق نەرسە بىرەر ئىش قىلالمايدۇ» دىن ئىبارەت ئەقلىي پرىنسىپنى ئىنكار قىلالمايدۇ. بىز بۇ ئەقلىي پرىنسىپنى تەتبىقلايدىغان بولساق تۆۋەندىكى نەتىجىگە ئېرىشىمىز: بۇ پايانسىز كائىناتتا، ھەر لەھزىدە مىليونلىغان يېڭىلىقلار، ھادىسىلەر ۋە ۋەقەلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئاددىيسى، مىڭلارچە جانلىق ئۆلۈپ، يەنە مىڭلارچىسى ھاياتقا يېڭىدىن كۆز ئېچىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ ئەقلىمىز

(1)ئىسرا سۈرىسى 36 ـ ئايەت.

شـــۇنداق جەزم قىلىـــدۇكى، ھەرقانـــداق ھادىســـىنىڭ بىـــرەر پەيـــدا قىلغۇچىســـى ۋە ھەرقانـــداق بىـــر ســـەنئەتنىڭ بىـــرەر ســـەنئەتكارى بولغىنىــدەك، ئــالەمنىڭمۇ ياراتقۇچىسـى ۋە ئىــدارە قىلغۇچىسـى بــاردۇر. ئـۇ بولسىمۇ ئاللاھتۇر! چۈنكى يوق نەرسە بىرەر نەرسىنى پەيدا قىلالمايدۇ!

## ئاللاھ تائالانى ئۇنىڭ سۈپەتلىرى ئارقىلىق تونۇش

ئىنســاندا بەش ھېسســي ئەزا بولــۇپ، كائىنــاتتىكى بەزى مــاددىي شەيئىلەرنى شۇ ھېسسىي ئەزالىرى ئــارقىلىق بىلىــدۇ، مەســىلەن: ئىنســان كــۆزى بىــلەن شــەيئىلەرنى كــۆرۈپ بىلىــدۇ، قــولىقى بىــلەن ئــاۋازنى ئاڭلاپ بىلىدۇ، قولى بىلەن ئۇنى تۇتـۇپ بىلىـدۇ، بـۇرنى بىـلەن ھىـدىنى پۇراپ بىلىـدۇ ۋە تىلـى بىـلەن تەمىنـى تېتىـپ بىلىـدۇ. ئىنسـان بـۇ بەش ھېسســي ئەزاســى ئــارقىلىق بىلەلمــگەن شــەيئىلەرنى ئىشــەنچلىك خەۋەرلەر ئــارقىلىق ئــاڭلاپ بىلىــدۇ. مەســىلەن: مەككىنــى كــۆرمىگەن كىشــىمۇ، ئۇنىــڭ خەۋىرىنــى ئــاڭلاش ئــارقىلىق مەككىنىــڭ ســەئۇدى ئەرەبىستاندا بارلىقىغا ھېچ شەك قىلمايدۇ. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيـا ئۇرۇشلىرىنى كـۆرمىگەن بولساقمۇ، بـۇ ئۇرۇشـلارنىڭ بولـۇپ ئۆتكەنلىـك خەۋىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق بـۇ ئۇرۇشـلارنىڭ يـۈز بەرگەنلىكىـدىن ھـېچ شەك قىلمايمىز. ھېسسي ئەزالار ئارقىلىق بىلەلمىگەن شـەيئىلەرنى يـوق دەپ ئىنكار قىلىش قەتئىي تـوغرا ئەمەس. مەسـىلەن: رادىئـو دولقـۇنلىرى ھەر ۋاقــت ۋە ھەر جايــدا بــار، ئەممــا رادىئــو بولمىســا ئــۇنى ئــاڭلىغىلى بولمايــدۇ. تــوك ســىمىدا توكنىــڭ بــارلىقىنى كــۆرگىلى بولمايــدۇ، پەقەت لامپـۇچكىنى ئۇنىڭغـا چاتقانـدىلا توكنىـڭ بـارلىقىنى كـۆرگىلى بولىـدۇ. دۇنيادا ھېسسي ئەزالىرىمىز ئارقىلىق بىلگىلـى ۋە كـۆرگىلى بولمايـدىغان نۇرغــۇن شــەيئىلەر بــار. ھــازىرقى ئىلىــم - پەن دۇنيــادىكى مــاددىي

شەيئىلەرنىڭ پەقەت 3.5% نىلا كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغانلىقى ۋە قالغان 96.5% نى كۆرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ھاۋادىن ھەر ئانىدا نەپەس ئېلىپ تۇرىمىز. لېكىن ھاۋانىڭ ماھىيىتىنى ھېسسىي ئەزالىرىمىز ئارقىلىق بىلەلمەيمىز. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئىنسان ھېسسىي ئەزالىرى ئارقىلىق ئاللاھنىڭ زاتىنى ئىدراك قىلالمايدۇ. چۈنكى ھېسسىي ئەزالار ئارقىلىق پەقەت بەزى ماددىي شەيئىلەرنىلا بىلگىلى بولىدۇ. ھالبۇكى ئاللاھنىڭ زاتى ماددا ئەمەس. شۇڭا، ئىنساننىڭ كۆرۈش ئىقتىدارى چەكلىك بولغانلىقى سەۋەبتىن، ئۇ، ئاللاھنى كۆزى بىلەن كۆرۈپ تونۇشقا قادىر بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھنى ئىشەنچلىك خەۋەرلەر ئارقىلىق تونۇيدۇ. دۇنيادا ئەڭ ئىشەنچلىك خەۋەر قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەنلىكى شۈبھىسىز دەرىجىدە ئىسپاتلانغان، ئىشەنچلىك) ھەدىسلەرنىڭ بەرگەن خەۋەرلىرىدۇر.

# پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

پەيغەمبەرلەر ــ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىن تاللاپ چىقىرىپ، ئۆز تەرىپىدىن ئۇلارغا دىنىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەربىر ئىش ـ ئىزلىرى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئالىي پەزىلەت ۋە گۈزەل ئەخلاقلارغا ئۈلگىدۇر.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئىسپاتلاشتىكى ھۆججىتى ئۇلارنىڭ مۆجىزىلىرى ئىدى. ئاللاھ تائالا ھەربىر پەيغەمبەرگە شۇ زامانىنىڭ تەقەززاسىغا مۇناسىپ شەكىلدە مۆجىزە ئاتا قىلغان. مۆجىزە ـ ئاللاھ تائالادىن باشقىلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان خارىقى ئادەت ئىشنى كۆرسىتىدۇ.

مۇسۇلمانلار جىمى پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان. ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتمىغان كىشىنىڭ ئىمانى قوبۇل بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يَكْفُرُونَ بِاللَّهِ وَرُسُلِهِ وَيُرِيدُونَ أَنْ يُفَرِّقُوا بَيْنَ اللَّهِ وَرُسُلِهِ وَيَقُولُونَ نُؤْمِنُ بِبَعْضٍ وَنَكْفُرُ بِبَعْضٍ وَيُرِيدُونَ أَنْ يَتَّخِذُوا بَيْنَ ذَلِكَ سَبِيلًا. أُولَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ حَقًّا وَأَعْتَدْنَا لِلْكَافِرِينَ عَذَابًا مُهِينًا﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلار، ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى ئاجرىتىۋەتمەكچى بولغانلار، (پەيغەمبەرلەرنىڭ) بەزىسىگە ئىشىنىمىز، بەزىسىگە ئىشەنمەيمىز دېگۈچىلەر ـ ئۇنىڭ (ئىمان بىلەن كۇپرىنىڭ)ئوتتۇرىسىدا

يـول تۇتمـاقچى بولغـانلار، ئەنە شـۇلار راسـتىنلار كـاپىرلاردۇر. كاپىرلارغـا خورلىغۇچى ئازاب تەييارلىدۇق﴾[1]

پەيغەمبەرلەرنىـڭ ئـاۋۋىلى ئـادەم ئەلەيھىسسـالام، ئـاخىرى بىزنىـڭ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

**مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام**

مۇھەممەد ئەلەيھىسسـالام ـ بىزنىـڭ پەيغەمبىرىمـىز، پەيغەمبەرلەرنىـڭ ئەڭ ئاخىرقىسـى، ئىنسـانلارغا ئـاللاھ تەرىپىـدىن ئىسـلام دىنىنـى ئېلىـپ كــېلىش بىــلەن، ســاماۋىي دىنلارنـــى تولۇقلىغـــان ۋە بـــۇ دىنلارنىـــڭ غايىســـىنى ئەمەلــگە ئاشــۇرغان ئەڭ شــەرەپلىك پەيغەمــبەردۇر. ئــاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ھەر بىـر پەيغەمـبەر بىـر مەخسۇس مىلـلەت ئارىسـىغا ئەۋەتىلــگەن بولســا، پەيغەمبىرىمـــز مـــۇھەممەد ئەلەيھىسســـالام پۈتـــۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان ئومۇمىيۈزلۈك بۇرچىنى زىممىسـىگە ئالغـان ھالـدا پۈتۈن ئالەمگە پەيغەمـبەر بولـۇپ ئەۋەتىلـگەن. مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالام مۇشـۇنداق ئالاھىـدە پەيغەمـبەر بولغـانلىقى ئۈچـۈن، ئۇنىـڭ پەۋقۇلئـاددە رولـى ئارقىسـىدا، مۇسـۇلمانلارنىڭ مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامغا ھـۆرمەت قىلىشى بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ھۆرمەت قىلغانلىق بىـلەن بـاراۋەر بولىـدۇ دەيدىغان ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادىيەنىـڭ571 ـ يىلـى 20ـ ئاپرېـل، فىـل يىلـى رەبىئـولئەۋۋەل ئېيىنىـڭ 9ـ كـۈنى (يەنە بىـر رىـۋايەتكە كـۆرە، 12ـ كـۈنى) دۈشـەنبە كۈنىلـۈكتە، ھـازىرقى سـەئۇدى ئەرەبىسـتانىنىڭ مەكـكە شـەھىرىدىكى قـۇرەيش قەبىلىسـىنىڭ ئەڭ مۆتىـۋەر ئائىلىسـى بولغـان بەنى ھاشىم ئائىلىسـىدە دۇنياغـا كەلـگەن. مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامنىڭ

(1) نىسا سۈرىسى 151 ـ 150 ـ ئايەت.

نەسەبى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدۇ. بۇ ھەقتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئىسمائىل ئوغۇللىرىدىن كەنانە قەبىلىسىنى تاللىدى، كەنانە قەبىلىسىدىن قۇرەيشنى، قۇرەيشتىن ھاشىم ئوغۇللىرىنى، ھاشىم ئوغۇللىرىدىن مېنى تاللىدى»[1].

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلغاندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 632ـ يىلى، ھىجرىيىنىڭ 11ـ يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ 12 ـ كۈنى دۈشەنبە كۈنلۈكتە 63 يېشىدا ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدىكى مەسجىدى نەبەۋىينىڭ سول تەرىپىدىن ئورۇن ئالماقتا.

---

(1)ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

# پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

پەرىشــتىلەرگە ئىمــان كەلتــۈرۈش ئىســلام ئەقىدىســىنىڭ بىــر پارچىسىدۇر. پەرىشتىلەر پەقەت ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەنلا بولىدىغان مەۋجۇتات بولۇپ، ماھىيەت جەھەتتە، ئۇلاردا بىرەر نەرسە ئىستېمال قىلىش يوق ھەمدە ئۇخلاشقىمۇ موھتاج ئەمەس. ئۇلارنى ئەر ياكى ئايال دېيىلمەيدۇ. پەرىشتىلەردە ئىنسان ۋە ھايۋانلاردا بولغىنىدەك، شەھۋانىيلىق ۋە ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىش يوقتۇر. قۇرئان كەرىم پەرىشتىلەرنى تەرىپلەپ:﴿ لَا يَعْصُونَ اللَّهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ﴾يەنى ﴿ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ. نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ﴾[1] دېگەن.

پەرىشتىلەردىن ھەربىرىنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان مەخسۇس ۋەزىپىلىرى بار بولۇپ، ئۇلار شۇنىڭ بىلەن مەشغۇلدۇر.

پەرىشتىلەر كۆرۈنمەيدىغان ئالەملەرنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى كائىناتتىكى شەيئىلەر ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى، ئادەم، ھايۋان، تاغ، دەريا، تېرىم، دەرەخ قاتارلىق ئىنساندىكى ھېسسىي ئەزالار ئارقىلىق بىلگىلى بولىدىغان شەيئىلەر، يەنە بىرى، پەرىشتىلەر، جىنلار، شەيتانلار قاتارلىق ھېسسىي ئەزالار ئارقىلىق بىلگىلى بولمايدىغان شەيئىلەردۇر. بۇخىل شەيئىلەرنى ئىنسانلار ھېسسىي ئەزالىرى بىلەن ئىدراك قىلالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن، بۇلار غەيبىي ئالەملەر ياكى روھىي ئالەملەر، دەپ ئاتىلىدۇ.

(1) تەھرىم سۈرىسى 6 ـ ئايەت.

## ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش

ئاللاھنىڭ كىتابلىرى ـــ ئاللاھ پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرگەن كىتابلار بولۇپ، ئۇلار ساماۋىي كىتابلار دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاھ تائالا كۆپلىگەن ساماۋى كىتابلارنى چۈشۈرگەن بولۇپ، مەشھۇرلىرى، تەۋرات، ئىنجىل، زەبۇر ۋە قۇرئان كەرىم قاتارلىقلاردۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ كىتابلارنى ئىنسانلارنى يامان يوللاردىن قايتۇرۇپ، بىر ئاللاھقىلا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىشتەك توغرا يولغا باشلاپ، ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادەتلىرىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرگەن.

### قۇرئان كەرىم

قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق دەستۇرى ۋە ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ بىرىنچى ئاساسلىق مەنبەئىدۇر.

قۇرئان كەرىم پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مىلادىيىنىڭ 610-يىلى مەككىدىكى ھىرا غارىدا تۇنجى ۋەھيىنىڭ كېلىشى بىلەن چۈشۈشكە باشلىغان. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توپتوغرا 40 ياشتا ئىدى. قۇرئان كەرىم ۋەزىيەت ۋە ۋەقەلىكلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، پارچە - پارچىدىن چۈشۈپ، جەمى 23 يىلدا تولۇق چۈشۈپ بولغان.﴿ وَقُرْآنًا فَرَقْنَاهُ لِتَقْرَأَهُ عَلَى النَّاسِ عَلَى مُكْثٍ وَنَزَّلْنَاهُ تَنْزِيلاً﴾يەنى ﴿قۇرئاننى كىشىلەرگە ئايەت-ئايەت ئوقۇپ بېرىشىڭ

ئۇچۇن ئۇنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ چۈشۈردۇق، ئۇنى تەدرىجىي چۈشۈردۇق﴾[1]

**ۋەھيى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى**

ۋەھيى سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى ئىلھام دېگەنلىك بولۇپ، شەرئەت ئىستىلاھىدىكى مەنىسى: ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرگە بىۋاسىتە ياكى پەرىشتىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن سۆز قىلىشى دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَمَا كَانَ لِبَشَرٍ أَنْ يُكَلِّمَهُ اللَّهُ إِلَّا وَحْيًا أَوْ مِنْ وَرَاءِ حِجَابٍ أَوْ يُرْسِلَ رَسُولًا فَيُوحِيَ بِإِذْنِهِ مَا يَشَاءُ﴾يەنى﴿ئاللاھ بىر ئىنسانغا پەقەت ۋەھيى يولى بىلەن ياكى پەردە ئارقىسىدىن سۆزلەيدۇ، ياكى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ ئۆز ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋەھيىنى قىلىدۇ﴾[2]

ۋەھيى تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرلۈك بولغان:

1. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەردىن بىرىگە پەردە ئارقىسىدىن سۆز قىلىشى. ئاللاھ تائالا مىسىرنىڭ تۇر تېغىدا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بىۋاسىتە سۆز قىلغان.﴿ وَكَلَّمَ اللَّهُ مُوسَى تَكْلِيمًا﴾يەنى ﴿ئاللاھ مۇساغا بىۋاسىتە سۆز قىلدى﴾[3]

2. ئىلھام ياكى پەيغەمبەرنىڭ قەلبىگە ئورنىتىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جىبرىل مېنىڭ قەلبىمگە ‹ھېچكىم رىزقىنى تولۇق تۈگەتمەستىن ئۆلمەيدۇ›دەپ ئىلھام سالدى، سىلەر

(1) ئىسرا سۈرىسى106ـ ئايەت.
(2) شۇرا سۈرىسى 51 ـ ئايەت.
(3) نىسا سۈرىسى164ـ ئايەت.

ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىشلار ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى نەرسىلەرنى سورانىلار»[(1)].

3. راست چۈش. چۈنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ۋەھىيدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھقا ۋەھيى دەسلەپتە ياخشى چۈش كۆرۈش بىلەن باشلانغان......»[(2)].

4. ئاللاھ تائالانىڭ جىبرىلنى ئەۋەتىشى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيى توغرۇلۇق سورالغىنىدا: «ۋەھيى ماڭا بەزىدە قاتتىق جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن كېلىدۇ، گاھىدا پەرىشتە ئەر كىشىنىڭ سۈرىتىدە كۆرۈنۈپ كېلىپ ماڭا سۆز قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق تۇتىۋالىمەن»[(3)] دېگەن.

ئاللاھ تائالا ساماۋى كىتابلارنىڭ ئاخىرقىسى بولغان قۇرئان كەرىمنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن پېتى ساقلاشنىڭ پۈتۈن شەرت ـ شارائىتلىرىنى ۋە سەۋەبلىرىنى تولۇقلاپ بەرگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنى چۈشكەن پېتى ساقلاپ، ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلارغا سالامەت يەتكۈزگەن. شۇڭا قۇرئان كەرىم ھەر قانداق بىر ئۆزگەرتىش، ئالماشتۇرۇش ۋە بورمىلاشلاردىن پۈتۈنلەي ساقلىنىپ، بىزگىچە ئۆز پېتى يېتىپ كەلگەن يېگانە كىتاب.

قۇرئان كەرىم تېكىستى، مەنىسى، بايان قىلىش ئۇسلۇبى،

---

(1) شىھاب قۇزائىينىڭ«مۇسنەد» ناملىق ھەدىس توپلىمى115ـھەدىس، 2ـ توم،185ـ بەت.

(2) سەھىھۇلبۇخارى3ـھەدىس، فەتھۇلبارى 1ـ توم،27ـ بەت.

(3) سەھىھۇلبۇخارى2ـھەدىس، فەتھۇلبارى1ـ توم،23ـ بەت.

ئايەتلىرىنىڭ تەركىبلىنىشى ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسلۇبلىرى بويىچە، دۇنياغا دۇئىل ئېلان قىلىپ كەلگەن بىردىنبىر مەڭگۈلۈك مۆجىزىدۇر.

## قۇرئان، ھەدىس ۋە ھەدىس قۇدسىي

ھەدىس قۇدسىي ـ تېكىستى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، مەنىسى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ بولغان ھەدىس بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن ئېيتقان ھەدىسلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاللاھ تائالا مۇنداق دىدى: ‹بەندەم مېنى قانداق ئويلىسا مەنمۇ ئۇنى شۇنداق ئويلايمەن، ئۇ مېنى ياد ئەتكەندە مەنمۇ ئۇنى ياد ئېتىمەن، ئۇ مېنى كۆڭلىدە ياد ئەتسە مەنمۇ ئۇنى كۆڭلۈمدە ياد ئېتىمەن، ئۇ مېنى جامائەت ئىچىدە ياد ئەتسە، مەنمۇ ئۇنى ئۇلاردىنمۇ ياخشى بىر جامائەت ـ پەرىشتىلەرنىڭ يېنىدا ياد ئېتىمەن، ئۇ ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن، ئۇ ماڭا بىر غۇلاچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق يېقىنلىشىمەن، ئۇ ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ بارىمەن› »[1] دېگەن سۆزى ئاللاھ تائالادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىس قۇدسىيدۇر.

## قۇرئان كەرىم بىلەن ھەدىس قۇدسىينىڭ پەرقى

قۇرئان كەرىم بىلەن ھەدىس قۇدسىينىڭ پەرقى تۆۋەندىكىچە:

1. قۇرئان كەرىم مەنىسى ۋە لەۋزى بىلەن ئاللاھ تائالادىن كەلگەن

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

خالىس ۋەھىيدۇر. ئەمما ھەدىس قۇدسىينىڭ مەنىسى ئاللاھ تائالاغا، لەۋزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپتۇر.

2. قۇرئان كەرىمنىڭ لەۋزىنى تىلاۋەت قىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىنسا، ھەدىس قۇدسىينىڭ لەۋزى بىلەن ئىبادەت قىلىنمايدۇ، پەقەت مەنىسىگە ئەمەل قىلىش بىلەنلا ساۋاپ تاپقىلى بولىدۇ.

3. قۇرئان كەرىم بىزگە مۇتەۋاتىر(قىلچە شەك يوق)دەرىجىدە يېتىپ كەلگەن، ئەمما ھەدىس قۇدسىيدا مۇتەۋاتىر شەرت ئەمەس.

4. قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنى كەم-كۈتىسىز ھالدا ئۆز پېتى كەلتۈرۈش شەرت، ئەمما ھەدىس قۇدسىينىڭ مەزمۇنىنى رىۋايەت قىلىشقا بولىدۇ.

5. قۇرئان كەرىمنى تاھارەتسىز ياكى جۇنۇپ كىشىنىڭ تۇتۇشى جائىز ئەمەس. ئەمما ھەدىس قۇدسىينى تاھارەتسىز ياكى جۇنۇپ بولسىمۇ تۇتۇشقا ۋە ئوقۇشقا بولىدۇ.

قۇرئان كەرىم ھەر قانداق بىر ئۆزگەرتىشتىن ساقلانغان كىتابتۇر. ئەمما ھەدىس قۇدسىينىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەنلىكى تەرەپتىن ئىشەنچلىك ۋە ئىشەنچسىزلىرى بار.

### ھەدىس بىلەن ھەدىس قۇدسىينىڭ پەرقى

ھەدىس بىلەن ھەدىس قۇدسىينىڭ پەرقى تۆۋەندىكىچە:

1. ھەدىس قۇدسىي ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىس، ئەمما ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىستۇر.

2. ھەدىس قۇدسىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەقەت ۋەھيى يولى

بىلەنــلا كەلــگەن، ئەممــا ھەدىســمۇ ۋەھيــى يــولى بىــلەن پەيغەمــبەر ئەلەيھىسســالامغا ئىلھــام قىلىنغــان بولســىمۇ، ئۇنىڭــدا پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ ئىجتىھـادى بىـلەن بولـۇپ، ۋەھيـى ئـۇنى تەسـتىق قىلغانلىرى ياكى ئۇنىڭدىن ياخشىراقىغا بۇيرىغانلىرىمۇ بار.

3. ھەدىــس قۇدســىيدا ئومــۇمەن ئــاللاھ تائالانىــڭ سۈپەتلىرى بايــان قىلىنغــان بولســا، ھەدىســلەردە ئومــۇمەن شــەرئەت ئەھكــاملىرى بايــان قىلىنغان[1].

(1)شەيخ مۇھەممد سەبباغنىڭ«الحديث النبوي»(ھەدىــس تــوپلىمى) نــاملىق ئەســىرى 160ـ 169ـ بەتلەر، شەيخ مەننائۇل قەتتاننىڭ«مباحـث فـي علـوم القـرآن»(قۇرئـان ئىلمـى ھەققىـدە تەتقىقات) ناملىق ئەسىرى 25ـ28ـ بەتلەر.

# قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

قەدەر ـــ ئاللاھنىڭ كائىناتتا بولىدىغان ھەرقانداق ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ، خۇسۇسەن ئىنسانلارنىڭ قىلىدىغان بارلىق ياخشى ـ يامان گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئالدىنئالا بىلىپ شۇنداق يارىتىشى ۋە ئۇلارنى شۇ بويىچە بەلگىلىشى دېمەكتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿وَمَا يَعْزُبُ عَنْ رَبِّكَ مِنْ مِثْقَالِ ذَرَّةٍ فِي الْأَرْضِ وَلَا فِي السَّمَاءِ وَلَا أَصْغَرَ مِنْ ذَلِكَ وَلَا أَكْبَرَ إِلَّا فِي كِتَابٍ مُبِينٍ﴾يەنى ﴿ئاسمان، زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچقايسىسى ئاللاھنىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنگەن﴾[1] دېگەن سۆزى بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

قازا ـ ئاللاھنىڭ شۇ ئالدىنئالا بىلگىنى ۋە بەلگىلىگىنىگە ئاساسەن، كائىناتتا بولىدىغان بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئىنسانلار تەرىپىدىن سادىر بولىدىغان ئىش ـ پائالىيەتلەرنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشى دېمەكتۇر.

## سەۋەب ۋە نەتىجىلەر

ئاللاھ تائالا كائىناتنى يارىتىپ، ئۇنىڭدا ھۆكۈم سۈرىدىغان، ئۇنىڭدىكى ھاياتنى رەتكە سالىدىغان بىر قانۇننى يارىتقان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، سەۋەبلەر قانۇنىدۇر. مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم

(1) يۇنۇس سۈرىسى 61ـ ئايەت

سەۋەب قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىزنى نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈرىدىغان سەۋەبلەر ماددىي سەۋەبلەر ۋە مەنىۋى سەۋەبلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

ماددىي سەۋەبلەر دېگىنىمىز، نەتىجىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردۇر. ئۇسسۇزلىقنى قاندۇرماقچى بولغان ئادەم سۇ ئىچىشكە، ئاچلىقنى تويغۇزماقچى بولغان ئادەم يېيىشكە موھتاج بولغاندەك، مەلۇم بىر جايغا بارماقچى بولغان ئادەممۇ شۇ جايغا بارىدىغان يولغا كىرىشكە ۋە قاتناش قۇراللىرىدىن بىرىنى تۇتۇشقا موھتاج.

ئەمما مەنىۋى سەۋەبلەر دېگىنىمىز، ماددىي ئەمەس سەۋەبلەر ئارقىلىق ماددىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان ئىشلاردۇر. مەسىلەن: ئىستىغفار مەنىۋى نەرسە، ئەمما ئۇ ئادەمنى ماددىي نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈرىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى:﴿ فَقُلْتُ اسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ إِنَّهُ كَانَ غَفَّارًا. يُرْسِلِ السَّمَاءَ عَلَيْكُمْ مِدْرَارًا. وَيُمْدِدْكُمْ بِأَمْوَالٍ وَبَنِينَ وَيَجْعَلْ لَكُمْ جَنَّاتٍ وَيَجْعَلْ لَكُمْ أَنْهَارًا﴾يەنى ﴿(ئۇلارغا) ئېيتتىم: رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتلەردە، تەۋبە-ئىستىغپاردىن ئىبارەت مەنىۋى سەۋەبنىڭ يامغۇر، مال-دۇنيا، بالا-چاقا، باغۇ-بوستان ۋە ئۆستەڭلەر قاتارلىق ماددىي نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. بىر ھەدىستە: «ئىستىغفار ئېيتىشنى ئادەت قىلىۋالغان ئادەمگە ئاللاھ ھەر

(1) نۇھ سۈرىسى10-12-ئايەتلەر.

قانداق بىر قىيىنچىلىقتىن چىقىش يولى بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ» دەپ كەلگەن.[1]

دۇئا مەنىۋى ئىش. ئەمما ئۇ ماددىي سەۋەبلەرگە ئېرىشتۈرىدۇ. مەسىلەن: بىر ھەدىستە، ئۈچ نەپەر ئادەمنىڭ يولدا كېتىپ بارغىنىدا، قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، بىر غارغا كىرىۋالغانلىقى، ئاندىن يۇقىرىدىن بىر چوڭ تاش چۈشۈپ غارنىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋالغانلىقى، بۇ ئارىدا ئۈچ ئادەمنىڭ ھەر بىرى خالىس ئاللاھ تائالا رازىلىقى ئۈچۈن قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلغىنىدىن كېيىن، غارنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ، ئۇلارنىڭ سالامەت چىققانلىقى بايان قىلىنغان.[2]

كېسەللىكنىڭ سەۋەبلىرى بولىدۇ. كېسەل ئادەم شۇ كېسەللىك ئۈچۈن تەۋسىيە قىلغان دورىنى ئىچكەن تەقدىردىمۇ بەزى ھاللاردا ئۇنىڭ كېسىلى ساقايمايدۇ. ئەمما دورا بىلەن ياكى كېسەللىك بىلەن ھېچ مۇناسىۋىتى بولمىغان بەزى ئىشلار بولۇپ، بۇلارنىڭ سەۋەبى بىلەن بەزى كېسەللەر شىپا تېپىپ قالىدۇ. مەسىلەن: زەمزەم سۈيى ئىچىش، سەدىقە بېرىش دېگەنلەرگە ئوخشاش. بىر ھەدىستە: «كېسەللىرىڭلەرنى سەدىقە بېرىش بىلەن داۋالاڭلار»[3] دەپ كەلگەن. زەمزەم توغرۇلۇق بىر ھەدىستە: «زەمزەم سۈيى نېمە ئۈچۈن ئىچىلگەن بولسا شۇنىڭ ئۈچۈندۇر، يەنى سەن ئۇنى شىپالىق تەلەپ قىلىپ ئىچسەڭ ئاللاھ ساڭا شىپالىق ئاتا قىلىدۇ، قورسىقىڭنى تويغۇزۇش ئۈچۈن ئىچسەڭ ئاللاھ سېنى تويغۇزىدۇ، ئۇسسۇزلۇقتىن ئىچسەڭ ئاللاھ

(1) ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(3) ئەلبانى ھەسەن دەپ باھالىغان ھەدىس.

سىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىڭنى كېسىدۇ. ئۇنى جىبرىل ئەلەيھىسسالام قازغان، ئۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا ئىچۈرۈلگەن»[1] دەپ كەلگەن. زەمزەم سۈيى ئىچىش بىلەن نۇرغۇن كېسەللىكلەردىن ساقىيىپ قالغان ئادەملەرنى ھەر زامان ئاڭلاپ، ھەتتا بەزىدە كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز.

ئىستىسقا (سۇ تىلەش) نامىزىمۇ مەنىۋى سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇپ، تارىخلاردىن بىرى مۇسۇلمانلار قورغاقچىلىق سەۋەبلىك زىرائەتلىرى سۇغا زور ئېھتىياجلىق بولغا ۋاقىتلىرىدا، سىرتقا چىقىپ جامائەت بولۇپ، ھەممە ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىپ سۇ تىلەيدۇ. ئارقىدىنلا سۈزۈك ئاسماننى بۇلۇتلار قاپلاپ يامغۇر يېغىشقا باشلايدۇ. بۇ تارىختا نەچچە مىليون قېتىم تەكرارلانغان مەسىلە. بۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ.

**نەتىجە پەقەت ئاللاھ تائالادىن كېلىدۇ**

نەتىجىلەر سەۋەبلەردىن كەلمەيدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالادىن كېلىدۇ.

بەزىلەر مۇنداق دېيىشى مۇمكىن: ئۇنداقتا بىز مەنىۋى سەۋەبلەرگىلا ئېسىلساق، ماددىي سەۋەبلەرنى قىلمىساقمۇ بولىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ مەسىلەن: كېسەل بولساق دوختۇرغا بارماستىن، دۇئا قىلىپ شىپالىق ئىزدىسەك بولمامدۇ؟

دېمىزكى، بىز ئۇنداق قىلساق، ئاللاھ تائالا كائىناتتا بېكىتىۋەتكەن قانۇنىيەتكە زىت ئىش قىلغان بولىمىز. چۈنكى ئاللاھ تائالا بىزنى ماددىي ۋە مەنىۋى ھەر ئىككى سەۋەبنى قولدىن بەرمەسلىككە بۇيرۇيدۇ. ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇشنىڭ سەۋەبى سۇ ئىچىش بولسا،

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئۇسسۇزلۇقنا قاندۇرۇش ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولىدۇ. كېسەلدىن شىپا تېپىشنىڭ سەۋەبى دورا ئىچىش بولسا، شىپالىق ئاللاھ تائالادىن كېلىدۇ. ماددىي سەۋەب بىلەن مەنىۋى سەۋەب بىرلەشمىگەندە، مەسىلە ھەل بولمايدۇ. بۇ خۇددى دورا يەپ تۇرۇپ ساقايمىغان كېسەلگە ئوخشاش. دەم ئېلىشنىڭ ۋە راھەتلىنىشنىڭ سەۋەبى ئۇيقۇ تۇرۇپ، بەزىدە شۇنچە كۆپ ئۇخلاپمۇ راھەتلەنگىلى بولمايدۇ، ئادەم بۇ ۋاقىتتا ئۇيقۇدىن خۇددى ئىشلەپ ھېرىپ كەتكەن ئادەمدەك ئويغىنىدۇ.

## سەۋەبلەر قانۇنىيىتى

ھىدايەت قىلىش ۋە ئازدۇرۇشنىڭ ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپ قىلىنىشى سەۋەبلەر قانۇنىنى بېكىتكۈچى ئاللاھ تائالا بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن شۇنداق. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاللاھ ھېچكىمنى ھىدايەتكە ياكى زالالەتكە زورلىمايدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىگە مۇراجىئەت قىلغىنىمىزدا بۇ مەنە ناھايىتى ئېنىق ۋە روشەن ھالدا بايان قىلىنغان. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ جَاهَدُوا فِينَا لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا وَإِنَّ اللَّهَ لَمَعَ الْمُحْسِنِينَ﴾ يەنى ﴿بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز، ئاللاھ ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴾[1]، ﴿وَالَّذِينَ اهْتَدَوْا زَادَهُمْ هُدًى وَآتَاهُمْ تَقْوَاهُمْ﴾ يەنى ﴿توغرا يول تاپقانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھىدايىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ ۋە تەقۋادارلىقنى كۈچەيتىدۇ﴾[2] ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتى ئۇنىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلغان ئەڭ كاتتا نېمىتى

---

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 69-ئايەت.

(2) سۈرە مۇھەممەد 17-ئايەت.

بولـۇپ، ئـۇنى ياخشـى ئەمەلـلەرگە مـۇۋەپپەق قىلغـانلىقى ئۈنىـڭ نامايەندىلىرىـدىن بىرىـدۇر. ھىـدايەت ئەسـلىدە، نەپسـي شـەيتاننى يېڭىش ۋە ئـازدۇرغۇچى ھەۋەسـلەرگە قارشـى كـۈرەش قىلىـش بەدىلىـگە كېلىدىغان قىممەتلىك سوۋغاتتۇر.

## ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشى بىلەن بەندىنىڭ خاھىشى

بەزى كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشى بىـلەن بەنـدىنىڭ خاھىشى ئوتتۇرىسـىدىكى چەك ـ چېگرىنـى بىلمىگەنلىكـتىن، ئىككىسـىنى بىـر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئەسـلىدە بـۇ ئىككـى خـاھىش ئوتتۇرىسـىدا زىتلىـق يـوق. چـۈنكى بەنـدىنىڭ خاھىشـى ئـاللاھ تائالانـىڭ خاھىشـى ئىچىـدە بولـىدۇ. ئـاللاھ تائالانـىڭ خاھىشـى چـوڭ بىـر مەملىكەتنىـڭ چېگرىسىگە ئوخشىتىلسا، بەندىنىڭ خاھىشى شۇ مەملىكەت ئىچىدىكى شەھەرلەرنىڭ چېگرىسىغا ئوخشىتىلىدۇ.

ئـاللاھ تائـالا قۇرئـان كەرىمـدە: ﴿ وَمَا تَشَاءُونَ إِلَّا أَنْ يَشَاءَ اللَّهُ رَبُّ الْعَالَمِينَ﴾يەنـى ﴿ئالەملەرنىـڭ رەببـى ئـاللاھ خالىغانـدىلا، ئانـدىن سـىلەر خالايسـىلەر﴾[1] دەيـدۇ. بـۇ ئايەتنىـڭ مەنىسـى شـۇكى، ئىنسـان ئـاللاھ تائالانىـڭ ئىرادىسـىنىڭ ۋە خاھىشـىنىڭ چەك ـ چېگرىسـى ئىچىـدىكى نەرسىلەرنىلا خالىيالايـدۇ ۋە ئـاللاھ تائـالا يـول قـويمىغىچە خالىغـانلىرىنى ئەمەلـگە ئاشـۇرالمايدۇ. چـۈنكى ئىنسـاننىڭ خاھىشـى ئـاللاھ تائالانـىڭ خاھىشـىدىن مۇسـتەقىل بىـر خـاھىش ئەمەس، بەلكـى ئۇنىـڭ خاھىشـى ئـاللاھ تائالانـىڭ خاھىشـىنىڭ چەك ـ چېگرىسـى ئىچىـدە بولـىدۇ. ئـاللاھ تائـالا ئىنسـان ئۈچـۈن ھىـدايەت يـولى بىـلەن زالالەت يولـىدىن ئىبـارەت

(1) تەكۋىر سۈرىسى29ـ ئايەت.

ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللاش ئىختىيارىنى بېرىشۋەتكەن بولۇپ، ئىنسان بۇ ئىككى يولنىڭ قايسىبىرىنى تاللىمىسۇن، ئۇ چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشىنىڭ چەك-چېگرىسى ئىچىدە ھەرىكەت قىلغان بولىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ماۋزۇدا كەلگەن ئايەتلىرى بۇ مەنىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ.

بۇ مەسىلىنى مۇنداق ئىككى نۇقتىدىن ئېلىپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ: بىرى، بەندىنىڭ ئىختىيار قىلىش ئەركىنلىكى، يەنە بىرى، ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشى بىلەن بەندىنىڭ خاھىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت.

## ئىنساننىڭ يول تاللاش ئەركىنلىكى

ئىنساننىڭ خاھىشى ۋە ئىرادىسى توغرىسىدىكى مەسىلە ئىسلام ئالىملىرىنىڭ پىكرىنى ئەڭ كۆپ مەشغۇل قىلىپ كەلگەن مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ مەسىلە ئىسلامنىڭ ئاۋۋالقى ئەسىرىدىلا ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا «جەبرىيە» ۋە « قەدەرىيە»دەپ ئاتالغان، بىر-بىرىگە قارشى ئىككى ئېقىم ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. «جەبرىيە» ئېقىمىدىكىلەر بەندىنىڭ خاھىشىنى ۋە ئىختىيارىنى پۈتۈنلەي ئېلىپ تاشلايدىغان بولۇپ، ئۇلارغا كۆرە، بەندە خۇددى شامال ئۇچۇرۇپ يۈرگەن پەيگە ئوخشاش قەدەر نەگە ئۇچۇرسا شۇ تەرەپكە ئۇچىدۇ. ئەمما «قەدەرىيە»ئېقىمىدىكىلەر ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىنى ۋە خاھىشىنى ئىنكار قىلىدىغانلار بولۇپ، ئۇلارغا كۆرە، پۈتۈن خاھىش، ئىرادە بەندىنىڭ قولىدا بولىدۇ. ئىنسان مۇتلەق خاھىشقا ئىگىدۇر.

بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ئىككىلىسى قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتنىڭ يولىدىن چەتنەپ كەتكەن ئازغۇن پىرقىلەر بولغانلىقتىن، ئەينى

زاماندىكى ھەققانىي ئۆلىمالارنىڭ قاتتىق تەنقىدىگە ئۇچرىغان ۋە ئازلا ۋاقىتتىن كېيىن تەسىر دائىرىسىنى يوقاتقان.

ئاللاھ تائالا جەننەتنى ھىدايەت تاپقۇچىلارغا، دوزاخنى زالالەتنى تاللىغۇچىلارغا تەييارلىغان بولۇپ، بۇ ھەر بىر ئىنساننىڭ ھىدايەت ياكى زالالەتتىن ئۆزى جاۋابكار ئىكەنلىكىنى ئوچۇقلىماقتا. يەنى ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ھىدايەت ياكى زالالەتنى تاللاش ئىختىيارىنى بېرىۋەتكەن بولۇپ، ئىنسان بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىنى تاللىسا، ئۆز ئىرادىسى، خاھىشى ۋە ئىختىيارى بىلەن تاللىۋالغان بولىدۇ. چۈنكى ئىنساننى ھىدايەت ياكى زالالەتكە زورلايدىغان ھېچقانداق كۈچ يوق. ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ھىدايەتنىڭ يولىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئۇنىڭغا چاقىردى، رىغبەتلەندۈردى ۋە قىزىقتۇردى. شۇنىڭدەك، ئۇلارغا زالالەتنىڭ يولىنىمۇ ئېنىق كۆرسەتتى، ئۇلارنى ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇردى، ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشقا چاقىردى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿أَلَمْ نَجْعَلْ لَهُ عَيْنَيْنِ. وَلِسَانًا وَشَفَتَيْنِ. وَهَدَيْنَاهُ النَّجْدَيْنِ﴾يەنى ﴿بىز ئىنسانغا ئىككى كۆز، بىر تىل ۋە ئىككى كالپۇك ئاتا قىلمىدۇقمۇ؟ ئۇنىڭغا (ھىدايەت ۋە زالالەتتىن ئىبارەت) ئىككى يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟﴾[1] دەيدۇ.

قۇرئان كەرىم بەندىنىڭ ئىختىيارىنى مۇنداق ئىسپاتلايدۇ: ﴿ إِنَّا خَلَقْنَا الْإِنْسَانَ مِنْ نُطْفَةٍ أَمْشَاجٍ نَبْتَلِيهِ فَجَعَلْنَاهُ سَمِيعًا بَصِيرًا. إِنَّا هَدَيْنَاهُ السَّبِيلَ إِمَّا شَاكِرًا وَإِمَّا كَفُورًا﴾يەنى ﴿ھەقىقەتەن شۇكى، بىز ئىنساننى ئارىلاشما سپېرمىدىن ياراتتۇق. ئۇنى سىنايلى دەپ ئۇنى ئاڭلايدىغان ۋە

(1) بەلەد سۈرىسى10-ئايەت.

كۆرسىدىغان قىلىدۇق. شەكسىزكى، بىز ئۇنىڭغا (توغرا) يولنى كۆرسەتتۇق. شۈكۈر قىلغۇچى بولامدۇ ياكى تۇزكورمۇ ﴾[1]

ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا ئوخشىغان ئايەتلەر ئارقىلىق بەندىنىڭ يول تاللاشتىكى ئەركىنلىكىنى، ئىختىيارىنى ئىسپاتلايدۇ. ئىنسان ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان بۇ ئىختىيار سايىسىدە ياكى شۈكۈر قىلغۇچى مۆمىن بولىدۇ ياكى تۇزكورلۇق قىلغۇچى كاپىر بولىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىبىرىنى ئۆز ئىختىيار ۋە ئۆز خاھىشى بىلەن قىلالايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئۆزىنىڭ ھىدايىتى ياكى زالالىتىدىن مەسئۇل ۋە جاۋابكاردۇر. قۇرئان كەرىم ياخشى ـ يامان ھەر قانداق بىر ئىشنى ئىنسان ئۆز ئىختىيارى بىلەن ۋە ئۆزىنىڭ ھېسابىغا قىلىدىغانلىقىنى ئوچۇقلايدۇ.﴿ مَنْ عَمِلَ صَالِحًا فَلِنَفْسِهِ وَمَنْ أَسَاءَ فَعَلَيْهَا وَمَا رَبُّكَ بِظَلَّامٍ لِلْعَبِيدِ﴾يەنى ﴿كىمكى ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن قىلىدۇ. كىمكى يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن قىلغان بولىدۇ. رەببىڭ بەندىلىرىگە ئۇۋال قىلغۇچى ئەمەس﴾[2]

ھىدايەت پەقەت ئىنساننىڭ ئىختىيار قىلىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسان ئۈچۈن ھىدايەتنىڭ سەۋەبلىرىنى يارىتىپ بەرگەن بولۇپ، ئىنسان بۇ سەۋەبلەرنى ئورۇندايدىكەن، ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ئۇ ھىدايەت قوينىغا كىرگەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿ مَنْ عَمِلَ صَالِحًا فَلِنَفْسِهِ وَمَنْ أَسَاءَ فَعَلَيْهَا وَمَا رَبُّكَ بِظَلَّامٍ لِلْعَبِيدِ﴾يەنى ﴿بىز ھەقىقەتەن ھەربىر ئۈممەتكە: «ئاللاھقا

(1) ئىنسان سۈرىسى2ـ3ـئايەتلەر.
(2) فۇسسىلەت سۈرىسى46ـئايەت.

ئىبــادەت قىلىشــلار، شــەيتاندىن يىــراق بولــۇشلار» دەپ پەيغەمــبەر ئەۋەتتــۇق، ئــۇلاردىن ئــاللاھ ھىــدايەت قىلغــانلىرىمۇ بــار، ئازغۇنلۇققــا تېگىشلىك بولغانلىرىمۇ بار﴾[1]

سـەييىد قۇتـۇب  بـۇ ئـايەت توغرۇلـۇق مۇنـداق دېـگەن: «بـۇ ئىككـى پىرقىنىڭ بىرى دەۋەتنى قوبۇل قىلغان بولـۇپ، ئـايەتتە ‹ئـاللاھ ھىـدايەت قىلغـانلىرى› دېـگەن جـۈملە بىـلەن ئىپـادىلەنگەن. يەنە بىـرى يولـدىن چىققــان پىــرقە بولــۇپ، ئــايەتتە ‹ئازغۇنلۇققــا تېگىشــلىك بولغــانلىرى› دېگەن جۈملە بىلەن ئىپادىلەنگەن. بۇ پىـرقە ۋە ئالدىنقىسـى بولـۇپ، ھەر ئىككىلىســى ئــاللاھ تائالانىــڭ ئىرادىســىنىڭ ۋە خاھىشــىنىڭ ســىرتىغا چىقىپ كەتـكەن ئەمەس. ئۇلارنىـڭ ھېچبىرىنـى ئـاللاھ تائـالا ھىـدايەتكە ياكى زالالەتكە زورلىغان ئەمەس. بەلكى ئۇلار ئـۆز ئىختىيـارى بىـلەن يـول تاللىغــان بولــۇپ، ھىــدايەت يولىغــا ماڭغــانلىرىمۇ ئــۆز خاھىشــى ۋە ھــۆر ئىرادىسـى بىـلەن ماڭغـان، زالالەت يولىغـا ماڭغـانلىرىمۇ ئـۆز خاھىشـى ۋە ھۆر ئىرادىسى بىلەن ماڭغان.»[2]

ناۋادا ئـاللاھ تائـالا بەنـدىلىرىنى ھىـدايەتكە يـاكى زالالەتـكە زورلىغـان بولسـا ئىــدى، مۇكاپــات بىــلەن جازانىــڭ مەنىســى بولمىغــان، جەنــنەت بىلەن دوزاخنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغان بولاتتى.

---

(1) نەھل سۈرىسى36-ئايەت.

(2) دوكتور شەبان رامازان مۇقەللىدىنىڭ «المجتمع» (ئەل مۇجتەمە)ژۇرنىلىنىڭ 2012-يىلى19-ماي سانىغا يازغان ماقالىسىدىن.

# ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش

قىيامەت ـ بۇ دۇنيا هاياتى پۈتـۈنلەي ئاخىرلىشىپ، ئـاللاھ تائـالادىن باشـقا ھەممـە پـانىي بولغانـدىن كېيىن، ئـاخىرەت ئىسـىملىك يېڭـى بىـر ھاياتنىڭ باشلىنىشى دېمەكتۇر.

قىيـامەت كـۈنى قۇرئـان كەرىمـدە «ھېسـاب كـۈنى»، «دىـن كـۈن»، «ئاخىرەت كۈنى» ۋە «مۇكاپات ـ جـازا كـۈنى» دېـگەن ھەرخىـل ئىسـىملار بىلەن نۇرغۇن ئورۇندا بايان قىلىنىپ كەلمەكتە.

## قىيامەت ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى

قىيامەتنىـڭ ۋاقتىنـى ئـاللاھ تائـالادىن باشـقا ھـېچكىم بىلمەيـدۇ. ﴿يَسْأَلُونَكَ عَنِ السَّاعَةِ أَيَّانَ مُرْسَاهَا قُلْ إِنَّمَا عِلْمُهَا عِنْدَ رَبِّي لَا يُجَلِّيهَا لِوَقْتِهَا إِلَّا هُوَ ثَقُلَتْ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ لَا تَأْتِيكُمْ إِلَّا بَغْتَةً﴾يەنـى ﴿ئـۇلار سـەندىن قىيامەتنىـڭ قاچـان بولىـدىغانلىقىنى سـورايدۇ. ئېيتقىنكـى، ئۇنىـڭ قاچـان بولىـدىغانلىقىنى پەقەت پەرۋەردىگـارىم بىلىـدۇ. ئـۇنى پەقەت بەلگىلىـگەن ۋاقتىـدا مەيـدانغا چىقىرىـدۇ. قىيـامەت ئاسـمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئەھلىگە ئېغىر ۋەقەدۇر. ئۇ سىلەرگە تۇيۇقسىز كېلىدۇ﴾[1]

ئـاللاھ تائـالا قىيامەتنىـڭ ۋاقتىنـى ھـېچكىمگە بىلـدۈرمىگەن. ئەممـا ئۇنىڭ ئالدىـدىكى ئالامەتلىرىـدىن خەۋەر بەرگەن بولـۇپ، ئـۇلار كىچىـك ئالامەتلەر ۋە چوڭ ئالامەتلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

---

(1) ئەئراف سۈرىسى 187 ـ ئايەت.

قىيامەتنىڭ كىچىك ئالامەتلىرى: دىنىي ئالىملارنىڭ ئازىيىپ كېتىشى، ھاراقنىڭ كۆپىيىشى، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچنىڭ يوقلىشى، لاياقەتسىز كىشىلەرنىڭ ئىش باشقۇرىشى، زىنا-پاھىشىنىڭ كۆپىشى، ئايالالار سانىنىڭ ئەرلەر سانىدىن ئېشىپ كېتىشى، يەھۇدىيلارنىڭ يۇقتىلىشى ۋە باشقىلار.

ئەمما قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى: دەججالنىڭ چىقىشى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشىشى ۋە قۇياشنىڭ كۈن پېتىشتىن چىقىشى قاتارلىقلاردۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىدە بايان قىلىنغان.

## بەرزەخ ئالىمى

ئۆلگەنلەر قىيامەت قايىم بولۇپ، ئاخىرەت ھاياتى باشلانغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا بەرزەخ ئالىمىدە بولىدۇ. بەرزەخ - بۇ دۇنيا ئالىمىدىن ئايرىلىپ، ئاخىرەت ئالىمىگە يېتىپ بارغىچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى ئالەم دېمەكتۇر. ئۆلۈكلەر تا قىيامەت قايىم بولغان كۈنگە قەدەر بەرزەخ ئالىمىدە بولىدۇ. بەرزەخ سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسىمۇ - ئىككى نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان توسۇق ياكى توسما دېگەنلىكتۇر. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق كەلگەن: ﴿ وَمِنْ وَرَائِهِمْ بَرْزَخٌ إِلَىٰ يَوْمِ يُبْعَثُونَ﴾يەنى ﴿ئۇلار تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگە قەدەر ئۇلارنىڭ كەينىدە بىر توسما بولىدۇ﴾[1] دېمەك، ئىنسان تۆت خىل ئالەمنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئۇلار: قاراڭغۇلۇق ئالىمى (ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ئالەم)، دۇنيا ئالىمى، بەرزەخ ئالىمى ۋە ئاخىرەت ئالىمىدىن ئىبارەتتۇر.

(1) مۆمىنون سۈرىسى 100 ـ ئايەت.

## پەرزەخ ئالىمىنىڭ راھىتى ۋە ئازابى

بەزەخ ئالىمى مۆمىنلەر ئۈچۈن راھەت، كاپىرلار ئۈچۈن ئازابتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بەزەخ ئالىمىنىڭ راھىتىنى كۆرىدىغان مۇئمىنلەر ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿ إِنَّ الَّذِينَ قَالُوا رَبُّنَا اللَّهُ ثُمَّ اسْتَقَامُوا تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ الْمَلَائِكَةُ أَلَّا تَخَافُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَبْشِرُوا بِالْجَنَّةِ الَّتِي كُنْتُمْ تُوعَدُونَ﴾يەنى﴿شۈبھىسىزكى، «رەببىمىز ئاللاھتۇر» دەپ، ئاندىن توغرا يولدا يۈرگەنلەرگە پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت بىلەن خۇشال بولۇڭلار» دەيدۇ﴾[1] قۇرئان كەرىمدە يەنە بەرزەخ ئالىمىنىڭ ئازابىنى چېكىدىغان كاپىرلار توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن:﴿النَّارُ يُعْرَضُونَ عَلَيْهَا غُدُوًّا وَعَشِيًّا وَيَوْمَ تَقُومُ السَّاعَةُ أَدْخِلُوا آلَ فِرْعَوْنَ أَشَدَّ الْعَذَابِ﴾يەنى ﴿ئۇلار ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ، قىيامەت قايىم بولغان كۈندە، «پىرئەۋن جامائەسىنى ئازابنىڭ ئەڭ قاتتىقىغا كىرگۈزۈڭلار» (دېيىلىدۇ)﴾[2]

## ئاخىرەت چۈشەنچىسى

ئاخىرەتنى ئىنكار قىلىش ھازىرقى ئەسىرنىڭ يېڭىلىقى ئەمەس. چۈنكى ئۆتمۈشلەردىمۇ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشىنىڭ بارلىقى ۋە بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسىدىن ھېساب بېرىشىنىڭ ھەقلىقى توغرىسىدا ئېيتقانلىرىنى مەسخىرە قىلىدىغان ئىنسانلار بار ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانلارغا:﴿ هَيْهَاتَ هَيْهَاتَ لِمَا

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 30 ـ ئايەت.
(2) غافىر سۈرىسى 46 ـ ئايەت.

تُوعَدُونَ. إِنْ هِيَ إِلَّا حَيَاتُنَا الدُّنْيَا نَمُوتُ وَنَحْيَا وَمَا نَحْنُ بِمَبْعُوثِينَ﴾يەنى ﴿سىلەرگە ۋەدە قىلىنغانلار (ئەمەلىيەتتىن)بەكمۇ يىراق. هايات پەقەت مۇشۇ دۇنيا هاياتىمىزدىنلا ئىبارەتتۇر. (بىر تەرەپتىن) ئۆلىمىز، (يەنە بىر تەرەپتىن) تۇغۇلىمىز، بىز قايتا تىرىلمەيمىز﴾[1] دەيتتى.

ئىنكار ماۋزۇسىدا يېڭىلىق يوق. ئەمما ئىنكارچىلارنىڭ سەپسەتىلىرى تەرەققىي قىلدى. ھەتتا ساماۋى دىنلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئىشەنمەيدىغان دىنسىزلىق پەلسەپىسى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كەڭ تارقالدى. ھەتتا ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ يۈرىدىغان كىشىلەردىن كۆپلىرى ئاخىرەتنى ئەسكە ئېلىپ قويمايدىغان ۋە ئۇنىڭغا بىر ھەقىقەت دەپ مۇئامىلە قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ھالبۇكى، ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈش، يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ، قىيامەت كۈنىدە بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى-يامان پۈتۈن ئەمەللەردىن ۋە قىلغان-ئەتكەنلەردىن تەپسىلىي ھېساب بېرىشنىڭ ۋە ھەركىم ئۆزىنىڭ مۇكاپات ياكى جازادىن بولغان نېسۋىسىنى تولۇق ئېلىشىنىڭ راستلىقىغا چىن ئىشىنىش ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىماننىڭ مۇھىم بىر پارچىسى بولۇپ، ئىمان بۇنىڭسىز تولۇقلانمايدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىگە ئىشەنگەن ئادەم ئۇنىڭ قىيامەت ئىسمىلىك بىر ھېساب كۈنىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىگىمۇ ئىشىنىدۇ. ﴿يَوْمَ تَجِدُ كُلُّ نَفْسٍ مَا عَمِلَتْ مِنْ خَيْرٍ مُحْضَرًا وَمَا عَمِلَتْ مِنْ سُوءٍ تَوَدُّ لَوْ أَنَّ بَيْنَهَا وَبَيْنَهُ أَمَدًا بَعِيدًا وَيُحَذِّرُكُمُ اللَّهُ نَفْسَهُ وَاللَّهُ رَءُوفٌ بِالْعِبَادِ﴾يەنى ﴿ھەر كىمنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن

(1) مۇمىنۇن سۈرىسى36-37-ئايەتلەر.

قىلغانلىرى كۆز ئالدىدا ئايان بولغان كۈندە، (ئىنسان) ئۆزى بىلەن يامان ئىشلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇزۇن بىر مۇساپە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرنى ئۆزىدىن(يەنى ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلىشتىن)قورقۇتىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىگە بەكمۇ شەپقەتلىكتۇر﴾[1] دېھقان ئېتىزىدىن مول ھوسۇلنى يىغىپ بولۇپ، ئۇنى قايتا تېرىشقا، بىناكار ئۆزى يىقىتقان بىنانى قايتا سېلىشقا قادىر بولغان يەردە، بۇ دۇنيانى ياراتقان زات ئۇنى ۋاقتى كەلگەندە تارمار قىلىۋېتىپ، يەنە قايتىدىن بارلىققا كەلتۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ ياراتقۇچى ئۈچۈن بۇ قىيىنمۇ؟﴿ وَقَالُوا أَئِذَا كُنَّا عِظَامًا وَرُفَاتًا أَئِنَّا لَمَبْعُوثُونَ خَلْقًا جَدِيدًا. قُلْ كُونُوا حِجَارَةً أَوْ حَدِيدًا. أَوْ خَلْقًا مِمَّا يَكْبُرُ فِي صُدُورِكُمْ فَسَيَقُولُونَ مَنْ يُعِيدُنَا قُلِ الَّذِي فَطَرَكُمْ أَوَّلَ مَرَّةٍ فَسَيُنْغِضُونَ إِلَيْكَ رُءُوسَهُمْ وَيَقُولُونَ مَتَى هُوَ قُلْ عَسَى أَنْ يَكُونَ قَرِيبًا﴾يەنى﴿كاپىرلار: « بىز قۇرۇق سۆڭەك ۋە چىرىپ توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن چوقۇم قايتا تىرىلىپ يېڭىدىن ئادەم بولامدۇق؟» دېيىشىدۇ. سىلەر تاش ياكى تۆمۈر ياكى ھاياتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش تېخىمۇ قىيىن بولغان بىر نەرسە بولۇپ كەتسەڭلەرمۇ (چوقۇم تىرىلىسىلەر). ئۇلار: «بىزنى كىم تىرىلدۈرىدۇ؟» دەيدۇ. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، «سىلەرنى دەسلەپ ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ». ئۇلار ساڭا باشلىرىنى مەسخىرە ئارىلاش لىڭشىتىپ قويۇپ، «ئۇ قاچان بولىدۇ؟»دەيدۇ. دېگىنكى، «يېقىندا بولسا كېرەك»﴾[2]

(1) ئال ئىمران سۈرىسى30-ئايەت.

(2) ئىسرا سۈرىسى49-51-ئايەتلەر.

بۇ ۋەدىنى قىلغان زات ئاللاھ تائالا بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا قىلچە شەك يوق. چۈنكى ئۇ ھەممىگە قادىردۇر. دۇنيا ھاياتىدا كۆرىۋاتىمىزكى، ھەربىر لەھزىدە نۇرغۇن جانلىقلار يېڭىدىن ھاياتقا كۆز ئاچىدۇ ۋە نۇرغۇنلىرى ھاياتتىن كۆز يۇمىدۇ. ئانىلار ھەر سائەتتە يۈزلەرچە بوۋاقلارنى دۇنياغا كەلتۈرۈپ تۇرىدۇ. بالا تۇغۇش ئانىنىڭ ئىجادىيىتىمۇ؟ ياكى ئاتىنىڭ يارىتىشىمۇ؟ ئاتا-ئانىلارنىڭ سپېرمىسىدىكى جانلىقلارنى كىم ياراتتى؟﴿ أَفَرَأَيْتُمْ مَا تُمْنُونَ. أَأَنْتُمْ تَخْلُقُونَهُ أَمْ نَحْنُ الْخَالِقُونَ﴾يەنى ﴿سىلەر (ئاياللارنىڭ بالا ياتقۇسىغا) ئۆزەڭلار تۆككەن مەنىنى دەپ بېقىڭلارچۇ، ئۇنى سىلەر يارىتامسىلەر؟ ياكى ياراتقۇچى بىزمۇ؟﴾[1]

يېڭىدىن يارىتىلىش ئىنسانلار، ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر ئالىمىدە ھەر كۈنى دېگۈدەك تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، نېمە ئۈچۈن قايتا تىرىلىشنى ئېھتىمالدىن يىراق سانايمىز؟ ھالبۇكى، بىز شۇنداق يېڭى يارىتىلىشلارنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرىمىز ئەمەسمۇ! قۇرئان كەرىمنىڭ:﴿ وَلَقَدْ عَلِمْتُمُ النَّشْأَةَ الْأُولَى فَلَوْلَا تَذَكَّرُونَ﴾يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، سىلەر دەسلەپكى يارىتىشنى بىلدىڭلار. سىلەر (ئاللاھنىڭ سىلەرنى قايتا يارىتىشقىمۇ قادىر ئىكەنلىكىنى) ئويلىمامسىلەر؟﴾[2]

ئەقىللىق ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى ياخشى ئاڭلاپ چۈشىنىشى لازىم:﴿ يَا أَيُّهَا الْإِنْسَانُ إِنَّكَ كَادِحٌ إِلَى رَبِّكَ كَدْحًا فَمُلَاقِيهِ.

(1) ۋاقىئە سۈرىسى58-59-ئايەتلەر.

(2) ۋاقىئە سۈرىسى62-ئايەت.

فَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَابَهُ بِيَمِينِهِ. فَسَوْفَ يُحَاسَبُ حِسَابًا يَسِيرًا. وَيَنْقَلِبُ إِلَى أَهْلِهِ مَسْرُورًا. وَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَابَهُ وَرَاءَ ظَهْرِهِ. فَسَوْفَ يَدْعُو ثُبُورًا. وَيَصْلَى سَعِيرًا. إِنَّهُ كَانَ فِي أَهْلِهِ مَسْرُورًا﴾يەنى ﴿ئى ئىنسان! شەكسىزكى، سەن رەببىڭگە ئۇچراشقىنىڭغا قەدەر جاپالىق ئىشلەيسەن. نامە ـ ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ ۋە ئائىلىسىگە خۇشال ـ خۇرام قايتىدۇ. نامە ـ ئەمالى ئارقا تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەم يوق بولۇپ كېتىشنى تىلەيدۇ، دوزاخقا كىرىدۇ. چۈنكى ئۇ (دۇنيادىكى چېغىدا) ئائىلىسىدە بەكمۇ مەغرۇر ئىدى﴾[1]

بۇ دۇنيادا ئادالەت ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ياخشىلار خورلىنىپ يامانلار ئىززەت تاپقان، بىلىملىكلەر قايرىلىپ قېلىپ، جاھىللار جاھاننى سورىۋاتقان، بىگۇناھلارنىڭ قېنىنى ئېقىتقانلار خاتىرجەم قاقاھلاپ كۈلىۋاتقان مۇشۇنداق ئادالەتسىز دۇنيانىڭ ئارقىسىدا ئادالەتلىك بىر دۇنيانىڭ بولۇشى ئەقىل ۋە مەنتىقەنىڭ بىردەك تەلىپىدۇر. چۈنكى كېچىدىن كېيىن كۈندۈز كەلگەندەك، بۇ ئادالەتسىزلىكتىن كېيىن ئادالەتنىڭ تەجەللىي قىلىشى مۇقەررەردۇر.

ئەمما كائىناتنىڭ قانۇنلىرى بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. قاراڭغۇ كېچە قاچانغىچە داۋام قىلىدۇ، بۇ تەرىپىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

ئاخىرەت ئالىمى نۇرغۇنلىغان چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كاتتا ئالەمدۇر. ئۇنىڭدا بۇ دۇنيادا ئەزىز بولغانلار خار

(1) ئىنشىقاق سۈرىسى6ـ12ـئايەتلەر.

بولۇشى، بۇ دۇنيادىكى بايلار نامرات بولۇپ قېلىشى، بۇ دۇنيادىكى ئابرويلۇقلار ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلەرگە چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن.﴿خَافِضَةٌ رَافِعَةٌ﴾يەنى ﴿قىيامەت (بەزىلەرنىڭ دەرىجىسىنى) چۈشۈرىدۇ، (بەزىلەرنىڭ دەرىجىسىنى) كۆتۈرىدۇ﴾[1]

ئاخىرەت ئالىمىنىڭ بولۇشى ئادالەتنىڭ تەقەززاسىدۇر. چۈنكى ئۇنىڭدا ھەركىم ھەقلىق بولغىنىغا ئېرىشىدۇ ۋە ئادالەت تولۇق تەجەللىي قىلىدۇ. ئاخىرەت ئالىمى ئىككى باسقۇچلۇق بولىدۇ: بىرى، بۇ دۇنيا ھاياتىنىڭ ئاخىرلىششى، يەنە بىرى، ئاخىرەت ھاياتىنىڭ باشلىنىشىدۇر.

## بۇ دۇنيا ھاياتىنىڭ ئاخىرلىششى

دۇنيا ھاياتىنىڭ پۈتۈنلەي تارمار قىلىنىشى قىيامەت قايىم بولۇشى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى تۇيۇقسىز بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. قىيامەت ئىسرافىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرىنچى قېتىملىق سۇرگە پۈۋلىشى بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا شۇ سۇرنىڭ قاتتىق ئاۋازى بىلەن بارلىق جانلىقلار ئۆلىدۇ. ئىنسانلار قىيامەتنى تۇرغان يېرىدە كۈتىۋالىدۇ، يەنى ئۆيدە بولغانلار ئۆيدە، بازاردا بولغانلا بازاردا كۈتىۋالىدۇ، سىرتتىكىلەر ئائىلىسىگە قايتىشقا ئۈلگۈرەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا قىيامەتنىڭ كېلىشىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَيَقُولُونَ مَتَى هَذَا الْوَعْدُ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ. مَا يَنْظُرُونَ إِلَّا صَيْحَةً وَاحِدَةً تَأْخُذُهُمْ وَهُمْ يَخِصِّمُونَ. فَلَا يَسْتَطِيعُونَ تَوْصِيَةً وَلَا إِلَى أَهْلِهِمْ يَرْجِعُونَ﴾يەنى ﴿ئۇلار: «ئەگەر راستچىل بولساڭلار، بۇ ۋەدە

---

(1) ۋاقىئە سۈرىسى3ـ ئايەت.

قاچان ئىشقا ئاشىدۇ؟» دەيدۇ. ئۇلار پەقەت بىر ئاۋازنىلا كۈتىدۇ، ئۇلار جاڭجاللىشىپ تۇرغان ھالەتلىرىدە، ئۇ ئاۋاز ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىگە ۋەسىيەت قالدۇرۇشقىمۇ، ئائىلىسىگە قايتىشقىمۇ قادىر بولالمايدۇ ﴾[1]

## ئاخىرەت ھاياتىنىڭ باشلىنىشى

ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىملىق سۈرگە پۈۋلىشى بىلەن ھەممە تىرىلىپ قەبرىلىرىدىن چىقىدۇ ۋە ھېساب بېرىش ئۈچۈن مەھشەر مەيدانىغا توپلىنىدۇ. بۇ مەيدانغا ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ تا قىيامەت قايىم بولغان ۋاقىتقا قەدەر بولغان ئارىلىقتا دۇنياغا كېلىپ كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى ھازىر بولىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ھەممىسىدىن تەپسىلىي ھېساب ئالىدۇ. بىر كۈنى تۆتىنچى خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن «ئاللاھ تائالا شۇنچە كۆپ ئىنساندىن ھېساب ئېلىشقا قانداقمۇ بىر كۈندە ئۈلگۈرۈپ بولىدۇ؟» دەپ سورالغىنىدا، «شۇنچە كۆپ ئىنسانغا قانداق رىزىق بېرىپ ئۈلگۈرگەن بولسا، ھېساب ئېلىشقىمۇ شۇنداق ئۈلگۈرىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن.

ئاخىرەت ئالىمى باشقا بىر ئالەم. ئۇنىڭدا ۋاقىت ئۆلچەملىرىمۇ باشقىچە بولىدىغانلىقى ئېنىق. ئىنسانلار شۇ كۈننىڭ ئۆزىدە ئۆزلىرىنىڭ بارىدىغان جايىنى تېپىپ بولىدۇ.﴿ ذَلِكَ يَوْمٌ مَجْمُوعٌ لَهُ النَّاسُ وَذَلِكَ يَوْمٌ مَشْهُودٌ. وَمَا نُؤَخِّرُهُ إِلَّا لِأَجَلٍ مَعْدُودٍ. يَوْمَ يَأْتِ لَا تَكَلَّمُ نَفْسٌ إِلَّا بِإِذْنِهِ فَمِنْهُمْ شَقِيٌّ وَسَعِيدٌ ﴾يەنى ﴿ئەنە شۇ كۈن پۈتۈن

---

(1) ياسىن سۈرىسى48ـ50ـ ئايەتلەر.

خالايىق توپلىنىدىغان كۈنىدۇر، ئەنە شۇ كۈن ھەممە ھازىر بولىدىغان كۈنىدۇر. ئۇنى بىز مۇئەييەن مۇددەتكىچە تەخىر قىلىمىز. ئۇ كۈن كەلگەندە، ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز ھېچكىم سۆز قىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەتبەخت بولىدۇ، بەزىلىرى سائادەتمەن بولىدۇ﴾[1]

ئاخىرەت كۈنىدىكى تىرىلىش جان ۋە جىسىم بىلەن بولىدۇ. بۇ ئاللاھقا ھەرگىزمۇ قىيىن ئەمەس. ئىنساننى دەسلەپتە يوق يەردىن بار قىلغان ئاللاھ مەيلى ئۇنىڭ جەسىتى چىرىپ توپراققا ئايلىنىپ كەتكەن بولسۇن، مەيلى يىرتقۇچلارغا يەم بولۇپ تۈگىشىپ كەتكەن بولسۇن، مەيلى كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكەن بولسۇن، مەيلى تىتىلىپ پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەن بولسۇن، ھەر ھالەتتە ئۇنى بىرلەشتۈرۈپ ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. شۇنىڭدەك، ئاخىرەتتە بېرىلىدىغان مۇكاپات بىلەن جازا ماددىي ۋە مەنىۋى ھەر ئىككى تەرەپتىن بولىدۇ. ئازاب ياكى راھەت تەن بىلەن روھ ھەر ئىككىسىگە بولىدۇ.

## ئاخىرەتكە ئىشىنىشكە بولغان ئېھتىياج ۋە ئىنكارنىڭ ئاقىۋىتى

بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلاردىن خەۋەرسىز ياشاش ئىنسان ئۈچۈن ياراشمايدىغان بىر ئىش. ناۋادا بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تەرىپىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، كېلەچىكىگە ئالاقىدار بولسا، ئۇنى بىلمەستىن بىپەرۋا ياشاش چوڭ كىرىزىسنىڭ باشلىنىشىدۇر.

كىشىلەر يۈز بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ئالدىن خەۋەر بېرىلگەن ۋە ئاگاھلاندۇرۇلغان بولسىمۇ، چارىسىنى كۆرمەستىن ياكى تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەدبىرىنى قىلماستىن، بىپەرۋالىق بىلەن تۇرىۋاتقان ئىشلار

(1) ھۇد سۈرىسى103 ـ105 ـ ئايەت.

كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەندە، بەكمۇ بىئارام بولىدۇ، قوللىرىنى چىشلەيدۇ، پۇشايمان قىلىدۇ. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى بىكار. مەسىلەن: ئوت ئاپىتىدىن ساقلىنىشنىڭ چارە-تەدبىرلىرى مېڭىسىگە قۇيۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماستىن، مۇنداق بىر ئاپەتنىڭ يۈز بېرىشىنى ئېھتىمالدىن يىراق ساناپ، بىپەرۋالىقتا تۇرىۋاتقانلار رەسمىي ئوت ئاپىتىنى كۆز ئالدىدا كۆرگىنىدە قانداق بولۇپ كېتىدۇ؟ بۇ ۋاقىتتىكى پۇشايماننىڭ پايدىسى بولامدۇ؟ ياق!

ئىنسان ئەنە شۇنداق ئالدىنىدۇ، ئەنە شۇنداق بىپەرۋالىق قىلىدۇ. قېنى ئويلاپ كۆرۈڭ، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى، قىلغان-ئەتكەنلىرىدىن ھېساب بېرىشنى ئېھتىمالدىن يىراق سانىغانلىقتىن، بۇلارغا ئىشەنمەي، تەييارلىقمۇ قىلماي ھايات كەچۈرگەنلەرنىڭ ھالى قىيامەت كۈنىدە قانداق بولار؟ ئۇلار بۇ دۇنيادا پەيغەمبەرلەر ئېيتقانلارنىڭ ھەممىسى راست ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە ۋە ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگىنىدە نېمە قىلىدۇ؟ تەبىئىيكى، قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ ۋە بۇ دۇنيا ھاياتىغا قايتا كېلىپ ئىمان ئېيتىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، ياخشىلاردىن بولۇپ بېرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ھەتتا تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ئۇلار بۇ ئارزۇلىرىغا ئېرىشەلەمدۇ؟ ھەيھات! ھەرگىزمۇ ئېرىشەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئاخىرەت ھاياتىغا ئىنكار قىلغان ئىنساننىڭ ئاخىرەتتىكى ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَجَاءَ رَبُّكَ وَالْمَلَكُ صَفًّا صَفًّا. وَجِيءَ يَوْمَئِذٍ بِجَهَنَّمَ يَوْمَئِذٍ يَتَذَكَّرُ الْإِنْسَانُ وَأَنَّى لَهُ الذِّكْرَى. يَقُولُ يَا لَيْتَنِي قَدَّمْتُ لِحَيَاتِي﴾يەنى ﴿رەببىڭ(نىڭ ئەمرى) كەلگەن ۋە پەرىشتىلەر سەپ-سەپ بولۇپ تىزىلغان چاغدا، (ھەر ئىش ئوتتۇرىغا چىقىدۇ). ئۇ كۈندە جەھەننەم كەلتۈرۈلىدۇ، ئىنسان قىلغان-

ئەتكەنلىرىنى بىر-بىرلەپ ئېسىگە ئالىدۇ. ئەمما (ئۇ چاغدا)ئەسلىگەننىڭ ئۇنىڭغا نېمە پايدىسى بولسۇن! (ئىنسان شۇ چاغدا) «كاشكى مەن ھايات ۋاقتىمدا ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولسامچۇ!»دەيدۇ﴾[1]

شۇنداق، ئىنسانلار ئاخىرەت مەسىلىسىدە ئىككى تۈرلۈك كېلىدۇ: بىرى، ئاخىرەت ھاياتىغا ئىشەنمەيدۇ ۋە مۇشۇ دۇنيا ھاياتىدىن باشقا ھاياتنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. مۇنداقلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالى يۇقىرىقى ئايەتتە تەسۋىرلەنگەندەك بولىدۇ.

يەنە بىرى، ئاللاھ تائالاغا قەلبى باغلانغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار بۇ دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەت ھاياتىنىڭ ئېكىنزارلىقى دەپ تونۇغانلىقتىن، ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن تۇرماستىن ئىشلەيدۇ، تاڭ سەھەردە تاتلىق ئۇيقۇسىدىن ۋاز كېچىپ مەسجىدلەرگە بېرىپ ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىدۇ، نەپسىي خاھىشلىرىنىئىماننىڭ كۈچى بىلەن يېڭىپ ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرىدۇ، باشقىلارنىڭ قولىدىكىسىگە كۆز قىزارتمايدۇ ۋە ھەممىنى يېتەرلىك سەۋەبلەرنى قىلىشنى ئۇنۇتمىغان ھالدا ئاللاھ تائالادىن تىلەيدۇ. مۇنداق كىشىلەر قىيامەت كۈنىدە نىجاتلىققا ئېرىشكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغىنىدا، خۇشاللىقتىن ئۇچقىلى ئاز قالىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَأَمَّا مَنْ أُوتِيَ كِتَابَهُ بِيَمِينِهِ فَيَقُولُ هَاؤُمُ اقْرَءُوا كِتَابِيَهْ. إِنِّي ظَنَنْتُ أَنِّي مُلَاقٍ حِسَابِيَهْ. فَهُوَ فِي عِيشَةٍ رَاضِيَةٍ. فِي جَنَّةٍ عَالِيَةٍ. قُطُوفُهَا دَانِيَةٌ. كُلُوا وَاشْرَبُوا هَنِيئًا بِمَا أَسْلَفْتُمْ فِي الْأَيَّامِ الْخَالِيَةِ﴾يەنى ﴿نامە - ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەم (خۇشاللىقتىن): «بۇ مېنىڭ نامە -

(1) فەجر سۈرىسى22-24-ائايەتلەر.

ئەمـــــالىمنى ئېلىـــــپ ئوقـــــۇپ بـــــېقىڭلار، مەن ھېســـــاباتىمغا ئۇچرىشىدىغانلىقىمغا مۇقەررەر ئىشەنگەن ئىـدىم» دەيـدۇ. ئـۇ كۆڭۈللـۈك تۇرمۇشتا بولىدۇ. ئېسىل جەننەتـتە بولـدۇ. ئۇنـىڭ مېـۋىلىرى (ئۇنىڭغـا) يـېقىن بولــدۇ. (ئۇلارغــا) «ئـۆتكەنكى كـۈنلەردە ياخشــى ئەمەللەرنــى قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، خۇشـال ـ خـۇرام يەڭـلار، ئىچىڭـلار» دېيىلىـدۇ﴾[1] ئاللاھ تائالا بىزنىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلغاي، ئامىين...

بـۇ دۇنيـا ھايـاتى ئۇنـىڭ قەدرىنـى بىلگەنـلەر ئۈچـۈن تېپىلمـاس پۇرسـەتتۇر. چـۈنكى ھەركىمنـىڭ مەڭگۈلـۈك بەخـت ـ سـائادىتى يـاكى بەختسىزلىكى مۇشۇ دۇنيا ھاياتىدا بەلگىلىنىدۇ.

ئــاخىرەتكە ئىمــان ئېيتىشــنىڭ نەپىســنى تەربىيەلەشــتىكى چوڭقــۇر تەسـىرىنى ھەرگىزمـۇ ئـاددىي سـانىغىلى بولمايـدۇ. چـۈنكى ئـاقىۋەتتىكى ياخشــىلىقنى كۈتــۈپ ۋاقىتلىــق جاپــانى ئــۆزىگە راۋا كــۆرۈش پەقەت ئـاخىرەتكە ئىمـانى بولغانلارنـىڭ خىسلىتىدۇر. بىـر كـۈنى بىـر سـەھرالىق ئادەمــدىن «بــۇ كۈنىنــىڭ ئىسســىقىدا روزا تۇتىۋالــدىڭىزمۇ؟» دەپ سورالغىنىدا، ھېلىقى سـەھرالىق ئـادەم: «ھەئە، بۇنىڭـدىنمۇ ئىسسـىق بىـر كۈنـدە راھەتلىـنىش ئۈچـۈن تۇتىـۋاتىمەن»دېـگەن ئىـكەن. ئـاللاھ تائـالا قۇرئـان كەرىمـدە ئـاخىرەت ھايـاتىنى تەرىـپلەپ:﴿ وَإِنَّ الدَّارَ الْآَخِرَةَ لَهِيَ الْحَيَوَانُ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ﴾يەنــى ﴿ھەقىقــي ھايـات ئـاخىرەت ھاياتىــدۇر، كاشكى ئۇلار بۇنى بىلسە ئىدى﴾[2] دەيدۇ.

شـۇڭا ئـاخىرەتكە ئىمـانى بولغـان مۇسـۇلمان ئـادەم بـۇ دۇنيـا ھاياتىغـا ئالــدىنىپ قالمايــدۇ ۋە ھەر ئىشــتا ئالــدى بىــلەن ئــاخىرەت ھايــاتىنى

---

(1) ھاققە سۈرىسى19 ـ 24 ـ ئايەتلەر.

(2) ئەنكەبۇت سۈرىسى64 ـ ئايەت.

كۆزلەيدۇ. بايلىق، مەنسەپ، ئابروي ۋە كۈچ-قۇۋۋەت دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇ دۇنيانىڭ كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدىغان ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرى بولۇپ، بۇلاردىن ھېچبىرى مەڭگۈلۈك ئەمەس، بايلىقنىڭ قولدىن كېتىشى ياكى تۈگەپ قېلىشى، مەنسەپنىڭ قولدىن كېتىشى، ئابروينىڭ يوقىلىپ كېتىشى ۋە كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ كېتىپ قېلىشى مۇقەررەردۇر. ئەمما ئاخىرەت ئۈچۈن توپلىغانلار ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن سۈغۇرتىلانغان بولۇپ، ھەرگىز يوقاپ كەتمەيدۇ، كېمىيىپمۇ كەتمەيدۇ. بەلكى قىيامەت كۈنىدىكى ئۇنىڭغا دەل ئېھتىياجلىق ۋاقىتتا جانغا ئەسقاتىدۇ.

ھەقىقىي مۇسۇلمان ئادەم ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىشەنچىسى ۋە ئاخىرەت ھاياتىغا بولغان تەلپۈنۈشى سايىسىدە ئەڭ بەختلىك ھايات كەچۈرىدىغان كىشىلەردۇر. چۈنكى ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرىدىن پايدىلىنىدۇ، ئەمما ئۆزىنى ئۇلارغا ئېتىپ كەتمەيدۇ. ئۇلار ماددىي بايلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى مەنىۋى بايلىقى بىلەن بەختلىك كىشىلەردۇر. دۇنياغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ، ئاخىرەتلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەنلەر بىلەن ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىش بىلەن ھايات كەچۈرگۈچىلەردىن ئىبارەت ئىككى پىرقە كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ لَا يَغُرَّنَّكَ تَقَلُّبُ الَّذِينَ كَفَرُوا فِي الْبِلَادِ.مَتَاعٌ قَلِيلٌ ثُمَّ مَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ وَبِئْسَ الْمِهَادُ. لَكِنِ الَّذِينَ اتَّقَوْا رَبَّهُمْ لَهُمْ جَنَّاتٌ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا نُزُلًا مِنْ عِنْدِ اللَّهِ وَمَا عِنْدَ اللَّهِ خَيْرٌ لِلْأَبْرَارِ﴾يەنى ﴿كاپىرلارنىڭ (مولچۇق ئىچىدە) شەھەر-شەھەر كېزىپ يۈرۈشلىرى سېنى ئالدىمىسۇن. بۇ ئازغىنا بەھرىمەن بولۇشتۇر، ئاندىن ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەم بولىدۇ. ئۇ نېمىدېگەن يامان

تۆشەك! رەببىگە تەقۋادارلىق قىلغانلار ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان كۈتۈۋېلىشتۇر. ياخشىلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكىلەر تېخىمۇ ياخشىدۇر﴾[1]

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە قىيامەتنىڭ بىر قانچە خىل كۆرۈنۈشلىرىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن. بۇ دۇنيادا مۇسۇلمانلارنى خورلىغانلار ۋە ئۇلارنىڭ شەنىنى تۆۋەن سانىغانلار قىيامەت كۈنىدە، ئۇلارنىڭ ئېرىشكەن ئالىي مەرتىۋىلىرىنى كۆرۈپ، ھەيران قالىدۇ ۋە ئۆز قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىدۇ. ئەمما بۇ ۋاقىتتىكى پۇشايماننىڭ نېمىگە پايدىسى بولىدۇ؟﴿ وَقَالُوا مَا لَنَا لَا نَرَى رِجَالًا كُنَّا نَعُدُّهُمْ مِنَ الْأَشْرَارِ. أَتَّخَذْنَاهُمْ سِخْرِيًّا أَمْ زَاغَتْ عَنْهُمُ الْأَبْصَارُ﴾يەنى ﴿ئۇلار ئېيتىدۇ: « (دۇنيادىكى چاغدا) بىز يامانلاردىن سانىغانلارنى (دوزاختا) كۆرمەيمىزغۇ؟ ئۇلارنى بىز مەسخىرە قىلاتتۇقمۇ؟ ياكى ئۇلاردىن كۆزلەر ئېغىپ كەتتىمۇ؟» دوزاخ ئەھلىنىڭ بۇ رەۋىشتە ئۆزئارا جېدەللىشىشى مۇقەررەردۇر﴾[2]

قۇرئان كەرىم جەننەت ئەھلىنىڭ بەزى ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ دەيدۇكى: ﴿ قَالَ قَائِلٌ مِنْهُمْ إِنِّي كَانَ لِي قَرِينٌ. يَقُولُ أَئِنَّكَ لَمِنَ الْمُصَدِّقِينَ. أَئِذَا مِتْنَا وَكُنَّا تُرَابًا وَعِظَامًا أَئِنَّا لَمَدِينُونَ ﴾يەنى﴿ئۇلاردىن بىرى ئېيتىدۇ: «مېنىڭ بىر دوستۇم بولۇپ، ئۇ (ماڭا) سەن (ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە) راستتىنلا ئىشىنەمسەن؟ بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق

(1) ئال ئىمران سۈرىسى196ـ197ـئايەتلەر.
(2) ساد سۈرىسى62ـ63ـئايەتلەر.

سۆھبەتكە ئايلانغان چاغدا بىز چوقۇم (قىلمىشلىرىمىزدىن) ھېساب بېرەمدۇق؟» دەيتتى﴾[1] ئايەتتە كۆرگىنىمىزدەك، مەزكۇر دوست مۆمىن دوستىنى خۇراپاتقا ئىشىنىدىغان قالاق ئادەم دەپ كۆزگە ئىلمايتتى ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلىپ «شۇنىڭغىمۇ ئىشىنەمسەن؟»دەيتتى. ھېلىقى مۆمىن ئادەم كاپىر دوستىنى جەھەننەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرۈپ شۇنداق دەيدۇ:﴿ تَاللَّهِ إِنْ كِدْتَ لَتُرْدِينِ. وَلَوْلَا نِعْمَةُ رَبِّي لَكُنْتُ مِنَ الْمُحْضَرِينَ﴾يەنى ﴿ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مېنى (ئازدۇرۇپ) ھالاك قىلغىلى تاس قېلىپتىكەنسەن. ئەگەر رەببىمنىڭ مەرھەمىتى بولمىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە مەنمۇ (دوزاختا) ھازىر قىلىنغانلاردىن بولاتتىم﴾ [2]

بۇ دۇنيادا مۇناپىقلار مۆمىنلەردىن نەپرەتلىنىدۇ ۋە ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار كاپىرلارنى، زالىملارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەمما ئاخىرەتتە بۇ ئەھۋال ئەكسىگە ئۆزگىرىپ، مۆمىنلەر مۇناپىقلاردىن يىراقلىشىدۇ. قۇرئان كەرىم بۇنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:﴿ يَوْمَ يَقُولُ الْمُنَافِقُونَ وَالْمُنَافِقَاتُ لِلَّذِينَ آمَنُوا انْظُرُونَا نَقْتَبِسْ مِنْ نُورِكُمْ قِيلَ ارْجِعُوا وَرَاءَكُمْ فَالْتَمِسُوا نُورًا فَضُرِبَ بَيْنَهُمْ بِسُورٍ لَهُ بَابٌ بَاطِنُهُ فِيهِ الرَّحْمَةُ وَظَاهِرُهُ مِنْ قِبَلِهِ الْعَذَابُ﴾يەنى ﴿ئۇ كۈندە مۇناپىق ئەرلەر، مۇناپىق ئاياللار مۆمىنلەرگە: «بىزنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ نۇرۇڭلاردىن ئازراق ئالايلى» دەيدۇ. ئۇلارغا (مەسخىرە يۈزىسىدىن): «ئارقاڭلارغا قايتىپ نۇر تىلەڭلار» دېيىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر سېپىل

(1) سافقات سۈرىسى51-53-ئايەتلەر.
(2) سافقات سۈرىسى54-57-ئايەتلەر.

سوقۇلىدۇ، سېپىلنىڭ دەرۋازىسى بولىدۇ، دەرۋازىنىڭ ئىچى تەرىپىدە رەھمەت، تېشىدا ئازاب بولىدۇ﴾[1]

(1) ھەدىد سۈرىسى 13-ئايەت.

# ئىسلام ۋە تەبىئەت

ئـــاللاھ تائـــالانى ئىتـــراپ قىلىشـــتىن قاچىـــدىغانلار تەبىـــئەتكە سـىغىنماقتا. بۇلارنىـــڭ پەلسەپىسـى خـۇددى پادىشـاھقا ئىسـيانكارلىق قىلىـــپ جـــاللاتتىن مەدەت تىلىـــگەن ئىســـيانكارنىڭ پەلسەپىســـگە ئوخشـــاش بىـــر مەنتىقســـىز پەلســـەپىدۇر. تەبىـــئەتكە چوقۇنـــۇش بۇتپەرەسلىكنىڭ زامانىۋىيلاشقان يېڭـى نـامى بولـۇپ، ئىنكـار ماۋزۇسـىدا يېڭىلىـــق يـــوق، ئاتـــالغۇلار ئـــۆزگەرگەن بولســـىمۇ، بۇتپەرەســـلەرنىڭ مەنتىق ئۆلچىمى ئۆزگەرگىنى يوق.

تەبىئەتمۇ ئاللاھ تائـالا ياراتقـان مەۋجۇتـاتلار قاتارىـدىكى بىـر ئەسـەر يـــاكى ســـەنئەت. ســـەنئەتكارنى ئىنكـــار قىلىـــش ئۈچـــۈن ســـەنئەتنى سـەنئەتكار دېـۋېلىش ئىزاھنىـڭ ئەمەس، بەلكـى ھەقىقەتنـى ئېتىـراپ قىلىشـتىن قاچقانلىقنىـڭ ئىپادىسـىدۇر. ھەقىقەتنـى ئېتىـراپ قىلىشـنى خالىمىغـانلار ھەمـمە نەرسـىنى «تەبىـئەت يـاراتتى» يـاكى «تەبىئەتنىـڭ تەقەززاسـى» دەپ قۇتۇلمـاقچى بولىـدۇ. ئەپسۇسـكى، ھازىرقىـدەك پەن - تېخنىكـا ۋە ئۆچـۈر دەۋرىـدىمۇ بـۇ خۇراپاتقـا ئىشـىنىدىغان ئىنسـانلار مەۋجۇت.

### تەبىئەت ۋە ئۇنىڭ مەنىسى

دۇنياغا داڭلىق «لسان العرب» ناملىق بۈيۈك قامۇسنىڭ ئـاپتورى ئىبنـى مەنـزۇر «تەبىـئەت» ئاتالغۇسـىنىڭ سـۆز يىلتىـزى بولغـان « طبـع»سـۆزى توغرۇلـــۇق مۇنـــداق دېـــگەن: « طبـــع ـ ھەر نەرســـىنىڭ خاســـلىقى ۋە ئـــۆزگىچىلىكى دېگەنلىـــك بولـــۇپ، ئىنســـاننىڭ يارتىلىشـــتىكى ئـــۆزگىچىلىكى ۋە خاســـلىقى ئۇنىـــڭ تەبىئىتـــى ھېســـابلىنىدۇ. «طبيعة»

سۆزى«فعيلة» (پەئىلە) ۋەزنىدە بولۇپ، ئىش ـ ھەرىكەتنى ئورۇندىغۇچى ئەمەس، بەلكى ئورۇندالغۇچى مەنىسىدە كېلىدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، تەبىئەت ياراتقۇچى ياكى پەيدا قىلغۇچى ياكى بىرەر ئىش قىلغۇچى بولالمايدۇ.»[1]

ھەر نەرسىنى تەبىئەت ياراتقان دېگۈچىلەردىن تەبىئەت دېگەن نېمە دەپ سورالسا، ئۇلارنىڭ بەزىسى «تەبىئەت-يوشۇرۇن كۈچ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بىز بۇ جاۋابقا قوشۇلغان تەقدىردە، تەبىئەت ئاللاھ تائالانىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى بولماي نېمە؟ يەنە بەزىسى «تەبىئەت-شەيئىلەرنىڭ سۈپەتلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىدۇر» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. تەبىئەت بۇ ھالىتىدە قانداقمۇ ياراتقۇچى بولالىسۇن؟! يەنە بەزىسى «تەبىئەت ـشەيئىلەرنىڭ ئۆزىدۇر» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ دېگەنلىك شەيئىلەر ئۆز ـ ئۆزىنى ياراتقان دېگەندىن ئىبارەت بىر سەپسەتىدۇر.

**تەبىئەت ئاللاھ تائالانىڭ سەنئىتىدۇر**

تەبىئەت ــ ئۆزلىكىدىن تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان مۇتلەق كۈچ ئەمەس، بەلكى ئۇ تەسىر ئاستىدا قالغان ئاجىز بىر سەنئەت ياكى ئەسەردۇر. تەبىئەت ـ ئۆزىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان سىرتقى مۇتلەق ئىرادىگە بويۇن ئىپگىش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ ۋە يېڭى يارىتىلىشلار ئۈچۈن مەيدان ھازىرلايدۇ.

كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى ھەربىر سەنئەت بىرەر بىناغا، بىرەر رەسىمگە ۋە بىرەر كىتابقا ئوخشايدۇ. «بۇلارنىڭ يارىتىلىشى ئۆزلىرىدىكى شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرىدىن كېلىپ چىققان» دېگۈچىلەر

(1) «لسان العرب»ناملىق قامۇستىن.

خۇراپاتچىلاردۇر. چۈنكى بىرەر بىنا قۇرۇپ چىقىشتا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ پىلانىنى سىزىش ئۈچۈن ئىنژېنېرغا ۋە ئۇنى شۇ پىلان بويىچە پۈتتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن بىناكارغا ئېھتىياجلىق بولغان يەردە، كائىناتتىكى ھەربىر سەنئەت ۋە ھەر بىر مەۋجۇتات مەلۇم بىر ئۆلچەم ۋە مەلۇم قانۇنىيەت بىلەن مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن بىرەر ياراتقۇچىغا موھتاج ئەمەسمۇ؟!

قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى جاكارلاپ مۇنداق دېگەن: ﴿ سَبِّحِ اسْمَ رَبِّكَ الْأَعْلَى. الَّذِي خَلَقَ فَسَوَّى. وَالَّذِي قَدَّرَ فَهَدَى﴾يەنى ﴿يارىتىپ باراۋەر قىلغان، تەقدىر قىلىپ يول كۆرسەتكەن ئالىي مەرتىۋىلىك رەببىڭنى ئۇلۇغلىغىن﴾[1]

(1) ئەئلا سۈرىسى 1-4-ئايەتلەر.

# ئىسلام ۋە ئىبادەت

ئىسلام نەزىرىدە، ئىبادەتنىڭ ئۆزى غايە ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىبادەتلەر مۇسۇلمان يەتمەكچى بولغان مۇكەممەللىكنىڭ شوتىسى ۋە گۈزەل ئەخلاقلارغا ئادەتلىنىشنىڭ يولىدۇر. ئىبادەتنىڭ مېۋىسى گۈزەل ئەخلاقتۇر. شۇڭا دېيەلەيمىزكى، ئورۇندىغۇچىسىغا بۇ دۇنيادا پايدىسى بولمىغان ئىبادەتلەرنىڭ ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا پايدا يەتكۈزەلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

كىشىلەر مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ ئاۋۋال بۇيرىغان نەرسىسى ئىبادەتتۇر.

ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئۇنىڭغا بولغان ئىماننى نامايان قىلغانلىق، ئۇ ئاتا قىلغان سان ـ ساناقسىز نېمەتلەرگە شۈكۈر ئادا قىلغانلىق ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغانلىقتۇر.

«ئىبادەت دىنىنىڭ، شۇنداقلا ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىدەك، ئىنساننىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پۈتۈن ئىشلىرىنى، تىلى ۋە دىلىنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[1].

## ئىبادەتنىڭ تەرىپى

ئىبادەت — ئاللاھ تائالا بۇيرىغان بەندىچىلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ۋە ئۇنىڭ تەلەپ قىلغىنىنى بويىچە ياشاشتۇر. ئىبادەت پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىنىدۇ.

---

(1) دوكتور يۈسۈف ئەل قەرداۋىينىڭ « العبادة في الإسلام » ( ئىسلامدا ئىبادەت)ناملىق ئەسىرىدىن.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە ئىبادەتنى تەرىپلەپ مۇنداق دېگەن: «ئىبادەت — ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ھەرقانداق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىش ـ ھەرىكەت، گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ پىكىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئىسىمدۇر. ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. ئۇلار: ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج ـ ئۆمرە قىلىش، توغرا ۋە راست سۆزلەش، ئامانەتنى ئادا قىلىش، ئىلىم ئۆگىنىش، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، باشقىلارنى ياخشىلىقلارغا بۇيرۇش، يامانلىقلاردىن توسۇش، ھالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەش، پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيەلەش، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، قوشنىلارغا، يېقىرلارغا، يېتىملەرگە، مۇساپىرلارغا ياخشىلىق قىلىش، ھايۋانلارغا رەھىم قىلىش، قۇرئان ئوقۇش، دۇئا قىلىش، زىكىر ئېيتىش، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە مۇھەببەت، ئىخلاس قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇش، رەھمىتىدىن ئۈمىد كۈتۈش، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىپ يۆلىنىش، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراش، بالا ـ قازالارغا سەبىر قىلىش، ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش ۋە باشقىلاردۇر»[1].

## ھەممە ئىبادەتكە چاقىرىلغان

ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئىنسان ئەۋلادىنى ئىبادەتكە چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ أَلَمْ أَعْهَدْ إِلَيْكُمْ يَا بَنِي آدَمَ أَنْ لَا تَعْبُدُوا الشَّيْطَانَ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُبِينٌ. وَأَنِ اعْبُدُونِي هَذَا صِرَاطٌ مُسْتَقِيمٌ﴾يەنى﴿ئى ئادەم باللىرى! مەن سىلەرگە «شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ سىلەرگە ئوپئوچۇق دۈشمەندۇر،

(1)شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ«العبودية»(قۇلچىلىق)ناملىق ئەسىرى 2 ـ بەت.

مـاڭىلا ئىبـادەت قىلىشـلار، بـۇ تـوغرا يولـدۇر»دېمىگەنمىـدىم؟﴾[1] ئـاللاھ تائالا ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشىنىڭ غايىسى ھەققىدە مۇنـداق دەيـدۇ:﴿ وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ. مَا أُرِيدُ مِنْهُمْ مِنْ رِزْقٍ وَمَا أُرِيدُ أَنْ يُطْعِمُونِ﴾يەنـى ﴿جىنلارنـى، ئىنسـانلارنى پەقەت ماڭـا ئىبـادەت قىلىـش ئۈچـۈنلا يـاراتتىم. ئـۇلاردىن مەن رىزىـق تىلىمەيـمەن ۋە ئۇلارنىـڭ مېنـى ئوزۇقلاندۇرۇشىنى تىلىمەيمەن﴾[2]

ئـاللاھ تائـالا تەرىپىـدىن كەلـگەن پەيغەمبەرلەرنىـڭ ھەممىسـىنىڭ ئورتاق چاقىـــرىقى:﴿ اعْبُدُوا اللَّهَ مَا لَكُمْ مِنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ﴾يەنـى ﴿ئـاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭـدىن باشـقا ئىـلاھ يـوق﴾[3] دېيىشـتىن ئىبارەت ئىلاھىي پىرىنسىپ ئىدى.

## ئىبادەت ئاللاھقىلا قىلىنىدۇ

«گرېتسـىيەلىك مەشـھۇر ئەدىـب ۋە تـارىخچى پلۇتـارچ[4] دىنلارنىـڭ تـارىخى ۋە كىشـىلەرنىڭ قەلبىـدىكى ئـورنى ھەققىـدە ئىـنچىكە تەتقىقـات ئېلىــپ بارغانـــدىن كېــيىن، مۇنـــداق يەكـــۈننى چىقارغـــان: «دۇنيـــادا چېگرىســـىز، پادىشاھســـىز، بايلىقســـىز، مەدەنىيەتســـىز ۋە تىياتىرســـىز شـەھەرلەرمۇ تېپىلىشــى مــۇمكىن، بىــراق ئىنســانلار جەمئىيىتــى يــاكى

(1)ياسىن سۈرىسى 60 ـ 61 ـ ئايەتلەر.
(2) زارىيات سۈرىسى 56 ـ 57 ـ ئايەتلەر.
(3) ئەئراف سۈرىسى59 ـ ئايەت
(4) گرېتسىيەچە ئاتىلىشى Πλούταρχος مىلادىيەنىڭ 46-يىلى دۇنياغا كېلىپ120-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

تــارىخى ئىبادەتخانىســى بولمىغــان، يــاكى ئۇنىــڭ ئەھلــى دىنىــي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانمايدىغان بىرەر شەھەرنى كۆرگىنى يوق»[1].

ئىنسانىڭ ئەسلى تەبىئىتى ئۇنى يوق يەردىن بار قىلىپ، ئۇنىڭغا تۈرلۈك نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان شەپقەتلىك ئىگىسى — ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشنى ئۆتەشكە تېگىشلىك تەبىئىي بۇرچ دەپ تونۇيدۇ، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قەدەر كەلگەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەينى زامانىدىكى ئۈممەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ زامانىدىن كېيىن كەلگەن ئىنسانلار بۇرۇنقىلىرىنىڭ تۇتۇپ ماڭغان ھەق يوللىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكتىن، بەزىلىرى ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ قۇياش، ئاي، ئوت، سۇ قاتارلىق تەبىئەت كۈچلىرىگە ۋە كالا قاتارلىق ھايۋانلارغا چوقۇنغان بولسا، بەزىلىرى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئۇنتۇپ كېتىپ، بۇتلارنى، ئىنسانلارنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋالغان. شۇنداق قىلىپ ئىنسانلار ئاللاھ كۆرسەتكەن ئېتىقاد ۋە ئىبادەت سىستېمىلىرىدىن ئۇزاقلىشىپ كەتكەنلىكتىن ئاللاھ تائالانىڭ ھەق دىنىدىن ئايرىلىپ قالغان. ئىنسانلار ھەق دىننى ئونتۇپ، كۇپرىلىققا يۈز تۇتقان ھەر بىر دەۋردە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ھەق دىنغا قايتۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ، پەيغەمبەرلەر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىنسانلار يەنە قايتىدىن بۇرۇنقى كۇپۇرلۇقلىرىغا قايتىپ تۇرغان. ئاخىرىدا، ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى ئىسلام دىنىنى تا قىيامەتكىچە ئۆزگەرمەس، ۋە بۇزۇلماس، مەڭگۈلۈك دىن قىلىپ

---

(1) دوكتور يۇسۇف ئەل قەرداۋىينىڭ «العبادة في الإسلام» (ئىسلامدا ئىبادەت)ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

بەلگىلەپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بۇ ئاخىرقى دىنغا، ئاخىرقى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش ئارقىلىق ئىنسانىيەتنى مەخلۇقلارغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت زالالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل ئازات قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىدىغان ھەقىقەت نۇرىغا چىقىرىشنى تەقەززا قىلغان بولۇپ، شۇندىن بېرى ئىسلام دىنى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئىلاھىي بىر مەشئەل بولۇپ چاقناپ كەلمەكتە. بۇ مەشئەل تاقىيامەتكىچە مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىدۇر.

## ئىنسان ئىبادەت قىلىشقا مۇھتاج

مۇشۇ مەنىۋى جەۋھەرنى غەپلەت ۋە مەغرۇرلۇق قاپلىۋالغان چاغدا، ئىنساننىڭ قەلبىنى شەك ۋە كۇپرىلىقنىڭ پەردىلىرى يۆرگىۋالىدۇ. ئەمما ئىنسان دەھشەتلىك بالالار ۋە ئەڭ قىيىن لەھزىلەرگە دۇچ كېلىپ، سەۋەبلەر كارغا كەلمىگەندە، بۇ پەردە ئۆزلىكىدىن تېزلا ئېچىلىپ، ئىنسان يەنە ئەسلىدىكى تەبىئىتىگە قايتىدۇ ۋە پەرۋەردىگارىغا يۈزلىنىپ، ئۇنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشىشقا ۋە يالۋۇرۇشقا باشلايدۇ. مانا بۇ ئىنسان تەبىئىتىگە خاس خاراكتېردۇر. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:﴿ وَإِذَا مَسَّ الْإِنْسَانَ ضُرٌّ دَعَا رَبَّهُ مُنِيبًا إِلَيْهِ ثُمَّ إِذَا خَوَّلَهُ نِعْمَةً مِنْهُ نَسِيَ مَا كَانَ يَدْعُو إِلَيْهِ مِنْ قَبْلُ﴾يەنى ﴿ئىنسانغا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتسە رەببىگە يۈزلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا يالۋۇرىدۇ. ئاندىن ئاللاھ ئۆز تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نېمەت ئاتا قىلغان چاغدا، ئىلگىرىكى يالۋۇرغانلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ﴾[1]

(1) زۇمەر سۈرىسى 8 ـ ئايەت.

دېمەك: ئىنسانىدىكى ئاللاھ تائالاغا بولغان ئېھتىياج تۇيغۇسىنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن مەنىۋى ئۇچرىشىشتىن باشقا ھېچقانداق نەرسە تولدۇرالمايدۇ. ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ۋە ئۇنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشىشنىڭ بىرلا ۋاستىسى ئىبادەتتۇر»[1].

## ئىبادەت روھنىڭ غىزاسىدۇر

ئىنسان دېمەك ـ بىز تاشقىرىدىن كۆرىۋاتقاندەك — يەيدىغان، ئىچىدىغان، سۆزلەيدىغان ۋە ھەرىكەت قىلىدىغان ماددىي جىسىملا ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى شۇنداق قىممەتلىك بىر جەۋھەر بولۇپ، ئىنسان بۇ جەۋھەرنىڭ يۈزىسىدىن كائىناتتىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى ۋە ئۇلارنىڭ خوجايىنى بولۇشقا لايىق بولغان. بۇ جەۋھەر بولسىمۇ، ئىنساندىكى روھتۇر. ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق بۇ روھنىڭ مەنىۋى غىزاسى تولۇقلىنىدۇ.

دۇنيا ھاياتى ئۆتكۈنچە ھايات بولۇپ، دۇنياغا كەلگەن ھەر بىر ئىنسان مەلۇم بىر ۋاقىتتىن كېيىن بۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ ئاخىرەت ھاياتىغا قەدەم باسىدۇ. ئاللاھ ئىنسانلارنى ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە يارىتىپ، ئۇنىڭغا تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەرنى ئاتا قىلىپ، بۇ دۇنيادىكى پۈتۈن مەۋجۇداتنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە سېلىپ بېرىپ، ئۇنى شۇنچە ھۆرمەتلىك قىلغاننىڭ بەدىلىگە ئىنسانلاردىن ئاللاھنى ئۇلۇغلاپ، پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

(1) دوكتۇر يۈسۈف ئەل قەرداۋىينىڭ« العبادة في الإسلام»(ئىسلامدا ئىبادەت) ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

**ئىبادەت قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدۇر**

ئـاللاھ تائالاغـا ئىبـادەت قىلىـش، ئـاللاھ تائالانىـڭ ئىنسـانلار ئۈستىدىكى ھەققىدۇر. چۈنكى ئـاللاھ تائالانىـڭ ئىنسانلارغا ئاتـا قىلغـان نېمەتلىـرى ۋە ئېھسـانلىرى ھەقىـقەتەن سـان ـ ساناقسـىز ۋە ھساپسىزدۇر.﴿ وَإِنْ تَعُدُّوا نِعْمَةَ اللَّهِ لاَ تُحْصُوهَا﴾يەنى ﴿سـىلەر ئاللاھنىـڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر﴾[1]

بـۇ نـېمەتلەر ۋە ئېھسـانلار ھەر قانـداق ئەقلـى بـار ئىنسـاننى نـېمەت بەرگۈچىگە شـۈكۈر ئـادا قىلىشقا مەجبـۇر قىلىـدۇ. ئىنسـاننىڭ زاتىـدىكى ئـاللاھ تائالانىـڭ مۇنـۇ نېمەتلىرىنـى ئالساقمۇ، ئـۇلار ئەلـۋەتتە شـۈكۈرنى لازىم قىلىدۇ:

1 . ئىنسـاننى بـارچە مەخلۇقـاتلاردىن ئالاھىـدە گـۈزەل ۋە چىرايلىـق قىلىپ ياراتقانلىق نېمىتى.

2 . ئىنسـان ئەزالىرىنى ئەيىـب ـ نۇقسـانلاردىن سـالامەت قىلىـپ ياراتقان نېمىتى.

3 . ئىنسان ئەزالىرىنى قوللىنىشقا يۇمشـاق ۋە ھەر ئىشـقا يـارامىلىق قىلىپ ياراتقانلىق نېمىتى.

4 . ئەقىل بەرگەنلىك نېمىتى.

5 . كۆرىدىغان قىلغانلىق نېمىتى.

6 . سۆزلەيدىغان قىلغانلىق نېمىتى.

7 . ئاڭلايدىغان قىلغانلىق نېمىتى.

---

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 34 ـ ئايەت.

8 . لەززەتلەرنى تېتىيالايدىغان قىلغانلىق نېمىتى.

9 .خۇشبۇيلارنى پۇرىيالايدىغان قىلغانلىق نېمىتى.

10. تەپەككۇر قىلىپ ئويلىيالايدىغان قىلغانلىق نېمىتى.

11 . بارچە مەخلۇقاتلارنى خىزمەتلىرىگە سالالايدىغان خوجايىنلىقنى بەرگەنلىك نېمىتى.

12 . كۆندىلىك تازا يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ئاتا قىلىپ، ئوزۇقلاندۇرغانلىق نېمىتى.

13 . ئىنساننى كائىناتتىكىلەردىن ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ھۆرمەتلىك قىلغانلىق نېمىتى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقىمۇ ئىنسانغا بېرىلگەن سانسىز نېمەتلەر ۋە ئالاھىدە ئىمتىيازلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئادا قىلىشنى لازىم قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟!

ئىنساننىڭ ئەقلى ۋە خاراكتېرى ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇشنى، نېمەت بەرگۈچىنى ئۇلۇغلاش ۋە ھۆرمەتلەشنى ئىنسانىي بۇرچ دەپ بىلىدۇ.

شۇنچىلىك سانسىز ۋە ھېساپسىز نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان ئىگىسى — ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئادا قىلىشنى ئۆزى ئۈچۈن مۇقەددەس بۇرچ دەپ بىلمىگەن ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلمىگەن ئىنساننى قانداقمۇ ئىنسان دېگىلى بولسۇن؟!

ئاللاھ ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى نېمەتلىرىنىڭ بەدىلىگە ئىنسانلاردىن پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشلىرىنى سورايدۇ. ئاللاھ

ئىنسانلارنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ يَا أَيُّهَا النَّاسُ اعْبُدُوا رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُمْ وَالَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾يەنى ﴿ئى ئىنسانلار! (ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلارنى ياراتقان رەببىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار﴾[1]

(1)بەقەر سۈرىسى 21 ـ ئايەت.

# ئىسلام ۋە ئەخلاق

ئىسلام نەزىرىدە، ئەخلاق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، گۈزەل ئەخلاق، يەنە بىرى، ناچار ئەخلاق بولۇپ، ئىسلام دىنى كىشىلەرنى بارچە گۈزەل ئەخلاقلارغا بۇيرۇپ، ئۇلارنى بارلىق ناچار ئەخلاقلاردىن توسىدۇ ۋە ئۇلارنى ئەخلاق- پەزىلەتتە مۇكەممەللىككە چاقىرىدۇ.

## گۈزەل ئەخلاق

گۈزەل ئەخلاق ـ ئۆزىمىزگە، ئەتراپىمىزدىكىلەرگە، جەمئىيەتكە ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان، دىنىمىزنىڭ پىرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كەلگەن ۋە دىنىمىزدا بۇيرۇلغان ئەخلاقلاردۇر. بۇ ئىسلامي گۈزەل ئەخلاقمۇ دېيىلىدۇ.

گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىگە كىرىدىغان ياخشى ئىشلار ۋە ئادەتلەر ئىنتايىن كۆپ، ئۇلارنىڭ قىسقىچە بايانى مۇنداق: گۈزەل ئەخلاق ــ ھەر ئىشتا توغرا، ئادالەتلىك، راستچىل بولۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتكە ئىشەنچلىك، سۆيگۈ ـ ۋاپالىق، ئىمان ـ ئېتىقادلىق بولۇش، ئائىلىسىدىكىلەرگە مېھرىبان، ئاتا ــ ئانىغا ۋاپادار، ئۇرۇق ــ تۇغقانلارغا كۆيۈمچان، قوشنىلارغا ئەپۇچان، ھايۋانلارغا رەھىمدىل بولۇش، مەيلى دۇنيالىق بولسۇن، مەيلى ئاخىرەتلىك بولسۇن ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلىش ۋە ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلاش، خاتالىقنى دادىل ئېتىراپ قىلىش، ئەدەبى جاسارەتلىك، سېخى، مەرد، پاكىز، مەدەنىيەتلىك، كۆكسى كەڭ بولۇش، ھەر ئىشتا ھەقىقەتنى كۆزلەش، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىگە يۆلىنىش،

ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق بولۇش، نومۇسنى ساقلاشنى بىلىش، ۋەتەنگە، خەلققە ۋە پۈتۈن ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك بولۇش ۋە باشقىلار.

## ناچار ئەخلاق

ناچار ئەخلاق - ئۆزىمىزگە، ئەتراپىمىزدىكىلەرگە، جەمئىيىتىمىزگە ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە زىيانلىق بولغان، دىنىمىزنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كەلمىگەن ۋە دىنىمىزدا توسۇلغان قىلىقلاردۇر.

ناچار ئەخلاقلارنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ، ئۇلارنىڭ قىسقىچە بايانى مۇنداق: ناچار ئەخلاق ـ يالغان ئېيتىش، ئالدامچىلىق قىلىش، ھارام يېيىش، ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىش، ئائىلىسىدىكىلەرنى رەنجىتىش، قوشنىلارنى ئازارلاش، خىزمەتداشلىرىغا چوڭچىلىق قىلىش، باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىش، تۆھمەت قىلىش، كۆرەلمەسلىك، قورقۇنچاقلىق، سۆزىدە تۇرماسلىق، ھايۋانلارنى قىيناش، ھورۇنلۇق، تەمەگەرلىك، پۇرسەتپەرەسلىك، پىتنىخورلۇق، غەيۋەتخورلۇق ۋە باشقىلاردۇر.

## ئىسلامدا گۈزەل ئەخلاقنىڭ قىممىتى

گۈزەل ئەخلاق ئىسلام دىنىنىڭ جېنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ غايىسىدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقىقەتنى تەكىتلەپ : « مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم»(1) دېگەن.

ئىسلام نەزىرىدە، گۈزەل ئەخلاق ئىماننىڭ قولدىشىدۇر ۋە ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ قىممەتلىكىدۇر. شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشقا قاتتىق تەشەببۇس قىلغان. «ئىنسانلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئىشلارنىڭ ئەڭ كۆپى تەقۋالىق بىلەن ياخشى ئەخلاقتۇر»[1]، «مەن ئەخلاقى گۈزەل بولغانلارنىڭ جەننەتتىكى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك قەسىرگە كىرىشىگە كاپالەت قىلالايمەن»[2] دېگەن ھەدىسلەر بۇنىڭ مىسالى.

## گۈزەل ئەخلاق ئۈلگىسى

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بارلىق ياخشى ئىشلاردا، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولغىنىدەك، گۈزەل ئەخلاق، پەزىلەت، ئالىيجانابلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى ھەر ئىشتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىشقا بۇيرۇپ: ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ﴾يەنى ﴿سىلەرگە ــ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللاھ ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر﴾[3] دېگەن.

مەلۇمكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەر يۈزىدە ئىنسان ئېھتىياجلىق بولغان پۈتۈن ئىشلاردا، ئۈلگە قىلىپ ئەگىشىشكە ئەرزىيدىغان بىرلا شەخستۇر!

(1) ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
(2) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
(3) ئەھزاب سۈرىسى 21- ئايەت.

## ئىسلامدا ئەخلاق چۈشەنچىسى

ئىسلام دىنىنىڭ بۇيرىغان ۋە توسقانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك قىلىشنى ۋە ئىنسانلارنى ئەڭ ئېسىل ئەخلاقلارغا ئېرىشتۈرۈشنى مەقسەت ۋە غايە قىلغان. ئىنسانلار دىنىمىزدا بۇيرۇلغانلارنىڭ ھەممىسىگە تولۇق ئەمەل قىلىدىغان بولسا ئەلۋەتتە ئۇلار ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ ئېسىل ئەخلاقلارغا ئىگە بولغان بولىدۇ. چۈنكى دىنىمىزنىڭ بۇيرۇغانلىرى ۋە توسقانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنى ئۆزلىرىگە، ئائىلىسىدىكىلەرگە، ئەتراپىدىكىلەرگە، جەمئىيەتكە، مۇھىتقا ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە زىيانلىق بولغان بارلىق ناچار ئەخلاق ۋە يامان خۇيلاردىن يىراقلاشتۇرۇپ پايدىلىق ئىشلارغا يۈزلەندۈرىدۇ.

ئادەم تەربىيە ئارقىلىقلا ھەقىقىي ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ. ئەۋلادلارغا ئېلىپ بېرىلغان ئەخلاق تەربىيىسى قەيەردە ياخشى ئېلىپ بېرىلسا، شۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئىدىيىۋى ساپاسى، مەدەنىيەت ساپاسى، ئەخلاق ساپاسى، تەن ساپاسى ياخشى بولىدۇ. ئەخلاقىي تەربىيە ئارقىلىق ئەۋلادلارغا قانداق ئادەم بولۇش، قانداق غايە تۇرغۇزۇش، دەۋرگە ماس قەدەمدە قانداق ئىلگىرىلەش، قانداق قىممەت يارىتىش، نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىق، نېمىنى سۆيۈش، نېمىلەردىن نەپرەتلىنىش توغرىسىدا تەلىم بېرىلىدۇ.

# ئىسلام ۋە تازىلىق

تازىلىق ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئېلىپ كەلگەن ئەڭ ئېسىل سوۋغىلىرىدىن بىرىدۇر. مۇسۇلمان ئادەم ھەر ۋاقىت تازىلىققا، پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۇنىڭ كىيىمى، بەدىنى ھەمىشە پاكىز، خۇشپۇراق بولىدۇ. پاكىزلىق ئەڭ ئاۋۋال ئىسلام مەدەنىيىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

مۇسۇلمانلار 6 ـ ئەسىردىن بىرى، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ باشچىلىقىدا، ھەر ۋاقىت تازىلىق قىلىپ، پاكىز، ئېسىل، خۇشپۇراق يۇرۇشنىڭ نەقەدەر مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىپ ۋە ئەمەل قىلىپ كەلگەن. ئىسلام دىنىنىڭ تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىپ مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭغا بۇيرۇشىدا، ئۇلارنىڭ تەن ساقلىقى، روھى، دىنى ئۇچۇن پايدىلىق بولغان كۆپلىگەن ئالىي ھېكمەتلەر باردۇر.

مۇسۇلمان ئادەم خۇددى قەلبىنى كۆرەلمەسلىك، ئىچى تارلىق، دۈشمەنلىك، ئاداۋەت، شەخسىيەتچىلىك، ئاچكۆزلۈك قاتارلىق رەزىل ئىللەتلەردىن ھەر زامان پاكىز تۇتۇشقا بۇيرۇلغاندەك، بەدىنىنى، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى، ئۆي ۋە ھويلا ـ ئاراملىرىنى، ئىش ئورنىنى ۋە مۇھىتىنىمۇ ھەر زامان شۇنداق پاكىز تۇتۇشقا بۇيرۇلغان. ئادەمنىڭ ئىچى ۋە تېشى ھەمىشە شۇنداق پاكىز بولغاندىلا مۇسۇلمانلىققا يارىغىلى بولىدۇ.

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

تازىلىق بىلەن شەيئىلەردىكى گۈزەللىكلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ كۆزلەرنى قاماشتۇرغاندەك، تازىلىق بىلەن ئىنساننىڭ گۈزەللىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ۋە پارلايدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئىنسان بەدىنى ھەمىشە تازىلىققا موھتاجدۇر. خۇددى بوران-چاپقۇنلارنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۈستىنى چاڭ-توزانلار قاپلىۋالغانلىقتىن گۈزەللىكىنى ئىزھار قىلالمىغان گۈل-چېچەكلەر ۋە ياپراقلار يامغۇردىن كېيىن كۆزلەرنى چاقناتقاندەك، ئىنسان بەدىنىمۇ تازىلىقتىن كېيىن مۇكەممەللىشىدۇ ۋە جايىنامازغا كېلىپ ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا يۈزلىنىشكە سالاھىيەتلىك بولىدۇ.

«ئىسلامدا بۇيرۇلغان تاھارەت مەلۇم ئەزالارغا سۇنى ئېقىتىش بىلەنلا ئادا تاپمايدۇ. بەلكى ئۇۋۇلاپ، پاكىز يۇيۇش بىلەنلا ئادا تاپىدۇ. بەدەننى يۇيۇش توغرىسىدا كەلگەن ئەمرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇۋۇلاپ، پاكىز يۇيۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. تاھارەت ۋە پاكىزلىق ئىسلام دىنىنىڭ شوئارلىرىدىن بىرىدۇر. ئەڭ توغرىسى، تاھارەت ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسان جىسمىنى قەدىرلەشتىكى پەلسەپىسىنىڭ رەمزى ۋە نامايەندىسىدۇر. چۈنكى دۇنيادا شۇنداق خۇراپى ئەقىدىلەر باركى، روھىي جەھەتتىن يۈكسىلىشنىڭ يولى ئىنسان جىسمىنى خورلاش ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەسلىكمىش.»(1)

تاھارەت بىلەن غۇسلى ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەللىكلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئىككىسى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئىپادىلىرىدىن بىرىدۇر. ناماز قاتارلىق ئىبادەتلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن

---

(1) ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد غەززالىينىڭ«مائة سؤال عن الإسلام»(ئىسلام ھەققىدە 100 سوئالغا جاۋاب)ناملىق ئەسىرى65-بەت.

تاھارەتنىڭ شەرت قىلىنغانلىقى ئىسلام دىنىنىڭ تازىلىققا ۋە پاكىزلىققا نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

ئىمام مۇسلىم ئۆمەر ئىبنى ئەبسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن تاھارەت توغرىسىدا مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۆمەر ئىبنى ئەبسە مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تاھارەت ھەققىدە سورىۋىدىم، ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: «سەن تاھارەت ئالغىنىڭدا، ئىككى قولۇڭنى پاكىز يۇغىن، ئاندىن يۈزۈڭنى يۇغىن، ئاندىن ئىككى قولۇڭنى جەينەكلىرى بىلەن قوشۇپ يۇغىن، ئاندىن بېشىڭغا مەسھى قىلغىن، ئاندىن ئىككى پۇتۇڭنى ئوشۇقلىرى بىلەن قوشۇپ يۇغىن. سۇنداق قىلساڭ سەن ئاناڭدىن تۇغۇلغان ۋاقتىڭغا ئوخشاش گۇناھتىن پاك بولىسەن.» ئەبۇ ئۇمامە ئۆمەر ئىبنى ئەبسەدىن بۇ ھەدىسنى تەكىتلەپ: «ئى ئۆمەر! دەۋاتقىنىڭنى ئويلاپ باق، بىر تاھارەت ئۈچۈن شۇنچىلىك مۇكاپات بارمۇ؟»دېگەندە، ئۆمەر ئىبنى ئەبسە جاۋاب بېرىپ: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ياشىنىپ قالدىم، ئەجىلىم يېقىنلىسىپ قالدى، رەسۇلۇللاھنىڭ نامىدىن يالغان ئېيتىشقا نېمە ھاجىتىم بولسۇن مېنىڭ، بۇ ھەدىسنى رەسۇلۇللاھتىن بۇ ئىككى قۇلىقىم ئاڭلىدى ۋە قەلبىم ساقلىدى»دېگەن.

ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد غازالى بۇ ھەدىس توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «ئەمەلىيەتتە مەزكۇر مۇكاپات بىر تاھارەت ئۈچۈنلا بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى تاھارەت ناماز ئۈچۈن ۋەسىلىدۇر. نەتىجىدە، تاھارەت بىلەن ناماز ئىككىسى ئىماننىڭ نامايەندىسى، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنىڭ يولى ۋە مۇسۇلمانلىقنىڭ تەلىپىدۇر. ھەدىستە ۋەدە قىلىنغان مۇكاپات مۇشۇ بىر يۈرۈش ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى

ئۇچۇن بولسا كېرەك. كۆپلىگەن ھەدىسلەر بۇ دېگەنلىرىمىزنى كۈچلەندۈرىدۇ.»[1]

(1) ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد غەززالىينىڭ«مائة سؤال عن الإسلام»(ئىسلام ھەققىدە 100 سوئالغا جاۋاب)ناملىق ئەسىرى66ـبەت.

# ئىسلام ۋە ھالال - ھارام

ھالال-ھارام مەسىلىسى ئەڭ قەدىمىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، كائىناتنىڭ بارلىق ئىشلىرى ۋە ھاياتنىڭ مىزانىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلىدۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانىنى يەر يۈزىدە ئۆزىدىن ئورۇنباسارلىق ۋەزىپىسىنى جارىي قىلدۇرۇشى ئۈچۈن ياراتقان بولۇپ، ئۇنىڭغا يېمەك - ئىچمەك، نەسلىنى داۋام قىلدۇرۇش ئامىللىرى، بەختلىك ھايات كەچۈرۈشنىڭ چارىلىرى قاتارلىق ياشاشنىڭ پۈتۈن ۋاستىلىرىنى تولۇقلاپ بېرىش بىلەن بىرگە ياشاشنىڭ قانۇن - پرىنسىپلىرىنى بەلگىلىگەن. چۈنكى ھەر قانداق بىر ئۇستا ئۆزى ياسىغان نەرسىسىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئۇبدان بىلگىنىگە ئوخشاش، ياراتقۇچى ئاللاھ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنىڭ خاراكتېرىنى ۋە ئۇلار ئۈچۈن نېمىنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ بەھۇزۇر ھايات كەچۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بىر قىسىم قانۇن - پرىنسىپلارنى بەلگىلىگەن. بۇ قانۇن - پرىنسىپلار «قىل» ۋە «قىلما» ياكى بىزنىڭ تەبىرىمىز بويىچە «ھالال» ۋە «ھارام» دېگەن ئىككى سۆزگە مەركەزلەشكەن.

ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى ئىنسان ئۇرۇغىنى يەر يۈزىگە تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا ۋە بەخت - سائادىتىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان مەزكۇر قانۇن - پرىنسىپلارنى بەلگىلەشنى تەقەززا قىلغان بولۇپ، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايالى ھەۋۋانى جەننەتتىن يەر يۈزىگە چۈشۈرۈشتىن ئاۋۋال بۇ ئىككىسىنى ھالال - ھارام بىلەن سىنىغان. بۇ سىناق ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا «ھالال - ھارام» نى ئۆگىتىشتىكى تۇنجى مەشىق ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇ ئىككىسىگە جەننەتتە ھەممە نەرسىنى

ھالال قىلىپ بېرىپ، پەقەت بىر تال دەرەخنىڭ مېۋىسىنىلا ھارام قىلغان. ئۇنداقتا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا نېمە ئۈچۈن بۇ بىر تال دەرەخنىڭ مېۋىسىنى ھارام قىلغان؟ دېمىزكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ھالال ـ ھارامنىڭ پەلسەپىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھارام قىلغان. دېمەك، ھالال ـ ھارام مەسىلىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايالى ھەۋۋا ئىككىسى جەننەتتىكى ۋاقتىدىلا باشلانغان.

## ھالال ھارامدىن كۆپتۇر

شۇنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ئاللاھ تائالا كۆپ نەرسىلەرنى ھالال قىلغان ۋە ئىنتايىن ئاز نەرسىلەرنىلا ھارام قىلغان. شۇڭا ئاللاھ تائالا ھالالنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇلارنى سانىمىغان. ئەمما ھارامنى سانىغان. چۈنكى شەيئىلەر ئەسلىدە ھالال بولۇپ، ئۇلاردىن پەقەت ئاز قىسمىلا ئىنسانلارغا زىيانلىق بولغانلىقى ۋە مۇنددىن باشقا ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدىغان سەۋەبلەر تۈپەيلى ھارام قىلىنغان، شۇڭا ھالالنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئەمما ھارام ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ساناش مۇمكىن. ئىنسانلار يەن ـ تېخنىكىدا ئىلگىرىلەپ، يۇقىرى تېپتىكى ھېسابلاش ماشىنىلىرى ۋە ستاتىستىكا قوراللىرى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلار قۇملارنىڭ ياكى دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ سانىنى ئېلىشتىن ئاجىز كەلگەندەك، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنىمۇ ساناپ بولۇشتىن ئاجىز كېلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ساناش ۋە ھېسابلاشقا ئىنسان تاقىتى يەتمەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن:﴿ وَإِنْ تَعُدُّوا نِعْمَةَ اللَّهِ لاَ تُحْصُوهَا﴾يەنى ﴿سىلەر ئاللاھنىڭ

نىمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر)[1]

ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان نەرسىلەردىن بەزىسى تۆۋەندىكى ئايەتلەردە ئىپادىلەنگەن:﴿ قُلْ تَعَالَوْا أَتْلُ مَا حَرَّمَ رَبُّكُمْ عَلَيْكُمْ أَلَّا تُشْرِكُوا بِهِ شَيْئًا وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا وَلَا تَقْتُلُوا أَوْلَادَكُمْ مِنْ إِمْلَاقٍ نَحْنُ نَرْزُقُكُمْ وَإِيَّاهُمْ وَلَا تَقْرَبُوا الْفَوَاحِشَ مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَمَا بَطَنَ وَلَا تَقْتُلُوا النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللَّهُ إِلَّا بِالْحَقِّ ذَلِكُمْ وَصَّاكُمْ بِهِ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ. وَلَا تَقْرَبُوا مَالَ الْيَتِيمِ إِلَّا بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ حَتَّى يَبْلُغَ أَشُدَّهُ وَأَوْفُوا الْكَيْلَ وَالْمِيزَانَ بِالْقِسْطِ لَا نُكَلِّفُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا وَإِذَا قُلْتُمْ فَاعْدِلُوا وَلَوْ كَانَ ذَا قُرْبَى وَبِعَهْدِ اللَّهِ أَوْفُوا ذَلِكُمْ وَصَّاكُمْ بِهِ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ. وَأَنَّ هَذَا صِرَاطِي مُسْتَقِيمًا فَاتَّبِعُوهُ وَلَا تَتَّبِعُوا السُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمْ عَنْ سَبِيلِهِ ذَلِكُمْ وَصَّاكُمْ بِهِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾يەنى ﴿ئۇلارغا ئېيتقىنكى «كېلىڭلار، ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي: سىلەر ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز ئۇلارغا ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارغا يېقىن كەلمەڭلار، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ (ناھەق) ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار، ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ. يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار، ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا قىلىڭلار، ھېچقانداق ئادەمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايمىز. سۆز قىلغان (ھۆكۈم چىقارغان ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن) چېغىڭلاردا، تۇغقىنىڭلار بولغان

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 34ـ ئايەت.

تەقـدىردىمۇ، ئادالەتلىـك بولـۇڭلار، ئاللاھقـا بېـرىلگەن ئەھـدىگە ۋاپـا قىلىڭـلار، ئىبـرەت ئېلىشـىڭلار ئۈچـۈن، ئـالله سـىلەرگە بـۇ ئىشـلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ». بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، نـا تـوغرا يـوللاردا ماڭمـاڭلار، ئـۇلار سـىلەرنى ئاللاھنىـڭ يولىـدىن ئايرىۋېتىـدۇ، دوزاختىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئالله سىلەرگە بـۇ ئىشلارنى تەۋسـىيە قىلىدۇ﴾[1]

يـۇقىرىقى ئـايەتلەر ئـالله تائـالا مۇسـا ئەلەيهىسسـالامغا چۈشـۈرگەن ئون ۋەسىيەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

## ھالال نەرسىلەردىمۇ ھارام تېپىلىدۇ

ھـالال نەرسـىلەردىمۇ بەزى ھـاراملار تېپىلىـدۇ. بـۇ زادى نـېمە دېگەنلىك؟ بۇ مۇنداق دېگەنلىك، بىر نەرسە ئـۆز زاتىـدا ھـالال بولسـىمۇ، ئـۇنى ئوغرىلىـق، پـارىخورلۇق، ئالـدامچىلىق قاتـارلىق چەكلەنـگەن يـوللار ئـارقىلىق تاپقـان كىشـى ئۈچـۈن ئـۇ نەرسە ھارامـدۇر. مەسـىلەن: ئـالله تائـالا ياراتقـان لەززەتلىـك مېـۋىلەر ھالالـدۇر. ئـۇنى چەكلەنـگەن يـوللار ئـارقىلىق تاپقـان كىشـى ۋە ئۇنىـڭ ئائىلىسـى ئۈچـۈن ئـۇ مېـۋىلەر ھـارام بولغانغـا ئوخشـاش. شـۇنىڭدەك، ئـۆزى ھـالال بولسـىمۇ ھـاجەتتىن تاشـقىرى سـەرپ قىلىـش بىـلەن ئـۇ نەرسـە ھـارام بولـۇپ كېتىـدۇ. مەسـىلەن: تـوق قورسـاققا زورلاپ يېـيىش ئـارقىلىق ئۆزىنىـڭ تەن ساقلىقىغا زىيـان يەتكـۈزگەنگە ئوخشاش. شەكسىزكى، مۇنـداق قىلىـش قوش ھارامنى سادىر قىلغانلىقتۇر. چـۈنكى تـوق قورسـاققا زورلاپ يېـيىش ئـارقىلىق تائـامنى ئىسـراپ قىلىـش بىـر ھـارام، ئانـدىن ئۆزىنىـڭ مەيدىسىنى بۇزۇپ تەن ساقلىقىغا زىيان يەتكۈزۈش يەنە بىر ھارامدۇر.

---

[1] ئەنئام سۈرىسى 151ـ 153ـ ئايەتلەر.

## هالال ـ هارام ئىنساننىڭ تاقىتىگە يارىشا بەلگىلەنگەن

هالال قىلىش ياكى هارام قىلىش پەقەت ئاللاھ تائالانىڭلا هەققىدۇر. ئاللاھ تائالا هالال بىلەن هارامنى بەلگىلەشتە بىلىپ بەلگىلىگەن. خۇددى تېلېۋىزىيە، كىر ئالغۇ، ئۈن ئالغۇ ۋە سىن ئالغۇ قاتارلىق جىهازلارنى ياساپ چىققانلار بۇ جىهازلارنى قانداق يوسۇندا ئىشلىتىش ۋە بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى قانداق ئېلىش دېگەندەك تەلىماتلىرى يېزىلغان بىرەردىن كىتابچىنى بۇ جىهازلارنى ئالغۇچىلارغا قوشۇپ بەرگىنىگە ئوخشاش، ئاللاھ تائالامۇ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنى ۋە ئۇلارغا نېمىلەرنىڭ پايدىلىق، نېمىلەرنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلار قانداق قىلغاندا هاياتنى بەختەر ئۆتكۈزۈپ بەختلىك بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا ساماۋىي كىتابلارنى چۈشۈرۈپ، «هالال-هارام» نامى ئاستىدا تەلىماتلىرىنى ئۆگەتكەن. ئاللاھ تائالانىڭ هېكمىتى هالال ـ هارام توغرۇلۇق قانۇن ـ پىرىنسىپلارنى بەلگىلەشتە ئىنساننىڭ سەۋر ـ تاقەتتىكى قۇدرىتىگە رىئايە قىلىشنى تەقەززا قىلغان. شۇڭا ئىنسانلار نەپەس ئالىدىغان هاۋادا هالال ـ هارام بەلگىلىمىگەن. چۈنكى ئىنسان هاۋاسىز ياشىيالمايدۇ. ئەمما يېمەك ـ ئىچمەكلەردە هالال ـ هارامنى بەلگىلىگەن. چۈنكى ئىنسان هارام يېمەستىنمۇ هاياتنى داۋام قىلدۇرالايدۇ. ئاللاھ تائالا هالال بىلەن هارامنى بەلگىلىگەندە، بىزگە ـ بىزنىڭ جىسمىمىزغا، هاياتىمىزغا، تەن ساقلىقىمىزغا ـ نېمىلەرنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىلەرنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. شۇڭا بىز ئۈچۈن پايدىلىق بولغانلىرىنى هالال پېتى بويىچە بەلگىلىگەن. ئەمما بىز ئۈچۈن ـ جىسمىمىز، ئەقلىمىز، تەن ساقلىقىمىز ۋە هاياتىمىز ئۈچۈن ـ زىيانلىق بولغانلىرىنى هارام قىلىۋەتكەن. بۇ خۇددى نېفىت ئايرىش

زاۋۇتىدىكىلەرنىڭ بىنزىننى تۇرلەرگە ئايرىغىنىغا ئوخشايدۇ. ئاپتوموبىل ئۈچۈن مەخسۇس قىلىنغان بېنزىننى ئايروپىلانغا قاچىلىغاندا، ئايروپىلان ۋەزىپىسىنى ئۆتىيەلمەيدۇ. ئۇچقان تەقدىردىمۇ چۈشۈپ كېتىدۇ. ئادەم ئۆلىدۇ..... خۇددى شۇنىڭدەك، سىزگە مەخسۇس قىلىنغان ھالال تائامنى يېمەستىن، ھارام تائامنى يېسىڭىز جىسمىڭىزغا زىيان يەتكۈزىدۇ. دە، زەھەرلىنىپ ئۆلىسىز، ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ، كېسەل بولىسىز. شۇنىڭ بىلەن ھاياتتىكى ۋەزىپىڭىزنى ئۆتەشتىن ئاجىز قالىسىز. ھارام دېگەن ئەنە شۇنداق زىيانلىق نەرسە.

## ھالال بىلەن ھارام ئېنىق

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھالالمۇ ئېنىق، ھاراممۇ ئېنىقتۇر، لېكىن بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۈبھىلىك نەرسىلەرمۇ بار»[(1)].

بۇ ھەدىس ھالال ـ ھارام مەسىلىسىدە چوڭقۇر مەنىنى ئىپادىلىمەكتە. بۇ ھەدىس قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان ھالال ـ ھارامنى ئىپادىلىگەندەك، ئىنسانلار ئەقلىي كۈچى بىلەن بىلەلەيدىغان ھالال ـ ھارامنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئىنسانلار يارىتىلىشتىكى ئەسلى تەبىئىتىدە توغرۇلۇقنى، دۇرۇسلىقنى ۋە ھەققانىيلىقنى سۆيىدۇ. شۇڭا گۇناھ قىلغان، دۇرۇس ئىش قىلمىغان ئادەم باشقىلاردىن خىجىل بولۇپ، گۇناھلىرىنى، خاتالىقلىرىنى ۋە ھەقسىزلىقلىرىنى كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇشقا تىرىشىدۇ ۋە ئۆز-ئۆزىدىمۇ ئىچكى توقۇنۇشلار بىلەن بىئاراملىقتا ياشايدۇ.

شۇڭا ئىنسانلار بىراۋنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى بىئاراملىقىغا ۋە

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئەتراپىدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە بىر قاراش بىلەنلا ئۇنىڭ قايسى هالدا ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. مەسىلەن: باشقا بىرىنىڭ ئايالى بىلەن هارام مۇھەببەتنىڭ ھېكايىسىنى ياشاۋاتقان بىرى، ئۇنىڭ بىلەن ھەر قېتىم ئۇچراشقىنىدا، خۇدۇكسىرەپ ئالدى ـ كەينىگە مىڭ قېتىم قارىسا، ئۆزىنىڭ ئايالى بىلەن كېتىپ بارغان كىشى ھېچ نەرسىدىن خۇدۇكسىرىمىگەنگە، ئوغرى يانچۇقىدىن پۇل چىقارماقچى بولغاندا، ھەر تەرەپكە سىنچىلاپ قارىۋېتىپ چىقارسا، ھالالدىن پۇل تاپقان ئادەم ئۆزىنىڭ پۇلىنى راھەتلىك بىلەن چىقارغىنىغا، بىراۋنىڭ ئىمزاسىنى ئوغرىلاپ يولسىزلىق قىلماقچى بولغان ئادەم قورقۇنچتىن قوللىرى تىترىگەن ھالدا قەلەم تەۋرەتسە، ئۆزىنىڭ ئىمزاسىنى قىلغان ئادەم راھەتلىك بىلەن ئىمزا قىلغىنىغا ئوخشاش. بۇ مىساللار ھالال بىلەن ھارامنىڭ ئىنسانلار نەزىرىدىمۇ ئېنىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىمىز ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

توغرا ئىش قىلغان ئادەمنىڭ ۋىجدانى راھەت، ئۆزى خاتىرجەم، يامان ئىش قىلغان ئادەم ئۆزى بىئاراملىق ۋە خۇدۇك ئىچىدە بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ تەبىئىيكى، بۇ ئىنسانىنىڭ ئەسلى تەبىئىتىدىكى ئىمانىنىڭ تەقەززاسىدۇر! چۈنكى ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسى ھالال بىلەن ئۆزلىكىدىن ماسلىشىپ كېتىدۇ. ئەمما ھارام بىلەن ماسلىشالمايدۇ، ئىچكى توقۇنۇش پەيدا قىلىدۇ. ئىنسان تەبىئىتى ھالال بىلەن ئارام تاپىدۇ، ھارام بىلەن ئىزتىراپ چېكىدۇ. مانا بۇ، ئىنسان تەبىئىتىدە ئورۇن ئالغان تەبىئىي ئىمانىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. ئىنسان ئەگەر يارىتىلىشتىكى ساپ تەبىئىتى بويىچە ياشايدىغان بولسا، ئۇ چوقۇم بەخت ـ سائادەت ۋە ھوزۇر ـ ھالاۋەت ئىچىدە ھايات كەچۈرىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىم: ﴿ فَأَقِمْ وَجْهَكَ

لِلدِّينِ حَنِيفًا فِطْرَةَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا ﴾يەنى﴿توغرا دىنغا ئەگەشكىنكى، ئاللاھ ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان﴾[1]دەيدۇ.

## ھالال بىلەن ھارام ئوتتۇرىسىدىكى نەرسىلەر

ئەمدى ھەدىستىكى «شۈبھىلىك ئىشلار»غا كەلسەك، ئىسراپچىلىق بىلەن پارىخورلۇق ئىنىق ھاراملاردىن بولۇپ، ئىسراپچىلىق ـ يېيىش، ئىچىش، كىيىنىش ۋە ھەر قانداق بىر ئىشتا نورمالدىن ئارتۇق قوللىنىپ ئاشۇرۇۋېتىش دېگەنلىكتۇر. پارىخورلۇق ـ مەنسەپنى سۇيىئىستېمال قىلىپ كىشىلەرنىڭ قولىدىكىلەرگە كۆز تىكىش دېگەنلىكتۇر. لېكىن بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان مەسىلىلەردە شۈبھىلىك ئىشلار بار. مەسىلەن: ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئىسراپچىلىققا ئېھتىمال بولغان دەرىجىدە ئاشۇرۇپ سەرپ قىلىش شۈبھىلىك ئىشلاردىن سانىلىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ياراتقان نېمەتلەر پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا يېتىدىغان دەرىجىدە تەڭپۇڭلۇق ئىچىدە يارىتىلغان بولۇپ، ئۇلارنى ئىسراپ يولى بىلەن بۇزۇپ ـ چېچىش باشقىلارنى بۇ نېمەتلەردىن مەھرۇم قىلغانلىق بولىدۇ. ئەگەر بايلىقلار ئادالەت بىلەن تەقسىم قىلىنىدىغان بولسا، يەر يۈزىدە ئاچارچىلىق دېگەن نەرسە مەۋجۇت بولمايدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى:﴿ إِنَّا كُلَّ شَيْءٍ خَلَقْنَاهُ بِقَدَرٍ ﴾ يەنى﴿بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق﴾[2]، ﴿ وَإِنْ مِنْ شَيْءٍ إِلَّا عِنْدَنَا خَزَائِنُهُ وَمَا نُنَزِّلُهُ إِلَّا بِقَدَرٍ مَعْلُومٍ ﴾ يەنى ﴿قانداقلا نەرسە بولمىسۇن، ئۇنىڭ خەزىنىسى بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىدۇر، بىز ئۇنى

(1) رۇم سۈرىسى 30 ــ ئايەت .
(2) قەمەر سۈرىسى 49ـ ئايەت.

پەقەت مەلۇم مىقداردىلا چۈشۈرىمىز﴾[1]، ﴿ وَلَوْ بَسَطَ اللَّهُ الرِّزْقَ لِعِبَادِهِ لَبَغَوْا فِي الْأَرْضِ وَلَكِنْ يُنَزِّلُ بِقَدَرٍ مَا يَشَاءُ إِنَّهُ بِعِبَادِهِ خَبِيرٌ بَصِيرٌ﴾ يەنى﴿ئەگەر ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلسا، ئۇلار ئەلۋەتتە زېمىندا پىتنە- پاسات تېرىيتتى. لېكىن ئاللاھ خالىغان نەرسىنى ئۆلچەم بىلەن چۈشۈرىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن بەندىلىرىنىڭ (ئەھۋالىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر، ۋە ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[2] دېگەن ئايەتلەر بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

يەنە بىر مىسال: چوڭ ئىشلارنى قويۇپ تۇرايلى، يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى ئاددىي بىر كادىر دېھقانلاردىن بىرەرسىنىڭ قانۇنلۇق ئىشىنى بېجىرىپ بەرگەندىن كېيىن، بۇ دېھقان بۇنىڭغا سۆيۈنۈپ، بىرەر سېۋەت مېۋە ياكى بىرەر تال قوغۇنغا چاغلىق بىر نەرسىنى ئۇ كادىرغا سوۋغات قىلسا، بۇ شۈبھىلىك ئىشلاردىن سانىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ھارام بولغان پارىخورلۇققا ئېھتىماللىقى كۈچلۈكتۇر. رىۋايەت قىلىنىشچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى لۇتبىيە ئىسىملىك بىر ساھابىنى سەلىم قەبىلىسىنىڭ زاكاتلىرىنى يىغىپ كېلىشكە بۇيرىغان بولۇپ، ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن زاكات ماللىرىنى تاپشۇرۇش ۋاقتىدا، «ماۋۇ زاكاتقا بەرگەنلىرى، ماۋۇ سوۋغات» دەپ چۈشەندۈرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاغا: «سەن ئۆيۈڭدە جىم ئولتۇرغان بولساڭمۇ ساڭا بۇ سوۋغات كېلەمتى؟» دەپ رەت قىلغان ۋە ئۇنىمۇ زاكات ماللىرى

---

(1) ھەجر سۈرىسى 21- ئايەت .

(2) شۇرا سۈرىسى 27- ئايەت .

بىلەن بىرگە بەيتۇلمال (دۆلەت خەزىنىسى) غا قوشۇۋەتكەن[1].

مۇسۇلمان ئادەم بۇ خىل شۈبھىلىك ئىشلاردىن ساقلانغاندىلا دىنىنى ساپ تۇتقان بولىدۇ ۋە ھالال ئىشلار دائىرىسىدە، پاكىز ھايات كەچۈرگەن بولىدۇ.

**ھالال بىلەن ھارامنىڭ دەرىجىلىرى بىر خىل ئەمەس**

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى گۇناھ ـ مەسىيەت ئىشلەش ياكى ياخشى ئىشلارنى قىلىش، ھارام ئىشلارنى قىلىش ياكى ھالال ئىشلار دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىشقا كۆچى يېتىدىغان قىلىپ ياراتقاندەك، ئىنسانغا قايسىسىنى قىلىش ۋە قايسىسىنى تەرك ئېتىش ئىختىيارىنىمۇ بەرگەن. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ياخشى ئىشلارنى كۆڭۈل قانائىتى بىلەن ئىختىيارىي ھالدا قىلىشىنى خالىغاندەك، گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنىمۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىشلەپ، ئارقىدىن تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتىشىنى خالايدۇ.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرى ئۈچۈن ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنىڭ دەرىجىلىرى بىر خىل ئەمەس. ھالاللار ئىچىدە ئاللاھ تائالا ياقتۇرىدىغان ۋە بەندىلىرىدىن شۇنداق قىلىشنى كۈتىدىغانلىرى ۋە ياقتۇرمىسىمۇ يەقەت قوبۇل قىلىدىغانلىرىمۇ بار. مەسىلەن: ئىنساننىڭ ھالالدىن يەپ، ئىچىش، ھالالدىن كىيىنىش ۋە ھالال ئىشلار دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىشىنى ئاللاھ تائالا ياقتۇرىدۇ ۋە ئۇلاردىن شۇنى كۈتىدۇ. ئەمما تالاقنى ئوخشاش ئېھتىياج يۈزىسىدىنلا رۇخسەت قىلىنغان ئىشلارنى ياقتۇرمىسىمۇ، قوبۇل قىلىدۇ ۋە بۇ سەۋەبلىك جازالىمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھالال ئىشلارنىڭ ئىچىدىن ئاللاھ تائالا

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەڭ يامان كۆرىدىغىنى تالاقتۇر»[1] دېگەنلىكىمۇ بۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك. چۈنكى تالاق ئائىلىنى پارچىلايدىغان، بالىلارنى يېتىم قىلىدىغان، ئەر ـ ئايال ۋە قۇدىلار ئارىسىدا دۈشمەنلىك ئۇرۇغىنى چاچىدىغان خەتەرلىك ئىش.

هاراملارنىڭ دەرىجىلىرىمۇ بىر خىل بولمايدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش، ئۆسۈم مۇئامىلىسى قىلىش، هاراق ئىچىش، ئۇرۇش مەيدانىدىن قېچىش، پاك ئاياللارغا تۆھمەت چاپلاش قاتارلىقلار هارامنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى بولۇپ، گۇناھى كەبىرە (ئەڭ چوڭ گۇناھلار) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلار قىلمىشلىرىغا ھەقىقىي رەۋىشتە پۇشايمان قىلىپ، گۇناھتىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈپ، ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىش بىلەنلا ئۆزلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ غەزىبىدىن ۋە ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ.

ئەمما گۇناھى سەغىرە (كىچىك گۇناھلار) دائىرىسىگە كىرىدىغان كەمچىلىك، خاتالىق ۋە ئىختىيارسىز قىلىپ سالغان گۇناھلار ياخشى ئەمەللەرنىڭ سايىسىدە تەۋبىسىزمۇ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿ الَّذِينَ يَجْتَنِبُونَ كَبَائِرَ الْإِثْمِ وَالْفَوَاحِشَ إِلَّا اللَّمَمَ إِنَّ رَبَّكَ وَاسِعُ الْمَغْفِرَةِ ﴾يەنى﴿ئاز ـ تولا كەمچىلىكلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، چوڭ گۇناھلاردىن ۋە قەبىھ ئىشلاردىن يىراق بولغۇچىلارغا كەلسەك، بىلگىنكى، ھەقىقەتەن رەببىڭ ئەپۇسى ۋە مەغپىرىتى كەڭ بىر

(1) ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

زاتتۇر(شـۇڭا ئـۇلارنى كەچۈرىۋېتـىدۇ)﴾[1] دېـگەن سـۆزى بـۇ مەنـىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

شـۇنىمۇ ئەسـتىن چىقارماسـلىق كېرەككـى، كىچىـك گۇناھلارغـا داۋام قىلىـش ئـارقىلىق بـۇ كىچىـك گۇنـاھلار ئۆزلىكىـدىن چـوڭ گۇناھلارغـا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا قانداقلا بىر گۇنـاھنى ئـاددىي ساناشقا ۋە ئۇنىڭغـا داۋام قىلىشــقا بولمايــدۇ. شــۇنىڭدەك، ھــارام ۋە گۇنــاھ ئىشــلار قىلغۇچىسىنىڭ نىيىتىگە قـاراپ دەرىجىلىنىـدۇ. مەسـىلەن: ئىختىيارسىز ئىشلەپ سالغان گۇناھتىن، ئالدىن پىلانلاپ قىلغـان گۇناھنىـڭ جازاسى ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە نەچچە ھەسسە ئېغىر بولغىنىغا ئوخشاش.

## ھالال ـ ھارام ئۇقۇمى

ھــالال ـ مەيلــى يــېمەك ـ ئىچمەكــتە بولســۇن، مەيلــى ئىــش ـ ھەرىكەتـتە بولسۇن، مەيلـى گەپ-سـوزدە ۋە پىكىـر- ئېتىقادتـا بولسۇن، ئــاللاھ تائــالا تەرىپىــدىن رۇخســەت قىلىنغــان نەرســىلەر ۋە ئىشــلار دېمەكتۇر.

ئەممـا ھـارام- ئـاللاھ تائـالا تەرىپىـدىن كەسـكىن بـۇيرۇق بىـلەن چەكلەنگەن ئىشلار ۋە نەرسىلەر بولـۇپ، يـېمەك ـ ئىچمەكـلەردە، گەپ-سۆز ۋە پىكىر- ئېتىقادتا، شۇنداقلا ئىش ـ ھەرىكەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

## يېمەك ـ ئىچمەكلەردىكى ھالال ـ ھارام

يېمەك ـ ئىچمەكلەردىكى ھالال ـ ئـۆزى پـاك، تەن ساقلىققا زىيىنـى بولمىغانلىقى ئۈچـۈن ئىسلام دىنـى ئىسـتېمال قىلىشـقا رۇخسـەت قىلغـان نەرسـىلەرنى كۆرسـىتىدۇ. مەسـىلەن: مۇسـۇلمانلار ئىسـتېمال قىلىـدىغان

(1) نەجم سۈرىسى 32- ئايەت.

ھالال يېمەك ـ ئىچمەكلەرگە ئوخشاش.

ئەمما يېمەك ـ ئىچمەكلەردىكى ھارام ـ پاك ئەمەسلىكى ۋە تەن ساقلىقىغا زىيانلىقلىقى سەۋەبلىك ئىسلام دىنى ئىستېمال قىلىشنى چەكلىگەن نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: چوشقا گۆشىگە ئوخشاش پاسكىنا نەرسىلەرنى ۋە ھاراققا ئوخشاش تەن ساقلىققا زىيانلىق بولغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغانغا ئوخشاش.

## پىكىر ـ ئېتىقاد ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەردىكى ھالال ـ ھارام

گەپ ـ سۆز، پىكىر ـ ئېتىقاد ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھالال ـ ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقاد سىستېمىسى ۋە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرۈشكە مەركەزلىشىدۇ. مەسىلەن: توغرا ئېتىقاد ۋە توغرا پىكىردە بولۇش، يوللۇق ھالدا تىرىكچىلىك قىلىشقا ئوخشاش ئىشلار.

ئەمما پىكىر ـ ئېتىقاد ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھارام ـ ئىمانغا زىت كېلىدىغان ئېتىقاد ۋە پىكىر ئېقىملىرى، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كۆرسەتمىسىگە زىت كېلىدىغان يولسىزلىقلارغا مەركەزلىشىدۇ. مەسىلەن: خرىستىيانلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھ تائالانىڭ ئوغلى، ئۇنىڭ ئىلاھلىقتا شېرىكى دەپ ئېتىقاد قىلغىنىغا، بەزى خۇراپاتچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ھەققىدە، «ئۇلار كائىناتتا ئاللاھ تائالا قىلىدىغان ئىشلاردىن بەزىسىنى قىلالايدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلغىنىغا، بەزى ئازغۇنلارنىڭ قۇرئان كەرىمنى ھازىرقى ئەسىرگە يارىمايدۇ دەپ ئويلىغىنىغا ۋە ئۆسۈم بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ھاراق ئىچىش، زىنا قىلىش، غەيۋەت قىلىش، گەپ توشۇش قاتارلىق ئېغىر گۇناھلارنى سادىر قىلغانغا ئوخشاش.

## ھالالدىن يېيىشنىڭ زۆرۈرلۈكى

ھالال بىلەن ھارامنىڭ پەرقىنى ئايرىش، نېمىلەرنىڭ ھالال ۋە نېمىلەرنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلىش ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز ئەيندۇر. پۈتۈن ئىشلاردا ھالال ـ ھارامنىڭ پەرقىنى ئايرىش ۋە ھالال ئىشلار دائىرىسىدە ئىش كۆرۈش مۇسۇلمانلىقنىڭ تەلىپى بولغىنىدەك، يېمەك ـ ئىچمەكلەردە ھالال ـ ھارامنى ئىلغاش تولىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر. ئىسلام پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھارامنى ھالال ئورنىدا ئىستېمال قىلغۇچىلارنى دوزاخ بىلەن تەھدىت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ھارامدىن ئوزۇقلىنىپ ئۆسكەن ھەر بىر گۆش (بەدەن) دوزاخقا ئەڭ ھەقلىقتۇر»[1]. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُلُوا مِنْ طَيِّبَاتِ مَا رَزَقْنَاكُمْ﴾يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار﴾[2] دەپ كۆرسەتكەن.

## ھالال نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشنىڭ پايدىلىرى

ھالال نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىنتايىن كۆپ پايدىلىرى بار. ئۇلاردىن بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

(1) ھالال ۋە پاك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغان ۋە پاكىزلىققا ئەھمىيەت بەرگەن ئادەمنىڭ دىلى پاك، كۆڭلى يورۇق، تېنى ساق، ئەقلى ئۆتكۈر، خاتىرىسى كۈچلۈك ۋە ھوشيار بولىدۇ.

(2) ھالال ۋە پاك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغان ئادەم تۈرلۈك

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى .

(2) بەقەرە سۈرىسى 172ـ ئايەت.

كېسەللىكلەردىن ساقلىنىپ قالىدۇ، كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئاجىزلىشىپ قالمايدۇ.

(3) هالال ۋە پاك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغان ئادەمنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرى قوبۇل بولىدۇ ۋە دۇئالىرى ئىجابەت بولىدۇ. چۈنكى ئىبادەتلەرنىڭ ۋە دۇئالارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولماسلىقىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى هارام يېيىشتۇر.

(4) هالال ۋە پاك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشىدۇ.

# ئىسلام ۋە شەرىئەت

شەرىئەت — ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرى دېگەنلىكتۇر. شەرىئەتنى ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك خاتىرجەملىكى ۋە بەخت- سائادىتى ئۈچۈن ئۇلارغا تۈزۈپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن مەسىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرى

ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرى تۆت بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى مەنبە: قۇرئان كەرىم

قۇرئان كەرىم پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ دەستۇرى ۋە ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ بىرىنچى ئاساسلىق مەنبىئىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ اتَّبِعُوا مَا أُنْزِلَ إِلَيْكُمْ مِنْ رَبِّكُمْ وَلَا تَتَّبِعُوا مِنْ دُونِهِ أَوْلِيَاءَ﴾يەنى ﴿سىلەر رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە چۈشۈرۈلگەنلەرگە ئەگىشىڭلار، ئۇنى قويۇپ، باشقا دوستلارنىڭ ئارقىسىدىن كەتمەڭلار﴾[1] ئاللاھ تائالا يەنە قۇرئان كەرىمنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ تِلْكَ حُدُودُ اللَّهِ فَلَا تَعْتَدُوهَا وَمَنْ يَتَعَدَّ حُدُودَ اللَّهِ فَأُولَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ﴾يەنى ﴿ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ بەلگىلىملىرىدۇر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار، ئاللاھنىڭ بەلگىلىملىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر﴾[2] ئاللاھ تائالا يەنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى

---

(1)ئەئراف سۈرىسى 3 - ئايەت.

(2)بەقەرە سۈرىسى 229 - ئايەت.

قۇرئــان كەرىمنىــڭ كۆرســەتمىلىرى ۋە ئەھكــاملىرى بــويىچە ھۆكــۈم قىلىشقا ۋە شۇ بـويىچە ئىـش كۆرۈشـكە بـۇيرۇپ مۇنـداق دەيـدۇ:﴿ وَأَنْزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ مُصَدِّقًا لِمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ الْكِتَابِ وَمُهَيْمِنًا عَلَيْهِ فَاحْكُمْ بَيْنَهُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ وَلَا تَتَّبِعْ أَهْوَاءَهُمْ عَمَّا جَاءَكَ مِنَ الْحَقِّ ﴾يەنـى ﴿بىـز سـاڭا ئۆزىــدىن ئىلگىرىكــى كىتــابلارنى ئىپتــراپ قىلغــۇچى ۋە ئۇلارغــا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتـابنى چۈشـۈردۇق. ئۇلارنىـڭ ئارىسـىدا ئـاللاھ سـاڭا چۈشـۈرگەنلەر بـويىچە ھۆكـۈم قىلغىــن، سـاڭا كەلـگەن ھەقـتىن بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ نەپسىي خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن﴾[1]

قۇرئــان كەرىمنىــڭ باشــقا تىللارغــا قىلىنغــان تەرجىمىلىــرى ۋە تەپســىرلىرى قۇرئــان ھېســابلانمايدۇ. بەلكــى قۇرئــان كەرىــم ئەرەب تىلىدىكى ئەسلى تېكىستى بىلەنلا قۇرئـان ۋە مـۆجىزە دېيىلىـدۇ. شـۇڭا نامازدا قىرائەت ئورنىغا قۇرئان كەرىمنىـڭ تەرجىمىسىنى ئوقـۇش بىـلەن نامــاز ئــادا تاپمايدىغانلىقــدا ئىمــام ئەزەمــدىن باشــقا پۈتــۈن ئىســلام ئۆلىمـالىرى بىـردەك ئىتتىپـاقتۇر. ئىمـام ئەزەم نامـازدا قۇرئـان كەرىمنىـڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇسـىمۇ بولىـدۇ، دەپ قارىغـان بولسـىمۇ، كېيىـن ئۇنىـڭ بۇ پەتىۋاسىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى ئىسلام ئۆلىمالىرى سۆزلىمەكتە.

ئىككىنچى مەنبە: سۈننەت

سـۈننەت — پەيغەمبىرىمىــز ھەزرىتــى مـۇھەممەد ئەلەيھىســالامنىڭ بۇيرىغـانلىرى، توسـقانلىرى، ئىـش ـ پائـالىيەتلىرى، ئەمەل ـ ئىبـادەتلىرى ۋە باشــقىلاردىن ســادىر بولغــان ئىشــلارنى ئۇيغــۇن كــۆرۈپ ســۈكۈت قىلغانلىرى دېمەكتۇر.

(1) مائىدە سۈرىسى 48 ـ ئايەت.

سـۈننەت ئىسـلام قانۇنشۇناسـلىقىنىڭ ئىككىنچـى ئاساسـلىق مەنبەئىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى سۈننەتكە ئەگىشىشكە چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانْتَهُوا﴾يەنى ﴿پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار﴾[1]. ئۇ يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ مَنْ يُطِعِ الرَّسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ اللَّهَ﴾يەنى﴿ كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ﴾[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى قۇرئان كەرىمدە كەلگەن مۇجمەل ئەھكاملارنى ئوچۇقلاش، ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش، شەرھلەش ۋە تەپسىلى بايان قىلىشتەك ئالاھىدە مۇھىم خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگىدۇر. قىسقىسى، سۈننەت قۇرئان كەرىمنىڭ ھەقىقىي تەرجىمانىدۇر.﴿ وَأَنْزَلْنَا إِلَيْكَ الذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ﴾يەنى ﴿بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەنلەرنى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ۋە ئۇلارنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈپ چۈشىنىشى ئۈچۈن چۈشۈردۇق﴾[3]

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىمنى چۈشۈرۈش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا «ھېكمەت» نامى بىلەن سۈننەتنىمۇ ئاتا قىلغان. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا قىلغان خىتابىدا

(1) ھەشر سۈرىسى 7 ـ ئايەت.
(2) نىسا سۈرىسى 80 ـ ئايەت.
(3) نەھل سۈرىسى 44 ـ ئايەت.

مۇنـداق دەيـدۇ:﴿ وَاذْكُرْنَ مَا يُتْلَى فِي بُيُوتِكُنَّ مِنْ آَيَاتِ اللَّهِ وَالْحِكْمَةِ ﴾يەنـــى ﴿ئــۆيلىرىڭلاردا ئاللاھنىــــڭ ئايەتلىرىـــدىن ۋە ھېكمەتـــتىن ئوقۇلىۋاتقانلارنى ئەسكە ئېلىڭلار﴾[1]

ئىمام شـافىئىي، ئىبنـى كەسىر، قەتـادە ۋە باشـقا ئۆلىمـالار يـۇقىرىقى ئـايەتتىكى «ھـېكمەت»سـۆزىدىن سـۈننەت مەقسـەت قىلىنغـانلىقىنى سۆزلىگەن. چـۈنكى پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ ئۆيىـدە ئوقۇلىـدىغانلار قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەتتىن باشقىسى ئەمەس ئىدى[2].

قۇرئـان كەرىمنىـڭ مەقسـەت ۋە غـايىلىرىنى چۈشىنىشـنىڭ بىردىنبىـر يولى سۈننەتتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائـالا مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامغا قۇرئـان كەرىمنـى چۈشـۈرۈپ، ئـۇنى قۇرئـان كەرىمنىـڭ كۆرسـەتمىلىرى بـويىچە كىشـىلەرنى تـوغرا يولغـا يېتەكلەشـكە ئەمـر قىلغـان بولـۇپ، پەيغەمـبەر ئەلەيھىســـالام كىشـــىلەرگە قۇرئـــان كەرىمنىـــڭ كۆرســـەتمىلىرىنى، بۇيرىغـانلىرىنى، توسـقانلىرىنى ۋە جىمـى ئەھكـاملىرىنى گـاھ ئەمەلىيىتـى بىلەن، گاھ بۇيرۇقى بىلەن، گـاھ باشـقىلارنىڭ تـوغرا قىلغـان ئىشـلىرىغا سـۈكۈت قىلىشــى، خاتــا قىلغانلىرىغــا ئاگاھلانــدۇرۇش بېرىشــى بىــلەن يەتكۈزگەن.

ئۈچىنچى مەنبە: ئىجما

---

(1) ئەھزاب سۈرىسى 34 ـ ئايەت.

(2) جامع بيان العلم وفضله 17ـ بەت، الرسالة 78 ـ بەت.

ئىجما — ئىسلام ئۈممىتىدىن بولغان زاماندىكى ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسىنىڭ شەرىئەت مەسىلىلىرىدىن بىرەر مەسىلە ئۈستىدە بىردەك ئىتتىپاققا كېلىشى دېگەنلىكتۇر[1].

ئىجما ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئۈچىنچى ئاساسلىق مەنبەسىدۇر. ئىجما قۇرئان كەرىم ياكى سۈننەتلەردە ھۆكمى بولمىغان يېڭى مەسىلىلەر ئۈستىدىلا بولىدۇ. ئىجما قىلىش پەقەت ئىجتىھاد (بار كۈچىنى سەرپ قىلىپ شەرىئەت دەلىللىرىدىن دىنىي مەسىلىلەرنىڭ ئەھكاملىرىنى چىقىرىش)سالاھىيىتىگە توشقان ئۆلىمالارغىلا خاستۇر.

ئىجما ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرىنچىسى، ئۆلىمالاردىن ھەر بىرىنىڭ ئۆز رەيىنى ئاشكارا سۆزلىشى ئارقىلىق بولىدىغان ئىجما، بۇ «ئىجما سەرىھ» (ئاشكارا ئىجما)دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچىسى، ئۆلىمالاردىن بەزىسى ياكى بىرەرسى بىرەر مەسىلىدە پەتىۋا چىقارغان بولۇپ، ئۇنى ئاڭلىغان باشقا ئۆلىمالار ئۇنى ئىنكار قىلماستىن، سۈكۈت قىلسا، بۇ «ئىجما سۈكۈتىي» (مۇۋاپىقلاشقان ئىجما)دەپ ئاتىلىدۇ[2].

كۆپ سانلىقنىڭ ئۆز ئارا كېڭىشىپ ئىش كۆرۈشىدە خاتالىشىش نىسبىتىنىڭ ئىنتايىن ئاز بولىدىغانلىقى بىر رېئاللىقتۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالا بۇ ئۈممەتنى خاتا ئىشقا توپلىمايدۇ»دېگەن[3].

---

(1) روضة الناظر 2ـ توم 439 ـ بەت، إرشاد الفحول 63ـ بەت، الإحكام للآمدي 1ـ توم 196ـ بەت.

(2) روضة الناظر 2 ـ توم 492 ــ 496 ـ بەتلەر، إرشاد الفحول 74 ــ 75 ـ بەت، الإحكام للآمدي 1 ـ توم 252 ـ بەت.

(3) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

تۆتىنچى مەنبە: قىياس

قىياس — قۇرئان كەرىم ياكى سۈننەتتە ھۆكمى بولغان بىرەر مەسىلىگە بۇ ئىككىسىدە ھۆكمى كەلمىگەن بىر مەسىلىنى قىياس قىلىش (ئوخشىتىش) ئارقىلىق ھۆكۈم چىقىرىش دېگەنلىكتۇر.

مەسىلەن: ھاراقنىڭ ھاراملىقى ۋە قەتئىي مەنئىي قىلىنغانلىقى قۇرئان كەرىمنىڭ كەسكىن ئايىتى بىلەن بېكىتىلگەن ھۆكۈم. ئەمما نەشە، ئەپيۇن ۋە ئاق چېكىشنىڭ ھاراملىقى ۋە مەنئىي قىلىنغانلىقى توغرۇلۇق قۇرئان كەرىم ياكى سۈننەتتە ئوچۇق ھۆكۈم يوق. چۈنكى بۇ نەرسىلەر قۇرئان كەرىم چۈشكەن ۋاقىتتا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا يوق ئىدى. ئىسلام ئۆلىمالىرى نەشە، ئەپيۇن، خرويىن، كوكايىن دېگەندەك زەھەرلەردىن كېلىپ چىقىدىغان دىنىي، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە تەن ساقلىقىغا زىيان يەتكۈزۈشى قاتارلىق زىيانلارنى ھاراقنىڭ زىيىنىغا قىياس قىلىپ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىق بۇلارنىڭ ھاراملىقىغا ئىتتىپاقلاشقان. چۈنكى ھاراقنىڭ ھارام قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسى بۇلاردا ئارتۇقى بىلەن تېپىلىدۇ.

قىياس ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ تۆتىنچى ئاساسلىق مەنبەئىدۇر. قىياسنىڭ ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ مەنبەلىرىدىن ئىكەنلىكىگە قۇرئان كەرىم، سۈننەت ۋە ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرى دالالەت قىلماقتا.

1. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە:﴿كَمَا بَدَأْنَا أَوَّلَ خَلْقٍ نُعِيدُهُ﴾يەنى ﴿مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە

ئەسلىگە قايتۇرىمىز﴾[1] دېگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، قىيامەت كۈنىدە مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈشنى ئۇلارنى دەسلەپتە يوقتىن پەيدا قىلغىنىغا ئوخشاتقان. مانا بۇ قىياستۇر.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلۈپ كەتكەن ئانىسى ئۈچۈن روزا تۇتۇشنىڭ ھۆكمىنى سوراپ كەلگەن بىر ئايالغا: «قاراڭچۇ! ئەگەر ئانىڭىزنىڭ ئۈستىدە بىراۋنىڭ قەرزى قالغان بولسا، ئۇنى تۆلەيتتىڭىزمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئايال: «ھەئە، ئەلۋەتتە تۆلىگەن بولاتتىم» دەپ جاۋاب بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا ئانىڭىز ئۈچۈن روزا تۇتسىڭىز بولىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە، ئايالنىڭ ئۆلگەن ئانىسىنىڭ گەردىنىدە قالغان روزىنى، تۆلىيەلمەستىن ئىممىسىدە كەتكەن قەرزگە ئوخشاتقان. مانا بۇ قىياستۇر.

3. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەپ يازغان: «قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتتە ھۆكمى بولمىغان مەسىلىلەر توغرۇلۇق كىشىلەر سەندىن ھۆكۈم سوراپ كەلگەندە، ئۇ مەسىلىلەرنى سەن ھۆكمىنى بىلىدىغان مەسىلىلەرگە قىياس قىلغىن، ئاندىن ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىملىق كېلىدىغان، ھەقىقەتكە ئەڭ ئۇيغۇن رەۋىشتە ھۆكۈم چىقارغىن»[3].

---

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 104 ـ ئايەت.

(2) مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) أخبار القضاة 1ـ توم 70 ـ بەت، أصول التشريع الإسلامي 17ـ 79ـ بەتلەر، مقدمة في الفقه 17ـ 38 ـ بەتلەر.

# ئىسلام ۋە فىقھى

فىقھ — لۇغەتتە چۈشىنىش ۋە بىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە فىقھىنىڭ شەرىئەت ئىستىلاھىدىكى مەنىسىنى «ئۆزىنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى بىلىش»دەپ تەرىپلىگەن. بۇ ئىسلامدىكى ئېتىقاد، ئىبادەت، مۇئامىلە، ئەخلاق ۋە باشقا مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىي تەرىپتۇر. چۈنكى شەرىئەت ئىلىملىرى تەخەسسۇسلارغا تۈرلىنىشتىن بۇرۇن ھەممىسى «فىقھى»دەپ ئاتىلاتتى.

كېيىنچە، شەرىئەت ئىلىملىرى تۈرلىنىپ، ئېتىقاد مەسىلىلىرى «ئىلمى كالام ياكى تەۋھىد ئىلمى»، زاھىدلىق، سەبىرچانلىق، رازىمەنلىك ۋە تەقۋادارلىققا ئوخشاش ۋىجدانىي مەسىلىلەر «ئەخلاق ياكى تەسەۋۋۇف ئىلمى»، ئەمەل ـ ئىبادەت، مۇئامىلە ۋە باشقا شەرىئەت مەسىلىلىرى «فىقھى ئىلمى»دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. شۇڭا ھازىرقى زاماندا «فىقھى» سۆزىدىن پەقەت شەرىئەتنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەت، مۇئامىلە، ئائىلە، دۆلەت تۈزۈمى ۋە جازا قانۇنى قاتارلىق مەسىلىلىرىلا مەقسەت قىلىنىدۇ.

شۇڭا ئىمام شافىئىي فىقھىنىڭ شەرىئەت ئىستىلاھىدىكى مەنىسىنى «شەرىئەت دەلىللىرىدىن دىنىي ئەمەللەرنىڭ ئەھكاملىرىنى بىلىش» دەپ تەرىپلىگەن. بۇ تەرىپ بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان ئەڭ مەشھۇر تەرىپتۇر.

## ئىسلام فىقھىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

ئىسلام فىقھى (ياكى ئىسلام قانۇنى) بارلىق قانۇنلاردىن ئالاھىدە ئۈستۈن، ئادالەتلىك ۋە ھېكمەتلىك قانۇندۇر. بۇنى ئىخچاملاپ ئېيتقاندا:

1 ـ ئىسلام فىقھىنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ھەرقانداق قانۇنلاردىن ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇنىڭ مەنبىئى قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتتە مۇجەسسەم بولغان ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھىيسىدۇر. ئىجما بىلەن قىياس ئىككىسىمۇ قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتتە مۇجەسسەملەنگەن ۋەھىيگە يۆلىنىدۇ.

2 ـ ئىسلام فىقھى ھاياتلىقنىڭ بارلىق تەلەپلىرى ۋە ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرىدۇ. چۈنكى ئىسلام فىقھى ئىنساننىڭ بارلىق ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، جەمئىيەتتى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى، شۇنداقلا دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىنى ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئەۋزەل شەكىلدە رەتكە سالىدۇ[1].

## ئىسلام فىقھىنىڭ ماۋزۇسى

ئىسلام فىقھىنىڭ ماۋزۇسى ياكى مەيدانى مۇسۇلماننىڭ ئىشلىرى دائىرىسىدە بولىدۇ. مەيلى نامازغا ئوخشاش قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىش بولسۇن، مەيلى ئوغرىلىققا ئوخشاش تەرك ئېتىش تەلەپ قىلىنغان ئىش بولسۇن، مەيلى يېيىش ۋە ئىچىشكە ئوخشاش ئىختىيارى ئىش بولسۇن،

(1) الفقه الإسلامي وادلته 1 ـ توم 18 ــ 19ـ بەتلەر.

ئىسلام فىقھى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سىستېمىلىك ھالدا، ئوچۇق ۋە تەپسىلى بايان قىلىپ بېرىدۇ[1].

## فىقھ ئىلمىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى

فىقھى ئىلمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا تەدرىجى ھالدا يىلتىز تارتىشقا باشلىغان. كېيىنچە ساھابىلەرنىڭ دەۋرىدە فىھى ئىلمى رەسمىي تۈردە قانات يايغان[2]. فىقھىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مۇنداق بىر مەشھۇر سۆز بار:

فىقھىنى ئىبنى مەسئۇد تېرىدى، ئەلقەمە سۇغۇردى، ئىبراھىم ئورىدى، ھەمماد يىغدى، ئەبۇ ھەنىفە تارتتى، ئەبۇ يۇسۇف خېمىر قىلدى، مۇھەممەد نان قىلدى، باشقىلار ئۇنىڭ نېنىدىن يېدى.

**شەرھلەر:**

تېرىدى: يەنى فىقھى مەسىلىلىرىنى ئەڭ دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويغان كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر.

سۇغۇردى: يەنى فىقھى ئىلمىنى راۋاجلاندۇرغان كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا دۇنياغا كۆز ئاچقان، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئائىشە ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر قاتارلىق ساھابىلەرنىڭ قولىدا يېتىشكەن، ئاتاقلىق فىقھشۇناس ئالىم ئەلقەمە ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مالىك ئەل نەخەئىي دېگەن كىشىدۇر.

---

(1) الفقه الإسلامي وادلته 1 ـ توم 17 ـ بەتلەر.
(2) الفقه الإسلامي وادلته 1 ـ توم 18 ـ بەت.

ئورىــدى: يەنــى فىقھــى مەســىلىلىرىنى رەتــكە ســېلىپ كىشــىلەر پايدىلىنالايدىغان ھالغا كەلتــۈرگەن كىشى كــۇفە شــەھىرىنىڭ تونۇلغــان فىقھىشــۇناس ئــالىمى ئىبــراھىم ئىبنــى يەزىــد ئىبنــى قەيــس ئىبنــى ئەل ئەسۋەد ئەبۇ ئىمران ئەل نەخەئىي دېگەن كىشىدۇر.

يىغــدى: يەنــى فىقھــى مەســىلىلىرىنى ئوچــۇقلاش ئىشــلىرىدا چــوڭ خىــزمەت كۆرسەتكەن كىشــى ئىمــام ئەزەمنىــڭ ئۇســتازى ھەممــاد ئىبنــى مۇسلىم دېگەن كىشىدۇر.

تارتتى: يەنــى فىقھــى مەســىلىلىرىنى ۋە فىقھىشۇناسلىق قائىــدىلىرىنى شــاخلاندۇرغان كىشــى، فىقھــى مەســىلىلىرىنى تــۇنجى بولــۇپ بۆلــۈملەرگە ئايرىــپ چۈشەندۈرگەن، فىقھــى توغرۇلــۇق كىتــابلارنى يازغــان، شــۇنداقلا مەشــھۇر تــۆت چــوڭ مەزھەپنىــڭ بىــرى بولغــان ھەنەفىــي مەزھىبىنــى تەسىس قىلغان كىشى ئۇئىمان ئىبنى سابىت ئىمام ئەزەمدۇر.

خېمىــر قىلــدى: يەنــى ئىمــام ئەزەم تــۈزگەن فىقھــى قائىــدىلىرى ۋە فىقھــى مەســىلىلىرىنى ئىــنچىكە تەتقىــق قىلىــپ شــاخلاندۇرغان ۋە كــۆپلىگەن مەســىلىلەرنى ئايدىڭلاشــتۇرغان كىشــى ئىمــام ئەزەمنىــڭ شــاگىرتى، قــازى قــۇزات (قازىلارنىــڭ كاتتىســى) يەئقــۇب ئىبنــى ئىبــراھىم ئەبۇ يۇسۇف دېگەن كىشىدۇر.

نان قىلدى: يەنى ئىمام ئەزەم ئوتتۇرىغا قويغــان فىقھى مەسىلىلەرنى رەتــلەپ چىققــان ۋە بەزى مەســىلىلەرنىڭ شــاخچىلىرىنى كــۆپەيتكەن، شــۇنداقلا ھەنەفىــي مەزھىبىنىــڭ فىقھــى مەســىلىلىرىنى بىــر ـ بىــرلەپ تەھرىــرلەپ چىققــان كىشــى ئىمــام ئەزەمنىــڭ شــاگىرتى مــۇھەممەد ئىبنــى ھەسەن ئەل شەيبانىي دېگەن كىشىدۇر.

باشقىلار ئۇنىڭ نېمىدىن يېدى: يەنى ئىمام مۇھەممەد پايدىلىنىشقا ئوڭايلاشتۇرۇپ هازىرلىغان فىقهى مەسىلىلىرىدىن ئومۇم خەلق مەنپەئەت ئالدى[1].

## فىقهى ئىلمىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەب

شۈبھىسىزكى، فىقهى ئىلمىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان بىردىنبىر سەۋەب كىشىلەرنىڭ يېڭى ـ يېڭى مەيدانغا چىقىپ تۇرغان مەسىلىلەر ھەققىدە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلىشكە بولغان زور ئېھتىياجىدۇر. كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى رەتكە سېلىشى، شەخسلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى ۋە قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى بىلىشى ۋە ھەر زامان مەيدانغا كېلىپ تۇرىدىغان يېڭى مەسىلىلەرنى شەرىئەت سىستېمىسى بويىچە ھەل قىلىشى ئۈچۈن فىقهى ئىلمىگە بولغان ئېھتىياج ناھايىتى زوردۇر[2].

---

(1) التسهيل الضروري لمسائل القدوري 2 ـ توم 270 ـ بەت.
(2)التسهيل الضروري لمسائل القدوري 2 ـ توم 270 ـ بەت.

# ئىسلام ۋە مەزھەپ

ئالـدى بـىلـەن شـۇنى ئۇنۇتماسـلىق كېرەككـى، ئىسـلام دۇنياسـىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان ھەنەفىـي، شـافىئي، ھەنبەلـي ۋە مالىكىي مەزھەپلىرىدىن ئىبـارەت مەشـھۇر تـۆت مەزھەپنىـڭ ھەقلىقـى ۋە توغرىلىقىدا شەك يوق. بۇلار مەرتىـۋە جەھەتتىمـۇ ئوخشاشـتۇر. چـۈنكى بۇلارنىـڭ ھەممىسـىنىڭ مەنبىئـى قۇرئـان كەرىـم ۋە سـۈننەتتۇر. پەقەت بەزى مەسىلىلەردە بىرىنىـڭ كـۆز قارىشـى بىرىنىڭكىـدىن ئەۋزەل بولغـان يەرلـىرى بـار. بـۇلار قۇرئـان كەرىـم ۋە سـۈننەتتە كەلـگەن دەلىللەرنـى چۈشـەنىش تەرزىنىـڭ ھەركىمـدە ئوخشـاش بولمىغـانلىقى يـاكى ھەدىسلەرنىڭ ھەممىگە ئوخشاش يېتىـپ بارمىغـانلىقى يـاكى بارغانـدىمۇ ئىشەنچلىك يول بىلەن يەتمىگەنلىكى قاتارلىق سەۋەبتىن ئىدى.

شـۇڭا مەزھەپكە ئەگىششـتە، ئـاۋام خەلقنىـڭ ئـۆزى مەنسـۇپ بولغـان مەزھـىبىگە ئەگەشـكىنى ئـۇلار ئۈچـۈن ياخشـى. ئەممـا دىنىـي ساھەلەردە ئــالىم بولــۇپ يېتىشــكەنلەر — ئەگەر باشــقا مەزھەپــلەر بىــلەن ئــۆز مەزھىبىنىڭ دەلىللىرىنى سېلىشتۇرۇپ، ئەڭ ئەۋزىلىنـى ئايرىـپ چىقىـش سەۋىيىسىدە بولسا، ئۆزى ئىلىـم يـولى بىـلەن ئىزدىنىـپ ئەڭ ئەۋزەل، دەپ قانائەت قىلغىنىغا ئەگىششى شـەرتتۇر. چـۈنكى ئوقۇغـان ئـادەم بىلـگەن ئىلمىنـى تـوغرا يـول تېـپىش ۋە تـوغرا ئىـش قىلىشـنى ئـۆگىنىش ئۈچـۈن ئىشلەتمىسە نېمىگە ئىشلىتىدۇ؟!

ئىمام ئەزەممۇ مەزھەپنى قارىغۇلارچە تەقلىد قىلغۇچىلارنى يامان كۆرەتتى. ئۇ مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ رەيىمىزنى نەدىن ئالغانلىقىمىزنى بىلمەي تۇرۇپ ھېچكىمنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىشى جائىز ئەمەس»[1].

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ كەلتۈرگەن دەلىللىرىمنى بىلمىگەن كىشىنىڭ مېنىڭ سۆزۈم بويىچە پەتىۋا بېرىشى قەتئىي توغرا ئەمەس»[2].

ئەمما بىر ـ ئىككى ھەدىسنى بىلىۋېلىپلا، ھەدىسشۇناسلىق ۋە فىقھشۇناسلىق ئىلمى ۋە پىرىنسىپلىرىدىن خەۋەرسىز تۇرۇپ مەزھەپ ئۆلىمالىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا بولمايدۇ. مۇنداقلارمۇ ھازىرقى زاماندا كۆپىيىپ كەتكەن.

شۇنىڭدەك، مەزھەپ رەيىنى دىنىنىڭ رەيى دەپ قاراپ، باشقىلارنىڭ تۇتقان يولى ئۆزى ئەگەشكەن مەزھەپنىڭ رەيىدىن ئەۋزەل ياكى توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مەزھىبىگە قارىغۇلارچە تەئەسسۇبلۇق قىلىشمۇ ئىلىم ئەھلىگە ياراشمايدىغان بىر ئىش. چۈنكى ھەقىقىي ئىلىم ئەھلى بولغان ئادەم ھەقىقەت گەرچە قارشى تەرەپتە بولسىمۇ ئۇنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتمايدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئۆتمۈشلەردە قانتاش ۋە ئۇچۇر ۋاسىتىلىرى تەرەققىي قىلمىغانلىقتىن، ئۆلىمالارنىڭ دۇنيادا بار ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەردار بولالىشى مۇمكىن بولمىغاندەك، ھەدىسلەرنىڭمۇ ھەممىسىنى بىلىپ بولالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۆتمۈشلەردىكى كاتتا ئۆلىمالار، مەزھەپ پېشىۋالىرى، شۇنداقلا ھەدىسشۇناس،

(1) الإنتقاء في فضائل ثلاثة الأئمة الفقهاء 145ـ بەت 145ـ بەت.

(2) يۇقىرىقى مەنبەدىن.

فىقھشۇناس، تەپسىرشۇناسلار ۋە باشقا ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ تولىسىنىڭ ئىسلام دىيارلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئىلىم تەھسىل قىلىشقا تۈرتكە بولغان بىردىنبىر سەۋەبمۇ شۇ ئىدى. شۇڭا ئىمام شافىئىينىڭمۇ «كونا» ۋە «يېڭى» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى مەزھىبى بولغان. ئاۋۋالقىسى ئىراقتىكى ۋاقتىدا، كېيىنكىسى مىسىرغا كەلگىنىدە ئوتتۇرىغا چىققان. چۈنكى ئۇ مىسىرغا كەلگىنىدە كۆپرەك ھەدىس بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولۇشى ئېھتىمال.

ئەمما ھازىرقى ئۇچۇر دەۋرىدە، ئىزدىنىش ۋە مەلۇمات ئېلىش ۋاسىتىلىرى كېڭەيدى. ھەتتا بىرقانچە مىنۇت ئىچىدىلا دۇنيانىڭ قايسىبىر كۇتۇپخانىسىدىكى كىتابلار بىلەن ئۇچراشقىلى بولىدۇ. ھەدىسلەرمۇ دۇنيانىڭ قايسىبىر يېرىدە بولمىسۇن ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن پىنھان قالمايدىغان بولدى. ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىنى تەكشۈرۈپ توغرىسىنى تاپقىلى بولىدۇ. مەزھەپ پېشىۋالىرىغا يېتىپ بارالمىغان نۇرغۇن ھەدىسلەرنىڭ كېيىنكى ئالىملارغا يېتىپ كېلىشى ئارقىلىق مەزھەپتىكى بەزى مەسىلىلەر ۋە بەزى قاراشلارغا تۈزىتىش بېرىلگەن ئەھۋاللارمۇ كۆپ. چۈنكى بۇرۇنقىلار شۇ چەكلىك شارائىتنىڭ يار بېرىشىگە يارىشا ئىزدىنىپ ئۆزى توغرا، دەپ قانائەت قىلغانلىرىنى باشقىلارغا ئۆگىتىپ قالدۇرۇپ ئۆتكەن. ئۇلار بەزى مەسىلىلەردە خاتالاشقان بولسىمۇ ئۆزلىرىلىكتۇر. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا چوقۇم قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى ئىجتىھاد قىلغۇچى ئەگەر توغرىسىنى تاپقان بولسا ئىككى ساۋابقا، خاتالاشقان بولسا بىر ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىدا پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى بىردەك ئىتتىپاقتۇر.

## مەزھەبىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى

مەزھەپ — لۇغەتتە بارىدىغان جاي دېگەنلىك بولۇپ، شەرىئەت ئىستىلاھىدا مەزھەپ سۆزى — دىنىي مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەھكاملار دېمەكتۇر[1].

مەزھەپلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، ساھابىلەرنىڭ زامانىدىلا باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان. مەسىلەن: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ۋە باشقىلارنىڭ يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن مەسىلىلەرنى قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتنىڭ روھى بويىچە جاۋابلاندۇرۇشتا، ھەر بىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم مەزھىبى (رەيى ۋە قارىشى) بولغان. كېيىنچە تابىئىن (ساھابىلەرنى كۆرگەن ئەۋلاد)نىڭ دەۋرىدە، مەزھەبلەر كۆپىيىشكە باشلىغان. ھەتتا مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدىلا يەتتە چوڭ ئالىمنىڭ مەزھىبى ئوتتۇرىغا چىققان[2].

## مەزھەپلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى

ئىسلام دىنىدا مەزھەپلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە:

1 ـ ئەرەب تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلەرنى بىلدۈرۈشى. بۇ سۆزنىڭ مۇجمەللىكى ياكى ئومۇم ۋە خاسلىق ئوتتۇرىسىدا ئىپادىلىنىشى ياكى ھەقىقىي مەنە بىلەن مەجازىي (مەقسەت قىلىنمىغان)مەنىسى ئوتتۇرىسىدا ئىپادىلىنىشى ۋە باشقىلاردۇر. مەسىلەن: ئەرەب تىلىدىكى

(1) الفقه الإسلامي وادلته 1 ـ توم 18 ـ بەت.
(2) الفقه الإسلامي وادلته 1 ـ توم 18 ـ بەت.

«قـۇرۇئ» سـۆزىنىڭ ئاياللارنىـڭ ھەيـز كۆرۈشـىنى ئىپادىلىگىنىـدەك، ئۇلارنىڭ ھەيزدىن پاكلانغانلىقىنىمۇ ئىپادىلىگىنىگە، «ئەمر» سۆزىنىڭ پەرزنى ئىپادىلىگىنىـدەك، ۋاجىب ياكى مۇستەھەب (ياخشى كۆرۈلگەن ئىش)نـى ئىپـادىلىگىنىگە، «نەھيـى» سـۆزىنىڭ ھـارامنى ئىپادىلىگىنىدەك، مەكرۇھنىمۇ ئىپادىلىگىنىگە ئوخشاش.

قۇرئان كەرىمدىكى: «دىنىدا زورلاش يوق» دېگەن ئايەتنىـڭ مەنىسى «كىشىلەرنى دىنغا كىرىشكە زورلىماڭلار» دېگەن مەنىـدىكى چەكلەشنى ئىپادىلەمدۇ؟ ياكى «كىشىلەرنى دىنغا كىرىشكە زورلىمىدۇق» دېگەن مەنىـدىكى ئەمەلىـي ئەھۋالـدىن خەۋەر بېرىشـنىمۇ؟ ئىسـلام ئۆلىمـالىرى بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەرنىـڭ ھەقىقىي دالالىتى ۋە مەقسەت قىلىنغان مەنىسـىنى چۈشىنىشـتە بىـر خىـل بولمىغـانلىقتىن مەزھەپـلەر كېلىـپ چىققان. ھەتتا ساھابىلەرنىڭمۇ چۈشىنىشى بىر خىل بولمىغان.

2 ـ رىۋايەتلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى. بۇ مۇنداق:

(1) بەزى ھەدىسـلەر بەزى ئۆلىمالارغـا يېتىـپ بارغـان بولسـىمۇ، باشقىلىرىغا يېتىپ بارالمىغانلىقى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى دىن تـارقىتىش ئۈچـۈن قىتئەلەرگە تارقاپ كەتكەنلىكتىن، ئـۇلاردىن ھەر بىـرى كىشـىلەرگە ئۆزىنىـڭ بىلـگەن ۋە ئاڭلىغـانلىرىنىلا يەتكۈزەتتى.

(2) ئۆلىمـالاردىن بىرەرسـىگە ھەدىـس يېتىـپ كەلـگەن بولسـىمۇ، ئۇنىـڭ ئىشەنچىسـىز يـول بىـلەن يېتىـپ كەلگەنلىكىـدىن ئۇنىڭغـا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى ۋە باشقا بىرىگە شـۇ ھەدىس ئىشـەنچلىك يـول بىلەن يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا كۆرە ئىش كۆرگەنلىكى.

(3) ئۆلىمالاردىن بىرەرسىگە ھەدىس ئىشەنچلىك يول بىلەن يېتىپ كەلـگەن بولسـىمۇ، ئۇنىـڭ ھەدىسـلەرگە مۇئـامىلە قىلىـش ئۇچـۇن بەلگىلىـگەن شـەرتلىرىگە تـوغرا كەلمىگەنلىكـى. مەسـىلەن: ئىمـام ئەزەم مەيـدانىغا چىققـان ۋاقىتتىكـى ئىراقتـا يالغـان ھەدىسـلەرنى پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ نامـدىن ئويـدۇرۇپ چىقىـش دولقـۇنى ئەۋجىـگە چىققـان ئىـدى. شـۇڭا ئىمـام ئەزەم ھەدىسـنى قوبـۇل قىلىشـتا شـەرتنى بەكمۇ ئېغىر ۋە چىڭ قويغان. ھەتتا كۆپچىلىـك ئۆلىمـالار قوبـۇل قىلغـان ھەدىسـلەرنى ئىمـام ئەزەم قوبـۇل قىلمـايتتى. چـۈنكى شـۇ ۋاقىتتىكـى ئىراقنىڭ شارائىتىدا راست ھەدىس بىلەن يالغـان ھەدىسلەرنى ئايرىـپ چىقىش ئىشى ناھايىتى قىيىن ئىدى.

3 ـ ئۆلىمـالاردىن ھەر بىرىنىـڭ قۇرئـان كەرىـم ۋە ھەدىسـلەردىن قـانۇن چىقىـرىش پىرىنسـىپىنىڭ يەنە بىرىنىـڭ پىرىنسـىپىغا ئوخشـاش بولمىغانلىقى.

4 ـ قىياسـقا كـۆرە ئىجتىھـاد قىلىـش ئۇسـۇلىنىڭ ھەر بىـر ئۆلىمانىـڭ نەزەرىدە ئوخشاش بولمىغانلىقى.

5 ـ شـەرىئەت دەلىللىرىنىـڭ بىرىنـى يەنە بىـرىگە ئۈسـتۈن قىلىـش مەسىلىسىدە ھەممە ئۆلىمانىڭ پىرىنسىپى ئوخشاش بولمىغانلىقى[1].

(1) الفقه الإسلامي وادلته 1 ـ توم 29 ـ بەت.

# ئىسلام ۋە تەقلىد

بىراۋغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ رەيىنى قوبۇل قىلىش «تەقلىد» قىلىش دەپ ئاتىلىدۇ. باشقىلارنىڭ رەيى بويىچە ئىش كۆرگەن كىشى «مۇقەللىد» دەپ ئاتىلىدۇ.

بەزى ئۆلىمالار «مۇقەللىد»نى مۇنداق دەپ تونۇشتۇرغان: مۇقەللىد — باشقا بىرىنىڭ سۆزىنى دەلىل ـ ئىسپات تەلەپ قىلماستىن قوبۇل قىلغۇچى دېمەكتۇر. بۇ ئىمام ھەرەمەين، ئىمام غازالىي ۋە باشقىلار ئېيتقان تەرىپ[1].

## تەقلىد قىلىشقا بولمايدىغان ئىشلار

1. ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭ بىرلىكىنى ئىسپاتلاشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە باشقىلارنى تەقلىد قىلىشنىڭ جائىز ياكى ئەمەسلىكىدە ئۆلىمالار ئىختىلاپلاشقان. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىسلام ئۆلىمالىرى بۇ مەسىلىلەردە تەقلىد قىلىشنىڭ جائىز ئەمەسلىكىنى قارار قىلغان. بۇنىڭغا بىنائەن، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى بىلىش ۋە بىرلىكىنى ئىسپاتلاشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ھەر قانداق مۇسۇلمان ئادەم ئۆز ئەقلى بىلەن ئىزدىنىشى پەرزدۇر[2].

قۇرئان كەرىمدە، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىنى نامايان قىلىدىغان شەيئىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش، ئىزدىنىش ۋە ئەقىل

(1) البرهان 2 ـ توم 1357 ـ بەت، المستصفى 2 ـ توم 387 ـ بەت.

(2) روضة الناظر2 ـ توم 312 ـ بەت، الإحكام 4 ـ توم 300 ـ بەت، المحصول 457 ـ 460 ـ بەتلەر، تيسير التحرير 4 ـ توم 243 ـ بەت، فواتح الرحموت 2 ـ توم 402 ـ بەت.

ئىشلىتىش قاتتىق تەشەببۇس قىلىنغان، ھەتتا ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرز قىلىپ بۇيرۇلغان.﴿ أَوَلَمْ يَنْظُرُوا فِي مَلَكُوتِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَا خَلَقَ اللَّهُ مِنْ شَيْءٍ﴾يەنى ﴿ئۇلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ سەلتەنىتى ئۈستىدە، ئاللاھنىڭ ياراتقان مەخلۇقاتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟﴾[1].﴿ وَفِي الْأَرْضِ آيَاتٌ لِلْمُوقِنِينَ. وَفِي أَنْفُسِكُمْ أَفَلَا تُبْصِرُونَ﴾يەنى ﴿ئاللاھقا چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن يەر يۈزىدە ۋە ئۆزەڭلاردا (ئۇنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلەر بار، كۆرمەمسىلەر﴾[2].﴿ إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لَآيَاتٍ لِأُولِي الْأَلْبَابِ﴾يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار﴾[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇپ پىكىر يۈرگۈزمىگەن كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان[4].

2. پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقى توغرۇلۇق باشقىلارنى تەقلىد قىلىشنىڭ جائىز ئەمەسلىكىدە ئىتتىپاقلا كەلگەن. ئاللاھ تائالا كۇففارلارنىڭ سۆزىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دېگەن:﴿ وَقَالُوا رَبَّنَا إِنَّا أَطَعْنَا سَادَتَنَا وَكُبَرَاءَنَا فَأَضَلُّونَا السَّبِيلَا﴾يەنى﴿ئۇلار:

(1) ئەئراف سۈرىسى 185 ـ ئايەت.
(2) زارىيات سۈرىسى 20 ـ 21 ـ ئايەتلەر.
(3) ئال ئىمران سۈرىسى 190 ـ ئايەت.
(4) ئىبنى ھىببان رىۋايىتى.

«رەببىمىز! بىز ھەقىقەتەن باشلىقلىرىمىزغا، كاتتىلىرىمىزغا ئىتائەت قىلغان ئىدۇق، ئۇلار بىزنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇۋەتتى»دەيدۇ﴾[1].

چۈنكى ھېچكىم دىنغا كىرىشكە زورلانمايدۇ. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزگەرمەس پىرىنسىپىدۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ھەركىم ئۆز ئەقلى بىلەن ئويلاپ ھەقىقەتنى تېپىپ، ئۇنى ئۆز قانائىتى بىلەن قوبۇل قىلىشى لازىم. ئىسلام قانۇنىدا «تەقلىدچىنىڭ ئىمانى دۇرۇس ئەمەس» دەيدىغان پىرىنسىپ بار.

3. كۆپ ساندىكى ئىسلام ئۆلىمالىرىغا كۆرە، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىسى بولغان ئالتە ئىمان مەسىلىسىدە تەقلىدچىلىك قىلىش جائىز ئەمەس. چۈنكى بۇ مەسىلە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن تا ھازىرغىچە بىر خىل داۋام قىلىپ كەلگەن ئەڭ ئۆزگەرمەس ۋە قەتئىيلەشكەن مەسىلىدۇر. بۇ مەسىلىنى بىلىشتە ئۆلىمالار بىلەن ئاۋام خەلقنىڭ پەرقى يوقتۇر. شۇڭلاشقىدەك، بۇ مەسىلىنى بىلىشنىڭ يولىدىمۇ ھەممە باراۋەردۇر[2].

4. پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى بىدئەت ئىشلاردا تەقلىد قىلىشنىڭ قەتئىي خاتا ئىكەنلىكىدە بىردەك ئىتتىپاقتۇر. چۈنكى دىن ئۆز ۋاقتىدا كامالىغا يېتىپ بولغان. كامالىغا يەتكەن نەرسە زىيادىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:﴿ الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الْإِسْلَامَ دِينًا﴾يەنى ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم،

(1) ئەھزاب سۈرىسى 67 ـ ئايەت.
(2) الكوكب المنير 4 ـ توم 538 ـ بەت، نشر البنود 2 ـ توم 337 ـ بەت، المسودة 458 ـ بەت، التمهيد 4 ـ توم 398 ـ بەت.

ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى تەكىتلەپ: «كىمكى بىزنىڭ بۇ دىنىمىزدا يېڭىلىق پەيدا قىلىدىكەن، ئۇ قەتئىي رەت قىلىنىدۇ.»[2] دېگەن.

## تەقلىد قىلىشقا بولىدىغان ئىشلار

يۇقىرىدا تەقلىد قىلىش مەنئى قىلىنغان ئىشلاردىن باشقا بارلىق دىنىي مەسىلىلەردە باشقىلارنى تەقلىد قىلىشنىڭ جائىزلىقىدا پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىتتىپاقتۇر[3].

## تەقلىد قىلىشقا بولىدىغان كىشىلەر

ئادالەتلىك مۇجتەھىدنى تەقلىد قىلىشنىڭ جائىزلىقىدا پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى بىردەك ئىتتىپاقتۇر[4].

مۇجتەھىد — ئىجتىھاد قىلىش سالاھىيىتىگە يەتكەن ۋە شەرىئەت دەلىللىرىدىن دىنىي مەسىلىلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنى توغرا يوسۇندا چىقىرالايدىغان كىشى دېمەكتۇر[5].

ئادالەت — سۆزى بىلەن قىلغان ئىشى بىر ـ بىرىگە زىت كەلمىگەن، شەرىئەتتە بۇيرۇلغانلارنى ئورۇنلاش ۋە مەنئى

---

(1) مائىدە سۈرىسى 3 ـ ئايەت.
(2) مۇسلىم رىۋايىتى.
(3) أضواء البيان 7 ـ486 ـ بەت، إمتاع العقول 204 ـ بەت.
(4) روضة الناظر 2 ـ توم 384 ـ بەت، شرح المنار 3 ـ توم 38 ـ بەت، فواتح الرحموت 2 ـ توم 402 ـ بەت.
(5) إرشاد الفحول 250 ـ بەت.

قىلىنغانلاردىن يىراق بولۇشى بىلەن تونۇلغان ئۆلگىلىك ئالىمنىڭ سۆپىتىدۇر[1].

## ئادالەتلىك مۇجتەھىدلەر كىملەر؟

ئادالەتلىك مۇجتەھىدلەر ئىسلام دۇنياسىدا مەشھۇر بولۇپ، بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان مەزھەپلەرنىڭ پېشىۋالىرى، ئۇلاردىن قالسا، ھەر بىر مەزھەپنىڭ مۆتىۋەر مۇجتەھىدلىرى ۋە باشقىمۇ سالاھىيەتلىك مۇجتەھىد ئالىملاردۇر. مەسىلەن: ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ پېشىۋاسى ئىمام ئەزەم بولۇپ، بۇ مەزھەپنىڭ مۆتىۋەرلىرى ئىمام ئەبۇ يۇسۇف، ئىمام مۇھەممەد ۋە ئىمام زۇفەرلەردۇر.

## مەزھەپكە ئەگىشىشنىڭ ھۆكمى

بۇ ماۋزۇ تۆۋەندىكى ئۈچ مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. ئاۋام خەلقنىڭ مەزھەپكە ئەگىشىش مەسىلىسى

ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپ سانلىقىنىڭ ئىتتىپاقى بويىچە، ئوقۇمىغان ئاۋاملارنىڭ مۇئەييەن بىر مەزھەپنى تەقلىد قىلىشى (ئەگىشىشى) جائىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ياخشىدۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿فَاسْأَلُوا أَهْلَ الذِّكْرِ إِنْ كُنْتُمْ لَا تَعْلَمُونَ﴾ يەنى ﴿ئەگەر بىلمىسەڭلار، بىلىدىغانلاردىن سوراڭلار﴾[2] دېيىش ئارقىلىق بىلمەيدىغان كىشىلەرنى بىلىدىغان ئۆلىمالاردىن سوراپ ئۆگىنىشكە ئەمر قىلغان.

---

(1) غاية المنتهى 3 ـ توم، 473 ـ بەت، حاشية الروض المربع 7 ـ توم 593 ـ بەت.
(2) نەھل سۈرىسى 43 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سوراپ ئۆگىنىشتىن نومۇس قىلىدىغانلارغا كايىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇلار بىلمىگەنلىرىنى سوراپ ئۆگەنسە بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ھەقىقەتەن يېتەرسىزلىكنىڭ شىپاسى سوئالدۇر.»[1]

ئاۋاملارمۇ ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتى بويىچە ئىش كۆرۈشكە چاقىرىلغان. شەرىئەت بويىچە ئىش كۆرۈش ئۈچۈن شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش شەرت. ئۇلارنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىشىنىڭ بىرلا يولى بىلگەنلەرنى تەقلىد قىلىشتۇر.

2. ئىجتىھاد قىلالمايدىغان ئالىمنىڭ مەزھەپكە ئەگىشىش مەسىلىسى

شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ دەلىللىرىنى ئۆز ئىجتىھادى بىلەن كۆچلۈك ياكى زەئىپ دەپ ئايرىيالايدىغان مەرتىۋىگە يەتمىگەن ئۆلىمانىڭ مۇئەييەن بىر مەزھەپنى تەقلىد قىلىشتا چىڭ تۇرىشى جائىزمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىسلام فىقھشۇناس ئالىملىرى ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى جائىز دېگەن قارارغا كەلگەن. بۇ، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن باشقا يولى بولمىغان كىشى ئۈچۈندۇر. ئەمما ئۇ بىرەر مەسىلىنىڭ دەلىلىنى بىلىپ، ئۆزى تەقلىد قىلىپ ئەگەشكەن مەزھەپنىڭ شۇ مەسىلىدىكى قارارى مەزكۇر دەلىلغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى بايقىسا، ئۇ مەسىلىدە ئۆز مەزھىپى بويىچە ئەمەس، بەلكى شۇ دەلىلنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىش كۆرۈشى پەرزدۇر[2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەدى

(1) ئەبۇداۋۇد، ھاكىم ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

(2) شرح الكوكب المنير 4 ـ توم 574 ـ بەت، اعلام الموقعين 4 ـ توم 331 ـ بەت، مجموع الفتاوى 4 ـ توم 253 ـ بەت.

ئىبنى ھاتەمگە: «ھارامنى ھالال ۋە ھالالنى ھارام قىلىشتا ئۆلىمالىرىنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلغان كىشى ئۆز ئۆلىمالىرىغا چوقۇنغان ۋە ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ» دېگەن سۆزى بۇ مەنىنى ئىپادىلىسە كېرەك[1].

3. ئىجتىھاد قىلالايدىغان كىشىنىڭ باشقىسىنى تەقلىد قىلىشى

كۆپ سانلىق ئۆلىمالارغا كۆرە، ئۆز ئىجتىھادى بىلەن شەرىئەت دەلىللىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئۇلاردىن مەسىلىلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش سەۋىيىسىگە يەتكەن كىشىنىڭ كۈچى يەتمىگەن بەزى مەسىلىلەردە باشقا بىرىنى تەقلىد قىلىشى جائىزدۇر[2].

مۇئەييەن بىر مەزھەپكە ئەگەشكەن كىشىنىڭ باشقا بىر مەزھەپنىڭ رەيىنى قوبۇل قىلىشى جائىزمۇ؟

كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ ئىتتىپاقى بويىچە، مۇئەييەن بىر مەزھەپكە ئەگەشكەن كىشىنىڭ بەزى مەسىلىلەردە باشقا بىر مەزھەپنىڭ رەيىنى قوبۇل قىلىشى جائىزدۇر. بۇ، شۇ مەسىلىدە باشقا مەزھەپنىڭ تۇتقان يولى ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلگەن كىشى ئۈچۈندۇر. ئەمما قايسىسىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن كىشىنىڭ مۇنداق قىلىشى ياخشى ئەمەس، ئۇ ئۆز مەزھىبىنى تۇتۇشى لازىم[3].

(1) تىرمىزى، ئىبنى جەرىر رىۋايىتى.
(2) فواتح الرحموت 2 ـ توم 402 ـ بەت، المستصفى 2 ـ توم 384 ـبەت.
(3) غاية الوصول 152 ـ بەت، إرشاد الفحول ـ بەت.

## رۇخسەت ئىزدەپ باشقا مەزھەپكە ئۆتۈش جائىزمۇ؟

پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى ئاۋامنىڭ ئوگايلىق ئىزدەپ ئۆلىمالارنىڭ رۇخسەتلىرى ئارقىسىدىن چېپىشىنىڭ قەتئىي جائىز ئەمەسلىكىدە بىردەك ئىتتىپاقتۇر. چۈنكى ئۆزى مەنسۇپ بولغان مەزھەبتىن باشقا بىر مەزھەپكە رۇخسەت ئىزدەپ ئۆتۈش ئۆلىمالارنىڭ سۆزىنى شەرىئەت دەلىللىرىدىن ئۈستۈن بىلگەنلىك ۋە دىنىي مەسىلىلەرنى ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ، دىنىنىڭ ھەيۋىتىنى چۈشۈرۈشكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردۇر. مۇندىن باشقا شەرىئەت ئەھكاملىرىدا رۇخسەت ئىزدەپ يۈرۈش كىشىنى كۆپلىگەن خاتالىقلارغا ئېلىپ بارىدۇ[1].

ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئۈچ نەرسە دىنىنى يىقىتىدۇ: بىرىنچىسى، ئالىمنىڭ ئېزىپ كېتىشى، ئىككىنچىسى، مۇناپىقلارنىڭ قۇرئان توغرۇلۇق جېدەل قىلىشى، ئۈچىنچىسى، ئازغۇن يولباشچىلار.»[2]

## مەزھەبكە ئەگەشمەسلىك دەۋاسى

زامانىمىزدا مەزھەپكە ئەگەشمەسلىك دەۋاسىنى قىلغۇچىلارنىڭ تولىسى ئاز - تولا ھەدىس ئۆگىنىۋېلىپلا ئۆزلىرىنى مۇجتەھىد ئالىملاردىن سانىغان ئاز ساندىكى كالتەپەملەرنىڭ دەۋاسى بولۇشى مۇمكىن. شەرىئەت ئىلىملىرىدە مۇجتەھىدلىق مەرتىۋىسىگە يەتمىگەنلەرنىڭ مۇئەييەن بىر مەزھەپنىڭ رەيى بويىچە ئىش كۆرۈشى

---

(1) شرح الكوكب المنير 4 - توم 577 - بەت ، إرشاد الفحول 272 - بەت ، غذاء اللباب 1 - توم 193 - بەت ، روضة الطالبين11 - توم 117 - بەت.

(2) دارىمىي رىۋايىتى.

ئەقىل ۋە شەرىئەتنىڭ بىردەك تەقەززاسىدۇر. چۈنكى شەرىئەت دەلىللىرىدىن دىنىي مەسىلىلەرنىڭ ئەھكاملىرىنى توغرا يوسۇندا چىقىرىش ھەممىلا ئالىمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ئۆزى قانائەت قىلغان مەزھەپنىڭ رەيى بويىچە ئىش كۆرۈشتۇر. مۇنداق قىلغان كىشى تۈرلۈك خاتالىقلاردىن ساقلىنىپ قالىدۇ. ھەر قانداق ئالىم مەزھەپتىن بىھاجەت بولالايدىغان ئىش بولسا ئىدى، ئەڭ ئاۋۋال زامانىمىزدىكى ئاتاقلىق ئۆلىمالار، ھەتتا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ دىنىي ماقامىلىرىدىكى كاتتا ئۆلىمالار ئۆزلىرىنىڭ مۇئەييەن بىر مەزھەپنى تەقلىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتمىغان بولار ئىدى. ئىمام ئەبۇ يۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدلەرمۇ ئىمام ئەزەمدىن قېلىشمايدىغان مۇجتەھىد ئالىملار ئىدى. ئۇلار ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەللەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقارغان ئۇستازلار بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ئىمام ئەزەمدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل مەزھەپ تەسىس قىلىشقا تامامەن ئىقتىدارلىق زاتلار ئىدى. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇپمۇ، ئۇلار يەنىلا ئۆزلىرى قانائەت قىلغان ھەنەفىي مەزھىبىدىن ۋاز كەچمىگەن.

## ئىسلام ۋە بىدئەت

بىدئەت ـ لۇغەتتە يېڭىلىقلارنى ئىجاد، ئىختىرا ۋە پەيدا قىلىش دېمەكتۇر.

يېڭىلىق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچىسى، زامانىمىزدىكى پەن ـ تېخنىكا يېڭىلىقلىرىغا ئوخشاش، دۇنيا ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك يېڭىلىقلار بولۇپ، ئۇلارنى ئىجاد ۋە ئىختىرا قىلىش ئىسلام دىنىدا تەشەببۇس قىلىنغان ياخشى ئىشلاردىندۇر.

ئىككىنچىسى، دىندا يېڭىلىق پەيدا قىلىش بولۇپ، ئۇ قەتئىي چەكلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. چۈنكى، دىن ئۆز ۋاقتىدىلا تاكامۇللىشىپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ھېچقانداق يېڭىلىق ياكى ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلمايدىغان بىر كامالەتتۇر. چۈنكى كامالىغا يەتكەن نەرسە زىيادىنى قوبۇل قىلمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى بىدئەت پەيدا قىلىشتىن مەنئى قىلىپ: «كىمكى بىزنىڭ بۇ دىنىمىزغا، ئۇنىڭدا بولمىغان نەرسىلەرنى پەيدا قىلىۋالىدىكەن، ئۇ قەتئىي رەت قىلىنىدۇ!»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

### دىندا پەيدا قىلىنغان بىدئەتلەر

دىندا پەيدا قىلىنغان بىدئەتلەر ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرىنچى

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى.

تۈردىكىسى، سۆز ۋە ئېتىقادتىكى بىدئەتلەر بولۇپ، ئىسلامدىكى ئازغۇن مەزھەبلەردىن: باھائىيە، جەھمىيە، رافىزە، خاۋارىج قاتارلىق ئازغۇن مەزھەبلەرنىڭ، شۇنداقلا بەزى شىئەلەرنىڭ ئېتىقاد سىستېمىلىرىدىكى بىدئەتلەردۇر.

ئىككىنچى تۈردىكىسى، ئىسلام دىنىدا بەلگىلەنگەن ئەمەل ـ ئىبادەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك بىدئەتلەر بولۇپ، ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى ئاللاھ كۆرسەتكەن يوسۇندا ئادا قىلماسلىق ياكى يېڭى ئىبادەت سىستېمىلىرىنى بەلگىلىۋېلىشقا ئوخشىغان بىدئەتلەردۇر.

بىزنىڭ توختىلىدىغىنىمىز ئىبادەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك بىدئەتلەر بولۇپ، بۇ خىلدىكى بىدئەتلەرنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئەسلى بۇيرۇلغان مەلۇم بىر ئىبادەتكە، شەرئەتتىن دەلىلسىز ھالدا، يېڭى ئىبادەت شەكىللىرىنى بەلگىلىۋېلىش.

(2) بۇيرۇلغان ئەسلى ئىبادەتلەرگە بىر نەرسىلەرنى زىيادە قىلىپ قوشۇۋېلىش.

(3) ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى شەرئەتتە بۇيرۇلغان شەكىل ۋە قائىدە ـ سىستېمىسى بويىچە ئادا قىلماستىن، يېڭىچە شەكىل ۋە قائىدە ـ تەرتىپلەرنى بەلگىلىۋېلىش.

(4) بۇيرۇلغان ئەسلى ئىبادەتلەرگە شەرئەتتىن دەلىلسىز ھالدا، ۋاقىت، كەيپىيات بەلگىلىۋېلىش.

يۇقىرىقى بىدئەت تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى شەرئەت ھۆكمى بىلەن ھارامدۇر. بىدئەتلەرنى سادىر قىلغۇچىلار گۇناھكار بولىدۇ.

## بىدئەتلەرنى مەنئى قىلىشنىڭ سەۋەبى

ئىسلام دىنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بەلگىلىمىگەن قائىدە ـ پىرىنسىپلەرنى كىشىلەرنىڭ بۇ دىنغا بەلگىلىۋېلىشىنى ۋە ئاللاھقا يېقىنلىشىش نىيىتى بىلەن بولسىمۇ دىندا بۇيرۇلمىغان ئىشلارنى ئىبادەت دەپ ئاتاپ بۇ دىنغا كىرگۈزۈۋېلىشىنى قەتئىيلىك بىلەن، كەسكىن مەنئى قىلىشتا ناھايىتى ھېكمەتلىك ۋە توغرا ئىش قىلغان. ھەتتا ناھايىتى ئوچۇق ۋە كەسكىن ھالدا «بىدئەتنىڭ ھەرقانداقى زالالەتتۇر» دەپ ئېلان قىلغان. دىنلار تارىخىدىن ئازراق بولسىمۇ خەۋىرى بولغان ھەرقانداق ئادەم، ئىسلام دىنىنىڭ بىدئەتلەرنى قەتئىي تۈردە مەنئى قىلغانلىقىدىكى ھېكمەتلەرنى ئوچۇق ۋە ئاشكارا كۆرەلەيدۇ.

تارىختىن بېرى پۈتۈن دىنلارنىڭ بۇزۇلۇشىغا ۋە ئاخىرى بېرىپ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىغا بىردىنبىر سەۋەب بولۇپ كەلگەن نەرسە ــ بىدئەت بولۇپ، بۇ مۇنداق:

(1) بىدئەت ـ دىن دۈشمەنلىرىنىڭ دىندارلارنى ئۆز غايىلىرىدىن ئاداشتۇرۇش ۋە دىندىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان قورالى بولۇپ كەلدى. دىن دۈشمەنلىرى دىندارلار سېپىگە كىرىۋېلىپ، دىندارلاردىن بەزى نادانلارغا ئۆزلىرىنىڭ كۆرۈنۈشتە ئاللاھقا يېقىنلىشىش، ئەمما غايىسى ئۇلارنى دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن چىقىرىشتىن ئىبارەت ھىيلە ـ مىكىرلىرىگە قايىل قىلۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دىنىنى، بەخت ـ سائادىتىنى بۇزۇپ تاشلىدى، ئېتىقاد ۋە ئىبادەتلىرىنى بولسا خاراب قىلدى. ئۇلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدا ئۆز شەرىئەتلىرىنى ساقلاپ قېلىشلىرىغا قەتئىي پۇرسەت بەرمەستىن، ھەدەپ تۈرلۈك خۇراپاتلارنى

ئىبادەت نامى بىلەن دىنغا ئېلىپ كىرىشكە باشلىدى. بارلىق خۇراپات ۋە پاساتچىلىقلارنىڭ ئىشكىنى شۇ بىدئەت ئېچىۋەتتى. كېيىنچە ئۇلار بىدئەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. نەتىجىدە، مەزكۇر دىنلار تۈپ ئاساسىدىن بۇزۇلدى.

(2) بىدئەت يولى بىلەن، ساماۋىي دىنلارغا شېرىك، بۇتدىستلىق ئەقىدىلىرى ھەدەپ كىرىپ كەلدى، نەتىجىدە دىندارلار ئۆزلىرىنىڭ ھەق دىنلىرىدىن ئېزىپ، ئالللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش يوللىرىغا كىرىپ كەتتى ۋە ئالللاھنى قويۇپ، ساختا مەبۇدلارغا چوقۇنۇش بىلەن تۆگەشتى. ئەسلى ساماۋىي دىن بولغان خىرىستىيان دىنىنى مىسال قىلىدىغان بولساق، خىرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئالللاھنىڭ ئوغلى ۋە ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرى، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ئالللاھنىڭ ئوغلى دەپ ئېيتقان ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى ئالللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى دەپ ئېلان قىلغان. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆزى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «ئەمما ئىنسان ئوغلىنىڭ (يەنى مېنىڭ) بېشىنى قويىدىغان يېرى يوق»[1] دېگەن. مەتتا ئىنجىلدە يەنە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزى قەيت قىلىنغان: «ئىيسا ‹مەن ھازىردىن باشلاپ سىلەرگە شۇنى ئېيتىمەنكى، سىلەر كۆرۈپ تۇرغان كىشى ئىنسان ئوغلىدۇر›دېدى»[2]. يۇقىرىقى تېكىستلەردە، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ئالللاھنىڭ ئوغلى دېمىگەن، بەلكى ئىنسان ئوغلى دېگەن.

(3) بىدئەت يولى بىلەن دىندا چېكىدىن ئېشىش، دىندارلارغا ئۇلار

(1) مەتتا ئىنجىلى 18 ـ بۆلۈم 20 ـ تېكىستتە.
(2) مەتتا ئىنجىلى18ـ بۆلۈم 64 ـ تېكىست.

تــاقەت قىلالىغۇســىز، ئېغىــر تەلەپلەرنــى قويــۇش، تەركىيــدۇنيالىقنى تەشــەببۇس قىلىــش ئــارقىلىق ئــۇلارنى دىنــدىن زېرىكتــۈرۈش قاتــارلىق سەلبى نەتىجىلەر كېلىپ چىقتى.

(4) بىدئەت يـولى بىـلەن كىشـىلەر دىـنلاردا خالىغـانچە شـەرىئەت ۋە ئىبادەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىقتـى. دىنىـي يېتەكچىلەر ھەددىـدىن ئېشىـپ ئاللاھ ھالال قىلغان دۇنيـا زىنەتلىـرى ۋە خوشـبۇيلارنى دىنـدارلارغا ھـارام قىلــدى. ئــۇلار «دىــن» نــامى بىــلەن دۇنيــا ئىشــلىرىغا ســەلبى نەزەردە قارىــدى. ئىمــان دەۋاســى بىــلەن كىشــىلەرنىڭ بەخــت - سـائادەتلىرىنى بوغدى. ئاللاھقا يېتىمىز دېگەن گۇمـان بىـلەن بەنـدىلەرنى ئازابلىـدى. نەتىجىــدە، ئــاللاھنى رازى قىلىــش ئۈيـاقتـا تۇرســۇن، ئــۆزلىرىنى خـاراب قىلــدى. بــۇ ئورۇنــدا خىرىســتىيان پوپلىرىنىــڭ ئاللاھقــا يېقىنلىشــىش دەۋاسى بىـلەن، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا خىلاپ ھالدا، ئىنسان تەبىئىــتىگە مۇناســىپ كەلمەيــدىغان «تەركىيــدۇنيالىق» تەرغىبــاتىنى ئەۋجــگە چىقىرىشــى ئــارقىلىق پۈتــۈن ياۋروپــا خەلقىنــى دىنــدىن زېرىكتــۈرگەنلىكى، ئاخىرىــدا ياۋروپــادا SECULARISM «دىنىنــى ھايالىقتىن ئـايرىش» ئېقىمىنىـڭ چىقىشـىغا سـەۋەب بولغـانلىقىنى ئەسكە ئېلىش يېتەرلىك.

(5) بىدئەت يولى بىلەن دىـنلاردا تەرەققىياتقـا، ئىلىـم - پەنـگە ۋە ھەر قانـداق كەشـپىياتلارغا قارشـى يېڭـى نىـزاملار دىـن نامىـدىن ئويـدۇرۇپ چىقىلــــدى. ھەتتــــا ياۋروپــــا خەلقــــى خىرىســــتىيان پوپلىرىنىــــڭ بېســىمدارلىقىدىن قۇتۇلۇشــنى ئــارزۇ قىلىــدىغان ھالغـا كەلـدى. چـۈنكى خىرىسـتىيان پــوپلىرى ئىلىــم - پەن خــادىملىرىنى، كەشـپىياتچىلارنى كاپىرلىقتا ھۆكـۈم قىلىـپ ئۆلتـۈرۈپلا تـۇردى. زېمىنىنىـڭ شـار شـەكىللىك ئىكەنلىكىنــى ئــېلان قىلغــان ئــالىم گــالىلى گــالىلىيونى خىرىســتىيان

چىركاۋىدىن كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىپ ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى ئېلان قىلىنغانلىقىمۇ بۇنىڭ تىپىك مىسالى.

# ئىسلام ۋە كۇپرى

كۇپرى سوزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى پەردىلەش، يوشۇرۇش ۋە يېپىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام ئىستىلاھىدىكى مەنىسى ئاللاھ تائالاغا ياكى پەيغەمبەرلەردىن بىرەرسىگە ياكى قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ سۆزى ئىكەنلىكىگە ياكى ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇلغان مەسىلىلەردىن بىرەرسىگە ئىنكار قىلىش ياكى قۇرئان كەرىمدە ھالال قىلىنغاننى ھارام، ھارام قىلىنغاننى ھالال دەپ ئېتىقاد قىلىش دېگەنلىكتۇر.

چۈنكى ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلىق ھەققانىيلىقتىن ئىبارەت ئىنسانىنىڭ ئەسلى ۋە ساپ تەبىئىتىنى پەردىلەپ يوشۇرغانلىق بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا ياكى ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان ھەقىقەتلەرگە ئىنكار قىلغان ئادەم «كاپىر» يەنى ھەقىقەتنى يوشۇرغۇچى دەپ ئاتالغان.

## كۇپرىنىڭ تۈرلىرى

كۇپرى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى، ئېتىقادتىكى كۇپرىلىق، يەنە بىرى، ئەمەلدىكى كۇپرىلىقتۇر. ئېتىقادتىكى كۇپرىلىق سادىر قىلغۇچىسىنى ئىماندىن چىقىرىدۇ. ئەمما ئەمەلدىكى كۇپرىلىق ئىماندىن چىقارمىسىمۇ گۇناھقا پاتۇرىدۇ.

## ئېتىقادتىكى كۇپرىلىق ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

ئېتىقادتىكى كۇپرىلىقنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) كۇپرى ئىنكار

كۇپرى ئىنكار — قۇرئان كەرىمگە ياكى ئۇنىڭدا كەلگەن ھۆكۈملەرگە ۋەياكى ئۇنىڭدا بېكىتىلگەن بەش ۋاخ ناماز، روزا، زاكات دېگەندەك پەرزلەرنىڭ بىرەرسىگە ئىنكار قىلىش دېمەكتۇر. بۇنىڭ

دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى:﴿ وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنِ افْتَرَى عَلَى اللَّهِ كَذِبًا أَوْ كَذَّبَ بِالْحَقِّ لَمَّا جَاءَهُ أَلَيْسَ فِي جَهَنَّمَ مَثْوًى لِلْكَافِرِينَ﴾يەنى ﴿ئاللاھ تائالاغا يالغاننى چاپلىغان ياكى ھەق كەلگەندە ئۇنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ جەھەننەمدە كاپىرلارغا جاي يوقمىدۇ؟﴾[1].

(2) كۇپرى تەكەببۇر

كۇپرى تەكەببۇر ـ ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىپ تۇرۇپ، چوڭلۇق قىلغانلىقتىن ئۇنىڭغا بويسۇنماسلىق دېمەكتۇر. بۇ خىلدىكى كۇپرى ئىبلىسنىڭ كاپىرلىقىغا ئوخشاش كۇپرىدۇر. چۈنكى ئىبلىس ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان ئىدى. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى:﴿ وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلَائِكَةِ اسْجُدُوا لِآدَمَ فَسَجَدُوا إِلَّا إِبْلِيسَ أَبَى وَاسْتَكْبَرَ وَكَانَ مِنَ الْكَافِرِينَ﴾يەنى ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە ‹ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار› دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس (سەجدە قىلىشتىن) باش تارتتى، تەكەببۇرلۇق قىلدى، ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى﴾[2].

دېمەك، ئىبلىسنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغانلىقى ئۈچۈن كاپىر بولۇپ كەتكەنلىكى بۇ ئايەتتە ئېنىق بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغان مۇتەكەببىرلەرنىڭ ئاقىۋىتى ئىبلىسنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن بىردۇر.

(3) كۇپرى شەك

(1) ئەنكەبۇت سۈرىسى 68 ـ ئايەت.

(2) بەقەرە سۈرىسى 34 ـ ئايەت.

كۇپرى شەك — ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرى بولغان ئالتە ئىمانىنىڭ قايسى بىرىگە شەك كەلتۈرۈش دېمەكتۇر. ئۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى: ﴿وَمَا أَظُنُّ السَّاعَةَ قَائِمَةً وَلَئِنْ رُدِدْتُ إِلَى رَبِّي لَأَجِدَنَّ خَيْرًا مِنْهَا مُنْقَلَبًا. قَالَ لَهُ صَاحِبُهُ وَهُوَ يُحَاوِرُهُ أَكَفَرْتَ بِالَّذِي خَلَقَكَ مِنْ تُرَابٍ ثُمَّ مِنْ نُطْفَةٍ ثُمَّ سَوَّاكَ رَجُلاً﴾ يەنى ﴿(كاپىر ئادەم مۇنداق دېدى) قىيامەت بولمايدۇ دەپ ئويلايمەن، ئەگەر مەن رەببىمگە قايتۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە بۇ باغدىن ياخشىراق جاينى تاپىمەن. ئۇنىڭغا (مۆمىن) بۇرادىرى مۇنازىرلەشكەن هالدا، سېنى (ئەسلىدە) تۇپراقتىن، ئاندىن ئابىمەنىدىن يارىتىپ، ئاندىن سېنى راۋۇرۇس ئىنسان قىلغان زاتنى ئىنكار قىلامسەن؟ دېدى﴾[1]. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا ئىشەنگەن بولسىمۇ، ئاخىرەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا شەك كەلتۈرۈپ چىنپۈتمىگەن ئادەم كاپىرلاردىن سانىلىدۇ.

بۇ ئايەتتە، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا شەك كەلتۈرگەن كىشى ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغانغا ئوخشاش قىلىپ كۆرسىتىلگەن. ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقىدا شەك يوق.

(4) كۇپرى ئېتىراز

كۇپرى ئېتىراز — ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ئەمەللەرگە قارشىلىق بىلدۈرۈش ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈش دېمەكتۇر. ﴿وَالَّذِينَ كَفَرُوا عَمَّا أُنْذِرُوا مُعْرِضُونَ﴾ يەنى ﴿كاپىرلار ئاگاهلاندۇرۇلغان نەرسىلەردىن يۈز

(1) كەهف سۈرىسى 36 ـ 37 ـ ئايەتلەر.

ئۆرۈگۈچىلەردۇر﴾[1].

بۇ ئايەتتىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىدىن ۋە ئىسلام دەۋىتىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەرنىڭ شەكسىز «كاپىرلار» ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

(5) كۇپرى نىفاق

كۇپرى نىفاق — تىلىدا ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ قويۇپ، دىلىدا ئىشەنمەسلىك دېمەكتۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى:﴿وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَقُولُ آَمَنَّا بِاللَّهِ وَبِالْيَوْمِ الْآَخِرِ وَمَا هُمْ بِمُؤْمِنِينَ﴾يەنى ﴿كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتتە ئۇلار ئىشەنمەيدۇ﴾[2].

بۇ ئايەتتە، مۇناپىقلار ئېغىزلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى «مۇسۇلمان» دەپ قانچىلىك دەۋا قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئەمەس، بەلكى كۇففارلاردىن ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

ئېتىقادتىكى كۇپرىلىقنى سادىر قىلغان ئادەم ئىسلام ۋە ئىماندىن چىقىپ كېتىش ئارقىلىق كاپىر بولىدۇ. قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئېتىقادتىكى كۇپرىلىق ئىمانغا زىت كېلىدۇ ۋە ئىمان بىلەن ھەرگىز بىرلىشەلمەيدۇ.

## ئەمەلدىكى كۇپرىلىقنىڭ تۈرلىرى

(1) كۇپرى نېمەت

(1) ئەھقاف سۈرىسى 3 ـ ئايەت.
(2) بەقەرە سۈرىسى 8 ـ ئايەت.

كـۇپىرى نـېمەت — ئـاللاھ تائالانـىڭ بەرگەن نېمەتلىرىنـى تونـۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا شۈكۈر ئادا قىلماستىن ئـاللاھ تائالاغـا ئاسـىيلىق قىلىـش دېمەكتـۇر. بۇنـىڭ دەلىلـى ئـاللاھ تائالانـىڭ مۇنـۇ سـۆزى:﴿ لَئِن شَكَرْتُمْ لأَزِيدَنَّكُمْ وَلَئِن كَفَرْتُمْ إِنَّ عَذَابِي لَشَدِيد﴾يەنـى﴿شـۈكۈر قىلسـاڭلار، تېخمـۇ زىيـادە قىلىـپ بېـرىمەن، ئەگەر تۇزكورلـۇق قىلساڭلار، مېنىـڭ ئـازابىم، ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ﴾[1].

(2) كۇپرى مەئسىيەت

كـــۇپرى مەئســـيەت — ئىســـلام شـــەرىئىتىدە كۇپرىلـــق بىـــلەن سۈپەتلەنگەن ھەرقانداق گۇناھ ـ مەسىيەتلەر ۋە يامـان ئىشلار دېمەكتـۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

① مۇســـۇلماننى نـــاھەق ئۆلتـــۈرۈش. بۇنـــىڭ دەلىلـــى پەيغەمـــبەر ئەلەيھىســـسالامنىڭ مۇنـــۇ ســـۆزى: «مۇســـۇلماننى ھاقـــارەتلەش ئېغىـــر گۇناھتۇر، ئۇنى ناھەق ئۆلتۈرۈش كۇپرىلىقتۇر»[2].

②ھاراق ئىچىش، ئوغرىلىـق قىلىـش ۋە زىنـا قىلىـش. بۇنـىڭ دەلىلـى پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ مۇنـۇ سـۆزى: «زىنـا قىلغـۇچى مۆمىنلىـك ھالىتىدە زىنا قىلمايـدۇ، ئـوغرى مۆمىنلىـك ھالىتىـدە ئوغرىلىـق قىلمايـدۇ ۋە ھاراق ئىچكۈچى مۆمىنلىك ھالىتىدە ھاراق ئىچمەيدۇ»[3].

③ناماز، روزا، زاكـات قاتـارلىق پەرز ئەمەللەرنـى تەرك ئېـتىش. بۇنـىڭ دەلىلـى پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ مۇنـۇ سـۆزى: «كـاپىرلار بىـلەن

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 7 ـ ئايەت.
(2) بۇخارى رىۋايىتى.
(3) مۇسلىم رىۋايىتى.

بىزنىڭ ئارىمىزدىكى پەرق نامازدۇر. نامازنى تەرك قىلغان كىشى كاپىر بولغان بولىدۇ»[1]. بۇ ھەدىستىكى كاپىرلىق ئىماندىن چىقىرىدىغان دەرىجىدىكى ئېتىقادىي كاپىرلىق ئەمەس، بەلكى ئەمەلدىكى كاپىرلىقتۇر.

(3) كۇپرى ھۆكۈم

كۇپرى ھۆكۈم - ئىسلام شەرىئەت قانۇنىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىپ تۇرۇپ، بەزى چەكلىمىلەر تۈپەيلى باشقا قانۇنلارنى دەستۇر قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئىش كۆرۈش دېمەكتۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى: ﴿وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ﴾ يەنى ﴿كىمكى ئاللاھ چۈشۈرگەن ئەھكاملار بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، مۇنداقلار كاپىرلارنىڭ ئۆزىدۇر﴾[2].

ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتىنى «بۇ ئەسىرگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ» دېگەن ئېتىقاد بىلەن ياكى يەرلىك قانۇنلارنى ئۇنىڭدىن ئەۋزەل ياكى ئوخشاش سانىغانلىق سەۋەب بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتىدىن يۈز ئۆرۈگۈچىلەر ئېتىقادتىكى كۇپرىلىقنىڭ ھۆكمىگە كىرىدۇ. چۈنكى بۇ خىل كۇپرىلىق ئېتىقادىي كۇپرىنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ئىمانغا زىت كېلىدۇ. شۇڭا بۇنى سادىر قىلغۇچىلار كاپىر بولىدۇ[3].

ئەمەلدىكى كۇپرىلىقنى سادىر قىلغان كىشى ئىسلامدىن ياكى

(1) ئىمام ئەھمەت رىۋايىتى.

(2) مائىدە سۈرىسى 44 ـ ئايەت.

(3) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ« العبادة في الإسلام» (ئىسلامدا ئىبادەت) ۋە شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەل فەۋزاننىڭ «كتاب التوحيد» (تەۋھىد كىتابى) ناملىق ئەسەرلىرىدىن ئېلىندى.

ئىماندىن چىقىپ كەتمەيدۇ. نەتىجىدە، كاپىر بولمايدۇ. قىلغان ياخشى ئەمەللىرىمۇ بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئەمەلدىكى كۆپرىلىق ئىمانغا زىت كەلمەيدۇ، بىراق ئۇنى سادىر قىلغۇچى قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ.

# ئىسلام ۋە نىفاق

نىفاق سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى ئىچىدە بىر نەرسىنى يوشۇرۇش دېگەنلىك بولۇپ، نىفاق ئېتىقادتىكى نىفاق ۋە ئەمەلدىكى نىفاق دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

## ئېتىقادتىكى نىفاق

ئېتىقادتىكى نىفاق ـ تىلدا مۇسۇلمانلىقنى سۆزلەپ قويۇپ، دىلدا كۇپرىلىقنى يوشۇرۇش دېمەكتۇر. مانا بۇ، تىلىمىزدىكى «مۇناپىق» سۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدۇر. مۇناپىقلارنىڭ زىيىنى ۋە خەتىرى كاپىرلارنىڭكىدىن چوڭدۇر. چۈنكى ئۇلار يوشۇرۇن دۈشمەندۇر. شۇڭىمۇ مۇناپىقلارنىڭ ئاخىرەتتە ئۇچرايدىغان جازاسىمۇ كاپىرلارنىڭكىدىن ئەلۋەتتە ئېغىر بولىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم مۇنداق دېگەن: ﴿ إِنَّ الْمُنَافِقِينَ فِي الدَّرْكِ الْأَسْفَلِ مِنَ النَّارِ وَلَنْ تَجِدَ لَهُمْ نَصِيرًا﴾ يەنى ﴿مۇناپىقلار دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايسەن﴾[1].

مۇناپىقلار ھەر قانداق دەۋر ۋە ھەرقانداق جايدا تېپىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ ئىككىنچى سۈرىسى ـ بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدىلا مۆمىنلەر، كاپىرلار ۋە مۇناپىقلاردىن ئىبارەت ئۈچ گۇرۇھ كىشىلەرنى بايان قىلغان بولۇپ، مۆمىنلەرنىڭ بايانى 3 ئايەت بىلەن، كاپىرلارنىڭ بايانى 2 ئايەت بىلەن تاماملانغان بولسا، مۇناپىقلارنىڭ خەتىرى چوڭ ۋە ئۇلارنى تونۇۋېلىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن

---

(1) نىسا سۈرىسى145ـ ئايەت.

ئۇلارنىڭ بايانى 13 ئايەت بىلەن تاماملامغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا، جۈملىدىن ئىنسانىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيان ـ زەخمەتلىرى چوڭدۇر.

مۇناپىقلار قايسىبىر مىللەت ۋە قايسىبىر جايدا بولمىسۇن، ئۇلار ھامان ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىش يولىدا ئىش ئېلىپ بارىدۇ. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەمىشە نەپرىتىگە ئۇچراپلا تۇرىدۇ. بۇ مۇناپىقلارنى ئىشلەتكەن بىسىمدارلارمۇ ئۇلارنى سۆيمەيدۇ. ۋاقتى كەلگەندە ئۇلارنى ئۆز قولى بىلەن يوق قىلىۋېتىدۇ.

**ئەمەلدىكى نىفاق**

ئەمەلدىكى نىفاق ـ ئۆزى مۇسۇلمان بولسىمۇ، مۇناپىقلارنىڭ قىلىقىنى قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئەمەلدىكى نىفاقنى سادىر قىلغۇچىلارنىڭ مۇناپىقلىقى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى بىسىپ كەتمىگەنلا بولسا، مۇسۇلمانلاردىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، يالغان سۆزلەش، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، جېدەللەشكەندە ئېغىزىنى بۇزۇش قاتارلىق تۆت ئىللەت كىمدە بولسا، ئۇ ھەقىقىي مەنىدىكى مۇناپىق بولىدۇ، بۇ تۆت ئىللەتتىن بىرەرسىنى ئۆزىگە يەرلەشتۈرگەن ئادەم ئۇنى تاشلىمىغىچە، مۇناپىقلىق ئالامىتىنى ئۆزىدە ساقلىغان بولىدۇ»[1].

ئېتىقادتىكى نىفاق بىلەن ئەمەلدىكى نىفاقنىڭ پەرقلىرى تۆۋەندىكىچە:

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى .

(1) ئېتىقـادىيكى نىفـاق ئېتىقادىتـا تىـل بىـلەن دىلنىـڭ بىـردەك بولماسـلىقىدۇر. ئەممـا ئەمەلـدىكى نىفـاق ئىنسـانلارغا قارىتـا ئىككـى يۈزلىمىچىلىك قىلىشتۇر.

(2) ئېتىقـادىيكى نىفـاقنى سـادىر قىلغـۇچىلار گەرچە ئـۆزلىرىنى مۇسـۇلمانلار قاتارىـدىن سانىسـىمۇ، ئاللاھنىـڭ نەزىرىـدە ئەشـەددىي كـاپىرلاردۇر. ئەممـا ئەمەلـدىكى نىفـاقنى سـادىر قىلغـۇچىلار ئاللاھنىـڭ نەزىرىـــدە مۇســـۇلمانلاردىن سانالســـىمۇ، ئىنســـانلارنىڭ نەزىرىـــدە مۇناپىقلاردىن سانىلىدۇ.

(3) ئېتىقادىيكى نىفاق مۇسۇلمان ئادەمدىن سادىر بولمايـدۇ. چـۈنكى ئـۇ كاپىرنىـڭ ئىشىـدۇر. ئەممـا ئەمەلـدىكى نىفـاق بەزى مۇسـۇلمانلاردىن سادىر بولىدۇ.

(4) ئېتىقادىيكى نىفاقنى سـادىر قىلغـان ئادەمنىـڭ تەۋبىسـى ئىمـان ئېيــتىش بىــلەن بولىــدۇ. ئەممــا ئەمەلــدىكى نىفــاقنى ســادىر قىلغــان ئادەمنىڭ تەۋبىسى ئەخلاقىنـى تۈزىتىـپ، ئـۆزىنى ئىسـلاھ قىلىـش بىـلەن بولىدۇ[1].

---

(1) شەيخ مۇھەممەد ئىبنـى سـالىھ ئەل فەۋزاننىـڭ«كتـاب التوحيـد» (تەۋھىـد كىتـابى) ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

# ئىسلام ۋە خائىنلىق

قەدىمدىن ھازىرغىچە «خائىن» سۆزى مىللەتكە ۋە ۋەتەنگە ئاشكارا ھەم يوشۇرۇن ئاسىيلىق قىلىپ كەلگەن مەلئۇنلارغا قارىتىلىپ كەلگەن بىر ئاتالغۇ بولۇپ، ھازىرقى كۈندە ئۇنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ كەتكەن. زامانىمىزدا «خائىن» سۆزى ۋەتەن ۋە مىللەتكە ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاننىڭ سىرتىدا، مۇناپىقلارنى، چېقىمچىلارنى، ئۆز مىللىتىنىڭ زىيىنىغا چاپىدىغان غالچىلارنى، ساتقۇنلارنى ۋە ھەقىقەتكە كۆز يۇمغۇچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خائىنلار ۋەتەن ۋە مىللەتنى غاجايدىغان چاشقانلار، مىللەتنىڭ گوركارى، خەلقنىڭ قېنىنى يوشۇرۇغۇچى، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ بېشىنى بېسىمدارلارغا سۇنغۇچى ئەبلەخلەردۇر. ئۇيغۇر مىللىتىدىكى خائىنلار تەبىقىسى زور كۆپچىلىك يازغۇچىلار ۋە شائىرلارنى، قارا قورساق، جان باقار مولللارنى، ھوقۇق بىلەن مەنسەپ ئۈچۈن ھەر نەرسىدىن كېچىدىغان ئاچكۆز ئەمەلدارلارنى، مەنسەپ تەمەسىدە ئۆز مىللىتىنى سېتىشنى كەسىپ قىلىۋالغان غالچىلارنى ۋە ئىشچى، خىزمەتچى، دېھقانلار قاتلىمىدىكى بىر قىسمىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خائىنلىق بىر خىل رەزىل قىلمىش. ئۇنى مەنىۋىيىتى بۇلغانغان، روھى كور، نەپسانىيەتچىلىك ئىدىيەسى كۈچلۈك، ئىنتايىن پەس ئادەملەر سادىر قىلىدۇ.

ئىسلام نەزىرىدە خائىنلىقنىڭ گۇناھى مۇناپىقلىق ۋە كاپىرلىقنىڭ گۇناھىدىن ئېغىر ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىمۇ ئەڭ يامان كۆرىلىدىغان جىنايەت خىيانەتچىلىكتۇر. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»دە:﴿إِنَّ اللّهَ لاَ يُحِبُّ مَنْ كَانَ خَوَّانًا أَثِيْمًا﴾ يەنى ﴿خىيانەتكە

ئادەتلەنگەن، گۇناھقا چۆمگەن كىشىنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ﴾[1] دەپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بىرەر بەندىسىنى ھالاك قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭدىن ھايانى سۇغۇرۇپ ئالىدۇ، ئۇنىڭدىن ھايا سۇغۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ھەر كىمنىڭ نەپرىتىگە ۋە غەزىپىگە لايىق بىرى بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئامانەت يوقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئامانەت يوقالغاندىن كېيىن، ئۇ ھەمىشە خىيانەت قىلىدىغان خائىنغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇ خائىنغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن رەھىم ـ شەپقەت يوقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن رەھىم ـ شەپقەت يوقالغاندىن كېيىن، ئۇ كىشى لەنەتكەردىگە ئايلىنىدۇ، ئۇ لەنەتكەردى بولغاندىن كېيىن، ئىمان ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىدۇ.»[2]

ئۇيغۇر مىللىتىدىن چىققان، تېگى پەس، رەزىل خائىنلارنىڭ خەلقىمىزگە سالغان زىيانلىرى ئاز بولمىغان. مەسىلەن: مىلادىيە 8 ـ ئەسىردە ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يىمىرىلىپ تاشلىنىشىغا ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ سارىيىدىكى بىر قىسىم خائىن، مۇناپىقلارنىڭ پۈتۈن مەخپىيەتچىلىكلەرنى قارشى تەرەپكە يەتكۈزۈپ قويۇش ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىگە خىيانەت قىلغانلىقى سەۋەب بولغان. شۇنداقلا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يىمىرىلىپ قالماقلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشىدىمۇ، مەنسەپ تەمەسىدە دۈشمەنگە سېتىلىپ كەتكەن ئاپپاق خوجا باشچىلىقىدىكى مۇناپىقلارنىڭ خائىنلىقى ئاساسلىق رول ئوينىغان. ھازىرمۇ بۇ خىلدىكى مۇناپىقلارنىڭ خەلقىمىزگە بولغان زىيانكەشلىكى داۋام قىلماقتا.

---

(1) نىسا سۈرىسى 107ـ ئايەت

(2) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

## خائىنلارغا ياخشى كۆڭۈل بولمايدۇ

خائىنلار مەيلى ئۆزىنىڭ قەۋم ـ قېرىنداشلىرى، مەيلى ئۆزلىرى ئىشلىگەن خوجايىنلىرى تەرىپىدىن ھەرگىزمۇ ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى خائىن ـ مىللىتىدىن تانغان تۇزكور بولغانلىقتىن، ئۇنى باشقىلار ئەمەس، ئۆزىنىڭ قەۋم ـقېرىنداشلىرىمۇ سۆيمەيدۇ. ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ. مۇنداق خائىنلارنى ئىشلەتكەن خوجايىنلىرىمۇ ئۇلارغا ئىشەنچ قىلمايدۇ، سۆيمەيدۇ، ۋاپا قىلمايدۇ، ئاخىرى ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇپ تۈگىتىدۇ. چۈنكى ئۆزىنىڭ قەۋم ـ قېرىنداشلىرىدىن تانغان، ئۇلارنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئىشلىگەن خائىنلارنى ئىشلەتكەن خوجايىنلارمۇ ئۇلارنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى، نانكۆرلىكىنى، ۋاقتى كەلسە خوجايىنلىرىنىمۇ سېتىپ قويىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ ـدە، ئۇلارغا ۋاقتىنچە ئىنئاملارنى قىلىپ تۇرۇپ خىزمەتلىرىگە سېلىپ بولۇپلا ئۇلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ كويىغا كىرىدۇ. دۇنيادا خائىندەك پەسكەش، زىيانكار، نومۇسسىز ۋە ئەخمەق مەخلۇق بولمىسا كېرەك. چۈنكى ئۇ مىللىتىنىڭلار ئەمەس، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ گورىنى كولايدۇ ئەمەسمۇ؟! »

## چېقىمچىلىق ۋە ئۇنىڭ خەتەرلىرى

چېقىمچىلىق ـــ بىراۋنى زىيانغا ئۇچرىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەققىدە باشقىلاردىن ئاڭلىغان بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپنى، يالغان سۆزلەر بىلەن كۆپتۈرۈپ قارشى تەرەپكە ئاڭلىتىش يالغانچىلىقى بولۇپ، خائىنلىقنىڭ بىر تۈرىدۇر. بۇ ئادەتتىكى گەپ توشۇشتىن پەرقلىق جىنايەتتۇر. چۈنكى گەپ توشۇش مەقسەتسىزمۇ ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەمما

چېقىمچىلىق رەزىل مەقسەتلەر ئارقىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنداق چېقىمچىلىق شۇ ئىنسانىنىڭ نىيىتى بۇزۇق، روھى كېسەل، بىپەرۋا ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بىر قېتىملىق چېقىمچىلىقنىڭ سەۋەبى بىلەن دوستلار ۋە ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇپ، بەختنىڭ ئاساسى بولغان خاتىرجەملىك، ئىناقلىق بۇزۇلىدۇ. ئىجتىمائىي ھاياتتا چېقىمچىلىققا قارشى تۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى — چېقىمچىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماسلىق، ياكى ئىشەنمەسلىكتۇر. چېقىمچىنىڭ يامان ئاقىۋىتى توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى بىر كىشىنىڭ باشقىلار ئاڭلاپ قېلىشىنى ياقتۇرمايدىغان سۆزىنى ئاڭلىتىپ قويىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىغا قوغۇشۇن قويۇلىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

مەسجىدلەرگە كىرگەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى چېقىپ قويۇش، ئېغىر ئاياق ئىكەنلىكى بىلىنىپ قالغان ئاياللارنى دەرھال مەلۇم قىلىش، خوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ چىققانلارنى تىزىملاش، ياراتقۇچىسىنى تونۇش يولىدا مەخپىي ھالدا دىنىي بىلىم ئوقۇغانلارنى ساقچىلارغا مەلۇم قىلىپ تۇتۇپ بېرىش قاتارلىق خائىنلىق تۈرلىرىنى سادىر قىلىدىغانلار خوجايىنلىرى تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ئازغىنە ۋاقىتلىق ئىنئاملارغا سېتىلىپ، ئۆز مىللىتىنى قۇرۇتۇش يولىغا كىرگەن مەلئۇنلاردۇر. مۇنداق مەلئۇنلار ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن ھەممە قاتلاملىرىدا تولۇپ تاشماقتا. مۇنداقلاردا ئازراق بولسىمۇ ئىمان ۋە ۋىجدان يوقمىدۇ؟ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ قەۋم ـ قېرىنداشلىرىنى سېتىشتىن

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

تۇسىدىغان كىچىككىنە بولسىمۇ ئادىمىيلىك غۇرۇرىمۇ قالمىغانمىدۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى ھېس قىلمامدىغاندۇ؟!

# چوڭ گۇناھلار

گۇناھلار دەرىجە ئېتىبارى بىلەن چوڭ گۇناھلار( گۇناھى كەبىرە) ۋە كىچىك گۇناھلار(گۇناھى سەغىرە)دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**چوڭ گۇناھلار**

چوڭ گۇناھلار-ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئاتا- ئانىنى قاخشىتىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش، ئۆسۈم مۇئامىلىسى قىلىش، ھاراق ئىچىش، ئۇرۇش مەيدانىدىن قېچىش، پاك ئاياللارغا تۆھمەت چاپلاش قاتارلىقلاردۇر. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ھالاك قىلغۇچى يەتتە چوڭ گۇناھتىن قېچىڭلار. ئۇلار: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، جازانىخورلۇق قىلىش، غازاتتىن قېچىش، ئاتا - ئانىنى قاقشىتىش ۋە ئىپپەتلىك ئاياللارغا بوھتان چاپلاش»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ گۇناھلار ئىچىدىمۇ ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئېغىر بولغىنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا يېگانە ئىلاھ، ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى، ھەممىنىڭ ئىگىسى، ھەممىنى باشقۇرغۇچى ۋە يالغۇز خوجايىنىدۇر. ئاللاھ ھېچكىمگە، ھېچ نەرسىگە ئوخشىمايدۇ. ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىمۇ ھېچكىمنىڭ سۈپىتىگە ئوخشىمايدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، قانداقلا بىر مەخلۇقاتنى ئاللاھقا ئوخشىتىش ئەڭ چوڭ ھەقسىزلىقتۇر. قۇرئان كەرىمدە:﴿ إِنَّ الشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ﴾يەنى ﴿ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ ھەقسىزلىقتۇر﴾[2] دەپ ئېلان

---

(1) بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد، نەسائىي رىۋايىتى.

(2) لۇقمان سۈرىسى 13- ئايەت .

قىلىنغان. مۇنداق بىر ھەقسىزلىق ئۇچۇن ئاللاھنىڭ غەزەپلەنمەسلىكى، نەپرەتلەنمەسلىكى ۋە بۇنداق ھەقسىزلىقنى قىلغان ئادەمنى جازالىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. دۇنيانىڭ پادىشاھلىرى ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھلىق شەنىگە لايىق كەلمەيدىغان سۆز ـ چۆچەكلەرنى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلغانلارنى ياقتۇرمىغان ۋە ئۇلاردىن ئەڭ ئېچىنىشلىق ئىنتىقام ئالغان يەردە، پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى، كاتتىلارنىڭ كاتتىسى بولغان ئاللاھ ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ ئۇستۇن شەنىگە، ئىلاھلىق ماقامىغا، ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىگە لايىق كەلمەيدىغان بۇ چوڭ گۇناھنى كەچۈرمەسلىكتە ئەلۋەتتە ھەقلىقتۇر!

## كىچىك گۇناھلار

كىچىك گۇناھلار ـ سادىر قىلغۇچىلىرى دوزاخ بىلەن تەھدىت قىلىنمىغان ۋە چوڭ گۇناھلار قاتارىدىن ئورۇن ئالمىغان ئادەتتىكى گۇناھلار، خاتالىقلار ۋە كەمچىلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق كىچىك گۇناھلار دائىرىسىگە كىرىدىغان كەمچىلىك، خاتالىق ۋە ئىختىيارسىز قىلىپ قويغان گۇناھلار ياخشى ئەمەللەرنىڭ سايىسىدا تەۋبىسىزمۇ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى:﴿ الَّذِينَ يَجْتَنِبُونَ كَبَائِرَ الْإِثْمِ وَالْفَوَاحِشَ إِلَّا اللَّمَمَ إِنَّ رَبَّكَ وَاسِعُ الْمَغْفِرَةِ﴾يەنى ﴿ ئاز ـ تولا كەمچىلىكلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، چوڭ گۇناھلاردىن ۋە قەبىھ ئىشلاردىن يىراق بولغۇچىلارغا كەلسەك، بىلگىنكى، سېنىڭ رەببىڭ ھەقىقەتەن ئەپۇسى ۋە مەغپىرىتى كەڭ بىر زاتتۇر(شۇڭا ئۇلارنى كەچۈرىۋېتىدۇ)﴾ [1] دېگەن سۆزى بۇ مەنىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

(1) نەجم سۈرىسى 32ـ ئايەت.

شـۇنىمۇ ئەسـتىن چىقارماسـلىق كېرەككـى، كىچىـك گۇناھلارغـا داۋام قىلىـش ئـارقىلىق بـۇ كىچىـك گۇنـاھلار ئۆزلىكىـدىن چـوڭ گۇناھلارغـا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا قانداقلا بىـر گۇنـاھنى ئـاددى ساناشـقا ۋە ئۇنىڭغـا داۋام قىلىشـــقا بولمايـــدۇ. شـــۇنىڭدەك، ھـــارام ۋە گۇنـــاھ ئىشـــلار قىلغۇچىسـىنىڭ نىيـىتىگە قـاراپ دەرىجىلىنىـدۇ. مەسـىلەن: ئىختىيارسـىز ئىشلەپ سالغان گۇناھتىن، ئالدىن پىلانلاپ قىلغـان گۇناھنىـڭ جازاسـى ئاللاھ تائالانىـڭ نەزىرىدە نەچچە ھەسسە ئېغىر بولغىنىغا ئوخشاش.

# ئىسلام ۋە تەۋبە

تەۋبە ــ سادىر قىلىنغان گۇناھلارغا پۇشايمان قىلىپ، قايتا گۇناھ قىلماسلىققا بەل باغلاپ، توغرىلىققا قايتىش دېمەكتۇر.

ئىستىغفار ــ ئاللاھ تائالادىن گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى سوراش دېگەنلىك.

گۇناھ ـ مەسىيەتلەر ۋە جىنايەتلەر ئاللاھنىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ ـ مەسىيەتلەر ۋە مەخلۇقاتقا قارشى ئىشلەنگەن قىلمىشلار، دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

ئاللاھنىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ ـ مەسىيەتلەر ئاللاھنىڭ قۇرئان كەرىم ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق ئىنسانلارغا بىلدۈرگەن «قىل» ۋە «قىلما» دېگەن ئەمر ـ پەرمانلىرىغا خىلاپ كېلىدىغان ھەر قانداق گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئىنساننى شۇنچە گۈزەل شەكىلدە يارىتىپ، ئۇنىڭغا يەر يۈزىنىڭ خوجايىنلىقىنى بەرگەننىڭ سىرتىدا، ئۇنى ھۆرمەتلەپ مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى قىلدى، ئۇنى تۈرلۈك ئېسىل نېمەتلەر بىلەن رىزىقلاندۇردى. بۇ سەۋەبتىنمۇ، ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققى ئەلۋەتتە چوڭدۇر. ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەققى ئىنسانلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرـ پەرمانلىرىنى ئورۇنداپ، چەكلىگەنلىرىنى تەرك ئېتىپ ئاللاھ ئىستىگەن رەۋىشتە ھايات كەچۈرۈشىدىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھنىڭ ئەمرـ پەرمانلىرىغا قارشى ھەر قانداق بىر ئىتائەتسىزلىك ئۇنىڭ ھەققىگە قارشى گۇناھ ــ مەسىيەت ئىشلىگەنلىكتۇر.

مەخلۇقاتقا قارشى ئىشلەنگەن قىلمىشلار دېگىنىمىز: ئىنسانلارنى

زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىتىش، زۇلۇم قىلىش، ھەقلىرىنى يەۋېلىش، ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىش، ئابرۇيلىرىنى تۆكۈش، ھايۋانلارنى ئازابلاش، قىيناش قاتارلىق يامانلىقلارنى ۋە جىنايەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئىنسانلارنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىتىلماستىن ھۇزۇر ئىچىدە ياشاشتىن ئىبارەت تەبىئىي ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق بولىدۇ. شۇنداقلا، ھايۋانلارنى ئازابلاش، قىيناش ۋە ئۇلارغا قارشى ئىشلەنگەن قانداقلا بىر يولسىزلىق ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلىق ۋە ھايۋانلاردىن يوللۇق پايدىلىنىش، ئۇلارغا شەپقەتلىك مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت ئىسلام پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ - مەسىيەتلەرنىڭ تەۋبىسى تۆۋەندىكى ئۈچ شەرت بىلەن قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇلار:

1.بۇرۇن قىلغان گۇناھ، يامان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىش،

2.گۇناھ، يامان ئىشلاردىن قەتئىي قول ئۈزۈش،

3.بۇرۇن قىلغان گۇناھ، يامان ئىشلارنى قايتا قىلماسلىققا چىن ئىرادە باغلاش.

ئىنسانلارنىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن قىلمىشلار ۋە يامانلىقلارنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن يۇقىرىقى ئۈچ شەرت بىلەن بىرگە، ھەق ئىگىسىنى رازى قىلىش شەرت قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ خىلدىكى ھەق ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى بولماستىن، ئىنسانلارنىڭ ئۆز ھەقلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار قىلمىشكارلىرىنى ئۆزلىرى كەچۈرمىگىچە ئاللاھ تائالا كەچۈرمەيدۇ ۋە تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىدۇر.

تەۋبە ـ ئىستىغفارنىڭ پايدىسى گۇناھلارنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىدىن باشقا ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش، جەننەتكە كىرىش، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، مول رىزىققا ئىگە بولۇش قاتارلىق نۇرغۇن پايدىلىرى بار.

قۇرئان كەرىم بىزگە تەلىم بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا تُوبُوا إِلَى اللَّهِ تَوْبَةً نَصُوحًا عَسَى رَبُّكُمْ أَنْ يُكَفِّرَ عَنْكُمْ سَيِّئَاتِكُمْ وَيُدْخِلَكُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ﴾يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا سەممىي تەۋبە قىلىڭلار، ئۇمىدكى، رەببىڭلار سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىستىغفارنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئىستىغفار ئېيتىشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلغان ئادەم ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ھەر قانداق قىيىنچىلىقتىن چىقىش يولى ۋە ھەرقانداق غەم- قايغۇدىن خۇشاللىق يارىتىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭغا كۈتۈلمىگەن يەردىن رىزىق بېرىدۇ»[2].

تەۋبە-ئىستىغفار ئادەمنى گۇناھلاردىن پاكلاپ، خاتالىقلاردىن يىراق قىلىپ تۇرىدىغان نەرسە. خاتالىقنى ئوڭشاپ، گۇناھنى تەۋبە بىلەن ئۆچۈرۈپ ماڭمىغاندا، بىر گۇناھ يەنە بىر گۇناھنى، بىر خاتالىق يەنە بىر ياكى بىر قانچە خاتالىقلارنى تۇغدۇرۇپ مېڭىۋېرىدۇ. ئاخىرى ئادەم ئۆزىنى چىقماس تار كوچىلارغا كىرگۈزۈپ قويىدۇ. بۇ خۇددى كۆڭلەكنىڭ بىرىنچى تۈگمىسىنى خاتا ئېتىش بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن

(1) تەھرىم سۈرىسى 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

تۈگمىلىرى خاتا ئېتىلىپ ماڭغىنىغا ئوخشاش. كۆڭلەكنىڭ دەسلەپ ئەتكەن تۈگمىسىنى قايتىدىن توغرا ئەتكەندىن كېيىنلا، باشقا تۈگمىلەرمۇ توغرا ۋە جايىدا ئېتىلىپ ماڭىدۇ.

ئۆز خاتالىقىنى بىلگەن ھامان ئۇنىڭدىن دەرھال قول ئۈزگەن، بىر گۇناھنى ئىشلىگەن ھامان ئۇنىڭغا پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلغان ئادەم قايتا خاتالىق سادىر قىلىش ۋە يېڭى گۇناھ ئىشلەشتىن ئۆزىنى يىراق تۇتالايدۇ. دېمەك، تەۋبە-ئىستىغفار ئادەمنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ توغرا ۋە مۇستەھكەم بولۇپ داۋام قىلىشىنى كاپالەت قىلىدىغان نەرسە. شۇڭا تەۋبىنىڭ ئەھمىيىتى زور، پايدىسى كۆپتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ھەر كۈنى ئاللاھقا 70قېتىمدىن كۆپرەك تەۋبە-ئىستىغفار ئېيتىمەن»[1] دېگەن. ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى پۈتۈن گۇناھلىرى، كەمچىلىكلىرى ۋە خاتالىقلىرى كەچۈرۈم قىلىۋېتىلگەن بىر مەسۇم پەيغەمبەرنىڭ كۈندە ئاللاھ تائالاغا 70قېتىمدىن ئارتۇق تەۋبە-ئىستىغفار ئېيتىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ تەۋبە دېگەننى گۇناھ قىلغانلارلا قىلامدۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ھەر قانداق ئادەم بالىسى خاتالاشقۇچىدۇر، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر»[2] دېگەن. بۇنىڭدىكى سىر نېمە؟

چۈنكى تەۋبە-ئىستىغفار ئىنساننىڭ توغرا يولدىن ئېزىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ قەدىمىنى مۇستەھكەم قىلىپ تۇرىدىغان، خاتالىقلارنىڭ ۋاقتىدا يۇيۇلۇپ، گۇناھلارنىڭ ئۆچۈرۈلۈپ تۇرۇشىنى ئارقىلىق ئۇنى مۇرەككەپ خاتالىقلار ۋە ئېغىر گۇناھلاردىن ساقلاپ

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئىمام تىرمىزى ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

تۇرىدىغان قالقاندۇر.

## ئىسلام ۋە ھىدايەت

ھىدايەت ـ توغرا يولدا يۈرۈش دېگەنلىكتۇر. ئىسلام ئىستىلاھىدا ئىمان، ئىسلام، ياخشى ئەمەللەرنى ئىشلەش، قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ياشاش ھىدايەت سانىلىدۇ. ھىدايەتنى بەرگۈچى پەقەت ئاللاھ تائالادۇر. ﴿ فَإِنَّ اللَّهَ يُضِلُّ مَنْ يَشَاءُ وَيَهْدِي مَنْ يَشَآءُ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن خالىغان كىشىنى ئازغۇن قىلىدۇ ۋە خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ﴾[1] ئىنساننىڭ ئۈستىگە چۈشكەن مەسئۇلىيەت ئۇنىڭ ئۆز ئىرادىسى بىلەن ھىدايەتنى ئىزدىشى، ئەقلى بىلەن ئۇنىڭغا ئىنتىلىش ۋە قەلبى بىلەن ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەتتۇر.

### ھىدايەتنىڭ تۈرلىرى

قۇرئان كەرىمنىڭ ئىستېمالى بويىچە، ھىدايەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى يول كۆرسىتىش مەنىسىدىكى ھىدايەت، يەنە بىرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈش مەنىسىدىكى ھىدايەت. ئالدىنقىسى، سىز يول سورىغان كىشىنىڭ سىزگە سىز بارماقچى بولغان جايغا ئېلىپ بارىدىغان تۈپتۈز يولنى ئېنىق شەرھلەپ كۆرسىتىپ قويغىنىغا، كېيىنكىسى، سىزنىڭ قولىڭىزدىن تۇتۇپ، سىز بارماقچى بولغان جاي ئەگەر يىراق بولسا ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، سىزنى شۇ جايغا ئاپىرىپ قويغىنىغا ئوخشاش[2].

مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈش مەنىسىدىكى ھىدايەت ئاللاھتىن

---

(1) فاتىر سۈرىسى 8 ـ ئايەت.

(2) ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللىي شەئراۋىينىڭ سۆزى.

باشقىسىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. بۇھەقتە ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ إِنَّكَ لَا تَهْدِي مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَكِنَّ اللَّهَ يَهْدِي مَنْ يَشَاءُ وَهُوَ أَعْلَمُ بِالْمُهْتَدِينَ﴾يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادەمگە ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن ئاللاھ خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، ئۇ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ﴾[1].

ئەمما يول كۆرسىتىش مەنىسىدىكى ھىدايەت پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە دىنغا دەۋەت قىلىدىغان باشقا كىشىلەرنىڭمۇ قولىدىن كېلىدۇ. ئاللاھ بۇمەنىنى ئىپادىلىگەن ھالدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَإِنَّكَ لَتَهْدِي إِلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ﴾يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، سەن كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلايسەن﴾[2].

پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرگە جەننەتنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى شۇ يولغا چاقىرىش، دوزاخنىڭ يوللىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى تولۇق يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت.

توغرا يولغا ھىدايەت تېپىشنى خالىغان، ھەقىقەتنى ئىزدىگەن ۋە ھەقىقەت ئۈزىنىڭ نەپسى خاھىشىنىڭ ياكى مەنپەئىتىنىڭ زىيىنىغا بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا ئىنتىلگەن ئادەمنى ئاللاھ تائالا چوقۇم توغرا يولغا ھىدايەت قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا توغرا يول تېپىشنىڭ ۋاسىتىلىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى: (ئۇ ھىدايەت

(1) قەسەس سۈرىسى 56ـ ئايەت.

(2) شۇرا سۈرىسى 52 ـ ئايەت.

تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ)[1].

ئـاللاھ ھىـدايەتنى خالىمـاي ئـازغۇنلۇقنى ئـۆزىگە راۋا كـۆرگەن، ھەقىقەتنىـڭ ساداسـىغا قـولاق سـالماي، ئـۆز نەپسـىنىڭ ئىسـتەكلىرىگە بـاش ئېگىشـنى تاللىغـان، ئەقلىنـى نەپسـىگە بويسـۇندۇرغان ئـادەمگە ئـازغۇنلۇقنى نەسـىب قىلىـدۇ ۋە ئۇنىڭغـا ئازغۇنلۇقنىـڭ يـوللىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئـان كەرىمـدە:﴿ فَلَمَّا زَاغُوا أَزَاغَ اللَّهُ قُلُوبَهُمْ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ﴾يەنـى﴿ئـۇلار ھەقىقەتـتىن بۇرىلىـپ كېتىۋىدى، ئاللاھمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنـى ھىـدايەتتىن بۇرىـۋەتتى. ئـاللاھ يولـدىن چىققـان بىـر قەۋمنـى ھىـدايەت قىلمايـدۇ﴾[2] دەيـدۇ. چـۈنكى ئاللاھنىڭ بىر ئادەمنى توغرا يولغا ھىـدايەت قىلغانلىقى ئـۇ كىشـىگە ئەڭ كاتتا نېمەت ئاتا قىلغانلىقىدۇر. دۇنيـادا تـوغرا يولغـا ھىـدايەت تېپىشـتىن زور ئۇتـۇق يوقتـۇر. چـۈنكى ئىنسـان ھاياتلىقتـا پۈتـۈن ئىشـلىرىدا ئـۇنى مـۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشـتۈرىدىغان ھىـدايەتكە موھتاجـدۇر. ئاللاھنىـڭ بـۇ كاتتـا نېمىتـى ھەرگىزمـۇ ئۇنىڭغـا يـۈرەكتىن ئىنتىلمەسـتىن، ئـارزۇ قىلىنماسـتىن ۋە سورالماسـتىن بېرىلمەيـدۇ. ھىـدايەتنىڭ ئەڭ كامىـل مەنىسى ئىمان ۋە ئىسـلام بولسـا، ئۇنىـڭ ئەڭ مـۇكەممەل مېۋىسـى ياخشـى ئەمەل ۋە تەقۋالىقتۇر.

ھىدايەتنىڭ مەنبىئى يالغۇز ئاللاھتۇر. ھىـدايەتنىڭ ئـۈلگىلىرى ئـادەم ئەلەيھىسسـالامدىن باشـلاپ ئـاللاھ تائـالا تەرىپىـدىن كەلـگەن پەيغەمـبەرلەر ۋە ئۇلارغـا كەلـگەن ۋەھـيىلەردۇر. ئـاخىرقى پەيغەمـبەر ھەزرىتى مـۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشى بىـلەن بـۇ ھىـدايەت

---

(1) قەسەس سۈرىسى 56ـ ئايەت.

(2) سەف سۈرىسى 5 ـ ئايەت.

مەنبىئـــى مـــۇھەممەد ئەلەيھىسســـالام بىـــلەن قۇرئـــان كەرىمـــگە مۇجەسســـەملەنگەن بولـۇپ، بـۇلاردىن باشـقا يـول ئىـزدەش ئوپئوچـۇق زالالەتتـۇر. چـۈنكى قۇرئـان كەرىـم ئەڭ سـاغلام ھىـدايەت رەھبىـرى، مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالام ھىـدايەتنىڭ ئۆلگىسـىدۇر. مۇنـداق بولغـان ئىـكەن، قۇرئـان كەرىمنىـڭ يولىـدا ۋە مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامنىڭ ئارقىسـىدا يـۈرگەن كىشـى تولـۇق ۋە ھەقىقىـي مەنىـدىكى ھىـدايەتنى تاپقان بولىدۇ. ھىدايەتنىڭ ئەكسى زالالەتتۇر.

**زالالەتنىڭ مەنىسى**

زالالەت سۆزى لـۇغەتتە ئـازغۇنلۇق، تـوغرا يولـدىن ئىـزىش دېگەنلىـك بولـۇپ، ھىـدايەتنىڭ ئەكسـىدۇر. زالالەت سـۆزى قۇرئـان كەرىمـدە تۆۋەندىكى مەنىلەردە كەلگەن:

(1) كـۇپرى مەنىسـىدىكى زالالەت.﴿ وَمَنْ يَكْفُرْ بِاللَّهِ وَمَلَائِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا بَعِيدًا﴾ يەنـى ﴿كىمكـى ئـاللاھنى، ئاللاھنىـڭ پەرىشـتىلىرىنى، كىتـابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنـى، ئـاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ﴾[1]

(2) شـېرىك مەنىسـىدىكى زالالەت.﴿ وَمَنْ يُشْرِكْ بِاللَّهِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا بَعِيدًا﴾يەنى ﴿كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئـۇ قـاتتىق ئازغـان بولىدۇ﴾[2]

(3) خاتـالىق مەنىسـىدە كەلـگەن زالالەت. قۇرئـان كەرىـم مۇسـا

(1) نىسا سۈرىسى 136ـ ئايەت.
(2) نىسا سۈرىسى 116ـ ئايەت.

ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دېگەن:﴿ فَعَلْتُهَا إِذًا وَأَنَا مِنَ الضَّالِّينَ﴾ يەنى ﴿مەن ئۇ ئىشنى قىلغىنىمدا ئازغۇنلاردىن ئىدىم﴾[1] يەنى خاتالاشقانلاردىن ئىدىم.

## ھىدايەت ۋە زالالەتتىكى ئىلاھىي قانۇنىيەت

قۇرئان كەرىمدىكى ھىدايەت ۋە زالالەت توغرۇلۇق ھەقىقەتلەر شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئاللاھ تائالا ھىدايەت ۋە زالالەت ئۈچۈن مەخسۇس قانۇنىيەت بېكىتكەن بولۇپ، ئۇ قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ، بەلكى تا قىيامەتكىچە شۇنداق بىر خىل داۋام قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ قانۇنىيەتنى ھېچكىم ئۈچۈن ئۆزگەرتىپ بەرمەيدۇ. ھەتتا پەيغەمبەرگىمۇ ئۆزگەرتىپ بەرمەيدۇ. ھىدايەت ۋە زالالەت قانۇنىيىتى قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا ئەگەر بۇ قانۇنىيەتنى بىرەر بەندىسىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن ئۆزگەرتىپ بېرىشنى خالىغان بولسا ئىدى، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پىداكار تاغىسى ئەبۇ تالىبنى دىنغا كىرگۈزۈشى ئۈچۈن ئۆزگەرتىپ بەرگەن بولاتتى. ئەمما ئۆزگەرتمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى شۇنچىلىك قاتتىق ئارزۇ قىلىشىغا قارىماي، تاغىسى ئەبۇ تالىب ئىمان ئېيتماستىن ئالەمدىن كەتتى. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا:﴿ إِنَّكَ لَا تَهْدِي مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَكِنَّ اللَّهَ يَهْدِي مَنْ يَشَاءُ وَهُوَ أَعْلَمُ بِالْمُهْتَدِينَ﴾يەنى ﴿سەن ياخشى كۆرگەن ئادەمگىنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈرەلمەيسەن. بەلكى ئاللاھ

(1) شۇئەرا سۈرىسى 20 ـ ئايەت.

خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ. ئۇ ھىدايەت تاپىدىغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ﴾[1] دېدى.

ئەمما ھىدايەت ۋە زالالەت قانۇنىيىتىدىن باشقا، ئاللاھ تائالا تەبىئەتتە بېكىتىۋەتكەن قانۇنىيەتلەردىن بەزىسىنى پەقەت مۆجىزە كۆرسىتىش ۋە پەيغەمبەرنىڭ راستچىللىقىنى ئىسپاتلاش يۈزىسىدىن پەيغەمبەرلەر ئۈچۈنلا ئۆزگەرتىپ بەرگەن. مەسىلەن: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام زالىم نەمرۇدنىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن ئوتقا تاشلانغان ۋاقتىدا، ئاللاھ تائالانىڭ ئوتنىڭ كۆيدۈرۈش قانۇنىيىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىپ، ئۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن سوغۇق ۋە سالامەتلىك قىلىپ بەرگىنىگە ئوخشاش.

ھىدايەت ۋە زالالەت ھەققىدىكى قانۇنىيەت تۆۋەندىكىچە:

1. ھىدايەت ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا.

ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتى ھەقىقىي ھىدايەتتۇر ۋە ھىدايەت پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم بىراۋنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈرەلمەيدۇ. ھىدايەت ئىلاھىي سوۋغات بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ تائالا ھىدايەتنى خالىغان ۋە قوبۇل قىلالايدىغان بەندىلىرىگە ئاتا قىلىدۇ.﴿ إِنْ تَحْرِصْ عَلَى هُدَاهُمْ فَإِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي مَنْ يُضِلُّ وَمَا لَهُمْ مِنْ نَاصِرِينَ﴾ يەنى ﴿سەن ئۇلارنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن قانچىلىك ھېرىسمەن بولۇپ كەتسەڭمۇ، شۇنى بىلگىنكى، ئاللاھ ئۆزى

(1) قەسەس سۈرىسى56-ئايەت.

ئــازغۇن قىلغــان بىرىنــى ھىــدايەت قىلمايــدۇ. ئۇلارنىــڭ يــاردەمچىلىرىمۇ يوق﴾[1]

ئــايەتتە كــۆرگىنىمىزدەك، بىراۋنــى ھىــدات قىلىــش يــاكى ئــازدۇرۇش پەيغەمبەرنىڭمــۇ قولىــدىن كەلمەيــدۇ. پەيغەمــبەر پەقەت كىشــىلەرنى ھىــدايەتكە چاقىرىــدۇ، دەۋەت قىلىــدۇ ۋە قىزىقتۇرىــدۇ. چۈنكى ئۇلارنىــڭ ۋەزىپىسى ھەق دىنىنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشتۇر. ئەمما ھىــدايەت بىــلەن زالالەتنىــڭ ئىگىســى ئــاللاھ تائــالادۇر. بــۇ ئىككىســى ئۇنىــڭ خاھىشــى ۋە ئىرادىســى بــويىچە ماڭىــدۇ. بــۇ شــۇنداق قــانۇنىيەت بولــۇپ، ئــۇ قەتئىــي ئۆزگەرمەيدۇ

ئـــاللاھ تائـــالا بىراۋنـــى ھىـــدايەت قىلســـا، ئۇنىـــڭ ھىـــدايەت تاپىــدىغانلىقىنى بىلگەنلىكــى ۋە ئۇنىــڭ ھىــدايەتكە ھەقلىــق ئىكەنلىكــى ســەۋەبىدىن ھىــدايەت قىلىــدۇ. ئــۇ بىراۋنــى ئــازغۇن قىلســا، ئۇنىــڭ ھىــدايەت تاپمايــدىغانلىقىنى بىلگەنلىكــى ۋە ئۇنىــڭ ھىــدايەتكە لايىــق ئەمەسلىكى سەۋەبىدىن ئازغۇن قىلىدۇ.

2. ئاللاھ تائالادىن يۈز ئۆرۈگەنلەر ھىدايەت تاپالمايدۇ.

ئاللاھ تائالادىن يۈز ئۆرۈگەن ياكى باشقا دىنغا ئەگەشكەنلەر چوقــۇم ھىــدايەتتىن مەھــرۇم قالىــدۇ. زادى ئــۇلار قانــداقمۇ ھىــدايەت تاپســۇن؟ ئــۇلار ئــاللاھ تائــالادىن ۋە ھەق دىنــدىن يــۈز ئــۆرۈگەن تۇرســا، ھىــدايەت دېگەن سورالماستىن ۋە ئارزۇ قىلماستىن بېرىلمەيــدىغان ئىلاھىــي ســوۋغا تۇرســا، ئۇنىڭــدىن يــۈز ئــۆرۈگەنلەرنى ئــاللاھ تائــالا قانــداقمۇ ھىــدايەت قىلسۇن.﴿ وَمَنْ أَعْرَضَ عَنْ ذِكْرِي فَإِنَّ لَهُ مَعِيشَةً ضَنْكًا وَنَحْشُرُهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ

(1) نەھل سۈرىسى37-ئايەت.

أَعْمَى. قَالَ رَبِّ لِمَ حَشَرْتَنِي أَعْمَى وَقَدْ كُنْتُ بَصِيرًا. قَالَ كَذَلِكَ أَتَتْكَ آيَاتُنَا فَنَسِيتَهَا وَكَذَلِكَ الْيَوْمَ تُنْسَى﴾يەنى ﴿كىمكى مېنى ياد ئېتىشتىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز. ئۇ: «ئى رەببىم! نېمىشقا مېنى كور قوپۇردۇڭ، ھالبۇكى مېنىڭ كۆزۈم كۆرەتتىغۇ؟!» دەيدۇ. ئاللاھ ئېيتىدۇ: «شۇنداق، چۈنكى ساڭا ئايەتلىرىمىز كەلگەن ئىدى. ئەمما سەن ئۇلارنى تەرك ئەتتىڭ، سەن بۈگۈن شۇنىڭغا ئوخشاش تەرك ئېتىلىسەن»﴾[1]

3. ھىدايەتكە ئەگەشكەنلەر مۇرادىغا يېتىدۇ.

نىجاتلىق ۋە قازىنىش پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتىگە ئەگەشكەنلەرگە خاستۇر. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھىدايىتىگە ئەگەشكەنلەرنى ئازغۇنلۇقتىن ساقلاش ۋە غەم ـ قايغۇدىن خالاس قىلىش بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى:﴿ فَمَنِ اتَّبَعَ هُدَايَ فَلَا يَضِلُّ وَلَا يَشْقَى﴾يەنى ﴿ مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشكەن ئادەم ئازمايدۇ ۋە بەختسىزمۇ بولمايدۇ﴾[2] دېگەن ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ يولىدا يۈرگۈچىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ھەر قانداق بىر بەختسىزلىك ياكى ئازغۇنلۇقتىن قوغدايدىغانلىقىنى ئىپادىلىسە،﴿ فَمَنْ تَبِعَ هُدَايَ فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾يەنى ﴿مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشكەنلەرگە ھېچقانداق قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ﴾[3] دېگەن ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتىنى قوبۇل

(1) تاھا سۈرىسى124 ـ125 ـ126 ـ ئايەتلەر.
(2) تاھا سۈرىسى123 ـ ئايەت.
(3) بەقەرە سۈرىسى38 ـ ئايەت.

قىلىــپ، ئۇنىــڭ يولىغــا ئەگەشــكەنلەرنىڭ قىيــامەت كۈنىــدە غەم ـ قايغۇدىن يىراقلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھىدايەت تاپقۇچىلار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

# ئىسلام ۋە تەقۋالىق

تەقــۋا سـۆزى لـۇغەتتە كۆچلـۈك بىــر ھىمـايىگە ئېرىشــىش ئــارقىلىق ئــۆزىگە مــاددىي ۋە مەنىـــۋىي جەھەتلەردىـــن زىيـــان يەتكۈزىـــدىغان نەرسىلەردىن قوغدىنىش دېگەننى ئىپادىلەيدۇ.

ئەمما تەقۋانىـڭ ئىسـلام ئىسـتىلاھىدىكى مەنىسـى: دىـن ۋە دۇنيـالىق پۈتــۈن ئىشــلاردا، ئۆزىنىــڭ مەسـئۇلىيىتىنى تونــۇپ، ئــۇنى تولــۇق ئــادا قىلىش ئارقىلىق ئـۆزىنى ئـاللاھ تائالانىـڭ ھىمايىسـى ئاسـتىغا قويـۇش ۋە ھەر تۈرلــۈك گــۇنــاھ ـ يامــان ئىشــلاردىن چېكىنىــپ، ياخشــى ئەمەلــلەر دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق ئـۆزىگە دۇنيـا ۋە ئـاخىرەتتە زىيـان ۋە ئــازاپ ئېلىــپ كېلىــدىغان ھەر قانــداق ئىشــلاردىن قوغــدىنىش دېمەكتۇر. بۇنداق قىلغـۇچىلار «تەقـۋا» يـاكى «تەقـۋادار» دەپ ئاتىلىـدۇ. ئاللاھ تائالا تەقۋادارلارنى قوللايـدۇ، يـاردىمى ۋە نۇسـرىتى بىـلەن ھەمىشە ئـــۇلار بىـــلەن بىلـــلە بولىـــدۇ.﴿ وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّـهَ مَعَ الْمُتَّقِـينَ﴾ يەنـــى ﴿بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر﴾[1]

**تەقۋالىقنىڭ ئەھمىيتى**

ھەر قانــداق بىــر مۇسـۇلماننىڭ ئىمـانىنى ئـاخىرغىچە سـاغلام ئېلىــپ بېرىشى ئۈچۈن كۈچلۈك بىر ھىمـايە ئاسـتىغا كىرىشـى ئەقىـل ۋە دىنىنىـڭ بىــردەك تەلىپىــدۇر. ئەڭ كۈچلــۈك ۋە ئەڭ ئىشــەنچلىك ھىمــايە ئــاللاھ تائالانىــڭ ھىمايىســىدۇر. چــۈنكى ئــاللاھ تائــالا ھەر قانــداق نەرســىنىڭ ياراتقۇچى ئىگىسى، ئـۇ ھەممىـگە قـادىردۇر. قۇرئـان كەرىمنىـڭ:﴿ يَا أَيُّهَا

---

(1) بەقەرە سۈرىسى194ـ ئايەت.

الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ حَقَّ تُقَاتِهِ﴾يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا لايىق رەۋىشتە تەقۋالىق قىلىڭلار﴾[1] دېگەن ئايىتى بۇ تەقۋالىقنى ئىپادىلىمەكتە. تەقۋالىق ئۆزى غايە ۋە مەقسەت بولماستىن، مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىك، ھەقىقىي ھۇزۇر- ھالاۋەت ۋە نىجاتلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ۋاستىدۇر.

تەقۋالىققا توسقۇن بولىدىغان بەزى ئامىللار بولۇپ، ئۇلار غەپلەتتىن ئىبارەت ئىنساننى ھوشىيارلىقتىن يىراقلاشتۇرۇپ، دىققەتسىزلىككە ئاپىرىدىغان بىغەملىك ۋە دۇنيادا مەڭگۈ ياشايدىغاندەك ئالدىغۇچى ھېسلاردۇر. ئۇلار ئىنساننىڭ تەقۋادارلىق دائىرىسىدە ئىش ئېلىپ بېرىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. تەقۋالىقنىڭ ئەكسى پاسىقلىقتۇر.

**پاسىقلىقنىڭ مەنىسى**

ئەرەب تىلىدىكى «فسق» سۆزى لۇغەت ئېتىبارى بىلەن چىقىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسە، ئىسلام ئاتالغۇلىرىدا : ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىققاننى بىلدۈرىدۇ. «فسق» ياكى تىلىمىزدىكى «پاسىق» سۆزى كاپىرلار ئۈچۈن قوللىنىلغاندەك، مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئاسىي ـ گۇناھكار كىشىلەر ئۈچۈنمۇ قوللىنىلىدۇ. پاسىقلار ھىدايەتتىن مەھرۇم قالغۇچىلاردۇر. قۇرئان كەرىم بۇ پرىنسىپنى:﴿ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ﴾يەنى ﴿ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[2] دېگەن ئايەت ئارقىلىق جاكارلىغان. چۈنكى ھىدايەت ئىنسان ھاياتىدا ئەڭ قىممەتلىك نەرسە بولۇپ، ئۇنى تەلەپ قىلماستىن، ئۇنىڭ يولىغا

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 102- ئايەت.

(2) سەف سۈرىسى5-ئايەت.

كىرمەستىن ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ.

# ئىسلام ۋە زاھىدلىق

زاھىد- ئەرەب تىلىدىكى «الزهد» سۆزىدىن ياسالغان ئىسىم بولۇپ، «تەرك ئەتكۈچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بىر نەرسىگە بولغان قىزىقىشنى ئۈنىڭدىن ياخشىراق بىر نەرسىگە ئېرىشىشنى كۆزلەپ تەرك ئەتكەن ئادەم «زاھىد»دېيىلىدۇ. چۈنكى «الزهد» سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى «تەرك ئېتىش» دېگەنلىكتۇر. دېمەك، زاھىدلىق قىزىقىش ۋە ھېرىسلىقنىڭ ئەكسىدۇر.

## زاھىدلىقنىڭ مەنىسى

ئىسلام ئۆلىمالىرى زاھىدلىقنى چۈشەندۈرۈپ تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتقان:

سۇفيان سەۋرى «زاھىدلىق ـ بارلىق ئۈمىدنى ئاخىرەتكىلا باغلاشتۇر»[1] دەپ تونۇتقان.

ئىبنى مۇبارەك «زاھىدلىق ـ ئاللاھقا چىن ئىشەنچ قىلىش بىلەن بىرگە پېقىرلىقنى دوست تۇتۇش»[2] دەپ تونۇتقان.

ئەبۇ سۇلايمان دارانىي «زاھىد-ئاللاھتىن مەشغۇل قىلىدىغان

(1) ئابدۇللا ئىبنى سۇفيان ئەسسەۋرى (97-161ھ) ئىراقنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن بولۇپ، تەقۋالىقى، ئېسىل-پەزىلەتلىرى، مول بىلىمي ۋە ئىجتىھاد ئىشلىرىدىكى پاراستى بىلەن تونۇلغان مەشھۇر ئالىم.

(2) ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك(118-181ھ) ئۆز زامانىسىدا ئىسلام دۇنياسىغا تونۇلغان ئالىم، مۇجاھىد، شائىر بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىغا كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلغان، ئىلىم-ھېكمەت، تەقۋالىق ۋە گۈزەل ئەخلاقتا ئۈلگە ياراتقان.

ئىشلارنى تەرك ئەتكەن كىشىدۇر»[1] دەپ تونۇتقان.

جۇنەيد «زاهىد ــ دۇنيانى كىچىك ساناپ، ئۇنىڭ ئەسىرىنى قەلبىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلىغان ئادەمدۇر»[2] دەپ تونۇتقان.

يۇقىرىقىلاردىن خۇلاسە چىقارغاندا، زاهىدلىقنىڭ ئەڭ توغرا مەنىسى: ئاخىرەتلىك ئىشلارنى دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىدىن ئۈستۈن كۆرۈش دېگەنلىكتۇر.

## ھەقىقىي مەنىدىكى زاھىدلىق

ھەقىقىي مەنىدىكى زاھىدلىق شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئىشلار ۋە هارام‌لارغا يېقىنلىشىشتىن قېلىشىپ ئېھتىيات قىلىش يۈزىسىدىن، شۈبهىلىك نەرسىلەردىن تامامەن يىراق تۇرۇش، مال ـ دۇنياغا يۈرەكتىن باغلانماسلىق، شۇنداقلا دۇنيا هاياتىنىڭ ۋە دۇنيا مەنپەئەتلىرىنىڭ باقاسى يوق (پانىي) ئىكەنلىكىنى بىر لەھزىمۇ نەزىرىدىن ساقىت قىلمىغان هالدا ياشاشتۇر.

زاهىدلىق دېگەن دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىش ياكى ئاللاھ هالال قىلغان نېمەتلەرنى ئۆزىگە هارام قىلىۋېلىش ياكى مەسئۇلىيەتلەردىن قېچىپ تەنها ياشاشنى تاللىۋېلىش دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى روھ، ئەقىل، نەپس، تەن قاتارلىقلارنىڭ تېگىشلىك هەققىنى بەرگەن هالدا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك هەر ئىككىسىنى قولدىن

---

(1) ئەبۇ سۇلايمان دارانىي (140ـ215ھ)دەمەشىقتا ئۆتكەن كاتتا ئۆلىمالاردىن سانىلىدۇ.

(2) جۇنەيد ئىبنى مۇهەممەد(221ـ 297ھ) مەشھۇر فىقھشۇناس ئالىملاردىن بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئەھلى تەسەۋۋۇپ ئىدى. ئۇ «تەسەۋۋۇپ ۋە فىقھى ئۆلىمالىرىنىڭ ئىمامى»دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن ۋە 31 پارچە دىنىي ئەسەر يازغان.

بەرمەسلىكتۇر. چۈنكى ئىسلام دىنى كىشىلەرنى ئاخىرەتنى ئۇنتۇغان ھالدا دۇنيا مەنپەئەتلىرىگە چوقۇنۇشتىن توسقان بولسىمۇ، ئۇلارنى دۇنيالىقتىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈپ تەركىدۇنيا بولۇشقا تەرغىپ قىلمايدۇ. بەلكى دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشقا چاقىرىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ وَابْتَغِ فِيمَا آتَاكَ اللَّهُ الدَّارَ الْآخِرَةَ وَلَا تَنْسَ نَصِيبَكَ مِنَ الدُّنْيَا وَأَحْسِنْ كَمَا أَحْسَنَ اللَّهُ إِلَيْكَ وَلَا تَبْغِ الْفَسَادَ فِي الْأَرْضِ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْمُفْسِدِينَ ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، ئاللاھ ساڭا ئېھسان قىلغاندەك، سەنمۇ ئېھسان قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ﴾[1] دېگەن سۆزى بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە بىزگە قۇرئان كەرىمدە: ﴿ رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ ﴾ يەنى ﴿رەببىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾[2] دېگەن دۇئانى ئۆگىتىش ئارقىلىق بىزنى دۇنيالىق بىلەن ئاخىرەتلىكتىن ئىبارەت ھەر ئىككىسىنى قولدىن بەرمەسلىككە بۇيرىغان.

زاھىدلىق دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىش ئەمەس، بەلكى ھاراملاردىن يۈز ئۆرۈش، زىيانلىق ئىشلارنى ۋە نەرسىلەرنى تەرك

(1) قەسەس سۈرىسى 77- ئايەت.
(2) بەقەرە سۈرىسى 201- ئايەت.

ئىبتىشتۇر. قۇرئان كەرىم بىزگە داۋۇد ئەلەيھىسسالام بىلەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئىككىسىنىڭ ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ زاھىد ۋە ئەڭ تەقۋادار كىشىلىرى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ بايلىقتىن، پادىشاھلىقتىن ۋە باشقىمۇ دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن ۋاز كەچمىگەنلىكىنى قىسسە قىلماقتا. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كاتتا ساھابىلىرىدىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام ۋە ئوسمان ئىبنى ئاففان قاتارلىقلار بايلىقنىڭ كۆپلۈكى بىلەن تونۇلغاندەك زاھىدلىقى بىلەن تونۇلغان كىشىلەر ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى ساھابىلەرنىڭ ئىبادەتكىلا بېرىلىش ئۈچۈن ئاياللىرىدىن يىراق تۇرۇش تەلەپلىرىنى رەت قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ھەر ئىككى تەرەپنى تۇتۇشنى تەۋسىيە قىلغان. خۇددى ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ھەر كۈنى مەلۇم ئىبادەتلەرنى ئورۇنداش پەرز بولغاندەك، دۇنيالىق ئۈچۈن ھەركۈنى ۋە ھەر ۋاقىت ئىشلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەتتا جۈمە كۈنىدىمۇ جۈمە ۋاقتىدىن باشقا ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە دۇنيالىق ئۈچۈن تىرىكچىلىك قىلىش چەكلەنگەن ئەمەس. چۈنكى ئىسلام دىنىدا خىرىستىيان دىنىدا بولغىنىدەك تەركىدۇنيالىق ياكى يەھۇدىي دىنىدا بولغىنىدەك تىرىكچىلىك قىلىش چەكلەنگەن كۈن يوق. شۇنداقلا ئاللاھ ياراتقان دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن قائىدىگە ئۇيغۇن شەكىلدە يوللۇق پايدىلىنىشتىن بىھاجەت بولۇشمۇ ياخشى ئەمەس.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىلگىرىكى دىنلارغا كىشىلەر تەرىپىدىن كىرگۈزۈلگەن تەركىدۇنيالىقنى تەنقىدلەپ مۇنداق

دەيدۇ:﴿ قُلْ مَنْ حَرَّمَ زِينَةَ اللَّهِ الَّتِي أَخْرَجَ لِعِبَادِهِ وَالطَّيِّبَاتِ مِنَ الرِّزْقِ قُلْ هِيَ لِلَّذِينَ آمَنُوا فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا خَالِصَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ﴾يەنى﴿ ئېيتقىنكى، «ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان كىيىملەرنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟» ئېيتقىنكى، «ئۇلار بۇ دۇنيادا مۆمىنلەر ئۈچۈن يارىتىلغان (گەرچە ئۇلارغا كۇففارلار شېرىك بولسىمۇ)، ئاخىرەتتە بولسا مۆمىنلەرگىلا خاستۇر»﴾ [1]

مۇھىم بولغىنى، دۇنياغا سىز ئىگە بولۇشىڭىز، دۇنيا سىزگە ئىگە بولماسلىقى كېرەك. دۇنيا يۈرىكىڭىزدە ئەمەس، قولىڭىزدا بولۇشى كېرەك.

## زاھىدلىق بىلەن تەركىدۇنيالىقنىڭ پەرقى

ئەرەب تىلىدىكى «الزهد» سۆزىنى تەركىدۇنيالىق دەپ تەرجىمە قىلغانلار خاتالاشقانلاردۇر. چۈنكى زاھىدلىق بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەندەك، شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئىشلار ۋە ھاراملارغا يېقىنلىشىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىش يۈزىسىدىن، شۈبھىلىك نەرسىلەردىن تامامەن يىراق تۇرۇش ۋە مال ـ دۇنياغا يۈرەكتىن باغلانماسلىق دېگەنلىك بولسا، تەركىدۇنيالىق خىرىستىيان دىنىدىكى راھىبلىق تۈزۈمىگە ۋە ھىندىي دىنىغا ئوخشاش دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىشتۇر. ھالبۇكى، ئىسلام دىنى بۇنداق تەركىدۇنيالىقنى تەرغىب قىلمايدۇ. زاھىدلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقى بولسا، تەركىدۇنيالىق ھەق دىنىنىڭ روھىدىن ئازغانلارنىڭ قىلىقىدۇر.

---

(1) ئەئراف سۈرىسى 32ـ ئايەت.

## زاھىدلىقنىڭ پەزىلەتلىرى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە، زاھىدلىقنى ماختاپ، مال ـ دۇنيانىڭ ھېرىسلىقىنى سۆككەن.﴿ إِنَّمَا هَذِهِ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا مَتَاعٌ وَإِنَّ الْآخِرَةَ هِيَ دَارُ الْقَرَارِ﴾يەنى ﴿بۇ دۇنيا ھاياتى پەقەت (ۋاقىتلىق) مەنپەئەتتىنلا ئىبارەتتۇر. ئەمما ئاخىرەت ھەقىقىي قارارگاھتۇر﴾[1]،﴿ وَفَرِحُوا بِالْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَمَا الْحَيَاةُ الدُّنْيَا فِي الْآخِرَةِ إِلَّا مَتَاعٌ﴾يەنى ﴿ (كاپىرلار) دۇنيا ھاياتى بىلەن كۆرەڭلەپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە دۇنيا ھاياتى ئاخىرەتنىڭ ئالدىدا پەقەت ئۆتكۈنچى بىر مەنپەئەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس﴾ [2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنىڭ قانداق قىلغاندا ئاللاھنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىپ: «دۇنياغا يۈرەكتىن بېرىلىشتىن ئۆزەڭنى تۇتقۇل، ئاللاھ سېنى سۆيىدۇ. كىشىلەرنىڭ قولىدىكىسىدىن بىھاجەت بولغىن، كىشىلەر سېنى سۆيىدۇ»[3] دېگەن. پەيغەمبەرلەر ھەقىقىي زاھىدلىقتا ئۈلگە ياراتقان ۋە يولىغا ئەگىشىپ مېڭىشىمىزغا تولىمۇ ئەرزىيدىغان زاتلاردۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:﴿ أُولَئِكَ الَّذِينَ هَدَى اللَّهُ فَبِهُدَاهُمُ اقْتَدِهِ﴾ يەنى ﴿ئەنە شۇلار ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن﴾[4]

(1) غافىر سۈرىسى 39ـ ئايەت .
(2) رەئد سۈرىسى 26ـ ئايەت .
(3) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
(4) ئەنئام سۈرىسى 90ـ ئايەت .

# ئىسلام ۋە ئايال

دۇنيا تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئاياللارنى ھۆرمەتلىك ئىنسان مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغان دىن ئىسلام دىنىدۇر.

مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ شارائىتىدا ئاياللار دۇنيانىڭ قانداقلا يېرىدە بولمىسۇن، قۇل ئورنىدا كۆرۈلەتتى. يەھۇدىي دىنىدا ئايالالار شەيتانلارنىڭ بىر تۈرى دەپ قارالغان بولسا، بۇددىزمدا ئايالالار جىن، دەپ قارىلاتتى. ھىندىلارنىڭ دىنىدا بولسا، ۋابا، كېسەللىك ۋە باشقىمۇ بەختسىزلىكلەر ئايالالارنىڭ سەۋەبىدىن بولىدۇ، دەپ قارىلاتتى. ھىندىيلار ئېرى ئۆلگەن ئايالنى تىرىك تۇرغۇزۇپ ئېرى بىلەن بىرگە كۆيدۈرەتتى. پەقەت ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، قۇرئان كەرىمنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلار قانۇنىدا، ئايالالارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى بەلگىلىنىپ، ئۇلارنىڭ شان ـ شەرىپى كۆتۈرۈلدى.

شۇندىن بىرى مۇسۇلمان ئايالالار ئىسلام سايىسىدا ئۆزلىرىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا تولۇق ئېرىششى بىلەن بىرگە ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىسىگە ۋە جەمئىيىتىگە قارىتا مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئايال جەمئىيەتنىڭ ئۇل تېمى بولغان ئائىلىنىڭ تېرىكى ۋە مەسئۇلىدۇر.

ئىسلام تارىخى ئەرلەرنىڭ ئۇنتۇلماس تۆھپىلىرى بىلەن تولغاندەك، ئايالالارنىڭمۇ ئۇنتۇلماس تۆھپىلىرى بىلەن تولغان.

## ئاۋۋالقى ئاياللار ئۆلگىلىك ئاياللار ئىدى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ساھابىلەرنىڭ ئاياللىرى ئىچىدىن قۇرئاننى، كۆپلىگەن ھەدىسلەرنى يادلىغان، شېئىر، نەسىر ۋە تارىخلارنى يازىدىغان ئاياللار كۆپ بولۇپ، ھەتتا مەشھۇر ساھابىلەر ۋە بۈيۈك ئالىملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىۋاسىتە سوراپ ئۆگىنەلمىگەن ئائىلە بىلىملىرىنى، ئاياللارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلىلەرنىڭ قائىدىلىرىنى، ئاياللارغا مەخسۇس بولغان ئايلىق ئادەت، قۇرساق كۆتۈرۈش، تۇغۇت ۋە بالا ئېمىتىش قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن سوراپ ئۆگەنگەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 1210 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئۇ، ئۆزى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن ھۆكۈملەرنى چىقىرالايتتى، ئۆزىدىن ياشتا چوڭ بولغان كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ سوئاللىرىغا قانائەتلىك جاۋابلارنى بېرىپ، ئۇلارنى دىنىي مەسىلىلەردىن خەۋەردار قىلاتتى. ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يېزىش ـ ئوقۇشتا ماھىر بولغانىنىڭ سىرتىدا، ئۇستا خەتتات ئىدى. كۆپلىگەن ئالىملار ۋە مەزھەب پېشىۋالىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىلەرنى ۋە نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەرنى شۇ ئاياللاردىن ئاڭلاپ ئۆگەنگەن. تارىختا ئېيتىلىشىچە 700 دىن ئارتۇق ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان. ئۇلاردىن ئالىملار ئۆگەنگەن. مەسىلەن: مەشھۇر ئالىم ئىبنى ئەساكىر ئىراق ۋە سۈرىيە ئەتراپىدا 500 دىن ئارتۇق ئايالدىن ھەدىس ئاڭلاپ رىۋايەت قىلغان. مىسىر، شام، ئىراق، يەمەن، ماراكەش، ھەبەش، ئىسپانىيە قاتارلىق ئىسلام شەھەرلىرىدە، تارىخ، ئەدەبىيات،

شېئىر، تەپسىر، ھەدىس قاتارلىق ئىلىملەردە تونۇلغان مەشھۇر ئاياللار كۆپ ئۆتكەن ئىكەن.

**بىلىمسىزلىك ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ چېكىنىش دەۋرى**

مۇسۇلمانلار 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، ھەرخىل قالاق پىكىرلەر ۋە خۇراپىي ئېقىملارغا ئەگىشىپ كېتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ روھىدىن ئۇزاقلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتى ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ۋە ئىسلامنىڭ بۇرۇنقى پارلاق دەۋرلىرىدە ياشاپ، ھاكىمىيىتىنى ئۇچ قىتئەدە سۈردۈرگەن ھەقىقىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىدىن، ئۇلاردا تەركىيدۇنيالىق، چەكتىن ئاشقان شۈكۈرۋازلىق، ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلىشتىنمۇ ئۆز ـ ئارىسىدىكى كېرەكسىز تالاش ـ تارتىشلارنى ئەۋزەل كۆرۈش قاتارلىق ئىللەتلەر قانات يايغان. شۇڭا بىزدىكى بەزى قالاق موللىلار ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر، مەدەنىيەتلىك، پاكىز ۋە ئىلىم ـ مەرىپەتلىك بولۇشقا چاقىرىدىغان، ھەتتا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھەر ساھە ئىلىملىرىنى ئوقۇپ ئۆگىنىشنى ئەڭ ئالدىنقى پەرزلەردىن قىلىپ بېكىتكەن ئىلغار بىر دىن ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن، ھەرخىل پەتىۋالارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، بۇ دىننى ھاياتلىقتىن ئۇزاقلاشتۇرۇپ كەلدى. مىللىتىمىزنىڭ ئانىلىرى بولغان ئاياللارنى مەسجىدلەردىن ۋە باشقىمۇ ئىجابىي ئاممىۋى پائالىيەتلەردىن، دىنىي سورۇنلاردىن چەكلەپ كەلدى. ھەتتا ئاۋامنىڭ ئېتىقادىدا «قىزلار كۆپ ئوقۇسا تەلەيسىز بولۇپ قالىدۇ» دەيدىغان قالاق چۈشەنچە شەكىللەنگەن. كىشىلەرگە شۇنداق دەپ پەتىۋا بەرگەنلەر شەيتاننىڭ موللىلىرىدۇر، ئەلۋەتتە. نەتىجىدە، بۇلار ئۆزلىرى بىلىمسىز قالغاننى ئاز دەپ، ئاياللارنىمۇ بىلىمسىز، نادان قىلىشىغا سەۋەب بولدى. بۇنىڭ بىلەن،

ئاشۇ بىلىمسىز ئانىلارنىڭ قولىدىن ئۆسۈپ چىققان نەسىللەر دىنىنىڭ ۋە مىللىي ئەدەپ ـ ئەخلاقىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمەيدىغان، ھەدەپ ئۇنى قارىلايدىغان بولۇپ چىقتى. ئاخىرىدا، ئىسلامىي ۋە مىللىي ئەخلاقىمىزدىن نېسىۋە ئالالمىغان بۇ نەسىل ياۋرۇپالىقلارنى ۋە خۇداسىزلارنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلدى.

## ئاياللار تۈزۈلسە مىللەت تۈزۈلىدۇ

مۇسۇلمانلارنىڭ گۈللەنگەن دەۋرلىرى ئاخىرلىشىپ، ئارقىغا چېكىنىش دەۋرى باشلانغاندىن بىرى ئاياللارنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەدىكى ئورنى پۈتۈنلەي يوقالدى، ئاياللاردىكى ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان نۇرغۇن قابىلىيەتلەر ئۆلتۈرۈلدى. شۇندىن بىرى ئاياللار جەمئىيەتتىكى پائالىيەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، ئۆيلەرگە مەھبۇس قىلىندى. بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان يالغان ھەدىسلەر ئويدۇرۇپ چىقىرىلدى.

ھازىرمۇ كۆپلىگەن ئىسلام ئەللىرىدە ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ۋە ئىقتىسادىي ھەق-ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم ياشاپ كەلمەكتە. بۇنىڭ سەۋەبى شۇ رايونلاردا ئىسلام نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان رادىكاللىق ۋە ئۆرپ-ئادەتنىڭ تەسىرىدىن ئىدى. كېيىنكى ئۆلىمالار ئاياللارنى پىتنە ـ پاساتقا يېقىن دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئۇلارنىڭ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشىنى ئانچە تەشەببۇس قىلىپ كەتمىگەن. بۇ سەۋەبتىن، بىزنىڭ ئۇيغۇر دىيارىمىزدا، ئاياللارنى مەسجىدلەردىن مەنئى قىلىدىغان، ئىسلام تەلىماتىغا يات، غەلىتە ئەھۋاللار تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. ھەتتا ئاياللارنىڭ مەسجىدكە كىرىشىنى كىشىلەرگە شۇنداق سەت كۆرسىتىۋەتكەنكى،

ئاياللار كىنو، تىياتىرلارغا بارسا، بازارلاردا دۇكان ئىچمۇ-ئىچ سودا قىلسا ئەيىبلىمەيدىغان، ئەگەر بىرەر مۇسۇلمان ئايال، ھەتتا ياشانغان موماي بولسىمۇ مەسجىدكە كىرىپ قالسا، ئۇنىڭغا سەسكىنىش بىلەن قارايدىغان ۋە ئەيىبلەيدىغان كەيپىياتلارمۇ بار. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاياللىرىڭلار سىلەردىن مەسجىدلەرگە بېرىش توغرۇلۇق رۇخسەت سورىسا، ئۇلارنى مەسجىدلەرگە بېرىشتىن مەنئى قىلماڭلار»[1] دەپ تەۋسىيە قىلغان.

ئەۋلادلارنىڭ تۇنجى ئۇستازلىرى بولغان ئانىلارنىڭ مەسجىدلەردە ناماز ئوقۇشى چەكلىنىدىغان بۇ غەلىتە ئادەت تۈپەيلى ئانىلار دىنىي تەلىم ـ تەربىيەلەرنى ۋە قۇرئان، ھەدىسلەرنىڭ تەلىماتلىرىنى ئاڭلاش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولغانلىقتىن، ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ئائىلە، بالا تەربىيەلەش ۋە ئىبادەتلەرنىڭ قائىدە ــ تەرتىپلىرى توغرىسىدىكى پرىنسىپلىرى ۋە كۆرسەتمىلىرىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز قالدى. ئىسلام تەلىماتلىرىدىن خەۋەرسىز قالغان بۇ ئاڭسىز ئانىلارنىڭ تەربىيەسىدە ئۆسكەن باللارمۇ ئاڭسىز ئۆسۈپ يېتىلدى. ئەگەر مەسجىدلىرىمىزدە ئاياللار ئۈچۈن ئايرىم جايلار ئايرىلسا، ئۇلارمۇ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇپ ئەرلەرنىڭ تاپقان ئارتۇق ساۋابلىرىنى تاپسا، ئەمر - مەرۇپ، ۋەز - نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ ئۆزلىرىنى، ئاندىن پەرزەنتلىرىنى ئىسلام تەربىيەسى بويىچە تەربىيەلەپ يېتىشتۈرسە، بۇنىڭ نېمە زىيىنى بار؟ ئەكسىچە ئاياللارنى مەسجىدلەردىن توسقىنىمىز ئۈچۈن زىيان تارتتۇق. ئاياللارنىڭمۇ جامائەتتە بولۇشى پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيەسى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان بىر مۇھىم ئىشتۇر. شائىرلارنىڭ پېشۋاسى ھافىز ئىبراھىم تەربىيەدە ئانىنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

---

(1)ئىمام مۇسلىم ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

الأُمُّ مَدْرَسَةٌ إِذَا أَعْدَدْتَهَا

أَعْدَدْتَ شَعْباً طَيِّبَ الأَعْرَاقِ

تەرجىمىسى:

ئانا ئۆزى بىر مەكتەپ، يېتىشتۈرسەڭ سەن ئۇنى،

يېتىشتۈرسەن تېگى پاك، ئېسىل بىر مىللەتنى.[1]

(1)مىسىرلىق شائىر ھافىز ئىبراھىمنىڭ «ئىلىم ۋە ئەخلاق» ناملىق قەسىدىسىدىن.

# ئىسلام ۋە شىئە

## شىئە مەزھىبىنىڭ كېلىپ چىقىشى

شىئە- پىرقە ۋە جامائەت دېگەن مەنىدە بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ھىمايە قىلىش باھانىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ئېتىقادىي مەزھەپتۇر. ئۇلار ئومۇمەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋە كۈيئوغلى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب بىلەن ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۇلۇغلاشتا چەكتىن ئاشۇرىۋەتكەن كىشىلەردۇر. شىئەلەرنىڭ ئەھلى سۈننە مەزھىپىگە ئەڭ يېقىنلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان ئون ئىككى ئىمام مەزھەبىدىكىلەر ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن خەلىپىلىككە ھەقلىق بولغان بىرلا شەخس دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ ۋە ئالدىنقى خەلىپىلەرنى ھاقارەتلەيدۇ. ئەمما شىئەلەرنىڭ ئازغۇن ۋە رادىكال پىرقىلىرىدىن رافىزە، دۇرۇزىيە، نۇسەيرىيە، باتىنىيە، ئىسمائىلىيە، باھائىيە قاتارلىقلار ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنى پەيغەمبەردىن يۇقىرى دەرىجىلەرگە كۆتۈرىدۇ، ھەتتا بەزىلىرى ئۇنى ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

## ئەھلى سۈننە ۋە شىئە

ئەھلى سۈننە- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ۋە شۇ يولدا يۇرۇشكە بىرلەشكەن مۇسۇلمانلار توپىدۇر.[1] تولۇق ئاتىلىشى« ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائە»دۇر.

ئىسلام دۇنياسىدىكى ئېتىقادىي مەزھەبلەردىن ھازىرغىچە داۋام

(1) سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەل ئۇسەيمىننىڭ« مجموع الفتاوى» (پەتىۋالار توپلىمى)ناملىق ئەسىرىنىڭ 1-توم، 37-بېتىدىن.

قىلىپ كەلگەن ئەڭ مەشھۇرلىرى ئىككى بولۇپ، بىرى، ئەھلى سۈننە مەزھىبى، ئىككىنچىسى، شىئە مەزھىبىدۇر. بۇ ئىككىسىدىن باشقا مەزھەبلەرنىڭ تولىسى دۇنيا يۈزىدىن غائىب بولۇپ تۈگەپ كەتكەن بولۇپ، بارلىرىنىڭ سانىمۇ ئىنتايىن ئاز بولغانلىقتىن، ئۇلار پىرسەنتكە چۈشمەيدۇ.

**دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى**

2000- يىلى ئېلىپ بېرىلغان رەسمىي ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي سانى بىر مىليارد 188 مىليونغا يەتكەن. بۇلاردىن بىر مىلياردتىن كۆپرەك مۇسۇلمان ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. 2025- يىلىغا بارغاندا ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە ئەگىشىدىغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى بىر يېرىم مىلياردتىن ئاشىدىغانلىقى كۆتۈلمەكتە. «دۇنيا خرىستىئانلىرى ئېنسكلوپېدىيىسى» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنىڭ ئاپتورى دېۋىد بارېت مۇنداق دەپ يازىدۇ: «دۇنيادا ھەر كۈنى تەخمىنەن 340 مىڭ بوۋاق ھاياتقا كۆزىنى ئاچىدۇ. ئۇلاردىن 68 مىڭى مۇسۇلمان ئائىلىسىدە، ئۇلاردىن يەنە 60 مىڭى ئەھلى سۈننە ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ».

**ئەھلى سۈننە مەزھىبىنىڭ دۇنيادىكى نوپۇزى**

دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. جۇڭگو، روسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا، بالقان رايونى، تۈركىيە، ئەرەب دۆلەتلىرى، جەنۇبى ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا، ئافرىقا دۆلەتلىرى، ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى ۋە ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىقى، ئومۇمەن ئۆتمۈشتە ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى (ياكى ئوسمان ئىمپېرىيىسى) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىسى ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە

ئەگىشىدۇ. ھەتتا شىئەلەرنىڭ مەركىزى بولغان ئىران، ئەزەربەيجان، بەھرەين ۋە ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قىسمى ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ 85% ى ئەھلى سۈننە مەزھىبىگە ئەگىشىدۇ. قالغان 15%نى باشقا مەزھەبلەرگە ئەگەشىدىغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى تەشكىل قىلىدۇ.

**دۇنيادىكى شىئەلەرنىڭ سانى**

يېقىنقى زاماندا ئېلىپ بېرىلغان ستاتىستىكىلار ھازىر دۇنيادا 120 بىلەن 150 مىليون ئارىسىدا شىئە بارلىقىنى، بۇ ساننىڭ ئومۇمىي مۇسۇلمانلار سانىنىڭ تەخمىنەن 12 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ.

شىئەلەر ئەڭ كۆپ تېپىلىدىغان دۆلەت ئىران بولۇپ، ئۇنىڭدىن قالسا ئىراق، ئەزەربەيجان، بەھرەين قاتارلىق دۆلەتلەردۇر. پاكىستان، ھىندىستان، تۈركىيە ۋە بەزى ئافرىقا دۆلەتلىرىدىمۇ شىئەلەر كۆپ ساندا تېپىلىدۇ.

# ئون ئىككى ئىمام مەزھىبى

ئـون ئىككـى ئىمـام مەزھىبـى ئـاۋۋىلى پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ كىيئوغلى، تـۆتىنچى خەلىـپە ئەلـى ئىبنى ئەبـۇ تالىـب ئـاخىرى مـۇھەممەد ئىبنى ھۇسـەيىن ئەسـكەرى دېـگەن كىشـىگىچە جەمـى 11ئىمـامنى كـۆزدە تۇتىـــدۇ. ئــۇلاردا ئىمـــام ئەلـــى رەزىيەللاھـــۇ ئەنھۇنىـــڭ پەيغەمـــبەر ئەلەيھىسســـالامنىڭ قىـــزى فـــاتىمە رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـــادىن بولغـــان پەرزەنتلىـــرى ئىچىـــدىنلا چىقىـــدۇ. ئـــۇلار: ھەسـەن، ھۇسـەيىن، زەينـــل ئابىـــدىن، مـــۇھەممەد بـــاقىر، جەئـــفەر سـادىق، مۇسـا كـازىم، ئەلـى رىـــزا، مـۇھەممەد ئىبنـى ئەلـى ھـادى، ھەسـەن ئەسـكەرى، مـۇھەممەد مەھـدى قاتـارلىقلاردۇر. ئۇلارنىـڭ 11-ئىمـامى ھۇسـەيىن ئەسـكەرى ھىجرىيىنىـڭ 260-يىلـــى ۋاپـــات بولغانـــدىن كېـــيىن، ئۇنىـــڭ ئـــوغلى مـــۇھەممەد ئاتىســـىنىڭ ئىزىـــدىن ئىمـــام بولۇشـــقا تېگىشـــلىك ئىـــدى. لـــېكىن ئـــۇ چۈشىنىشىـــز بىـــر شـــەكىلدە يوقـــاپ كەتكەنـــدىن كېـــيىن، شـــۇ ۋاقىتتىكـــى شىئەلەر 12-ئىمام مۇھەممەدنى ئۆلمىدى، ئۇ چوقۇم مۇناسىـپ بىـر زامانـدا «ئىمـــام مەھـــدى»بولـــۇپ، ئوتتۇرىغـــا چىقىـــدۇ ۋە دۇنيـــانى ئـــادالەتكە تولدۇرىدۇ، دەپ ئېلان قىلغـان. شـۇ كۈنـدىن باشـلاپ شـىئەلەرنىڭ ئـون ئىككى ئىمام مەزھىبىدە ئىماملىق ئاخىرلاشقان بولـۇپ، ئـۇلار ھـازىرغىچە مۇھەممەد مەھدىنىڭ چىقىشىنى كۈتمەكتە.

شـــىئەلەرنىڭ بـــۇ پىرقىســـى ئـــون ئىككـــى ئىمـــام مەزھىبـــى، ئىمـــامىيە مەزھىبـــى، جەئفەرىـــيە مەزھىبـــى دەپمـــۇ ئاتىلىـــدۇ. ئۇلارنىـــڭ ئـــون ئىككـــى ئىمـام مەزھىبـى دەپ ئاتىلىشـى ئـۇلاردا ئىماملىقنىـڭ ئـون ئىككـى ئىمـام بىـــلەن ئاخىرلاشـــقانلىقى، ئىمـــامىيە دەپ ئاتىلىشـــى ئۇلارنىـــڭ ئىمـــام تىكلەشـــنىڭ پەرزلىكـــگە ئېتىقـــاد قىلىـــدىغانلىقى ۋە جەئفەرىـــيە دەپ

ئاتىلىشى شىئەلەرنىڭ ئىمام جەئفەر سادىقنىڭ[1] دەۋرىدە قۇدرەت تېپىپ يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەنلىكى سەۋەبتىن ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ فىقھىي مەسىلىلىرىدىكى مەزھەبلىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىقتۇر.

شىئەلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىماملىرىنى پەيغەمبەرلىك دەرىجىسىگىچە، ھەتتا بەزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىنمۇ يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە كۆتىرىدۇ. ئۇلار ئىماملىرى ھەققىدە« ئۇلار چوڭ-كىچىك ھەر قانداق بىر گۇناھتىن پاك كىشىلەر بولۇپ، ئۇلاردا ئۇنتۇپ قېلىش، خاتالىشىش بولمايدۇ، ئۇلار دۇنيا يارىتىلىشتىن بۇرۇن نۇرلۇق سۈرەتتە يارىتىلىپ بولغان، ئۇلار ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تىكلەنگەن ئىماملار بولۇپ، كارامەتلەر پەقەت شۇلارنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

شىئەلەرنىڭ ئون ئىككى ئىمام مەزھىبى ھازىر ئىران، ئىراق، ھىندىستان، سۈرىيە ۋە ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە كۆپ تېپىلىدۇ. مىلادىيىنىڭ 1500-يىلى ئىراندا پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغان شاھ ئىسمائىل سەفەۋى شىئەلەرنىڭ ئون ئىككى ئىمام مەزھىبىنى ئىراننىڭ رەسمىي دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىگەندىن بىرى بۇ مەزھەب ھازىرغىچە ئىراندا دەۋر سۈرۈپ كەلمەكتە.[2]

---

(1) ئىمام جەئفەر سادىق- ئەلى ئىبنى ئابۇتالىبنىڭ ئوغلى ئىمام ھۈسەيىننىڭ پەرزەنتلىرىدىن بولۇپ، ھىجرىيەنىڭ 80-يىلى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە تۇغۇلغان، تەقۋالىقى، مول بىلىمى بىلەن تونۇلغان زات. ئۇ ئون ئىككى ئىمام مەزھىبىنىڭ 6-ئىمامى ھېسابلىنىدۇ.

(2) مىسىر ۋەقىپ ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ« ئىسلامىي ئىشلار ئالىي كېڭەشى»تەرىپىدىن ھازىرلانغان«ئومۇمىي ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»دىن ئېلىندى.

## ئەھلى سۈننە بىلەن شىئە مەزھىبى ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسلىق پەرقلەر

| قۇرئان كەرىم | |
|---|---|
| ئەھلى سۈننە مەزھىبىدە | شىئە مەزھىبىدە |
| قۇرئان كەرىم كەم- زىيادە قىلىنىشتىن ساقلىنىپ قالغان، ئاللاھتىن چۈشكەن پېتى داۋام قىلىپ كەلگەن، ئەرەب تىلى قائىدىسى بويىچە چۈشىنىلىدىغان ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ كالامىدۇر | شىئەلەرنىڭ بەزىسى قۇرئان كەرىمنىڭ كەم ـ زىيادىدىن خالى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقاد ۋە پىكىرلىرىگە توغرا كەلمىگەن ئايەتلەرنى تەۋىل قىلىپ، مەنىسىنى بۇرمىلايدۇ. |

ھەدىس

| ئەھلى سۈننە مەزھىبىدە | شىئە مەزھىبىدە |
| --- | --- |
| ھەدىس ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئىككىنچى چوڭ مەنبەئى، قۇرئاننى تەپسىرلەپ چۈشەندۈرگۈچى بىردىنبىر مەنبە. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن سادىر بولغانلىقى ئېنىقلانغان ھەدىسنى رەت قىلىشقا بولمايدۇ. ھەدىسنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاشتا تونۇلغان ھەدىس ئۆلىمالىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن پرىنسىپى ئاساس قىلىنىدۇ. | شىئەلەر ئەھلى بەيت (پەيغەمبەر ئائىلىسى) دىن چىققان ۋە ئۆزلىرى ئېتىراپ قىلىدىغان ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن توپلانغان، سىياسىي توقۇنۇشلاردا ھەزرىتى ئەلى تەرىپىدە تۇرغان كىشىلەرنىڭ ھەدىسلىرىدىن باشقا ھېچقانداق ھەدىسنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ھەدىسنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ۋە تەتقىق قىلىش مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. |

| ساھابىلار | |
|---|---|
| ئەھلى سۈننە مەزھىبىدە | شىئە مەزھىبىدە |
| ساھابىلارنىڭ ھەممىسى ئۈلگىلىك ۋە ئادالەتلىك كىشىلەردۇر. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن سىياسىي توقۇنۇش ۋە دىنىي ئىختىلاپلار پەقەت ياخشى نىيەتلىك ئىجتىھاد يولى بىلەن بولغان بولۇپ، ئۇلاردىن قايسىبىرىنى ئەيىبلەشكە ياكى ئۆچمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ. | شىئەلەر ساھابىلاردىن ئىنتايىن ئاز كىشىدىن باشقا ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كاپىر بولۇپ كەتكەن دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ھەزرىتى ئەلىنى بەزى شىئە پىرقىلىرى پەيغەمبەر دېسە، بەزىلىرى ئاللاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئەلىدىن بۇرۇن خەلىپە بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى كاپىر، زالىم دەيدۇ. |

| ئاللاھنى كۆرۈش | |
|---|---|
| ئەھلى سۈننى مەزھىبىدە | شىئە مەزھىبىدە |
| ﴿ئۇلار رەببىگە قاراپ تۇرىدۇ﴾ دېگەن ئايەتكە ئاساسەن، ئاللاھنى پەقەت ئاخىرەتتىلا كۆرۈش مۇمكىن. | شىئەلەر ئاللاھنى بۇ دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە كۆرۈش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. |

| تەۋھىد ئەقىدىسى | |
|---|---|
| ئەھلى سۈننە مەزھىپىدە | شىئە مەزھىپىدە |
| ئاللاھ بىردۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى ياكى ئوخشىشى يوق. ئاللاھ بىلەن بەندىلىرى ئوتتۇرىسىدا ۋاسىتىچى يوق. ئاللاھنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن گۈزەل ئىسىملىرى ۋە ئېسىل سۈپەتلىرىنى تەۋىل قىلماستىن، باشقىلارغا ئوخشاتماستىن كەلگەن پېتى چۈشىنىش كېرەك. غەيبنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. شاپائەت ئاللاھنىڭ رۇخسىتى بىلەنلا بولىدۇ. ئاللاھتىن باشقىسى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئاللاھنى تونۇشنىڭ ئاساسى دىن، ئاندىن ئەقىلدۇر. | شىئەلەرمۇ ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىشىنىدۇ. بىراق بۇ ئېتىقادنى ئاللاھقا شېرىك قوشۇش بىلەن بۇزۇپ تاشلايدۇ. ئۆلۈكلەردىن مەدەت سوراش، قەبرىلەرگە مال بوغۇزلاش ۋە چوقۇنۇش قاتارلىق خۇراپاتلارنىڭ ھەممىنى قىلىدۇ. ئۆزلىرى ئۇلۇغلايدىغان ئەھلى بەيت ئىماملىرىنى غەيبلەرنى بىلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئەۋلىيالار كائىناتنىڭ بەزى ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئاللاھنى تونۇشنىڭ ئاساسى ئەقىل دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. |

| غەيب (مېتافىزىكا ئالەم) | |
|---|---|
| ئەھلى سۈننە مەزھىبىدە | شىئە مەزھىبىدە |
| غەيبنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاللاھ مەلۇم دىنىي ئېھتىياج يۈزىسىدىن بەزى پەيغەمبەرلەرگە بەزى غەيبلەرنى بىلدۈرگەن.«ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن ئۆزى بىلدۈرۈشنى خالىغانلىرىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ»[1] | شىئەلەر غەيبلەرنى بىلىش پەقەت شىئە ئىماملىرىنىڭ ھەققى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەيبتىن خەۋەر بېرىشى دۇرۇس ئەمەس، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. شۇڭا بەزىلىرى ئۆلىمالىرىنى ئىلاھ دەپ تونۇيدۇ. |

| فىقھى مەسىلىلەردە | |
|---|---|
| ئەھلى سۈننە مەزھىبىدە | شىئە مەزھىبىدە |
| قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەت ئەڭ ئاساسلىق مەنبە بولۇپ، بۇ ئىككى مەنبە بىلەن بېكىتىلگەن شەرئەت ئەھكاملىرىنى ھېچكىمنىڭ ئۆزگەرتىش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققى يوق. ساھابى ۋە تابىئىين ئۆلىمالىرىنىڭ قىلغانلىرى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۈلگىدۇر. ئەمما ئىجما بىلەن قىياسنىڭ يولى تا قىيامەتكىچە ئوچۇقتۇر. | شىئەلەر دىنىي مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە، ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىمالىرىنى مەنبە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا شىئە ئىماملىرىنىڭ شەرئەت ئەھكاملىرىنى ئۆزگەرتىش، بەلگىلەش ھوقۇقى بار. ئۇلارنىڭ بەزى ئىبادەت سىستېمىلىرىدىكى ئوخشاشماسلىق بۇنىڭ مىسالى. |

| ئىچكى دۇنياسىنى يوشۇرۇش | |
|---|---|
| ئەھلى سۈننە مەزھىپىدە | شىئە مەزھىپىدە |
| مۇسۇلمان ئادەمنىڭ بىراۋغا ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى يوشۇرۇپ، باشقىچە كۆرسىتىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ ئىنسانلارنى ئالدىغانلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىزنى ئالدىغانلار بىزدىن ئەمەس» دېگەن. قانداقلا شارائىتتا بولمىسۇن كىشىلەرنى ئالداشقا، زىيانغا ئۇچرىتىشقا بولمايدۇ. پەقەت ئۇرۇش ئەسناسىدا، دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغاندا شۇنداق قىلسا بولىدۇ. | شىئەلەرنىڭ پۈتۈن تائىپىلىرى ۋە پىرقىلىرىدە ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى يوشۇرۇش پەرزدۇر. ئۇلار بۇنى «تەقىيە» دەپ ئاتايدۇ. بۇنداق قىلىش شىئە مەزھىپىنىڭ ئاساسلىق روھى بولۇپ، شىئە بولمىغانلارغا «تەقىيە» يولى بىلەن بارلىق ھىيلە ـ مىكىر ۋە ئالدامچىلىقلارنى يوللۇق سانايدۇ. ئۇلارنىڭ «تەقىيە»سى بولمىغان ئادەمنىڭ دىنىمۇ يوق» دەيدىغان مەشھۇر سۆزى بار. |

| شەرىئەت ۋە ھەقىقەت | |
|---|---|
| ئەھلى سۈننە مەزھىبىدە | شىئە مەزھىبىدە |
| شەرىئەتنىڭ ئۆزى ھەقىقەتتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ بۇيرۇغانلارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگەن. ھېچ نەرسىنى يوشۇرغان ئەمەس. ھەر قانداق ياخشىلىقنىڭ يولىنى كۆرسەتكەن، ھەر قانداق يامانلىقتىن توسقان. بەندىلەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە دۇئا قىلىش ئۈچۈن بىراۋنىڭ ۋاستىسى كېرەك ئەمەس. پەيغەمبەرلەردىن باشقا ئىنسانلار كەمچىلىك ۋە خاتالىقلاردىن مەسۇم ئەمەس. | شىئەلەر شەرىئەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ئەھكاملار بولۇپ، ئاۋام خەلق ئۈچۈنلا كېرەك بولىدۇ. ئەمما ھەقىقەتنى ياكى خاس ئىلىمنى ئەھلى بەيت ئۆلىمالىرىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئۇلار ھەقىقەت ئىلىملىرىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كەمچىلىكلەردىن خالىي كىشىلەر بولۇپ، بەندىنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسى پەقەت شۇ كىشىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەنلا بولىدۇ. |

| خەلىپە ياكى ئىماملىق | |
|---|---|
| ئەھلى سۈننە مەزھەبىدە | شىئە مەزھەبىدە |
| ئىسلام دۆلىتىنى مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئىچىدىن سايلىنىپ چىققان خەلىپە باشقۇرىدۇ. خەلىپە پەقەت ئەركىن سايلام بىلەن تاللىنىدۇ. خەلىپە بولۇپ سايلىنىش ئۈچۈن ئەقىل، ئىلىم، تەقۋالىق، ئىشەنچ ۋە مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشقا سالاھىيەتلىك بولۇش شەرت قىلىنىدۇ.<br>مەيلى قايسى مىللەتتىن بولمىسۇن، ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ مەنىسى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى بىلىش ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ھەققىدۇر. | شىئەلەردە خەلىپىلىك مىراس يولى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. خەلىپىلىك زەنجىرى ھەزرىتى ئەلىنىڭ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بولغان پەرزەنتلىرىدىن باشلىنىدۇ. باشقىلارنىڭ خەلىپە ياكى ئىمام بولۇش ھەققى يوق. ئۇلارنىڭ ئىماملىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەگە بولغان ئىلىم-مەرىپەتلەرنىڭ يېگانە ۋارىسلىرى بولۇپ، قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى تەۋىل قىلىش، ھالال-ھارام مەسىلىسىنى بىلىش قاتارلىق دىنىي ئىلىملەرنى بىلىدىغان ئالاھىدە كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. |

# ئىسلام ۋە تەسەۋۋۇپ

سۇپىلىق ياكى تەسەۋۋۇپ دېيىلگەن هامان كۆز ئالدىمىزغا ئۇيغۇر تارىخىدىكى مۇناپىقلىقنىڭ ۋە ساتقۇنلۇقنىڭ لەنەتلىك ئوبرازى بولۇپ قالغان ئاپاق خوجا باشچىلىقىدىكى نەپسانىيەتچى ئىشانلار ۋە ئۇلارنىڭ قارا قورساق، جانباقار سۇپىلىرى كېلىدۇ.

بۇ خەلقىمىزنى ھەق دىنىدىن ئاداشتۇرۇپ بىر ئۆمۈر خۇراپاتلارغا چۆمدۈرۈۋەتكەن ۋە ئۇلارنى تۈرلۈك بەختسىزلىكلەرگە گىرىپتار قىلغان ئازغۇنلارنىڭ خۇنۇك ئوبرازى بولۇپ، ئۇيغۇر تارىخىدىكى بارلىق تراگېدىيەلەرنىڭ ئادرېسى بولۇپ قالماقتا.

دۇنيادا سۇپىلىق بىلەن تەرىقەتچىلىكنىڭ زىيىنىنى ئۇيغۇرلاردەك كۆپ تارتقان ئىككىنچى بىر مىللەت بولمىسا كېرەك. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى كۈنگە قېلىشىنىڭ ۋە ئىسلام دىنىدىن يۈگۈنىكىدەك يىراقلىشىپ قېلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبكارى جاھالەتنىڭ ئادرىسى بولغان شۇ سۇپى - ئىشانلار دېسەك ھەرگىز ئاشۇرىۋەتكەن بولماسمىز، بەلكىم.

قانداقلا بولمىسۇن، سۇپىلىق ياكى تەسەۋۋۇپ ھەققىدە توختالغان ئىكەنمەن، ھېسسىياتقا بېرىلمەستىن، چوقۇم ئەقىل ۋە شەرىئەتنىڭ مىزانى بويىچە سۆز قىلىشقا مەجبۇرمەن.

سۇپىلىق ياكى تەسەۋۋۇپ دۇنيانىڭ ھالاۋەتلىرىدىن، راھەت - پاراغەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، تۇرمۇشتا قاتتىقچىلىق بىلەن تەركىيدۇنيالىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر خىل پىكىر ئېقىمىدۇر.

سوپىلىق ياكى تەسەۋۋۇپلۇققا قارىتا ئىسلام دۇنياسىدىكى ئۆلىمالارنىڭ كۆز قارىشى بىر خىل ئەمەس. بەزى ئۆلىمالار ئۇنى دىن ئىبتىراپ قىلمايدىغان بىدئەت ئىش دەپ قارىسا، يەنە بەزىسى ئۇنى ئەسلىنى ئىسلام ئىبتىراپ قىلىدىغان بىر خىل ئىبقىم دەپ قارايدۇ، يەنە بەزى ئۆلىمالار ئۇنى «ئەخلاقىي مەزھەب»دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئەمما تەسەۋۋۇپ ئەھلى ئۆزلىرىنى «ئاللاھ تائالاغا يېتىش ئۈچۈن نەپسىنى پاكلاپ، روھىي جەھەتتىن يۈكسىلىش يولىدا تىرىشقۇچىلارمىز» دەپ تەرىپلەيدۇ.

## سوپىلىقنى ئىسلامدا يوق دېگۈچىلەر

سەلەفىي ئۆلىمالار باشتا بولغان ھالدا كۆپ سانلىق ئۆلىمالار سوپىلىقنىڭ ئىسلامدا يوق ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ بىر بىدئەت ھەم خۇراپات ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا سوپىلىق ياكى تەسەۋۋۇپلۇقنىڭ ئىسلام بىلەن ھېچبىر مۇناسىۋىتى يوقلىقىنى سۆزلەيدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق مۇپتىسى ئەللامە ئابدۇللا ئىبنى باز تەسەۋۋۇپ ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىكەن: «سوپىلىق ئىسلام دىنىدا يوق، بەلكى ئۇ بىدئەت ۋە خۇراپاتتۇر. چۈنكى قۇرئان ۋە سۈننەتتە كەلگەنلىرى بىزنى سوپىلىقتىن ۋە تەسەۋۋۇپتىن بىھاجەت قىلىدۇ. ئەھۋال مۇنداق ئىكەن، مۇسۇلمان ئادەم ئىلىم-مەرىپەتنى تەسەۋۋۇپلۇقتىن ئەمەس، بەلكى قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئېلىشى لازىم. چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ دەستۇرى قۇرئان ۋە سۈننەتتۇر. مۇسۇلمانلار سوپى-ئىشانلارغا ئەمەس، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان. مەيلى قانداقلا بىر تەرىقەت بولمىسۇن، ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە قەتئىي بولمايدۇ. ئەگىشىدىغان توغرا يول ئاللاھ تائالانىڭ يولىدۇر.

ئــاللاھ تائــالا قۇرئـــان كەرىمــدە مۇنــداق دېــگەن:﴿ وَأَنَّ هَـٰذَا صِرَاطِي مُسْتَقِيمًا فَاتَّبِعُوهُ﴾يەنـــى﴿بـــۇ مېنىـــڭ تـــوغرا يولۇمـــدۇر، بۇنىڭغـــا ئەگىشـــىڭلار﴾[1] ســـۈپىلىق ئەڭ يامـــان بىـــدئەتتۇر. پەيغەمـــبەر ئەلەيھىسسالام بىـدئەتتىن مەنئـى قىلىـپ: «كىمكـى بىزنىـڭ دىنىمىـزدا يـوق ئىشـنى قىلىـدىكەن، ئـۇ قەتئىـي رەت قىلىنىـدۇ» [2]دېـگەن. شـۇڭا مۇسـۇلمان ئـادەم ئـاللاھ تائالانىـڭ كـالامى ۋە رەسـۇلۇللاھنىڭ سـۈننىتى بويىچە ئىش كۆرۈشى لازىم.»[3]

ئەلـلامە مـۇھەممەد ئىبنـى سـالىھ ئۇسـەيمىن مۇنـداق دېـگەن: «سـۈپى سۆزىنىڭ كېلىـپ چىقىشـى ھەققىـدە نۇرغـۇن رىـۋايەتلەر بـار. ئەممـا ئەڭ توغرىســى«ســۇف»يەنـــى (يۇڭ)ســۆزىدىن كېلىـــپ چىققـــان دېـــيىش ھەقىقەتكە بەكرەك يېقىندۇر. چۈنكى ئۇلار دەسـلەپتە يـۇڭ كـيىم كـيىـپ چىققان. سۈپىلارنىڭ ھەر خىل تەرىقەتلىرى بار بولـۇپ، بەزىسى ئـادەمنى كاپىرلىققا ئېلىـپ بارسـا، بەزىسـى بىـدئەتكە ئېلىـپ بارىـدۇ. ئۇلارنىـڭ ئېتىقادىـدىكى خاتـالىقلارنى ئىسـلام ئەقىدىسـى قوبـۇل قىلالمايـدۇ. ئـۇلار ئـــۆزلىرىنى مەرىـــپەت ئەھلىلـــرى دەپ دەۋا قىلىـــدۇ. ئەممـــا ھەقىقـــي مەرىـــپەت ئەھلـــى مـــۇھەممەد ئەلەيھىســـسالام، ئۇنىڭـــدىن قالســـا تـــوغرا يولدىكى خەلىپىلەر، ئاندىن توغرا يولغا ئەگەشكەنلەردۇر.»[4]

(1) ئەنئام سۈرىسى153 ـ ئايەت.
(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(3) «ئىبنى باز پەتىۋالىرى»دىن.
(4) «ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالىرى»دىن.

## سۈپىلىقنىڭ ئەسلىنى ئىسلامدا بار دېگۈچىلەر

ئەللامە دوكتور يۈسۈپ قەرداۋى[1] مۇنداق دەيدۇ: «مەيلى ھەق بولسۇن، مەيلى باتىل بولسۇن، ھەر قانداق بىر دىنىنىڭ مەنسۇپلىرىدىن روھانىيلىق تەرەپكىلا بېرىلىپ، تەركىيدۇنيالىقنى تەرغىب قىلغۇچىلار تېپىلىدۇ. مەسىلەن: خىرىستىيان دىنىدىكى راھىبلىق تۈزۈمى، ھىندى دىنىدىكى پېقىرلار تەبىقىسىنىڭ روھانىيلىق تەرەپكە ئەڭ زور ئەھمىيەت بېرىدىغان مەزھىبى، قەدىمكى ئىرانلىقلاردىكى مانى مەزھىبى، گرېتسىيەدىكى راۋاقى مەزھىبى قاتارلىقلار بۇنىڭ مىسالى. مۇندىن باشقا دۇنيادىكى كۆپلىگەن دىنلاردا شۇنداق مەنىۋىياتقىلا بېرىلىدىغان مەزھەبلەر مەۋجۇتتۇر.

(1) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ نۇتقىدىن. دوكتور يۈسۈپ قەرداۋى ـ 1926-يىلى مىسىرنىڭ غەربىيە رايونىدا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، قەدىمي ئىلىم يۇرتى ئەزھەردە ئوقۇپ يېتىشكەن ئىسلاھاتچى ئالىم. مىسىردىكى «ئەل ئىخۋانۇل مۇسلىمۇن» جامائىتىنىڭ غوللۇق ئەزالىرىدىن بىرى بولغانلىقى سەۋەبلىك 1949-1954- ۋە 1961- يىللىرى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم تۈرمىگە ئېلىنغان، 1961- يىلى قاتار دولىتىگە بېرىپ، شۇجايىنىڭ نوپۇسىغا ئۆتكەن ۋە ئۇ جايدا ئىسلام ئېنىستىتوتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن، 1977-يىلى قاتار ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. ئۆزىنىڭ مول بىلىمى ۋە ئىسلام دۇنياسى دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى تالانتى بىلەن «ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى»، «پادىشاھ فەيسەل مۇكاپاتى»، «مالايشىيا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى» ۋە بۇرۇناي سۇلتانى تەرىپىدىن مۇكاپاتلارغا نائىل بولغان. ھازىر ئۇ «دۇنيا ئىسلام ئۆلىمالار ئىتتىپاقى»نىڭ رەئىسى، «ياۋروپا تەتقىقات ۋە پەتىۋا كېڭىشى»نىڭ رەئىسى، «مىسىر ئىسلام تەتقىقات ئاكادېمىيىسى»نىڭ ئەزاسى، «ئىسلام دۇنيا ئىتتىپاقى» تەركىبىدىكى«ئىسلام فىقھى ئاكادېمىيىسى»نىڭ ئەزاسى، «قاتار ئىسلام بانكىسى»نىڭ كۆزىتىش كومىتېتى ئەزاسى، «ئافرىقا ئىسلامىي دەۋەت تەشكىلاتى»نىڭ ئەزاسى، كۇۋەيت دۆلىتى «زاكات ئىشلىرى كومىتېتى»نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، «ئىسلام ئونلايىن» تور بېكىتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىمەكتە.

ئەمما ئىسلام دىنى كەلگەندە، روھىي ۋە ماددىي ھەر ئىككى تەرەپكىلا ئەھمىيەت بېرىدىغان، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدىغان خۇسۇسىيىتى بىلەن كەلگەن.

ئەمما ئىسلام دىنى روھ، بەدەن ۋە ئەقىلدىن ئىبارەت ئۈچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدىغان خۇسۇسىيىتى بىلەن كەلگەن. چۈنكى ئىسلام نەزىرىدە، ئىنسان بەدەن، ئەقىل ۋە روھتىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ھەققىنى بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن بىرەرسىنىڭ ئىسلامنىڭ بىرەر تەرىپىگىلا بېرىلىپ كەتكەنلىكىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرەتتى. بىر كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كېچىلىرى ئۇخلىماي ناماز ئوقۇپ، كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇشقا ئادەتلىنىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇنىڭغا: «ئى ئابدۇللاھ! كۆزۈڭنىڭ ۋە بەدىنىڭنىڭ ئارام ئېلىش ھەققى بار، ئائىلەڭنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھەققى بار، ئايالىڭنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھەققى بار، بۇلاردىن ھەربىرىنىڭ ھەققىنى بەرگىن»[1] دېگەن.

بىر كۈنى ساھابىلەردىن بىر قانچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن ئۇنىڭ ئىبادىتى توغرۇلۇق سورىشىدۇ. ئاياللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەتلىرىنى ئاز، دەپ ھېس قىلغانلىقلىرىدىن «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىغاندا نەدە؟ ئاللاھ ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى پۈتۈن كەمچىلىكلىرىنى كەچۈرىۋەتكەن

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

تۇرسا دېيىشىدۇ» يەنى ئۇنداق بولغان ئىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئازلا ئىبادەت قىلسىمۇ يېتەرلىك، ئەمما بىز ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئىبادەت قىلىشىمىز كېرەك دېگەن چۈشەنچىگە كېلىدۇ - دە، ئۇلاردىن بىرى «مەن يىل بويى كۈندە روزا تۇتىمەن» دەيدۇ. يەنە بىرى «مەن ئاياللاردىن يىراق تۇرىمەن، ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمەيمەن» دەيدۇ، ئۈچىنچىسى «مەن كېچە ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىمەن» دەيدۇ، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئۇلارغا: «سىلەر ئۇنى، بۇنى دېيىشىسىلەر، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ ئېيتالايمەنكى، ئاراڭلاردا مەن سىلەرنىڭ ئاللاھتىن ئەڭ قورقىدىغان، ئەڭ تەقۋا كىشىڭلارمەن. لېكىن مەن كېچىلىرىنىڭ بەزى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئوقۇيمەن، بەزى ۋاقىتلىرىدا بولسا ئۇخلايمەن، (رامىزاندىن باشقا كۈنلەردە) گاھىدا روزا تۇتىمەن، گاھىدا تۇتمايمەن. مەن ئۆيلىنىمەن. كىمكى مېنىڭ بۇ يولۇمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس» دەيدۇ [1].

دېمەك، ئىسلام دىنى ماددىي ۋە مەنىۋى ھەر ئىككى تەرەپكە كۆڭۈل بۆلىدۇ، ھەر ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشقا تەشەببۇس قىلىدۇ. مانا بۇ ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىدۇر.

ئەمما سوپىلىق ياكى تەسەۋۋۇپ مۇسۇلمانلاردا ماددىي ۋە ئەقلىي تەرەپ بېسىپ كەتكەن چاغلاردا ئوتتۇرىغا چىقتى. چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپلىگەن دۆلەتلەردە ھاكىمىيەت تىكلىشى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن بېيىشىغا ئەگىشىپ، بەزى تەبىقىلەردە ئىسراپخورلۇق ئەۋجىگە چىققان، يەنە بىر تەرەپتىن پەلسەپە ۋە ئىلمى كالام ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىمان مەسىلىسىمۇ پەلسەپىدىن ئىبارەت بولۇپ

---

(1)بۇخارى رىۋايىتى.

قالغـان ئـىدى. ھەتتـا ئىسـلام فىقھىـمۇ دىنىنىـڭ زاھىرىـي تەرەپلىـرىگىلا كۆڭـۈل بۆلــدىغان، قەلــب، ۋىجــدان مەســىلىلىرى بىـــلەن كـــارى بولمايــدىغان بىــر ۋەزىــيەتكە كىرىلــىپ قالغــان. بــۇ ئەھۋالــدا، ئىنسـان بۇلارنىــڭ ھېچبىرىـــدىن ھـــۇزۇر-ھـــالاۋەت ھـــېس قىلالمايـــدىغان، مەنىــۋىيەتكە بولغــان ئېھتىيــاجىنى قاندۇرالمايــدىغان بىــر ۋەزىــيەتكە چۈشۈپ قالغان ئىدى.

دەل شۇ ۋاقىتتا بـۇ بوشلۇقتىن سـۈپىلىق مەيـدانغا كەلـدى. سـۈپىلىق ئەسـلىدە، مۇسـۇلمانلارنىڭ كــۆپ ســانلىقى مــال-دۇنياغــا ۋە راھەت-پــاراغەتلەرگە بېرىلىــپ كېــتىش ســەۋەبلىك بــوش قالــدۇرغان مەنىــۋى تەرەپنـــى تولـــدۇرۇش، مەنىۋىياتقــا بولغـــان ئېھتىيـــاجىنى قانـــدۇرۇش مەقسىتى بىلەن مەيدانغا كەلگەن.

شـۇ ئېنىقكـى، ئىلگىرىكـى سـۈپىلار قۇرئـان ۋە سـۈننەتنىڭ يولـىدىن چىقمــايتتى، بىــدئەت ۋە خۇراپــات دېگەنلەرنـــى بىلمەيتتـــى. ئۇلارنىــڭ قولىـدا مۇسـۇلمان بولغـان مىللەتلەرمـۇ كـۆپ. چـۈنكى ئـۇلار ئىسـلامىي ئەخلاقتا كىشىلەرنى ھەقىقەتەن قايىل قىلاتتى.

كېيىــنچە، ســۈپىلارنىڭ مــۇتلەق كـــۆپ ســانلىقى ئېزىــپ كەتتـــى، ھەددىــدىن ئېشىــپ كەتتــى، تــوغرا يولــدىن چىقىــپ كەتتــى. ھەتتـا بىـر پۈتۈن ھەقىقەت بولغان ئىسلامنى ھەقىـقەت ۋە شـەرىئەت دەپ ئىككىـگە بۆلــدى ۋە ئــۆزلىرىنى ھەقىــقەت ئەھلـــى دەپ دەۋا قىلــدى. ئــۇلاردىن بەزىلەر «ھەدىسشۇناسلار پالانى پالانىدىن رىۋايەت قىلـدى دەيـدۇ، ئەمما مەن "رەببىم قەلبىمگە سۆزلىدى" دەيـمەن» دېيىشكە قەدەر ھەددىـدىن ئاشـتى. شـۇنداق قىلىـپ ئـۇلار ئىسـلامدىن بەكمـۇ يىراقلىشـىپ كەتتـى. سـۈپىلاردىكى بـۇ خـۇراپىي ئېتىقـاد كـۆپلىگەن مۇسـۇلمان پەرزەنتلىرىنـى

يولىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى زۇلۇمغا باش ئېگىدىغان، بۇزغۇنچىلىققا قارشى تۇرالمايدىغان هالغا كەلتۈرۈپ قويدى.

چۈنكى، تەسەۋۋۇپلۇق ئىسلام تەلىماتىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر پەلسەپە شەكلىدە راۋاجلىنىپ، قۇرئان ۋە هەدىسنىڭ روهىدىن چەتنىگەن، روهانىيلىقنىلا تەشەببۇس قىلىدىغان، دۇنيالىق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، ئىلىم ـ مەرىپەتكە قىزىقمايدىغان، خۇراپاتلارنى دىن هېسابىغا قوبۇل قىلىدىغان، دەۋرگە كىرگەن ئىدى»[1]

ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مەرهۇم مۇهەممەد غەززالىي مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تەسەۋۋۇپ دېيىلگەن هامان، كۆز ئالدىمىزغا جىهاد مەيدانىدا تاپقىلى بولمايدىغان، ئەمما بارلىق خۇراپاتلارنى ۋە بىدئەت ئىشلارنى دىن نامىدىن سادىر قىلىۋاتقان، مۇستەملىكىچىلەرگە خىزمەت قىلىۋاتقان بىر تۈركۈم جاهالەت مەنسۇپلىرى كېلىدۇ. تەسەۋۋۇپ تارىخىدا بەزى ئىجابىي ئىشلارمۇ بولغاندەك، ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان قىلمىشلار ۋە خۇراپاتلىقلار كۆپتۇر. بىزنىڭ هەممىدىن بەك قارشى تۇرىدىغىنىمىز هىندىلاردىن، قەدىمكى يۇنانلىقلاردىن، خىرىستىيانلاردىن ۋە بۇددىستلاردىن كىرىپ كەلگەن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدۇر. بۇنداق خۇراپاتلارنى ئىسلام دىنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىدۇ، بەلكى ئەقىلمۇ بۇلارنى قوبۇل قىلالمايدۇ.

ئەمما شۇنىمۇ ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، ئوزۇقنى ئىسلام، ئىمان ۋە ئېھساندىن ئالغان هەقىقىي مەنىدىكى تەسەۋۋۇپلۇقمۇ باردۇر. بۇ خىلدىكى تەسەۋۋۇپلۇق ئىلىم-مەرىپەت ۋە ئەمەل- ئىبادەت بىلەن

(1) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «فتاوى معاصرة» (هازىرقى زامان پەتىۋالىرى) ناملىق ئەسىرى، 1-توم،734 ـ 736-بەتلەر.

يۈكسىلىپ، ئىنسانىي ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئاللاھ تائالانى رازى قىلىش يولىدىكى ھەقىقىي قۇلچىلىققا توغرا رەۋىشتە قارىتالىغان.»[1]

## ئەڭ ئوتتۇراھال كۆز قاراش

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە تەسەۋۋۇپ ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر تەسەۋۋۇپلۇققا ھۆكۈم قىلىشتا ھەر خىل بولغان. بەزىلەر تەسەۋۋۇپلۇق بىلەن سۇپىلارنى سۆكۈپ: ‹ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن يىراقلاشقان ئازغۇن قەۋملەردۇر› دېگەن بولسا، بەزىلەر ئۇلارنى ماختاپ ئاشۇرىۋېتىپ ‹تەسەۋۋۇپ ئەھلى پەيغەمبەرلەردىن قالسا ئەڭ ئۇلۇغ ئادەملەردۇر›دېگەن. ھەر ئىككى تەرەپ خاتالاشقان. ئەڭ توغرىسى شۇكى، تەسەۋۋۇپ ئەھلى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنلىشىش يولىدا ئىزدەنگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلاردىن مۇرادىغا يەتكەنلەرمۇ، ئوتتۇراھاللارمۇ ۋە ئۆز نەپسىگە زۇلۇم قىلغانلارمۇ بار. ئۆز نەپسىگە زۇلۇم قىلغانلار خۇراپاتچىلار، بىدئەتچىلەر ۋە ئىمانسىزلاردىن ئۆزلىرىنى تەسەۋۋۇپ ئەھلىگە مەنسۇپ قىلىۋالغانلاردۇر. ھەللاجمۇ شۇنداقلارنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. چۈنكى كۆپ ساندىكى تەرىقەت ئىگىلىرى ھەللاجنىڭ كاپىرلىقىنى سۆزلەيدۇ.»[2]

چۈنكى ھەللاج ھەددىدىن ئېشىپ «ئاللاھ مەندە، مەن ئاللاھتىمەن»دېگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، تەسەۋۋۇپ ئەھلىدىن ئىسلام روھىغا ئۇيغۇن يول تۇتقانلارمۇ، زالالەت ۋە كۇپىرلىق پاتقاقلىرىغا

(1) ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد غەززالىينىڭ «مائة سؤا عن الإسلام»ناملىق ئەسىرى20-بەت.
(2) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «فتاوى معاصرة» (ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى)ناملىق ئەسىرى، 1-توم،743-بەت.

پاتقانلارمۇ بار. ئۇلاردىن جۇنەيد ئىبنى مۇھەممەدكە ئوخشاش «بىزنىڭ يولىمىز قۇرئان ۋە سۈننەتتۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگەشمىگەنلەرنىڭ يولى توسۇقتۇر» دېگەنلەرمۇ ۋە ئەبۇ سۇلايمان دارانىيغا ئوخشاش «قۇرئان ۋە ھەدىستىن باشقىسى يولىمىزنى يورۇتالمايدۇ»دېگەنلەرمۇ ۋە ئازغۇن سوپىلاردىن ھەللاجقا ئوخشاش يۇقىرىقى كۇپرى سۆزنى سۆزلەپ ئىلاھلىق دەۋاسى قىلغانلارمۇ، ئەبۇ يەزىد بەستامىغا ئوخشاش «بىز دېڭىزغا كىردۇق، پەيغەمبەرلەر كىرەلمەي دېڭىز ياقىسىدا قاراپ قالدى»[1] دېيىش ئارقىلىق ۋە ئاپاق خوجىغا ئوخشاش«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىراجىغا چىققاندا، يەتتىنچى قات ئاسماندا ناھايىتى چىرايلىق بىر ئادەمنى كۆرۈپ قالدى. يېنىدىكى جىبرىلدىن بۇ كىشىنىڭ قايسى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى سورىغىنىدا، جىبرىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەمەسلىكىنى، ئەمما پەيغەمبەردىنمۇ ئۇلۇغ كىشى بولۇپ، ئىسمى ئاپاق خوجا ئىكەنلىكىنى ۋە ئالتەشەھەر خەلقىدىن مىڭلارچە كىشىنى ئىسلامغا كىرگۈزىدىغان كارامەتلىك زات ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتەشەھەر تەرەپكە قاراپ شۇ كىشىگە دۇئا قىلىدىغان بولغان»[2] دېگەنگە ئوخشاش خۇراپاتلارنى توقۇپ چىقىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنى پەيغەمبەرلەردىن ئۈستۈن

---

(1) ئەبۇ يەزىد بەستامى ھىجرىيەنىڭ188- يىلى قەدىمقى خۇراسان ۋىلايىتىنىڭ بەستام دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان، «ۋەھدەتۇلۇۋۇجۇد»دېگەن ئازغۇن پەلسەپىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئۆزىنى خۇددى ئاللاھ تائالانى سۈپەتلىگەندەك سۈپەتلىگەن بىر ئازغۇن تەرىقەتچىدۇر. ئۇ 261- ھىجرىيە يىلى73- يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

(2) نۇشىرۋان نائۇشېفنىڭ«ئالتەشەھەر مەكتۇپلىرى»ناملىق ئەسىرىدىن. ( 2013-يىلى8-ئايدا بېيجىڭ «مىللەتلەر نەشرىياتى»دا بېسىلغان).

كۆرگەنلەرمۇ بار. ئالدىنقىسى ھەق يولدىن ئازمىغانلارنىڭ، كېيىنكىسى زالالەت ۋە كۇپرىنىڭ پاتقاقلىرىغا پاتقانلارنىڭ مىسالىدۇر.

## ئىسلام ئۆلىمالىرى ھازىرقى سۇپىلارنى رەت قىلىدۇ

شۇ ئىنىقكى، ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ھازىرقى زامانىدىكى سۇپى-ئىشانلارنىڭ تەرىقەتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ سادىر قىلىۋاتقان خۇراپاتلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئىسلامدىن سانىمايدۇ، بەلكى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىدۇ ۋە خۇراپاتتىن سانايدۇ.

## تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى

تەسەۋۋۇپ ئەھلىدىن ئازغۇن پىرقىلەرنىڭ ئومۇمىي پەلسەپىسى تۆۋەندىكىچە:

1. «ۋەھدەتۇلۋۇجۇد» - ئاللاھتىن باشقا مەۋجۇت يوق، مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلىقىنىڭ كۆرۈنۈشىدۇر، دېگەن مەنىدە.

2. «ھۇلۇل»- ئاللاھ تائالا مەخلۇقلىرىدا ئورۇن ئالىدۇ، دېگەنلىكتۇر. ھەللاجنىڭ «مەن ئاللاھمەن» دېگەن سۆزىمۇ بۇ پەلسەپىگە يۆلەنگەن.

3. «ھەقىقەت ۋە شەرىئەت» يەنى شەرىئەت دىنىنىڭ ئاشكارا تەرىپى، ھەقىقەت ئۇنىڭ يوشۇرۇن تەرىپى بولۇپ، ئادەتتىكى كىشىلەر ئاشكارىنى، تەسەۋۋۇپ ئەھلى يوشۇرۇننى بىلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش.

4. «بىۋاستە ئەمر ئېلىش» يەنى ئەۋلىيالار ئاللاھ تائالادىن بىۋاستە ئەمر ئالىدۇ، ئۇلار غەيبلەرنى بىلىدۇ، ئەۋلىيالار ۋە قۇتۇبلار دۇنيادىكى بەزى ئىشلارنى تەسەررۇپ قىلالايدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش.

يۇقىرىقى ئازغۇن پەلسەپە قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتنىڭ روھىغا تامامەن زىت بولۇپ، مۇنداق ئېتىقادتىكى كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمانلاردىن سانالمايدىغانلىقىغا ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىتتىپاقتۇر.

تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقى نەپسنى پاكلاپ، روھنى يۈكسەلتىش يولىدا دىنىنىڭ چەك-چېگرىسىدىن ئېشىپ، نەپسنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈپ تاشلاشقا تىرىشقانلىقىدۇر. ئۇلارنىڭ نەپسىنىڭ ئىستەكلىرىنى بوغۇپ تاشلايمىز دېگەن دەۋا بىلەن تەركىدۇنيالىقنى تەرغىب قىلىپ، دۇنيادىن يۈز ئۆرۈمەكچى بولدى. ئەمما نەتىجىدە، ئۆزلىرى دىنىنىڭ روھىدىن چىقىپ كەتتى ۋە ئازغۇنلاردىن بولدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا نەپسنى چوڭ مەقسەتلەر بىلەن ياراتقان. ئۇلاردىن بىرى دۇنيانى تەرەققىي قىلدۇرۇشتۇر. ئەگەر ئىنساندا نەپس ئاۋارىگەرچىلىكى بولمىسا ئىدى، ئۇ ئىشلىمىگەن ۋە بىر نەرسىلەرگە ئىگە بولۇشقا ھېچ تىرىشمىغان بولاتتى. نەتىجىدە دۇنيامۇ تەرەققىي قىلمىغان بولاتتى.

توغرا، نەپس ئىنساننى يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدىغان، ئۇنى ئازدۇرىۋېتىدىغان يامان نەرسە. ئەمما ئىسلام دىنى نەپسنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاشنى خالىمايدۇ، بەلكى ئۇنى تىزگىنلەشنى خالايدۇ. ئىنسان ئۆز نەپسىنى تىزگىنلەپ ئۇنى ئۆزى باشقۇرسا ھەممە ئىش يولىغا كىرگەن بولىدۇ.

## تەسەۋۋۇپ ئېقىمى قاچان ۋە نەدە ئوتتۇرىغا چىققان؟

تەسەۋۋۇپ ئېقىمى ھىجرىيەنىڭ 3- ئەسىردە (مىلادىيە تەخمىنەن 900- يىللاردا) ھازىرقى ئىراقنىڭ بەسرە شەھىرىدە ئوتتۇرىغا چىققان. تەسەۋۋۇپلۇققا ئەگەشكەنلەر سوپى دەپ ئاتىلىدۇ.

## سوپى ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى

سوپى ئاتالغۇسى توغرۇلۇق ھەرخىل قاراشلار بار. بەزىلەر ئۇلارنى «ئەھلى سۇففە»[1] دىن كەلگەن دەيدۇ. بەزىلەر «سوپى» سۆزى گرېتسىيە تىلىدىكى ‹سوفىيا› سۆزىدىن كەلگەن دەپ قارايدۇ. ئەمما ئەڭ كۈچلۈك قاراش دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ تەركىيدۇنيالىق قىلغۇچىلار كىيىۋالىدىغان يۇڭ كىيىمدىن كەلگەن دېگەن قاراشتۇر. يۇڭ سۆزىنىڭ ئەرەپچىسى «سۇف» بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى «سوپى» سۆزى ئۇنىڭ بۇزۇپ قوللىنىلىشىدۇر.

## تەسەۋۋۇپنىڭ مەشھۇر پىرقىلىرى:

1. نەقشىبەندىيە تەرىقىتى (باھاۋۇددىن نەقشىبەندى دېگەن كىشىگە مەنسۇپ قىلىنغان.)

2. جەئفەرىيە تەرىقتى (جەئفەر ھۇسەينى دېگەن كىشىگە مەنسۇپ قىلىنغان.)

3. رىفائىيە تەرىقىتى (ئەھمەد رىفائىي دېگەن كىشىگە مەنسۇپ قىلىنغان.)

4 . قادىرىيە تەرىقىتى (ئابدۇلقادىر جىيلانىي دېگەن كىشىگە مەنسۇپ قىلىنغان.)

5. شازىلىيە تەرىقىتى (ئەبۇل ھەسەن شازىلىي دېگەن كىشىگە مەنسۇپ قىلىنغان.)

---

(1) «ئەھلى سۇففە» ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدە ئولتۇرۇپ ـ قوپىدىغان پېقىرلار بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى.

6. ئەھمەدىيە (ياكى بەدەۋىيە) تەرىقىتى (ئەھمەد بەدەۋى دېگەن كىشىگە مەنسۇپ قىلىنغان.)

7.بۇرھانىيە تەرىقىتى (ئىبراھىم دۇسۇقى دېگەن كىشىگە مكەنسۇپ قىلىنغان.)

8. مەۋلانا تەرىقىتى(جالالىددىن رۇمىيغا مەنسۇپ قىلىنغان.)

9 . تىجانىيە تەرىقىتى.

# ئىسلام ۋە ۋەھھابىيلىق

ۋەھھابىيلىق- مىلادىيە 18- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئالدۇلۋەھھابنىڭ باشچىلىقىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مەيدانغا كەلگەن ئىسلام ئىسلاھات ھەرىكىتىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەرىكەتنىڭ ۋەھھابىيلىق نامى بىلەن ئاتىلىپ قېلىشى بۇ ھەرىكەتكە باشچىلىق قىلغان ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھابنىڭ نامىدىن كەلگەنلىكى ئېنىق. ئەمما بۇ ھەرىكەتنىڭ ئىگىلىرى ئۆزلىرىنى «ۋەھھابىيلار»دەپ ئاتىمايدۇ ۋە شۇنداق ئاتىلىشىنىمۇ ياقتۇرمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىسلامىي ئىسلاھاتچىلار دەپ تونۇتىدۇ. پەقەت ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئالدۇلۋەھھابنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى قوللىمايدىغانلار ئۇلارنى شۇنداق ئاتاپ كەلمەكتە.

ۋەھھابىيلىق ھەرىكىتىنىڭ ھەرىكەت نىشانى مازارلاردىن مەدەت تىلەپ قەبرىلەرگە باش ئۇرۇش، ئاتالمىش ئەۋلىيالاردىن ياردەم سوراش قاتارلىق ئىسلام دۇنياسىدا ئومۇملاشقان بىدئەتلەرگە ۋە ئېتىقادىي چىرىكلىككە خاتىمە بېرىپ، قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئىسلامنىڭ گۈللەنگەن ئاۋۋالقى دەۋرگە قايتىشنى تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

## ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب

ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب 1703- يىلى ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پايتەختى رىياد شەھىرىدىن 50 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۇيەينە رايونىدا، بىر ئەھلى-ئىلىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، كىچىك يېشىدىلا قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادلاپ بولغان. دادىسى ئەينى ۋاقىتتا ئۇيەينە رايونىنىڭ قازىسى بولۇپ،

كىچىك مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب دادىسىدا دىنىي تەلىم ئالغان. ياش ۋاقتىنى دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب ھوشىيارلىقى ۋە زېرەكلىكى بىلەن تونۇلغان، تەقۋادار، كاتتا ئالىم كىشى ئىدى. ئۇ 12- ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىسلامىي ئويغىنىش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان بۈيۈك ئىسلاھاتچى ئالىم ئىبنى تەيمىيەنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ ئۇنىڭ پىكىر- قاراشلىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئاچقان ئىسلاھات يولىنى داۋام قىلدۇرۇش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىققان. ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب ھەنبەلىي مەزھىپىدە بولۇپ، ھەر ئىشتا دادىل ۋە كەسكىن كىشى ئىدى.

## ۋەھھابىي ھەرىكىتىنىڭ تارقىلىشى

ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب ئۆزىنىڭ ئىسلام ئىسلاھات ھەرىكىتىنى دەسلەپ ئۆزىنىڭ يۇرتى بولغان ئۇيەينە رايونىدا باشلىغان بولۇپ، رايونىدىكى مازارلىقلاردا قاتۇرۇلغان ۋە كىشىلەر مەدەت تىلەشكە ئادەتلىنىپ قالغان ھەشەمەتلىك قەبرىلەرنى چېقىپ تاشلايدۇ. ئۇيەينە رايونىنىڭ ھاكىمى ئۇسمان ئىبنى مۇئەممەر دىگەن كىشى ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى دەسلەپ قوللايدۇ ۋە ئۇنى تارقىتىشقا ياردەم قىلىدۇ. كېيىنچە قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ۋە ئۆزى تەۋە بولغان ئەھسا ھاكىمىيىتىنىڭ بېسىم قىلىشى نەتىجىسىدە، بۇ ھەرىكەتنى قوللاشتىن ۋازكېچىدۇ ۋە ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھابقا ئۇيەينە رايونىدىن چىقىپ كېتىشنى تەۋسىيە قىلىپ ئۆزۈر ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب كۆڭلىنىڭ تونۇردەك ئىسسىق كۆڭلىرىنىڭ بىرىدە ئۇيەينە رايونىدىن دەرئىيە رايونىغا قاراپ پىيادە يولغا چىقىدۇ ۋە 25 كىلومېتىرلىق يولنى شۇنداق پىيادە بېسىپ دەرئىيە رايونىغا يېتىپ

بارىدۇ. بۇ ۋاقىت ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ قۇرغۇچىسى پادىشاھ ئابدۇلئەزىزنىڭ ئەجدادلىرىدىن بولغان مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ دەرئىيە رايونىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغلىرى ئىدى. ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب ئىككىلەنمەستىن مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد بىلەن ئۇچرىشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مۇددىئاسىنى ئوچۇقلاپ ئۇنىڭدىن بۇ ھەرىكەتنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ياردەم سورايدۇ. نەتىجىدە، مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھابنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە بۇ ئىسلاھات ھەرىكىتىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

شۇندىن بىرى ۋەھھابىي ھەرىكىتى دەپ ئاتالغان بۇ ئىسلام ئىسلاھات ھەرىكىتى تېز ۋاقىت ئىچىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىنتايىن چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. «ئەقىدىنى ساپلاشتۇرۇش، خۇراپاتقا قارشى تۇرۇش، مازارلارغا چوقۇنماسلىق، ئەۋلىيالاردىن مەدەت تىلىمەسلىك، ئىبادەتنى بىر ئاللاھقىلا قىلىش، ئاللاھقا ھېچكىمنى ۋاستە قىلماسلىق، قۇرئان بىلەن سۈننەتنى چىڭ تۇتۇش» مانا بۇلار مەزكۇر ئىسلام ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ مۇددىئاسى ئىدى. ۋەھھابىي ھەرىكىتى ئۆز ۋاقتىدىكى سەئۇد ئائىلىسىنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ھاكىمىيەت تىكلەش ئىشلىرىدىمۇ بەلگىلىك رول ئوينىغان. چۈنكى شۇ ۋاقىتتا ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب بىلەن دەرئىيە رايونىنىڭ ھاكىمى مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ھەر ئىككىسى ئۆز مۇددىئالىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ھەققىدە كېلىشىۋالغان. شۇنىڭدىن كېيىن سەئۇد ئائىلىسى ھاكىمىيىتىنى نەجدە رايونىغىچە كېڭەيتىدۇ، ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھابمۇ ئۆزىنىڭ ئىسلام

ئىسلاھات ھەرىكىتىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ كۆپ جايلىرىدا قانات يايدۇردى.

ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھابنىڭ بۇ ئىسلاھات ھەرىكىتى ئالدى بىلەن سوپى- ئىشانلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. چۈنكى بۇ ھەرىكەت سوپىلارنىڭ پەيغەمبەرلەردىن ۋە ئاتالمىش ئەۋلىيالاردىن مەدەت تىلەش، مازار- ماشايىخلارغا چوقۇنۇش ۋە قەبرىلەرنى تەۋەررۈك قىلىشتىن ئىبارەت خۇراپاتلىرىغا ئەجەللىك رەددىيە بەرگەن. ۋەھھابىيلىق ھەرىكىتىنىڭ شوئارى «ئېتىقاد ۋە ئىبادەتلەردە ئاللاھ تائالاغا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ يولىدىن چىقماسلىق» دېگەن بىر جۈملە سۆزگە مەركەزلەشكەن ئىدى.

### ۋەھھابىيلىق ھەرىكىتىنىڭ تەسىر دائىرىسى

ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىسلامىي ئىسلاھاتنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىنى تۈزەپ، ئىسلامنىڭ ھەقىقىي سۈرىتىنى ۋە ئەسلى دەۋىتىنى نامايان قىلغاندىن كېيىن، قىسقىغىچە ۋاقىت ئىچىدە بۇ ھەرىكەت ھىندىستان، ئالجىرىيە، يەمەن، مىسىر قاتارلىق جايلاردا ئورۇن ئالدى. ئەينى ۋاقىتتا ئىسلاھاتچى ئۆلىمالاردىن جامالىددىن ئافغانى، مۇھەممەد ئابدۇھ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى مۇھەممەد رەشىد رىزا قاتارلىق كاتتا ئۆلىمالارمۇ ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھابنىڭ بۇ ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى قوللىغان.

ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب باشلاتقان بۇ ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ ئانا ۋەتىنىمىزدىكى نەمۇنىلىرى سۈپىتىدە ئوت يۈرەك

ئـالىم مەرھـۇم ئابـدۇلقادىر دامـوللام، ئۇنـىڭ شـاگىرتى سـابىت دامـوللام قاتـارلىقلارنى كۆرسـىتىش مـۇمكىن. چـۈنكى ئابـدۇلقادىر دامـوللام تاشكەنت، شەمەي، قازان، ئىستانبۇل، قـاھىرە، مەكـكە قاتـارلىق جـايلارنى ئايلىنىـپ يـۈرۈش جەريانـىدا بـۇ ئىسلاھات ھەرىكىتـى بىـلەن تونۇشـقان بولۇشـى ئېھتىمـال. بـۇ ھەرىـكەت ئانـا ۋەتەنـگە «جەدىـدچىلىك»نـامى بىـلەن يېتىـپ بارغـان. ئابـدۇلقادىر دامولLAMنىـڭ «ئەقائىـد زۆرۈرىـيە» نـاملىق ئەسـىرى بىـلەن شـاگىرتى سـابىت دامولLAMنىـڭ «ئەقائىـد جەۋھەرى»ناملىق ئەسەرلىرىنى ئەلـلامە مـۇھەممەد ئىبنـى ئابـدۇلۋەھھاب باشـلاتقان ئىسـلام ئىسـلاھات ھەرىكىتىنىـڭ ئانـا ۋەتىنىمىزدىكـى سەمەرىسـى دېيىشـكە بولىـدۇ. چـۈنكى بـۇ ئىككـى ئەسـەر سـاپ ئىسـلام ئەقىدىسىنى ئەڭ ئىخچام ھالدا بايان قىلغان ئەسەرلەردۇر.

ئەلـلامە مـۇھەممەد ئىبنـى ئابـدۇلۋەھھاب 1792-يىلـى ۋاپـات بولغانغـا قەدەر ئىسـلام ئىسـلاھات چـاقىرىقىنى مۇسـۇلمانلار ئارىسـىدا تەشـۋىق قىلىشقا داۋام قىلغان ئىدى.

# ئىسلام ۋە سەلەف سالىھلار يولى

ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزدە، سەلەف سالىھلارنىڭ يولىغا ئەگىشىش شوئارى بىلەن بىر قىسىم قىنى قىززىق ياشلار بىلەن ئەھلى ئىلىملەر ئارىسىدا ئىلمىي چۈشەنچە ۋە ئىلمىي تونۇش تەرەپلىرىدە ئارىنى يىغقۇسىز چۈشىنىشمەسلىكلەر داۋام قىلماقتا. بۇ خىل چۈشىنىشمەسلىكنىڭ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ ئۆزىنى سەلەفىي جامائەتكە تەۋە قىلغان بىر قىسىم كىشىلەر سەلەف يولى بىلەن سەلەفىيچىلىكنى پەرق ئەتمەستىن، سەلەف سالىھلار يولىنى ناھايىتىمۇ تار دائىرىدە ۋە مەلۇم رامكا ئىچىدە چۈشىنىۋالغانلىقتىن، بۈيۈك ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئۇل سالغۇچى ئەقىدىۋى ۋە فىقھىي مەزھەبلەرگە نىسبەتەن ناتوغرا چۈشەنچىلەرنى ئارىغا سۆرەپ كىرىپ ئۆزى تەۋە بولغان توپىنىڭ ئەقىدە ۋە فىقھى تەرەپتىكى مۇئەييەن ئېقىمنى بىردىنبىر ھەق يول، ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسىگە توغرا كەلمىگەن مەزھەب ۋە ئېقىملارنىڭ ھەممىسىنى خاتا يول دەپ قاراپ ئارىدا بۆلۈنۈشلەرنى، يېنىك بولغاندا مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئارا ئىچكى سۈركىلىش، ئېغىر بولغاندا بولسا بىر-بىرىنى بىدئەتچى، ئازغۇنغا چىقىرىش ۋە ھەتتا كاپىرغا چىقىرىشتەك رادىكاللىقنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.

زامانىمىز ئوتتۇراھاللىق ئىسلاھات ئېقىمىنىڭ ۋەكىللىرىدىن سانىلىدىغان سۇدان مائارىپ مىنىستىرى ئەللامە دوكتور ئىسام ئەلبەشىر قاتارنىڭ «ئەل جەزىرە» تېلېۋىزىيە قانىلىدا ئۆتكۈزۈلگەن «سەلەف سالىھ يولى مۇئەييەن مەزھەبمۇ ياكى ئۆلگە قىلىنىش كېرەك بولغان يولمۇ؟» دېگەن تېمىدىكى سۆھبىتىدە تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلغان:

## سەلەف سۆزى ۋە سەلەفىيلىك

سەلەف سۆزى ئەرەب تىلىدا ئىلگىرى ئۆتكەن ۋاقىت ۋە زامانلارنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بىر ئادەمگە نىسبەتەن شۇ كىشىنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئاتا-بوۋىلىرى سەلەف ھېسابلىنىدۇ، قۇرئان كەرىمدە بۇ خىل مەنىلەر تۆۋەندىكى ئايەتلەردە كەلگەن:﴿ وَأَنْ تَجْمَعُوا بَيْنَ الْأُخْتَيْنِ إِلَّا مَا قَدْ سَلَفَ﴾يەنى ﴿ئىككى ھەمشىرىنى بىر ۋاقىتتا نىكاھىڭلاردا ساقلىشىڭلار ھارام قىلىندى. لېكىن ئۆتكەنكىلەر (يەنى جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغىنىڭلار) ئەپۇ قىلىنىدۇ﴾[1]، ﴿ فَمَنْ جَاءَهُ مَوْعِظَةٌ مِنْ رَبِّهِ فَانْتَهَى فَلَهُ مَا سَلَفَ وَأَمْرُهُ إِلَى اللَّهِ﴾يەنى ﴿كىمكى رەببى تەرىپىدىن ۋەز-نەسىھەت كەلگەندىن كېيىن (جازانىدىن) يانسا، بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ﴾[2]

سەلەف ئۇقۇمى ئىستىلاھتا ئاۋۋالقى ئۈچ ئەسىردە ئۆتكەن ئۆلگىلىك مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان بىر ئاتالغۇ سۈپىتىدە قوللىنىپ كېلىنگەن سۆز بولۇپ، سەلەف سالىھتىن مەقسەت: ساھابىلەر، تابىئىنلار (ساھابىنى كۆرگەن بىرىنچى ئەۋلاد) ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى كۆزدە تۇتۇلغان. چۈنكى بۇ ئۈچ ئەسىردىكى ئەۋلادلار ئىسلام دىنىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشلاپ بەرگەن يول بويىچە ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئىلىم بىلەن ياخشى ئەمەلنى بىرلەشتۈرگەن بەرپاچى ئەۋلادلار بولۇپ، نەتىجىدە ئۇلار ئۇشبۇ پەزىلەتلىرى ئارقىلىق ئۆز مەرتىۋىلىرىنى بەلگىلەپ تۇرغۇچى «سەلەف سالىھ» تىن ئىبارەت بۇ ئېسىل ئۇنۋانغا

---

(1) نىسا سۈرىسى 23-ئايەت.

(2) بەقەرە سۈرىسى 275-ئايەت.

ئىرىشكەن. بۇ مەسىلىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدە تەرىپى شۇكى، سەلەپ سالىھتىن ئىبارەت بۇ پەزىلەتلىك نامنىڭ كىلىپ چىقىشى شەرئىي بايانلاردىن ئېلىنغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇھەقتە مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار مېنىڭ زامانىمدىكىلەردۇر، ئاندىن ئۇلارنىڭ زامانىغا يېقىن بولغانلاردۇر، ئاندىن ئۇلارنىڭ زامانىغا يېقىن بولغانلاردۇر.»[1]

## سەلەف سالىھلار يولى چەكلىك يول ئەمەس

سەلەف سالىھ يولى ئۈزۈن مۇساپىلىك يولدۇر، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئۇلاردىن كېيىنكى تۆت مەزھەپ ئىماملىرى، سۇفيان سەۋرى، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە، ئەۋزائىي، لەيس ئىبنى سەئد، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ۋە شۇلارغا ئوخشاش ئاۋۋالقى ئۈچ ئەسىر ئەھلىنىڭ يولىدا ماڭغان ھەمدە بۇ يولنى مىتود قىلىپ ئىلگىرىلىگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سەلەف سالىھلارنىڭ يولى بويىچە يۈرگەن كىشىلەر ئىدى.

سەلەف سالىھ يولىدىكى بۇ خەيرلىكنى شۇ ئۈچ ئەسىر بىلەن توختاپ قالغان دەۋىلىشنىڭ ھېچبىر ئورنى بولمىسا كېرەك، توغرا، ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان سەلەف سالىھلاردىكى خەيرلىك ئاشۇ ئۈچ ئەسىر كىشىلىرى ئۈچۈن ئېيتىلغان، ئەمما شۇنى دېمەي بولمايدۇكى، بۇ خەيرلىك ئاشۇ ئۈچ ئەسىر ئەھلىنىڭ يولىدا يۈرگەن ۋە بۇ يولدا مۇستەھكەم تۇرغانلار ئۈچۈنمۇ ئېيتىلغان، ئاللاھ تائالا بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ثُلَّةٌ مِنَ الْأَوَّلِينَ. وَثُلَّةٌ مِنَ الْآخِرِينَ﴾ يەنى ﴿بۇلار بولسا

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر جامائەدۇر. كېيىنكىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر جامائەدۇر﴾[1]

سەلەف سالىھلارنىڭ يولىدىن ئىبارەت باغرى كەڭ، مول ۋە ھەممەتكە باي بولغان بۇ يولغا تەۋەلىنىش مەسىلىسى بىلەن، ئۆزلىرىگە سەلەفىي ئىسمىنى قويىۋېلىپ، سەلەف سالىھنىڭ مېتودىدىن ئازراق بىر قىسمىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆزلىرىنى سەلەف سالىھلارغا تەۋە قىلىپ كۆرسىتىدىغان، ئېقىم خاراكتېرلىك ياكى مەزھەپ تۈسىنى ئالغان ۋە ياكى جامائەتلەشكەن سەلەفىيچىلىكلەرنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈرۈش لازىم. چۈنكى ھەقىقىي سەلەفىيلىك مەلۇم بىرلا ساھە ياكى مەلۇم بىر تەرەپ بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان ئەمەس.

سەلەف سالىھ يولى پەقەت بىرلا فىقھىي قاراشنى ياكى مۇئەييەن پىكىر ئەھلىنى كۆرسەتمەيدۇ، سەلەف سالىھ يولى ناھايىتىمۇ كەڭرى بولۇپ، ئۇلار ئەقىدىنىڭ ئانا مەسىلىلىرى، قائىدە-پرىنسىپلىرى، ئىسپاتى ئېنىق ۋە قەتئىيلىكى كۈچلۈك مەسىلىلەردە بىرلىككە كەلگەن بولسىمۇ، فىقھى مەسىلىلىرى ۋە ئەقىدىنىڭ شاخچە مەسىلىلىرى دېگەندەك مەسىلىلەردە ئۇلارنىڭ بەزى ئىختىلاپلىرىمۇ باردۇر.

## سەلەفىيلىك دەۋاسى قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى سەلەفىي ئەمەس

ھازىرقى زاماندىكى كۆپلىگەن سەلەفىي ئېقىملار سەلەف سالىھلار يولىغا داغ تەككۈزگەن بولۇپ، مىسال قىلىدىغان بولساق، پىكىر-قاراشتا ئۆزلىرىگە مۇۋاپىقلاشمىغان مۇسۇلمانلارنى يولسىزلارچە كاپىرغا چىقىرىش، ئۆزىدىن باشقا ئىسلامىي جامائەتلەرنى مۇسۇلمانلاردىن سانىماسلىق قاتارلىق تەرەپلەردە خاتا ھالدا ئۇتتۇرىغا چىقىپ قالغان

(1) ۋاقىئە سۈرىسى 39-40 ئايەتلەر.

سەلەفىي ئېقىملىرى بار. شۇنداقلا فىقھىي مەزھەبلىرىنى سۆكۈش، ئىمام ئەزەم باشلىق مەزھەب پېشۋالىرىغا چەندەك ئېتىش قاتارلىق تەنتەكلىكلەر بىلەن بىرلىكتە، ئۆزلىرىنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب مەدرەسىسىگە مەنسۇپ قىلىپ تۇرۇپ ئۆزلىرىنى سەلەف سالىھ يولىنى تۇتقۇچىلار دەپ قارايدىغان سەلەفىي ئېقىملارمۇ بار بولۇپ، بۇ ئېقىم شوئارى شەكلىدە شىرىكلىك ۋە باشقا ئۆزلىرى چاتاق بار دەپ قارىغان بىدئەت مەسىلىلەرگە قارشى تۇرۇشنى ئالاھىدە موھىم ئورۇنغا قويۇۋالغان.

دېمەك، سەلەفىيلىك بىرەر جامائەتكە ياكى مۇئەييەن بىرەر مەزھەبكە خاس ئەمەس. بەلكى ئۇ ئومۇمىيدۇر. سەلەفىيلىكنى ئايرىم بىر مەزھەب شەكلىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنى تار بىر دائىرىگە ئەكىرىپ قويىدىغانلار ۋە شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتىگە كۆڭۈل بۆلمەستىن، زاھىرىي تەرىپىگىلا بېرىلىپ كېتىپ، ھەر ئىشتا زاھىرىغىلا ھۆكۈم قىلغۇچىلارمۇ ھەقىقىي سەلەفىيلەردىن ئەمەستۇر. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدىكىلەرگە ئىبنى قەييىم جەۋزى مۇنداق دېگەن: «ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شۇنداق بىرىنى ئۇچرىتىسىزكى، قاراشقا ئۇ ئىشتاننى قىسقا كىيىۋالغىنى بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە پىرئەۋننىڭ كىبىرىسى يۇشۇرۇنغان.»[1]

---

(1) چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى، ئىشتاننى ئۇزۇن كىيىپ، بۇ ئىشتىن پەقەت ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشنى مەقسەت قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايدۇ.» (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.)

قىسقىسى، سەلەف سالىھ يولىغا تەۋەلىنىشتىن مەقسەت ئۇنى مەزھەپچىلىك يولى قىلىۋالماستىن، مىتود يولىغا ئايلاندۇرۇش، ئۇلارغا مۇتەئەسسىپلىك تەرەپدارى بولىۋالماستىن، بەلكى ئۇلارنى ئۈلگە قىلىش تەرەپدارى بولۇشتۇر.

# ئىسلام ۋە ئىلىم

ئوقۇش، ئۆگىنىش ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى چاقىرىقى بولۇپ، قۇرئان كەرىمدىن دەسلەپ چۈشكەن ئايەت «ئوقۇ» ئەمرى بىلەن باشلانغان. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئوقۇش، ئۆگىنىش ئەر ـ ئايال ھەر قانداق مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئىسلام دىنى ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشكە چاقىرغان ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۆگىنىش پەرز بولغان ئىلىم ئاۋۋال ئاللاھ تائالانى تونۇش، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ياشاشنى ئۆگىنىشتىن باشلاپ، ئىنسانىيەتكە مەنپەئەتلىك بولغان، ئىمان ۋە ئەخلاقتا خىزمەت قىلىدىغان پۈتۈن ئىلىم تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىگە ئىسلامىي ئىلىملەر، ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن ئىلىملىرى ۋە ھازىرقى ئەسىردە شاخلىنىپ چىققان پۈتۈن ئىلىم تۈرلىرىمۇ كىرىدۇ.[2]

بىر ئىنساننىڭ كامىل مۇسۇلمان بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىغانلىرىنى تولۇق ئورۇنداشقا سالاھىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن يېتەرلىك بولغان ئىسلامىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىشى پەرز ئەيندۇر. ئىسلامىي ئىلىملەر ئىمان، ئەخلاق، ئىبادەت، ھالال-ھارام قاتارلىقلاردىن باشلاپ مۇسۇلمانچىلىققا كېرەك بولغان ئىلىملەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما مەيلى ئىسلامىي ئىلىملەردىن بولسۇن، مەيلى پەننىي ئىلىملەردىن بولسۇن، قايسىبىر پەننى شۇ پەندە مۇتەخەسسىس بولۇش ۋە ئۇنى

---

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

(2) ئاپتورنىڭ«دىن ۋە ھايات(2000سوئالغا جاۋاب)» ناملىق ئەسىرىدىن.

ئىمان بىلەن ئەخلاققا خىزمەت قىلىدۇرۇش نىيىتى بىلەن ئۆگىنىش پەرز كىفايەدۇر. ئىسلامىي ئىلىملەر شەرئىي ئىلىم دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**شەرئىي ئىلىم**

دىنىنى ئۆگىنىش، دىنىي بىلىملەرنى ئىگىلەش، دىنىنىڭ تەلىماتلىرىنى مۇكەممەل بىلىش، ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى توغرا چۈشىنىش دېگەنلەر ئەرەب تىلىدا «ئەل فىقھۇ فىددىن»يەنى (دىندا مۇكەممەل بولۇش) دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى «فىقھى»سۆزىنىڭ مەنىسى ئۆگىنىش ۋە بىلىش دېگەنلەردىن ئالاھىدە پەرقلىق بولۇپ، مۇكەممەل بىلىش ۋە توغرا چۈشىنىشنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا «فەقىھ» سۆزى «ئالىم»سۆزىدىن ئەلۋەتتە چوڭدۇر. ھەر قانداق«فەقىھ»نى «ئالىم»دېگىلى بولىدۇ. ئەمما ھەر قانداق «ئالىم»نى «فەقىھ» دېگىلى بولمايدۇ.

شەرئىي ئىلىم مەنپەئەت جەھەتتىن ئىلىملەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى، مەرتىۋە جەھەتتىن ئىلىملەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاللاھ تائالا كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىندا مۇكەممەل قىلىدۇ»[1] دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

دىنىي ئىلىملەردە مۇكەممەل بولۇش ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ۋە ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىششىنىڭ ئەڭ كاپالەتلىك يولىدۇر. شۇڭا ئۆگىنىش ۋە بىلىش ئىسلام دىنىنىڭ پەرزلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسى بولغىنىدەك، دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى باشقا جىمى ئىلىملەرنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. چۈنكى دۇنيادىكى ئىلىم-پەنلەر ئىنسانلارنىڭ دۇنيالىق ھاياتى ئۈچۈن پايدىلىق بولسا، دىنىي ئىلىملەر ئىنسانلارنىڭ

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتنى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان، قوش قاناتلىق ئىلىملەردۇر.

ئاللاھ تائالا ئىلىمنىڭ مەرتىۋىسىنى ئىمانىنىڭ مەرتىۋىسى بىلەن بىر ئورۇندا قويغان.﴿ يَرْفَعِ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَالَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ دَرَجَاتٍ﴾يەنى ﴿ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ﴾[1]

ئاللاھ تائالا ئىلىم ئەھلىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىلەرگە كۆتۈرگەن، ھەتتا قۇرئان كەرىم ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەر قاتارىدا ساناپ، ئۇلارنى پەرىشتىلەر بىلەن بىر قاتاردا ئالاھىدە تىلغا ئالغان.﴿ شَهِدَ اللَّهُ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ وَالْمَلَائِكَةُ وَأُولُو الْعِلْمِ قَائِمًا بِالْقِسْطِ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾يەنى﴿ئاللاھ ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوقتۇر. پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى﴾[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشنى جەننەتكە كىرىشنىڭ يولى دەپ ئوچۇق جاكارلىغان ھالدا: «ئوقۇش ئۈچۈن يول ئالغان ئادەمنىڭ جەننەتكە كىرىش يولىنى ئاللاھ ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ»[3] دېگەن.

(1) مۇجادەلە سۈرىسى11-ئايەت.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى18-ئايەت.
(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

دىنىي ئىلىم پەيغەمبەرلەرنىڭ مىراسى بولۇپ، شەرئىي ئىلىملەردە مۇكەممەل بولغانلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسساالام بىر ھەدىستە: «ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەرلەر دىنار ياكى دىرھەم قويۇپ كەتكەن ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئىلىم-ھېكمەت قويۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنى ئالالىغانلار تولۇق بىر نېسىۋىگە ئىگە بولغان بولىدۇ»[1].

## شەرئىي ئىلىمنىڭ تۈرلىرى

شەرئىي ئىلىم ياكى دىنىي ئىلىم ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار: ئاللاھ تائالانى بىلىش، ئۇنىڭ دىنىنى بىلىش، ئۇنىڭ مۇكاپات ۋە جازاسىنى بىلىش قاتارلىقلاردۇر. بۇلارنىڭ تەپسىلات تۆۋەندىكىچە:

1. ئاللاھ تائالانى، ئۇنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى، كامالىي قۇدرىتىنى، چەكسىز ئىلىم-ھېكمىتىنى بىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەردىن سانىلىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ زاتىدا، ئىش-پائالىيەتلىرىدە ۋە جىمى سۈپەتلىرىدە ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان، تەڭداشسىز ئىلاھ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بالىسى ياكى ياردەمچىسى ياكى شېرىكى يوقلىقىنى، بارچە ئەيىب-نۇقسانلاردىن تامامەن پاك ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئېتىقاد قىلغانغا ئوخشاش.

2. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى، ئۇنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققىنى، دىنىنىڭ جىمى ئەھكاملىرىنى دەلىل-ئىسپاتلىرى بىلەن تولۇق بىلىش، ئىبادەتلەرنىڭ سىستېمىلىرىنى مۇكەممەل ئۆگىنىش، ئاندىن دىنىنىڭ

---

(1) ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ھىببانلار رىۋايەت قىلغان. ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى، ئىبنى قەييىم ۋە ئالبانىيلار «ھەسەن»دەپ باھالىغان ھەدىس.

بۇيرۇغانلىرىنى چىن ئىخلاس بىلەن قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتتە كۆرسىتىلگەن بويىچە تولۇق ئورۇنداشتۇر.

3. ياخشى ئەمەللەرنىڭ مۇكاپاتىنى، يامان ئىشلارنىڭ جازاسىنى بىلىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق بولغانلارنى قىلىشقا ئالدىراشقا ۋە زىيانلىق بولغانلاردىن يىراق تۇرۇشقا ئادەتلىنىشنى ئۆگىنىشتۇر. چۈنكى ئىنسان قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ ساۋابلىق ياكى گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۆزىنى ياخشىلىق يولىدا يۈرگۈچى، يامانلىقتىن قاچقۇچى ئىنسان قىلىپ يېتىلدۈرەلمەيدۇ. ئىنسان ياخشى ئەمەللەرنىڭ مۇكاپاتىنىڭ ئېسىللىكىنى، يامان، گۇناھ ئىشلارنىڭ جازاسىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە، ئۇنىڭدا ياخشىلىققا مايىللىق، گۇناھتىن يىراق تۇرۇش كەيپىيىتى شەكىللىنىدۇ.

## دىندا مۇكەممەل بولۇشنىڭ پايدىلىرى

ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ياخشى ئۆگىنىپ، دىنىنىڭ بۇيرىغان ۋە توسقانلىرىنى تولۇق بىلىپ ئەمەل قىلغان ئادەمدىنمۇ بەختلىك ئادەم بولمىسا كېرەك دۇنيادا. چۈنكى ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان نەرسە مۇشۇ. شەرئىي ئىلىمدە مۇكەممەل بولۇش بارچە ياخشىلىقنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. بۇنىڭ بايانى تۆۋەندىكىچە:

1. ئىنسان شەرئىي ئىلىم سايىسىدە ياراتقۇچىسىنى تونۇيدۇ ۋە ئۇنىڭ ھەققىنى بىلىدۇ.

2. ئىنسان شەرئىي ئىلىم سايىسىدە گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئىمان بىلەن قولداش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. نەتىجىدە، كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا ئىسلام ئەخلاقىنى ئۆلچەم قىلغان ھالدا، ئادالەتلىك، ھەققانىي ۋە

سەممىي بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق كاتتا ئىبادەت قىلغانىنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ.

3. ئىنسان شەرئىي ئىلىم سايىسىدە دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى نېمىگە بۇيرۇپ، نېمىدىن توسقانلىقىنى دەلىل ـ ئىسپاتلىرى بىلەن ئۆگىنىدۇ. نەتىجىدە ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىغانلىرىنى قىلىش، توسقانلىرىنى تەرك ئېتىش ئارقىلىق توغرىلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرىدۇ.

4. ئىنسان شەرئىي ئىلىم سايىسىدە ئىبادەتلەرنىڭ ئەھمىيەت ۋە ساۋاب تەرەپتىكى دەرىجىلىرىنى ئۆگىنىدۇ ۋە ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋە ئەڭ ساۋابلىق بولغانلىرىنى ئاۋۋال ئورۇندايدۇ. مەسىلەن: تەكرار ھەج قىلىش ياكى ھەج بەدەل قىلدۇرۇش ئۈچۈن پۇل سەرپ قىلىشتىن كۆرە، تۇغقانلارنىڭ، قوشنىلارنىڭ ئارىسىدىكى يوقسۇللارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەھمىيەت ۋە ساۋاب جەھەتتىكى دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى بىلگەنگە ئوخشاش.

5. ئىنسان شەرئىي ئىلىم سايىسىدە گۇناھ-مەسىيەتلەرنىڭ دەرىجىلىرىنى بىلىدۇ-دە، ئىككى زىياننىڭ بىرىنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغاندا، زىياننىڭ يېنىكرەكىنى تارتىش ئارقىلىق چوڭ زىياندىن ساقلىنىپ قالالايدۇ. مەسىلەن: پارىخورلۇق ھارام بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن بىراۋغا پارا بېرىش ياكى ئېلىش ھارامدۇر. ھەقسىزلىككە ئۇچرىغان بىرەر مۇسۇلماننى قايسى يول بىلەن بولمىسۇن قۇتقۇزۇش پەرز بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ئۇنى ئۆز ھالىغا تەرك ئېتىش ھارامدۇر. مۇسۇلمان ئادەم شەرئىي ئىلىم سايىسىدە بۇ ئىككى ھارامنىڭ قايسىسىنى قىلىش مەسىلىسىدە، پارا بېرىپ بولسىمۇ ئۇ كىشىنى

قۇتقۇزۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىدۇ. بۇ ئەھۋالدا پارا بېرىش ھارامىلىقتىن چىقىپ شارائىتقا قاراپ مۇباھلىق ياكى ۋاجىبلىق ھۆكمىنى ئالىدۇ.

6. ئىنسان شەرئىي ئىلىم سايىسىدە ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت بۇ ھەق دىنىنىڭ ئەھمىيىتىنى، ئۇلۇغلىقىنى ۋە ھەققانىيلىقىنى، ھەر زامانغا ۋە ھەر ماكانغا مۇناسىپ، ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ بەخت-سائادەتنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى تونۇيدۇ.

7. ئىنسان شەرئىي ئىلىم سايىسىدە ئىسلام دىنىغا ھىدايەت قىلىنغانلىقتىن چوڭ نېمەت يوقلىقىنى، ئىسلام دىنىنىڭ پەقەت ئىنسانلار ئۈچۈن شەپقەت ۋە بەخت-سائادەت ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

8. ئىنسان شەرئىي ئىلىم سايىسىدە ئۆزىنىڭ پايدا-زىيىنىنى بىلىدۇ ۋە شۇ بىلگىنى بويىچە ئەمەل قىلىپ، ئاقىۋەتى خەيرلىك بولغانلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.﴿ وَمَنْ أَحْسَنُ قَوْلًا مِمَّنْ دَعَا إِلَى اللَّهِ وَعَمِلَ صَالِحًا وَقَالَ إِنَّنِي مِنَ الْمُسْلِمِينَ﴾يەنى ﴿ئاللاھقا دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە «مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟﴾[1].

9. ئىنسان شەرئىي ئىلىم سايىسىدە كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ئىبادەت ۋە كاتتا ساۋابلىق ئەمەل ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. «بىراۋنى بىرەر ياخشى ئىشقا چاقىرغان ئادەم گويا ئۇ ئىشنى قىلغانغا ئوخشاش ساۋاب تاپىدۇ.»[2]، «سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن بىرەر ئادەمنىڭ ھىدايەت تېپىپ قېلىشى دۇنيادا ۋە

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى33-ئايەت.

(2) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسىدىن ئەۋزەلدۇر»[1] دېگەن ھەدىسلەر بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

10. ئىنسان شەرئىي ئىلىم سايىسىدە ھەقىقەتلەرنى دەلىل-ئىسپاتلىرى بىلەن تولۇق بىلىدۇ. نەتىجىدە، ئىنسانىي ۋە جىننىي شەيتانلارنىڭ ھەر خىل ۋەسۋەسىلىرىگە ئالدانمايدۇ، ئەقىدىسى تەۋرەنمەيدۇ، نەپسىنىڭ ۋە شەيتاننىڭ يامانلىقلارنى چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىشىگە قايىل بولمايدۇ. «شەيتانغا تاقابىل تۇرۇشتا بىر ئالىم مىڭلارچە ئابىدتىن كۈچلۈكتۇر.»[2]

11. ئىنسان شەرئىي ئىلىم سايىسىدە ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە نەقەدەر مېھرى-شەپقەتلىك ئىكەنلىكىنى، نېمەتلىرىنىڭ سانسىزلىقىنى، ھەممىگە رىزىق بېرىپ پەرۋىش قىلىدىغانلىقىنى، ھەتتا بۇ دۇنيادا ئۆزىگە ئىنكار قىلغان كاپىر بەندىلىرىنىمۇ رىزىقتىن مەھرۇم قىلمايدىغان دەرىجىدىكى مېھرىبانلىقىنى، زالىملارنى جازالاشتىكى كۈچ-قۇۋۋىتىنى تونۇپ يېتىدۇ. شۇڭا ئالىملار ئاللاھ تائالانى ھەممىدىن بەك بىلىدىغان كىشىلەردۇر.﴿ إِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ﴾يەنى ﴿ئاللاھتىن پەقەت ئالىم بەندىلىرىلا قورقىدۇ﴾[3] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

12. ئىنسان شەرئىي ئىلىم سايىسىدە كىشىلەرگە ھەقسىزلىق قىلىشنىڭ نەقەدەر ئېغىر گۇناھ ۋە كەچۈرۈلمەس جىنايەت ئىكەنلىكىنى، زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىقنىڭ ياخشى ئەمەللەرنى يەپ

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
(2) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.
(3) فاتىر سۈرىسى28-ئايەت.

تۇگىتىدىغان، ئاخىرەتتە ئىگىسىنى قۇرۇق قول قىلىپ قويىدىغان يامان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ-دە، يامانلىقتىن، ھەقسىزلىقتىن قول ئۈزىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىدىن: «كىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر: «ھېچقانداق مال ـ مۈلكى بولمىغان كىشىنى قۇرۇق قول قالغۇچى كىشى، دەيمىز» دېيىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى بىراۋ ناماز، زاكات ۋە روزا بىلەن كېلىدۇ. ئەمما ئۇ بىرىنى تىللىغان، بىرىگە تۆھمەت چاپلىغان، بىرىنىڭ مېلىنى يەۋالغان، بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن، بىرىنى ئۇرغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى شۇلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى تۈگىسە، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭغا ئارتىلىدۇ. ئاندىن ئۇ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. مانا بۇ، مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچىسىدۇر»[1] دېگەن.

13. ئىنسان شەرئىي ئىلىم سايىسىدە يارىتىلىشىنىڭ غايىسىنى ۋە بارىدىغان جايىنى بىلىدۇ. شۇنىڭدەك، دۇنيا ھاياتىنىڭ ۋاقىتلىق بولۇپ، ئاخىرى پانىي بولىدىغانلىقىنى، ئاخىرەت ھاياتىنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇپ، ئەبەدىي پانىي بولمايدىغانلىقىنى، بۇ دۇنيانىڭ ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئېكىنزارلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. نەتىجىدە، ۋاقىتلىق پانىي دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى مەڭگۈلۈك بولغان ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئالدىدا قويمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشنى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا قويغان ھالدا ئىش كۆرىدۇ.

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

# ئىسلام ۋە ئىلىم-پەن

ئىلىم - پەن دىنغا دۈشمەن ئەمەس، ئۇنىڭغا زىتمۇ ئەمەس، بەلكى ئىلىم - پەن كىشىنى ئىمانغا باشلايدىغان بىر يولباشچىدۇر. ئىلىم دېڭىزىغا شۇڭغۇپ ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولغان كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ بۇ سىرلىق كائىناتنىڭ ئارقىسىدا ئۇنى ھىمايە قىلىپ ۋە باشقۇرۇپ تۇرىدىغان بىر ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ بارلىقىغا ۋە ئۇنىڭدىكى ھەر نەرسىنىڭ مەلۇم قانۇنىيەتكە ئىگە، پۇختا يارىتىلغان سەنئەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قايتقانلىقى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى ئىلىم ھەر قاچان ئاللاھقا باشلىماي قالمايدۇ. دىنسىزلىق ئېتىقادى بىلەن تەبىئەت، ئاسترونومىيە، بىئولوگىيە، فىزىكا ۋە باشقا ئىلىم پەن ساھەلىرىگە قەدەم قويۇپ، بۇ ئىلىم - پەنلەر سايىسىدا ھەقىقەتنى تونۇپ ھىدايەت تاپقاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئىلمىي يوسۇندا يېتەرلىك دەلىللەرنى كەلتۈرگەن ۋە بۇدەللىلەرى ئارقىلىق ئىلىم - پەندىن يۈزەكى مەلۇماتلىق بولۇپ، ئىلمنى دىنغا قارشى قورال قىلماقچى بولغانلارغا قارشى كۈچلۈك رەددىيەلەرنى بېرىپ كەلگەن تەبىئىي پەن ئالىملىرىمۇ ناھايىتى كۆپ.

تەبىئىي پەندە ئۆزلىرىنى ئالىم ساناپ مەغرۇرلانغۇچى ئاتېئىزمچىلار ئۆتمۈش زامانلارنىڭ ئەقلىيىتى بىلەن ياشىغۇچىلاردۇر. ئۇلار زامانىمىزدىكى ئىلىم - پەننىڭ قانچىلىك زور ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلغانلىقىنى ۋە ھەر بىر قەدەمدە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاۋاتقانلىقىنى كۆرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش تەرزى باشقىلار سىزىپ بەرگەن چەكلىك نەزەرىيە دائىرىسىدە مەھبۇس

بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئەقلىمۇ شۇ ئەندىزە ئىچىدە مەھبۇستۇر. مۇنداق مەغرۇرلار ھەرساھە تەبىئىي پەن ئالىملىرىغا قۇلاق سالسا بولىدۇ.

بۇيۈك ئالىم ھۇشىل مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم ساھەلىرى كېڭەيگەنسېرى تەڭداشسىز قۇدرەتلىك، يەككە - يېگانە ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا بولغان كۈچلۈك ئىلمىي دەلىللەر كۆپەيمەكتە. بىئولوگىيە، فىزىكا، تەبىئەت، ئاسترونومىيە ئالىملىرى ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ ئىلىم مۇنبىرىنى تىكلىمەكتە. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ تەڭداشسىز ئۇلۇغلىقىنىڭ مۇنبىرىدۇر».

ئىلىم پەننى تەرەپسىز ھالدا بىرىلىپ ئوقۇغان ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن تەپەككۇر قىلىپ مۇلاھىزە قىلغان ھەر قانداق كىشى ئىلىم - پەن ئارقىلىق ئاللاھنى چوقۇم تونۇيدۇ. بۇنداق كىشىنىڭ ئاللاھقا بولغان ئېتىقادى مىسلىسىز كۈچلۈكتۇر، ئۇنىڭ ئىمانىمۇ چۈشەنمەستىن تەقلىدچىلىك بىلەن قارغۇلارچە مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ئىمانىغا نىسبەتەن قىممەتلىك ۋە چوڭقۇر ئىماندۇر. ئەمما ئىلىم - پەننى دىنغا قارشى قورال قىلماقچى بولغانلار ئىلىم - پەننىڭ بۇ نېمەتلىرىدىن مەھرۇم قالغۇچىلاردۇر. بۇنداقلارنىڭ ئىلىم — پەندىن ئالغانلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلالمايدىغان يۈزەكى مەلۇمات بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ ئىككى كىتابى باردۇر. ئۇنىڭ بىرى قۇرئان. قۇرئان بولسا ئاللاھنىڭ كالام ( سۆزلەش) سۈپىتىنىڭ ئەسەرىدۇر. يەنە بىرى كائىناتتۇر. كائىنات ئاللاھنىڭ سانىئ (سەنئەتكار) سۈپىتىنىڭ ئەسەرىدۇر. دۇنيادىكى ھەر ساھە ئىلىم — پەن مۇتەخەسسىسلىرى ۋە تەتقىقاتچىلار ئاللاھقا ئىشەنسۇن، ياكى ئەشەنمىسۇن، ئۇلار بەربىر ئاللاھنىڭ «كائىنات» ناملىق كىتابىنى ئوقۇماقتا ۋە ئۇنى تەپسىر قىلماقتا.

ھېربېرت سپېنسېر «تەربىيە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم خۇراپات بىلەن زىتلىشىدۇ، ئەمما دىنىنىڭ ئەسلىسى بىلەن زىتلاشمايدۇ. كۆپلىگەن يۈزەكى تەبىئىي پەن ئىلىملىرىدە دىنسىزلىق روھى باردۇر. ئەمما يۈزەكىلىكتىن يۇكسىلىپ، ھەقىقىي مەنىدىكى ئىلىم سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئىلىم مۇنداق دىنسىزلىق روھىدىن ئۇزاقتۇر، ئەلۋەتتە. تەبىئىي پەن ئىلىملىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىبادەتتۇر. چۈنكى تەبىئىي پەن ئىلىملىرىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش بىز سىرلىرىغا يېتىپ بولالماي دەرتلىنىۋاتقان ۋە ئاستا ـ ئاستا بىلىۋاتقان شەيئىيلەرنىڭ ئېسىللىكىنى ئېتىراپ قىلىش، ئاندىن ئۇلارنى ياراتقان زاتنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى تونۇش دېمەكتۇر. بۇ ئاغزاكى تەسبىھ (ئاللاھنى مەدھىيەلەش)ئەمەس، ئەمەلىي تەسبىھتۇر. مۇنداق ئىلىملەرگە قىلىنىدىغان ھۆرمەتمۇ مەنىسىز ھۆرمەت ئەمەس، بەلكى ئەقىل، تەپەككۇر ۋە ۋاقىتنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە كەلگەن قىممەتلىك ھۆرمەتتۇر. بۇنداق ئىلىم كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ قانداق شەكىل ۋە قانداق كەيپىياتتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈشتە ئىستىبدات يولىنى تۇتمايدۇ، لېكىن بىزگە بۇ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مۇناسىپ يولنى تۇتىدۇ ۋە ئىنساننى ئەقلى يېتىدىغان بارلىق ساھەلەرگە باشلاپ بېرىپ، ئاخىرىدا ئەقلىنىڭ سىرتىدا بولغان چېگرادا توختايدۇ. شۇ ۋاقىتتا دەيدۇكى، ئىنساننىڭ ئەقلى شۇنچىلىك يەرگىچە يېتىدۇ، ئەمما ئەقىل ئىدراك قىلالمايدىغان ئالەملەر كۆپ!».

ھېربېرت يوقىرىقى سۆزلىرىگە مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر تامچە سۇنى كۆرگەن ئالىم ئۇنىڭ ئوكسىگېن بىلەن ھېدروگېنىدىن مەلۇم نىسبەتتە تەركىب تاپقان سۇ ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ

نورماللىقىدىن ئېۋزگىرىپلا كەتكەندە، سۇ ئەمەس، باشقا نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئۇبدان بىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى ۋە ھېكمەت بىلەن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. مۇنداق ئالىمنىڭ ئىلمى سۇ تامچىسىنى پەقەت بىر تامچە سۇ خالاس، دەپ بىلىدىغان ئالىمنىڭ ئىلمىدىن ئەلۋەتتە يۇقىرى ۋە كۈچلۈك ئىلىمدۇر. شۇنىڭدەك، بىرتال قار دانىسىنى كۆرگەن ئالىمۇ ئۇنىڭدىكى بەدىئىي سەنئەتنى، دىققەت بىلەن لايىھىلەنگەن گۈزەللىكنى كۆرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ ماھارىتىنى ۋە ھېكمەتلىك ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەمما شەيئىيلەرگە يۈزەكى باقىدىغان ئالىم قار دانىسىنى «مۇزلىغان سۇ» دەپلا كۆرىدۇ، بەس».

# ئىسلام ۋە ئىقتىساد

ئىقتىساد جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ، باياشاتلىق تۇرمۇشنىڭ مەنبەئى بولغىنىدەك، بەزى ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. يوقسۇللۇق ۋە پېقىرلىق دېگەنلەر مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە بىر يېتەرسىزلىك ۋە نۇقساندۇر. چۈنكى ئىسلام دىنى ئىشلەشنى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان ۋە ئۇنى ئىبادەت قاتارىدىن سانىغان. ئۆتمۈشلەردە، مۇسۇلمانلارنى تەركىدۇنيالىققا تەرغىب قىلغۇچىلار ئۇلارنىڭ ئىككى دۇنيالىقنى قولىدىن ئالغاندىن باشقا، ئۇلارغا ھېچبىر ئىش بېرەلمىدى. مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ روھىدىن يىراقلىشىپ، تۈرلۈك خۇراپاتلارنى دىن دەپ چۈشەنگەن ئەسىرلىرىدىن كېيىنلا، ئۇلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش، پەن-تېخنىكىغا يۈزلىنىش روھى پۈتۈنلەي ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۇنيانىڭ ئارقىسىدا قېلىپ، بۈگۈنكىدەك خار ۋە زابۇنلۇققا مەھكۇم بولدى.

### مۈلۈكچىلىك

ئىسلام نەزىرىدە مۈلۈكچىلىك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك، يەنە بىرى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتۇر. خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك دېگىنىمىز، جەمئىيەتتىكى شەخس ۋە شەخسلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھالدا مال ـ مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىشىنى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك دېگىنىمىز، ھۆكۈمەت، دۆلەت ۋە ھەر قانداق مۇئەسسەسەلەرنىڭ قولىدىكى ئىگىدارچىلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئومۇمىي ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى دۇنيانىڭ قانداقلا يېرىدە بولمىسۇن بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ كەلمەكتە. تالاش ـ تارتىش پەقەت خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك مەسىلىسىگە مەركەزلىشىدۇ. ئىنسانلار تەرىپىدىن

تـۈزۈلگەن يەرلـىك قـانۇنلاردىكى خۇسۇسـىي مۈلۈكچىلىـك بىـر-بىـرى بىلەن ئاسمان-زېمىن پەرقى بولغـان مۇنـداق ئىككـى خىـل تـۈزۈم بىـلەن باشقۇرۇلماقتا.

**1ـ سوتسىيالىزم تۈزۈمى**

ماركسـىزمچىلار خۇسۇسـىي مۈلـۈكچىلىكنى ۋە تەبىـقە ئايرىشـنى تـۈپتىن ئېلىـپ تاشـلاپ، «هەركىـم قـابىلىيىتىگە يارىشـا ئىشـلەيدۇ، ئېهتىياجىغا قاراپ هەق ئالىدۇ» دەيـدىغان قـۇرۇق دەۋاسـى بـويىچە ئىـش كۆرۈشنى قارار قىلىدۇ. مەلـۇمكى، بۇنىـڭ بىـلەن كىشـىلەرنىڭ تۇرمۇشـى بېيىمايدۇ. چۈنكى مۇنداق تۈزۈمدە رىقابەت بولمايدۇ. رىقـابەت بولمىغـان ئىكەن، ئىقتىسـاد تەرەققىـي قىلمايـدۇ. سوتسـىيالىزم تۈزۈمىـدە خۇسۇسـىي مۈلۈكچىلىككە هەرخىل چەكلىمىلەر قويۇلغـانلىقتىن جەمئىـيەت تەرەققى قىلمايــدۇ. ئىنســانلار بــۇ تۈزۈمنىمــۇ باشــتىن كەچــۈرۈپ كــۆردى. ماركســىزمچىلار تەگـــىزلىككە قارشـــى تـــۇرىمىز دېـــگەن دەۋا بـــىلەن بايلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى خالىغانچە تالان ـ تـاراج قىلىـپ ۋە مۇسـادىرە قىلىـپ ئېلىۋالغانـدىن كېـيىن، بـايلارمۇ يوقسـۇل، بـۇرۇنقى يوقسـۇللارمۇ يەنە يوقســـۇل قېلىـــۋەردى. جەمئىيەتمـــۇ تەرەققـــى قىلالمـــدى. يوقسـۇللارنىڭ هـالىنى ياخشـىلايمىز، دېـگەن باهـانە بىـلەن بـايلاردىن تارتىۋېلىنغـان بـايلىقلار يوقسـۇللارغا ئەسـقاتتىمۇ؟ بـۇ بـايلىقلار نەگە كەتتى؟ ئېنىقكـى، زالىـم هۆكۈمـدارلارنىڭ ئىنسانىيەت هاياتىغا تەهدىـد سـېلىۋاتقان قىرغـۇچ قـوراللىرىنى ياساشـقا كەتتـى، بەس. مەلــۇمكى، جەمئىيەتنىــڭ تەرەققــى قىلىشــى، كىشــىلەرنىڭ بېيىشــى ۋە تۇرمــۇش ساپاسـىنىڭ كۆتىرىلىشـى ئۈچـۈن شـۇ جەمئىيەتتىكـى بايلارنىـڭ رولـى چوڭــدۇر. زامـانىمىزدىكى تەرەققـى قىلغـان ياۋروپـا دۆلەتلىـرى بۇنىڭغـا مىســال بولالايــدۇ. قايســىبىر سوتسىيالىســتىك دۆلەت كىشــىلەرنىڭ

خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرالىدى؟ قايسىسى پۇقرالىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى كۆتىرەلىدى؟ يوق! بەزىسى ماركسىنىڭ خىيالى جەننىتىگە يېتىش يولىدا كېتىپ بارغىنىچە تارمار بولدى، بەزىسى ئۆزىنىڭ سوتسيالستىك نەزەرىيىسىدىن ۋاز كېچىپ سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە بازار سودىسىنى يولغا قويۇش ئارقىلىقلا ئۆزىنى بىر ئاز ئوڭشىۋالدى.

## 2- كاپىتالىزم تۈزۈمى

كاپىتالىزم خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئەركىنلىكى شۇنداق چەك - چېگرىسىز قويۇپ بېرىلگەنكى، بۇ تۈزۈم سايىسىدا، كاپىتالىستلار ۋە باشقىمۇ مۈلۈكدارلار دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىقتىساد ۋە سىياسىتىنى مونوپول قىلىۋېلىپ ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغانلىقتىن پۇقرالارنىڭ تەقدىرى شۇ بىر ئوچۇم كاپالىستلارنىڭ ئىلكىدە بولۇپ قالغان. دۆلەتمۇ شۇ بايلارنىڭ تەھدىدلىرىدىن قورقۇپ ياكى بەرگەن پارىلىرىغا ئالدىنىپ ئومۇم خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن قىلماقچى بولغان ئىشلىرىدىن ۋازكېچىدىغان بولۇپ قالغان. پېقىرلار يوقسۇللۇقتىن ئۆلۈم گىرداۋىغا كېلىپ قالسىمۇ جەمئىيەت ياكى دۆلەت ئۇلارنى يۆلىمىگەن. نەتىجىدە، جەمئىيەتتە بايلار ۋە يوقسۇللاردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ كۈچ بىر - بىرىگە ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك قىلىشىش سەۋەبى بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى بۇزۇلغان ۋە بايلارنى تارمار قىلىش ئۈچۈن سوتسيالىزم ئوتتۇرىغا چىققان.

## ئىسلام قانۇنىدىكى تەڭپۇڭلۇق

ئەمما ئىسلام دىنىدىكى شەخسىي ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك قانۇنىغا كەلسەك، ئىسلام دىنى بۇ ئىككى خىل مۈلۈكچىلىك ئوتتۇرىسىدا ئەڭ مۇناسىپ ۋە ئەڭ ئادالەتلىك يولنى تۇتقان. چۈنكى

ئىسلام دىنى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە، بايلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى پۇل - ماللاردىن شۇ جەمئىيەتتىكى پېقىر، يېتىم - يېسىر، تۇل ۋە باشقا ئېھتىياج ئىگىلىرىگە، ئومۇم خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىشلارغا بېرىشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەرنى بەلگىلىدى. مانا بۇ - زاكاتتۇر. ئىسلام نەزىرىدە، جەمئىيەتتىكى ھەربىر پۇقرا مۇستەقىل كىشىلىك ھوقۇققا ۋە ئەينى ۋاقىتتا جەمئىيەتتىكى بىر ئەزالىق سالاھىيىتىگە ئىگىدۇر.

ئىسلام دىنىدىكى شەخسىي ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئىگىدارچىلىق ھېچ ۋاقىت بىر - بىرىگە زىت كەلمەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن، جەمئىيەتتىكى بايلار بىلەن پېقىرلار تەبىقىسى ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ، بىر - بىرىگە دۈشمەنلىك قىلىشمايدۇ، ئۇرۇش ئېچىشمايدۇ. يوقسۇللار - سوتسىيالىزم تۈزۈمىدىكىدەك — بايلارنىڭ دۈشمىنىگە ئايلانمايدۇ، بايلارمۇ — كاپىتالىزم تۈزۈمىدىكىدەك - ئۆز ئىگىدارچىلىقىغا تايىنىپ دۆلەتنىڭ ئىقتىساد، ئىشلەپچىقىرىش ۋە سىياسەت ئىشلىرىنى كونترول قىلىۋالمايدۇ. نەتىجىدە، ھەممە ئوخشاش پاراۋانلىقتا، بىرلىكتە، ئىناقلىقتا بەختلىك ئۆمۈر سۈرىدۇ.

كاپىتالىزم تۈزۈمىدە بايلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى مال - مۈلۈكتىن پېقىرلارنىمۇ بەھرىمەن قىلىش قانۇنى بولمىغانلىقتىن، بايلار تەبىقىسى بىلەن نامراتلار تەبىقىسى ئوتتۇرىسىدا سوغۇق زىددىيەتلەر جىددىي باش كۆتۈرگەن. نەتىجىدە بايلارنىڭ بېسىپ ياتقان پۇل — ماللىرىنى نامراتلارغا تەقسىم قىلىش ئۈچۈن، دېگەن دەۋا بىلەن سوتسىيالىزم ئوتتۇرىغا چىققان. سوتسىيالىزمچىلار بايلارنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن خەلقنى ئاچ - يالىڭاچ قالدۇرۇپ، ھەممىنى ئۆزلىرىگە چوقۇندۇردى.

**مۇسۇلمانلار ئۆز-ئۆزىگە زىيان سالغان**

ئەگەر مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالا ئۆزى بىۋاستە تۈزۈپ بەرگەن شەرىئەت قانۇنىغا ئەمەل قىلىپ، ئاللاھ تائالا بۇيرىغان پەرزلەرنى جايىدا ئادا قىلغان بولسا ئىدى، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە يوقسۇللۇق، ئىشسىزلىق ۋە مۇھتاجلىق قاتارلىق يېتەرسىزلىكلەرگە ئاللىبۇرۇن خاتىمە بېرىلگەن بولار ئىدى. نەتىجىدە، كاپىتالىزم ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈملىرى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىن ئۆزلىرىنى سىغدۇرۇشقا بوشلۇق تاپالمىغان بولار ئىدى. ئىسلام دىنى ھاياتلىقتىن ئورۇن ئالغان ئالتۇن دەۋرلەردە، خۇسۇسەن ئەمەۋىيلەر خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ دەۋرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ زاكات ماللىرىنى بېرىدىغان پېقىر تاپالمىغانلىقىنى تارىخلاردىن ئوقۇۋاتىمىز. ھەقىقىي ئىسلامىي جەمئىيەت، بايلار پېقىرلارغا، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارغا مېھرى - شەپقەت قىلىدىغان، بىر - بىرىنىڭ دەرتلىرىنى ۋە يۈكلىرىنى تەڭ كۆتىرىدىغان پەزىلەتلىك بىر جەمئىيەتتۇر. ئىسلام دىنىدىكى بۇ ھەمكارلىشىش ۋە ياردەملىشىش تۈزۈمى ئەمەلگە ئاشمىغان دەۋرلەردىن كېيىنلا مۇسۇلمانلار چۈكۈشكە باشلىدى. زامانىمىزدا مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان ھەرخىل بەختسىزلىكلەر ۋە ئېزىلىشلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلاردىكى ھەمكارلىشىش ۋە بىرلىشىش روھىنىڭ يوقالغانلىقىدىن بولدى. زاكاتمۇ جەمئىيەتنى ئامانلىق، خاتىرجەملىك، بىرلىك، ئىناقلىق ۋە ياردەم سۆيەرلىك قاتارلىق ياخشى ئىشلارغا كاپالەندۈرىدىغان بىر ئىبادەتتۇر. زاكات قول ئىلكىدە بار مۇسۇلمانلارنىڭ ئادا قىلىشىغا بۇيرۇلغان بىر دىنى مەجبۇرىيەتتۇر. ئۇلار بۇ زاكاتنى مەمنۇنلۇق بىلەن ھېچ مىننەت قىلماستىن ئادا قىلىدۇ، ئۇنى ئالغۇچى ئېھتىياج ئىگىلىرىمۇ يۈزىنى قىزارتماستىن ئاللاھ تائالا ماڭا بۇيرىغان ھەققىمنى تاپشۇرۇپ ئېلىۋاتىمەن دېگەن ئاساستا ئالىدۇ. نەتىجىدە، بۇلاردا ــ بايلار بىلەن

پېقىرلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت، دۈشمەنلىك ۋە ئىناقسىزلىق دېگەندەك ئىللەتلەر بولمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دوستلۇق، بىرلىك ۋە ھەمكارلىق كۈچىيىدۇ. جەمئىيەت مانا بۇنىڭ بىلەن گۈللەپ ياشنايدۇ.

**يەر يۈزىنىڭ بايلىقى ھەممىگە يېتىدۇ**

ئاللاھ تائالا يەر يۈزىدە بايلىقنى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق قامداشقا يېتەرلىك مىقداردا ياراتقان بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ يولسىزلىق سەۋەبىدىن بۇ بايلىقلار جايىدا قوللىنىلمىغانلىقتىن دۇنيادا ئاچارچىلىق، يوقسۇللۇق ۋە نامراتلىق دېگەنگە ئوخشىغان بەخىتسىزلىكلەر يۈز بېرىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: برازىلىيە «تۇخۇمنىڭ خەلقئارادىكى باھاسىنى چۈشۈرمەيمىز» دېگەن دەۋا بىلەن مىلياردلارچە تۇخۇمنى دېڭىزغا تۆكۈۋەتمىسە، يەنە بىر دۆلەت ھەر يىلى تونلاپ كاپىنى ئەينى دەۋا بىلەن دېڭىزغا تۆكمىسە، ئامېرىكا «بۇغداينىڭ خەلقئارادىكى باھاسىنى ساقلاپ قالىمىز» دېگەن دەۋا بىلەن ئۆزى ۋە ئۆزىگە بېقىنىدىغان دۆلەتلەردىكى تېرىمچىلارغا ھەر يىلى كۆپ مىقداردا دوللار بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى بۇغداي ۋە باشقىمۇ مەھسۇلاتلارنى تېرىشتىن مەنئى قىلمىسا، ئۇلاردىن پېقىرلار مەنپەئەتلەنگەن ۋە دۇنيادا ئاچارچىلىق بولمىغان بولاتتى. ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىنىڭ تەقەززاسى بىلەن، دۇنيادا نوپۇس كۆلىمى قانچىلىك ئاشقانسېرى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى ئاشۇرۇشقا يېتەرلىك يەن ـ تېخنىكا ئۇسۇللىرى شۇنچىلىك كۆپ ئىجاد قىلىنماقتا. ئاللاھ تائالا ياراتقان زېمىن ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تويغۇدەك ئوزۇقلىنىشى ئۈچۈن يېتەرلىك زىرائەتلەرنى چىقىرىشقا يېتەرلىكتۇر. مەسىلەن: قۇرغاقچىلىق بىر ۋاقىتتا ھەممە جايدا يۈز بەرمەيدۇ. بىر مەملىكەتتە قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ، باشقا

مەملىكەتلەر ئۇنىڭدىن ئامان قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قۇرغاقچىلىق يۈز بەرمىگەن مەملىكەتلەردىكى مول ھوسۇل ئادەتتىكىدىن كۆپ چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەن مەملىكەتتىكى ئىنسانلار ئۈچۈن يېتكىسە ھەممىگە يېتىپ يەنە ئاشىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتى ۋە رەھمىتىدۇر، بىرلا ۋاقىتتا دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە قۇرغاقچىلىق بولمايدۇ. تېرىملارنىڭ ھەممىسى تېرىلسا، مەھسۇلاتلار ئادالەت بىلەن تەقسىم قىلىنسا دۇنيادا ئاچلىقتىن، يوقسۇللۇقتىن زارلىنىدىغان ئادەم قالمايدۇ. لېكىن ئىنسانلارنىڭ يولسىزلىق ئۆزلىرىنى ۋە باشقىلىرىنىمۇ بەختسىزلىك گىرداۋىغا چۈشۈرمەكتە. ئىنسانلارنىڭ بەختلىك ئۆمۈر سۈرۈشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىغا قايتىشتىن باشقا يول يوق!

## ئىقتىساد ھەققىدىكى ئىسلام كۆرسەتمىلىرى

تەبىئەت پۈتۈن بايلىقلىرى ۋە جىمى گۈزەللىكلىرى بىلەن يالغۇز ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر.﴿ لِلَّهِ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَمَا فِيهِنَّ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾يەنى ﴿ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلاردىكى پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر﴾[1]

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلغان ئىنئامىدۇر.﴿ وَسَخَّرَ لَكُمْ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا مِنْهُ﴾يەنى ﴿ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى﴾[2]

---

(1) مائىدە سۈرىسى 120 ـ ئايەت.

(2) جاسىيە سۈرىسى 13 ـ ئايەت.

ھېچكىمنىڭ كىشىلەرنى تەبىئەت بايلىقلىرىدىن مەنپەئەتلىنىشتىن توسۇش ياكى ئۇنىڭ نېسىۋىسىگە تاجاۋۇز قىلىش ھەققى يوق.﴿ وَمَا كَانَ عَطَاءُ رَبِّكَ مَحْظُورًا﴾يەنى ﴿رەببىڭنىڭ ئاتا ـ ئېھسانلىرى ھېچكىمدىن مەنئى قىلىنمايدۇ﴾[1]

ئىسلام نەزىرىدە، ھەربىر كىشىنىڭ قانۇنلۇق يوللار بىلەن ئىشلەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ھوقۇقى بار.﴿ وَأَنْ لَيْسَ لِلْإِنْسَانِ إِلَّا مَا سَعَى﴾يەنى ﴿ئىنسان پەقەت ئۆزى ئىشلىگەن ئىشنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ﴾ [2]، ﴿فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ﴾يەنى ﴿ يەر يۈزىدە رىزىق تەلەپ قىلىش يولىدا ئىشلەڭلار، ئاللاھ بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار﴾[3]

خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ھەركىمنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقىدۇر. ھەر ئادەم ئىشلەپ تاپقانلىرىغا ئۆزى ئىگە بولىدۇ. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكمۇ كىشىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقى بولۇپ، ئۇ جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ پېقىرلىرى ئۈچۈن بايلارنىڭ ماللىرىدىن مەلۇم مىقدارى بەلگىلەنگەن ھەق «زاكات» دەپ تونۇلىدۇ.﴿ وَالَّذِينَ فِي أَمْوَالِهِمْ حَقٌّ مَعْلُومٌ. لِلسَّائِلِ وَالْمَحْرُومِ﴾يەنى ﴿ئۇلارنىڭ ماللىرىدا مۇھتاج ۋە يوقسۇللار ئۈچۈن مەلۇم ھەق بار﴾[4] بايلارنىڭ پېقىرلارغا ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان بۇ مۇئەييەن ھەققى ئادا قىلىشتىن باش تارتىشقا ياكى كېمەيتىشكە قەتئىي يول قويۇلمايدۇ.

---

(1) ئىسرا سۈرىسى 20 ـ ئايەت.
(2) نەجم سۈرىسى 39 ـ ئايەت.
(3) مۈلك سۈرىسى 15 ـ ئايەت.
(4) مائارىج سۈرىسى24 ـ 25 ـ ئايەتلەر

بـــايلىق مەنبەلىرىنـــى ۋە ئىشـــلەپچىقىرىش ۋاســـىتىلىرىنى ئومـــۇم خەلقنىـــــڭ مەنپەئىتـــــى ئۈچـــۈن قـــــوللىنىش پەرزدۇر. بۇنىڭـــــدا مەسئۇلىيەتســىزلىك قىلىش يـاكى سۇيىســتېمال قىلىشـقا زادى يــول قويۇلمايـدۇ. «ئـاللاھ تائـالا تەرىپىـدىن ئۈسـتىگە مەسـئۇلىيەت ئارتىلغـان ئـادەم شـۇ مەسـئۇلىيەتنى تـوغرا ئـادا قىلمايـدىكەن، ئـۇ قىيـامەت كـۈنى جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇرىيالمايدۇ.»[1]

ئومۇمنىـــڭ مەنپەئىتىنـــى كـــۆزلەش بىـــلەن ئىســـلام شـــەرىئىتىنىڭ پرىنسىپلىرىدا چىـڭ تۇرۇشـتىن ئىبـارەت بـۇ ئىككـى قائىـدە، مۇسـۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى ئىقتىساد ئىشلىرىنىڭ ئاساسلىق دەستۇرىدۇر.» [2]

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم.

(2) 1981 ـ يىلى پارىژدا ئېلان قىلىنغان«ئىسلامدىكى كىشىلىك ھوقۇق باياننامىسى»دىن ئېلىندى.

# ئىسلام ۋە ئېلىم-سېتىم

ھەممىگە مەلۇمكى، سودا-سېتىق ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمىدۇر. چۈنكى ئىنسانلار شەخسىي ۋە ئائىلە ئېھتىياجلىرىنى سېتىۋېلىشقا، كارخانىلار ۋە شىركەتلەر مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمان ئادەم ئىسلام دىنىنىڭ سودا-سېتىق پرىنسىپلىرىنى ياخشى ئۆگىنىشكە ۋە ئۇنىڭغا كۆرە ئىش كۆرۈشكە زور ئېھتىياجلىقتۇر.

ئېلىم-سېتىم ئىشلىرىدىكى ئومۇمىي قائىدە شۇكى، دىنىمىزدا چەكلەنمىگەن، گۇناھ ـ مەسىيەتلەرگە سەۋەب بولمايدىغان ھەر قانداق نەرسىنى ئېلىش ياكى سېتىشقا بولىدۇ. چۈنكى شەيئىلەر ئەسلىدە ھالال بولۇپ، ھارام قىلىنغانلىقىغا ئائىت دىنىي دەلىل كەلمىگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھالالدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ئىستېمال قىلىش، ئېلىپ ـ سېتىپ تىجارەت قىلىش مۇتلەق جائىزدۇر. پەقەت بۇلاردىن ئايەت ۋە ئىشەنچلىك ھەدىسلەر ئارقىلىق ھارام ئىكەنلىكى كەسكىنلەشكەنلىرىنى ئىستېمال قىلىش ۋە ئېلىپ ـ سېتىش ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ پرىنسىپنى مۇنداق ئوچۇقلىغان: «ئاللاھ قۇرئاندا ھالال قىلغىنى ھالال، ھارام قىلغىنى ھارامدۇر. ھالال ياكى ھارام ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم بېرىلمىگەن نەرسىلەر ئاللاھنىڭ كەچۈرىمىدۇر. ئاللاھنىڭ بۇ كەچۈرۈمىنى قوبۇل قىلىڭلار. ئاللاھ ھېچ نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ»[1].

ئېلىم-سېتىم ئىشلىرىدىكى ئىسلام پرىنسىپىنى مۇنداق ئىخچاملاشقا بولىدۇ:

— ھارام نەرسىلەرنى ئالماسلىق ۋە ساتماسلىق،

(1) ھاكىم رىۋايەت قىلغان «سەھىھ»ھەدىس.

— گۇناھقا سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەرنى ئالماسلىق ۋە ساتماسلىق

— راستچىل بولۇش

— نامەلۇم نەرسىلەرنى ساتماسلىق

— جازانە قىلماسلىق (ئۆسۈم مۇئامىلىسى قىلماسلىق)

— مونوپولىيىچىلىق قىلماسلىق

— تارازىدا ۋە ئۆلچەمدە كەم بەرمەسلىك

— ئوغرىلانغان ۋە بولانغان نەرسىلەرنى سېتىۋالماسلىق

— بۇزۇق كېلىشىم ۋە شەرتلەرنى قوللانماسلىق

1. ھاراملىقى سەۋەبلىك ئېلىش ياكى سېتىپ تىجارەت قىلىش چەكلەنگەن نەرسىلەر تۆۋەندىكىلەر:

(1) چوشقا، ئۇنىڭ گۆشى، تېرىسى، گۆشى يېيىلمەيدىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشى، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان مالنىڭ گۆشى، زەھەرلەنگەن ياكى يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولغان مالنىڭ گۆشى.

(2) ھاراقتىن باشلاپ پۈتۈنچە مەست قىلىش خاراكتېرىدىكى ئىچىملىكلەرنىڭ پۈتۈن تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى.

(3) ئاق چېكىملىك، ئەپيۇن، نەشە، تاماكا ۋە باشقا زەھەرلىك چېكىملىك تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى.

(4) ھەيكەل، كرېست ۋە ھەر قانداق بىر باتىل دىنىنىڭ دىنىي بەلگىلىرىنىڭ ھەممە تۈرى.

2. ئۆزى ھالال بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ھارام ياكى گۇناھقا سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەرنى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدىغان شەيئىلەرنى ئۇنىڭدىن ھارام ياكى ئىنسانلارنى گۇناھلارغا ئىلىپ بارىدىغان نەرسىلەرنى ياسايدىغان ئورۇنلارغا بىلىپ تۇرۇپ سىتىش گۇناھتا ئۇلار بىلەن شېرىك بولغانلىقتۇر. مەسىلەن: ئۈزۈم ئۆزى ھالال مېۋە بولسىمۇ، ئۇنى ھاراق ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتقا سىتىش ھارامدۇر. چۈنكى بۇ گۇناھ ئىشقا ھەمكارلاشقانلىقتۇر. مۇسۇلمان ئادەم بۇنىڭدىن مەنئى قىلىنغان. قۇرئان كەرىمدە:﴿ وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَى وَلَا تَعَاوَنُوا عَلَى الْإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ ﴾يەنى﴿ ياخشىلىققا، تەقۋالىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا، دۈشمەنلىككە ياردەملەشمەڭلار﴾[1] دەپ كۆرسىتىلگەن.

3. سودىدا راستچىل بولۇش دىگەن ئىلىم ـ سىتىم ئىشلىرىدا ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق ۋە يالغانچىلىقتىن يىراق بولۇپ، سەممىي بولۇش دىگەنلىكتۇر. سودىدا يالغان سۆزلەش قاتتىق گۇناھ ۋە ھارامنى يىگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە بىزگە تەلىمات بىرىپ مۇنداق دىگەن: «ئايرىلىپ كەتمىگۈچە ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى ھەر ئىككىيلەننىڭ يېنىۋېلىش ئىختىيارى بار، ناۋادا ئۇلار راستچىل بولۇپ مالدا ئەيىب بولسا، بۇ ئەيىبتىن خەۋەردار قىلسا، ئۇلارنىڭ سودىسىغا بەرىكەت بىرىلىدۇ. ناۋادا يالغان ئىيتىپ مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرسا، سودىسىنىڭ بەرىكىتى يوق قىلىنىدۇ.»[2]

(1) مائىدە سۈرىسى2-ئايەت.
(2) بۇخارى رىۋايىتى.

4. سېتىلغان تاۋارنىڭ نامەلۇم ياكى ئىلكىدە يوق بولۇشى ئالغۇچى ۋە ساتقۇچى ھەر ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا جېدەلگە سەۋەب بولىدىغانلىقى ياكى بىر تەرەپنىڭ يەنە بىر تەرەپنى ئالداپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام دىنى نامەلۇم تاۋارنى ۋە تېخى ئىلكىگە ئۆتمىگەن نەرسىنى سېتىشنى چەكلىۋەتكەن.

شۇ سەۋەبتىن، ھايۋاننىڭ قورسىقىدىكى بالىسىنى، ئاسماندىكى قۇشنى، سۇدىكى بېلىقنى، پىشمىغان مېۋىنى پىشقاندا تاپشۇرۇۋېلىش شەرتى بىلەن سېتىش ۋە ھەر قانداق نامەلۇم ياكى تېخى ئىلكىگە كىرمىگەن نەرسىنى سېتىش چەكلەنگەن.

5. جازانە پارسچە سۆز بولۇپ، ئەرەبچىسى «رىبا» يەنى ئارتۇق، زىيادە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما ئىسلام ئىستېمالىدا باشقىلارنىڭ ھەققىنى بەدەلسىز ئېلىۋېلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا سودا يولى بىلەن پۇل تېپىشقا يول قويغان بولسىمۇ، كىشىلەردىن بەدەلسىز پايدا كۆرۈشنى قەتئىي ھارام قىلغان. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَأْكُلُوا أَمْوَالَكُمْ بَيْنَكُمْ بِالْبَاطِلِ إِلَّا أَنْ تَكُونَ تِجَارَةً عَنْ تَرَاضٍ مِنْكُمْ﴾يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا ـ سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾[1]

(1) نىسا سۈرىسى 29 ـ ئايەت

جازانە يەنى ئۆسىۈم بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ گۇناھى شۇنچىلىك ئېغىر بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۆسىۈم بىلەن مۇئامىلە قىلغۇچىلارغا لەنەت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى مۇنداق بايان قىلغان: «ئاللاھ تائالا ئۆسىۈم يېگۈچىگە، يېگۈزگۈچىگە، ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولغۇچىغا ۋە ئۇنى يازغۇچىغا لەنەت قىلدى.»(1)

6. ئىسلام دىنى سودا ـ سېتىقتا شەخسلەرنىڭ ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلغان بولسىمۇ، ھەر قانداق جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ شەخسىيەتچىلىكى، تەمەخورلۇقى ۋە پۇرسەتپەرەسلىكى تۈپەيلى خەلقنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى ۋە كۈندىلىك زۆرۈر ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىدە باشقىلارنىڭ ھېسابىغا ئۆزلىرىنى بېيىتىشقا ئۇرۇنۇشىنى قاتتىق چەكلىگەن ۋە مۇنداقلارنى قاتتىق تەلەپپۇزدا ئەيىبلىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مونوپولچىلىقنى قاتتىق چەكلەپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئوزۇق ـ تۈلۈكنى قىرىق كۈن مونوپول قىلىۋالىدىكەن، ئۇ ئاللاھتىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىدۇ، ئاللاھمۇ ئۇنىڭدىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ.»(2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مونوپولىيىچىنىڭ پسخىكىسى ۋە خۇنۈك شەخسىيەتچىلىكىنى سۆكۈپ مۇنداق دېگەن: «مونوپولىيىچى نېمىدېگەن ئوسال ئادەم ـ ھە، ئۇ باھا چۈشكەنلىكىنى ئاڭلىسا قايغۇرىدۇ، قىممەتچىلىك خەۋىرىنى ئاڭلىسا خوش بولىدۇ»(3).

---

(1) ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇداۋۇد ۋە نەسائىيلار رىۋايىتى.

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

(3)ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى.

7. ئىسلام دىنى ئەڭ سەسكىنىدىغان ئالدامچىلىق تۈرلىرىنىڭ بىرى تارازىدا ـ ئۆلچەمدە كەم بېرىشتۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇنلىغان ئايەتلىرىدە، تارازا ۋە ئۆلچەمدە كەم بەرمەسلىك، ئادالەت ۋە ھەققانىيلىق بىلەن ئىش كۆرۈش، كىشىلەرنى ئالدىماسلىق ھەققىدىكى تەۋسىيىلەر بايان قىلىنغان.﴿ وَأَوْفُوا الْكَيْلَ وَالْمِيزَانَ بِالْقِسْطِ﴾يەنى ﴿ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرىلاڭلار﴾[1] ﴿وَأَوْفُوا الْكَيْلَ إِذَا كِلْتُمْ وَزِنُوا بِالْقِسْطَاسِ الْمُسْتَقِيمِ﴾يەنى ﴿سىلەر باشقىلارغا ئۆلچەپ بەرگەندە، تولۇق ئۆلچەڭلار ۋە توغرا تارازىدا تارتىپ بېرىڭلار﴾[2]

ئۆلچەم ۋە تارازىدا كەم بەرگۈچىلەرنى تەھدىت قىلىپ قۇرئان كەرىم مۇنداق دېگەن:﴿ وَيْلٌ لِلْمُطَفِّفِينَ. الَّذِينَ إِذَا اكْتَالُوا عَلَى النَّاسِ يَسْتَوْفُونَ. وَإِذَا كَالُوهُمْ أَوْ وَزَنُوهُمْ يُخْسِرُونَ. أَلَا يَظُنُّ أُولَئِكَ أَنَّهُمْ مَبْعُوثُونَ. لِيَوْمٍ عَظِيمٍ. يَوْمَ يَقُومُ النَّاسُ لِرَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ يەنى﴿ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرگۈچىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغاندا تولۇق ئالىدۇ، كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەندە كەم بېرىدۇ، ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ؟ ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدۇ﴾[3] بۇ ئايەتلەردە، تارازا ۋە ئۆلچەمدە كەم بەرگۈچىلەر ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار قاتارىدىن سانالغان.

---

(1) ئەنئام سۈرىسى 152 ـ ئايەت
(2) ئىسرا سۈرىسى 35 ـ ئايەت.
(3) مۇتەففىفىين سۈرىسى 1 ـ 6 ـ ئايەتلەر.

8. قاندداقلا بىر نەرسىنى ئۇنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى ياكى بۇلانغانلىقىنى ياكى مۇسادىرە قىلىنغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى سېتىۋېلىش بۇلاڭچىلارنىڭ، ئوغرىلارنىڭ ۋە زالىملارنىڭ بۇ جىنايى قىلمىشلىرىغا ياردەم بەرگەنلىك ۋە ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشقا تەشەببۇس قىلغانلىق بولىدۇ. مۇسۇلمان ئادەم جىنايەتكە قارشى تۇرۇش ۋە ھەقسىزلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بولسىمۇ، ئوغرىلانغان ياكى بولانغان نەرسىلەرنى نەرقىنىڭ ئەرزانلىقىغا ئالدىنىپ سېتىۋالماسلىقى لازىم. چۈنكى ئىگىسى رازى بولمىغان نەرسە ئۇنى ئالغۇچىغا راۋاج قىلمايدۇ ھەمدە سېتىۋالغۇچىسىنى گۇناھقا شېرىك قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئوغرىلانغان نەرسىنى، ئۇنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ سېتىۋالىدىكەن، ئۇنىڭ گۇناھىغا ۋە ئار ـ نومۇسىغا شېرىك بولغان بولىدۇ.»[1]

ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشى ئوغرىلانغان ياكى بولانغان نەرسىنىڭ سۈپىتىنى ئۆزگەرتەلمىگەندەك، ھارام نەرسىنى ھالاللىققا ئۆزگەرتەلمەيدۇ. شۇنداقلا كونىراش بىلەنمۇ ئەسلى ئىگىسىنىڭ ھەققىنى چۈشۈرۈۋېتەلمەيدۇ. تېپىۋېلىنغان نەرسىلەرنىمۇ سېتىۋالماستىن، ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا ياردەم قىلىش لازىم.

9. ئىلىم ـ سېتىمدىكى بۇزۇق شەرتلەر ھەرخىل بولۇپ، مۇنداق بۇزۇق شەرتلەر ۋە بۇزۇق كېلىشىملەر سودىنىڭ دۇرۇس بولۇشىغا

---

(1) ئىمام بەيھەقىي رىۋايىتى.

توسقۇن بولىدۇ. بۇ شەرتلەر ساتقۇچىنىڭ ئالغۇچىغا «ساڭا بۇنى ساتسام سەن ماڭا مۇنداق نەرسىنى سېتىپ بېرىسەن ياكى قەرز بېرىپ تۇرىسەن» دېگەنگە ياكى «بۇنى پالانى رازى بولسا ساتىمەن» دېگەنگە ئوخشاش شەرت قوشقىنىغا ئوخشاش. شۇنداقلا كېلەچەكتە ئەمەلگە ئاشىدىغان بىر شەرتكە باغلاشتۇر. بۇنداق سودا دۇرۇس ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ كىتابىدا بولمىغان هەر قانداق شەرت باتىلدۇر. مەيلى يۈز شەرت بولۇپ كەتسمۇ.»[1]

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

# ئىسلام ۋە ھەق-ھوقۇقلار

## ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى

ئاللاھ تائالانىڭ ھەقلىرى دىنىنىڭ ئەركانلىرىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىرىغا كاپالەت قىلىدىغان ئەھكاملارنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەمما ئىنسانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى شەخسلەرنىڭ ۋە كوللىكتىپنىڭ ئېھتىياجلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ھەقلىرى ئۆزگىرىشنى ياكى چۈشۈپ بېرىشنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەمما ئىنسانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى ئۆزگىرىدۇ ۋە ئۆزئارا كەچۈرۈم قىلىشنى قوبۇل قىلىدۇ. يەنى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ ۋە ئەمەلدىن قالدۇرالمايدۇ. شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە ئىشلەنگەن قىلمىشلاردا ھېچكىم ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن بىراۋنى كەچۈرۈم قىلالمايدۇ. ئەمما ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەق-ھوقۇقلار زاماننىڭ تەرەققىياتىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ تەقەززاسىغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ ھەمدە بۇ ھەق-ھوقۇقلارغا قارشى ئىشلەنگەن قىلمىشلارنىڭ جازاسىمۇ قىلمىش ئىشلىگۈچىنىڭ كەچۈرۈۋېتىشى بىلەن چۈشۈپ كېتىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەقلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. بۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسى ئىبادەت قىلىنىش، ئۇلۇغلىنىش، سۆيۈلۈش، ياد قىلىنىش ۋە ھەر ئىشتا ئىتائەت قىلىنىش ھەققىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ھەققىنى بەرمىگەنلەر ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغان، ئۆزلىرىنى زىيانغا ئۇچراتقان بولىدۇ.

## قىلمىشلارنىڭ تەۋبىسى

ئىنسانلاردىن سادىر بولىدىغان قىلمىشلار ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن قىلمىشلار ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن قىلمىشلاردۇر. ئاللاھ تائالانىڭ «قىل» ۋە «قىلما»دېگەن ئەمر- پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلىش ئۇنىڭ ھەققىگە قارشى گۇناھ سادىر قىلغانلىق بولىدۇ. ئەمما مەخلۇقاتنى، خۇسۇسەن ئىنسانلارنى زىيان - زەخمەتلەرگە ئۇچرىتىش، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىش، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى يەۋېلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئابرويلىرىنى تۆكۈش قاتارلىق قىلمىشلار، ئۇلارنىڭ زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىتىلماستىن بەھۇزۇر ياشاشتىن ئىبارەت تەبىئىي ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق بولىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ - مەسىيەتلەرنىڭ تەۋبىسى تۆۋەندىكى 3 شەرت بىلەن قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇلار:

1. بۇرۇن قىلغان گۇناھ - يامان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىش،

2. گۇناھ - يامان ئىشلاردىن قەتئىي قول ئۈزۈش،

3. بۇرۇن قىلغان گۇناھ - يامان ئىشلارنى قايتا قىلماسلىققا چىن ئىرادە باغلاش.

ئەمما ئىنسانلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا قارشى ئىشلەنگەن زۇلۇم، ھەقسىزلىق، دۈشمەنلىك، ھەققىنى يەۋېلىش قاتارلىق قىلمىشلارنىڭ تەۋبىسى، يۇقىرىقى 3 شەرت بىلەن بىرلىكتە، 4- شەرت بىلەن قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇ بولسىمۇ قىلمىش ئىشلەنگۈچى شەخستىن كەچۈرۈم

سوراش، ھەققى بولسا قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۇنى رازى قىلىشتىن ئىبارەت. چۈنكى ئاللاھ ئۆز ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنىڭ تەۋبىسىنى يۇقىرىقى 3 شەرت بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما كىشىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا قارشى ئىشلەنگەن قىلمىشلارنىڭ تەۋبىسىنى، قىلمىش ئىشلەنگۈچى كەچۈرمىگىچە ۋە ھەققىدىن ئۆتمىگىچە ئاللاھ ئاللاھ تائالا قوبۇل قىلمايدۇ ۋە ئۆتمەيدۇ. مانا بۇ، ئاللاھنىڭ ئادالىتىدۇر.

## كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى يېپىش

كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى يېپىش ۋە ئۇلارنى رەسۋا قىلماسلىق ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقتىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا تەشەببۇس قىلىپ: «قانداقلا بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ ئەيىبىنى ياپىدىكەن، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ»[1] دېگەن.

ئەمما كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى يېپىش ۋە ئەيىبلىرىنى يۆگەش ئىشى ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە ئىشلەنگەن گۇناھلار دائىرىسىدىلا بولىدۇ. ئەمما گۇناھكارنىڭ گۇناھىنى يۆگىدىم دەپ، جىنايەتكارلارنىڭ قىلمىشلىرىغا سۈكۈت قىلىشقا، ناھەقچىلىككە جىم تۇرۇشقا بولمايدۇ. ئوغرىنىڭ ئوغرىلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىمىگەن ئىشچىنىڭ ياكى كادىرنىڭ كەمچىلىكىنى يوشۇرۇش، ئىمتىھاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆچۈرىشىگە يول قويۇش قاتارلىق ئىشلار قىلمىشتا ئۇلارغا شېرىك بولغانلىق سانىلىدۇ.

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

# ئىسلام ۋە ھىجرەت

ھىجرەت ـ دىنىي مەقسەت بىلەن يۇرتىدىن ئايرىلىش دېگەنلىكتۇر. ئىسلام تارىخىدا ھىجرەت ئىككى باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، بىرى، ئىسلام دەۋىتىنىڭ مەككىدىكى باشلىنىش دەۋرى، يەنە بىرى مەككە ئازات بولغاندىن كېيىنكى دەۋرىدۇر.

1. ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا مەككىدىكى بۇتپەرەس ئەرەبلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئېلىپ بارغان تۈرلۈك قىيىن-قىستاقلىرى، ماددىي ۋە مەنىۋى زىيانكەشلىكلىرى سەۋەبلىك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئاۋۋال ھەبەشىستانغا، ئاندىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇغان. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى تەسىس قىلغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى پەرز بولۇپ بەلگىلەنگەن. ھەتتا ھىجرەتتىن ئايرىلىپ قېلىش چوڭ گۇناھلار قاتارىدىن سانالغان. چۈنكى شۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممە بىرلىكتە بۇ تۇنجى دۆلەتنىڭ ئەتراپىغا تۈپلىنىش، كۈچ-قۇدرىتىنى بىرلەشتۈرۈش، ئىسلامغا قارشى كۈچلەر ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئارقىلىق ئىسلام دەۋىتىنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىتىش يولىدا قۇدرەت تېپىشقا زور ئېھتىياجلىق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى قاتتىق تەشەببۇس قىلىنغان، ھەتتا ئۆزۈرسىز تۇرۇپ ھىجرەتنى تەرك ئەتكۈچىلەردىن دوستلۇقنى ۋە ئىسلامىي قېرىنداشلىق رىشتىسىنى ئۈزۈش ھەققىدە

ئــايەتلەر چۈشــكەن.﴿ وَالَّذِينَ آَمَنُوا وَلَمْ يُهَاجِرُوا مَا لَكُمْ مِنْ وَلَايَتِهِمْ مِنْ شَيْءٍ حَتَّى يُهَاجِرُوا﴾يەنــى ﴿ئىمــان ئېيتقــان بولســىمۇ (مەدىــىنىگە) ھىجــرەت قىلمىغــانلار بىــلەن ســىلەرنىڭ ئوتتــۇراڭلاردا تــاكى ئــۇلار ھىجــرەت قىلغانغــا قەدەر ئۆزئــارا ئــىگە بولــۇش بولمايــدۇ﴾[1]، ﴿ فَلَا تَتَّخِذُوا مِنْهُمْ أَوْلِيَاءَ حَتَّى يُهَاجِرُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ﴾يەنــى ﴿ئــۇلار ئــاللاھ يولــدا ھىجــرەت قىلمىغــۇچە ئــۇلارنى دوســت تۇتمــاڭلار﴾ [2] دېــگەن ئايەتلەر بۇنىڭ مىسالى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشــتىن بــاش تــارتقۇچىلاردىن ئۆزىنىــڭ بىــزار ئىكەنلىكىنــى ئــېلان قىلغان.

2. ئــاللاھ تائــالا ئىســلام دىنىنــى كۈچلەنــدۈرۈپ، مۇســۇلمانلارغا نۇسرەت بەرگەن، مۇسۇلمانلارنىڭ قۇدرەتلىك دۆلتى بەرپا بولغان ۋە ئىسلامغا قارشى كۈچلەرنىڭ مەركىزى بولغان مەككىمۇ ئازات بولۇپ، مەدىنە ئىسلام دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە كىرگەندىن كېيىن ھىجرەتنىڭ ھۆكمى ئۆزگەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ ۋاقىتتا «مەككە ئازات بولغاندىن كېيىن ھىجرەت يوق، پەقەت ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ۋە نىيەتلا قالدى. جىھادقا چاقىرىلغان ۋاقىتىڭلاردا دەرھال چىقىڭلار»[3] دېگەن مەشھۇر سۆزىنى جاكارلىدى.

ئەبــۇ ســەئىد خــۇدرى رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ رىــۋايەت قىلىــدۇكى، ســەھرالىق بىــر ئــادەم پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامنىڭ يېنىغــا كېلىــپ، ئۇنىڭــدىن ھىجــرەت توغرىســىدا ســورىغاندا، پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام

---

(1) ئەنفال سۈرىسى72-ئايەت.

(2) نىسا سۈرىسى89-ئايەت.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئۇنىڭغا: «ھىجرەتنىڭ ئىشى بەك قاتتىق. سېنىڭ تۆگەڭ بارمۇ؟»دەپ سورايدۇ. ئادەم تۆگىسى بارلىقىنى ئېيتىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن تۆگىنىڭ زاكىتىنى بېرىۋاتامسەن دەپ سورايدۇ. ئادەم بېرىۋاتىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالا ئۇنىڭغا: «تۇرغان يېرىڭدە ئىشىڭغا داۋام قىلغىن، ئاللاھ سېنىڭ ئەمەلىڭدىن ھېچ نەرسىنى مۇكاپاتسىز قويمايدۇ»[1] دەيدۇ. يەنى بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئادەمنى ھىجرەت قىلىشتىن قايتۇرۇپ، ئۆز يۇرتىدا بىلگىنىچە ئەمەل-ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان.

سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، مەككىدە، «ھىجرەت قىلمىغان ئادەمنىڭ دىنى قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ مەدىنىگە كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سورىغاندا، ئۇ مەككىدە ئاڭلىغان ھېلىقى سۆزنى ئېيتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن مەككىگە قايتقىن، سىلەر شۇ جايدا تۇرۇشقا داۋام قىلىڭلار، ئەمدى ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىدى، ئەمدى جىھاد بىلەن نىيەتلا قالدى»[2] دەيدۇ.

## ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىدىمۇ؟

ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىگەن يوق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ «ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىدى، ئەمدى جىھاد بىلەن نىيەت قالدى» دېگەن سۆزىنى ئۆلىمالار مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشنىڭ ۋاقتى تۈگىدى، ئەمما دارى كۇفرىدىن(كۇفرى

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

يۈرتىدىن) دارى ئىسلامغا(ئىسلام يۇرتىغا) ھىجرەت قىلىش تا قىيامەتكىچە باقىيدۇر، دەپ شەرھلەيدۇ.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، دارى كۇفرىدىن دارى ئىسلامغا ھىجرەت قىلىشنىڭ يولى تا قىيامەتكىچە ئوچۇقتۇر. ئۇنداقتا دارى كۇفرى بىلەن دارى ئىسلامنىڭ تەرىپىنى بىلىش كېرەك.

### دارى كۇفرى بىلەن دارى ئىسلامنىڭ تەرىپى

دارى كۇفرى بىلەن دارى ئىسلامنى تەرىپلەپ بەرگەن بىرەر ئايەت ياكى بىرەر ھەدىس يوق. رايونلارنى دارى ئىسلام ۋە دارى كۇفرى دەپ مۇنداق ئىككىگە ئايرىش پەقەت ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئىجتىھادى بىلەن بولغان ئىش. شۇ سەۋەبتىن ئۆلىمالارنىڭ دارى كۇفرى بىلەن دارى ئىسلامغا بەرگەن تەرىپلىرى بىر خىل بولمىغان. ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئەبۇ يۈسۈپ بىلەن مۇھەممەدلەر دارى كۇفرىنى «كاپىرلارنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرى تولۇق ئىجرا قىلىنىدىغان دۆلەت»دەپ تونۇشتۇرغان بولسا، ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ ئۆلىمالىرىدىن سەرەخسى دارى ئىسلامنى «مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا بولغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئامانلىقى كاپالەت قىلىنغان دۆلەت»دەپ تونۇشتۇرغان.

شافىئىي مەزھىبىنىڭ پېشىۋالىرىدىن بىيجۇرمى مۇنداق دېگەن: «ئىسلام ئەھكاملىرى يۈرگۈزۈلىدىغان ياكى ئاھالىسى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمان ئەمەسلەردىن تەركىب تاپقان ياكى ئەسلىدە مۇسۇلمانلار ياشىغان بولسىمۇ، ئۇلار قوغلاپ چىقىرىلغان ھەر قانداق بىر جاي دارى ئىسلامدىن سانىلىدۇ.»

بۇنىڭغا بىنائەن، دارى ئىسلام مەيلى ئۇجايلارنى كاپىرلار مۇستەملىكە قىلىۋالغان بولسۇن، مەيلى مۇسۇلمانلارنى قوغلاپ چىقىرىپ ئۆزلىرى ئىگىلىۋالغان بولسۇن، ھېچبىر ۋاقىت دارى كۇفرىغا ئايلىنىپ قالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئەسلىدە مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتى. پەلەستىن، چېچەنىستان بۇنىڭ مىسالى.

ئەمما مالىكىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەبلىرىگە كۆرە، دارى ئىسلام كاپىرلارنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرى يولغا قويۇلۇش بىلەن دارى كۇفرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپ سانلىقى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا بولغان، ئىسلام ئەھكاملىرى ئىجرا قىلىنىدىغان، مۇسۇلمانلار ئەزانىنى ئەركىن ياڭرىتىپ، ئىبادەتلىرىنى توسالغۇسىز، ئازادە قىلالايدىغان دۆلەتنى دارى ئىسلام دەپ قارايدۇ.

**خۇلاسە قىلغاندا:**

دارى كۇفرى - ئاھالىسىنىڭ كۆپ سانلىقى كۇففارلاردىن بولۇپ، مۇتلەق كۇففارلارنىڭ ھاكىمىيىتى يۈرگۈزۈلىدىغان دۆلەت.

دارى ئىسلام- ئاھالىسىنىڭ كۆپ سانلىقى مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ، ئىسلام ئەھكاملىرى كۆپرەك يۈرگۈزۈلىدىغان ياكى ئەسلىدە مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتى بولۇپ، كاپىرلار بېسىۋالغان بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتمىگەن دۆلەت.

**دارى ئىسلامنىڭ دارى كۇفرىغا ئايلىنىش مەسىلىسى**

ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ رەيىگە ئاساسلانغاندا، پۈتۈنلەي كاپىرلارنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرى يۈرگۈزۈلمىگىچە، كۇفرىلىق ھەر

تەرەپتە ئومۇملاشمىغىچە ۋە ھېچبىر مۇسۇلمان ئامانلىق ھېس قىلالمايدىغان ھالەتكە كەلمىگىچە دارى ئىسلام دارى كۇفرىغا ئايلىنىپ قالمايدۇ.

مالىكىي مەزھىبىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن مۇھەممەد ئىبنى ئەرفە دۇسۇقى مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتىنى كاپىرلارنىڭ بېسىۋېلىشى بىلەن ئىسلام ئىبادەتلىرى پۈتۈنلەي چەكلىنىپ كەتمىسىلا ھەرگىز دارى كۇفرىغا ئايلىنىپ قالمايدۇ.»[1]

ھازىرقى زامان ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپ سانلىقى زامانىمىزدىكى ئىسلام دۆلەتلىرىگە ئوخشاش مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا بولسىمۇ، ئىسلام ئەھكاملىرى تولۇق ئىجرا قىلىنمايدىغان دۆلەتلەرمۇ دارى ئىسلاملىقتىن چىقىپ كەتمەيدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ.

ھازىرقى زامان ئۆلىمالىرى بۇ مەسىلىنى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلىغان:

1. نوپۇسىنىڭ كۆپ سانلىقى كاپىرلاردىن تەشكىل تاپقان ۋە كاپىرلارنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرى يۈگۈزۈلىدىغان دۆلەت دارى كۇفرىدۇ. بۇ خۇددى زامانىمىزدىكى ياۋروپا دۆلەتلىرىگە ئوخشاش.

2. دارى ئىسلام كاپىرلار ئۇنى بېسىۋېلىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزگەن ۋە ئاھالىلىرىنى پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقارغان تەقدىردىمۇ ھەرگىز دارى كۇفرىغا ئايلىنىپ قالمايدۇ. چۈنكى ئۇ زېمىن ئەسلىدە مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىدۇر.

(1) حاشيه دۇسوقي 2-توم،188-بەت.

3. دارى ئىسلامنى كاپىرلار بېسىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىنى ئىجرا قىلغان ۋە كاپىرلار سانى كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، يەنىلا مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇيالايدىغان ۋە باشقا دىنىي پائالىيەتلىرىنى قىلالايدىغان ھالەتتە بولسا، بۇنداق دۆلەت دارى ئىسلاملىق ھالىتىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ.

4. دارى ئىسلام خۇددى ئىمام ئەزەم ئېيتقاندەك، پۈتۈنلەي كاپىرلارنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرى يۈرگۈزۈلىدىغان، كۇفرىلىق ھەر تەرەپتە ئومۇملاشقان ۋە ھېچبىر مۇسۇلمان ئامانلىق ھېس قىلالمايدىغان ھالەتكە كەلمىگىچە دارى كۇفرىغا ئايلىنىپ قالمايدۇ.

**دار كۇفرىنىڭ دارى ئىسلامغا ئايلىنىش مەسىلىسى**

شافىئىي مەزھىبىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن ئەللامە ماۋەردى مۇنداق دېگەن: «كاپىرلارنىڭ دۆلىتىدە مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدىسىنى ئاشكارا ئېلان قىلىپ، ئىبادەتلىرىنى ئازادە، ئەركىن قىلالىسا، ئۇ دۆلەت دارى ئىسلامدىن سانىلىدۇ. مۇنداق بىر دولەتتە تۇرۇش ھىجرەت قىلىشتىن ئەۋزەلدۇر. مۇنداق قىلىشتا باشقىلارنىمۇ مۇسۇلمان قىلىش ئىمكانىيىتى بولىدۇ.» (فتح الباري 229/7)

ھازىرقى زاماندىكى كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ رەيىگە ئاساسلانغاندا، ئەسلىدە دارى كۇفرى بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئازات قىلىنغان دۆلەتلەرمۇ دارى ئىسلام قاتارىدىن سانىلىدۇ. مۇنداق دۆلەتلەردە ئىسلام ئىبادەتلىرى ئاشكارا ۋە ئازادە قىلىنغان ئىكەن، ئۇنىڭدىن ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كېتىشكە بولمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭغا ھىجرەت قىلىپ بېرىش لازىم.

## ھىجرەتنىڭ ھۆكمى

ئۆلىمالارغا كۆرە، دارى كۇفرىدىن دارى ئىسلامغا ئۆزىنىڭ دىنىنى قوغداش يۈزىسىدىن ھىجرەت قىلىشنىڭ ھۆكمى پەرز ۋە مۇستەھەبتىن ئىبارەت مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1. دارى كۇفرىدا دىنىنى ئاشكارا قىلىشقا پېتىنالمايدىغان ۋە زورلۇق بىلەن دىنىدىن ياندۇرۇلۇش خەۋپىدە قالغان ئادەم ئۈچۈن دارى كۇفرىدىن دارى ئىسلامغا ھىجرەت قىلىش پەرزدۇر.

2. دىنىنى ئاشكارا قىلالايدىغان، ئىبادەتلىرىنى ئازادە ئورۇندىيالايدىغان، ئۆزىنىڭ ئامانلىقى كاپالەتكە ئىگىلەنگەن ئادەمنىڭ دارى كۇفرىدىن دارى ئىسلامغا ھىجرەت قىلىشى مۇستەھەبتۇر.[1]

چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباس مۇسۇلمان بولغان تۇرۇپ مەككە ئازات بولغان ۋاقىتقىچە مەككىدە تۇرغان. بەزى ئۆلىمالار مۇنداق شارائىتتا دارى كۇفرىدا تۇرۇش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك بولسا، ھىجرەت قىلماسلىقنىڭ مۇستەھەبلىكىنى سۆزلەيدۇ.

قايسىبىر دۆلەتتە ۋە قايسىبىر ۋاقىتتا ھىجرەت قىلىشقا زۆرۈرىيەت تېپىلسا، ھىجرەت قىلىشنىڭ يولى ئوچۇق، ھۆكمى باقىيدۇر. چۈنكى ئەقىدىنى مۇھاپىزەت قىلىش دىنىمىزدا جان تىكىپ قوغداشقا تېگىشلىك 5 چوڭ قىممەتنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسىدۇر. بۇ بەش چوڭ قىممەت: دىن، ئەقىل، جان، نومۇس ۋە مال-مۈلۈكتۇر.

(1) مۇستەھەب- قىلسا ياخشى بولىدىغان، قىلمىسا گۇناھ بولمايدىغان ئىش دېمەكتۇر.

## ھىجرەت قىلغۇچىلارنى قوبۇل قىلىدىغان جاي بولۇشى شەرت

ئەمما ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلىدىغان جاينىڭ ئۇنىڭغا ھىجرەت قىلىپ كەلگۈچىلەرنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ جېنى بىلەن مال-مۈلكىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەت قىلىشى شەرت. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنى بىرىنچى قېتىم ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇغىنىدا، ئۇلارنى «ھەبەشىستانغا بېرىڭلار، چۈنكى ئۇ جايدا يېنىغا بارغانلار ھەقسىزلىككە ئۇچرىمايدىغان بىر پادىشاھ بار» دەپ بۇيرۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئارقىلىق ئۇجايغا ھىجرەت قىلىپ بارغانلارنىڭ ھەقسىزلىككە ئۇچرىمايدىغانلىقىنى ۋە جېنى بىلەن مال-مۈلكىنىڭ قوغدىلىدىغانلىقىنى كاپالەتلەندۈرگەن. ئەگەر پەيغەمبىرىمىزدە بۇ ئىشەنچ بولمىسا ئىدى، ساھابىلىرىنى ئۇجايغا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇمىغان بولار ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرى مەدىنىلىك ئەنسارلاردىن كاپالەت ئالغان ۋە ئۇلارغا: «سىلەر مېنى ئۆزەڭلارنى قوغدىغاندەك قوغداشقا، مېنىڭ ئائىلەمنى ئۆز ئائىلەڭلارنى قوغدىغاندەك قوغداشقا ۋەدە بېرەلەمسىلەر؟»دېگەن. ئەنسارلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنى خۇددى ئۆزلىرىنى ۋە ئۆز ئائىلىسىنى قوغدىغاندەك قوغدايدىغانلىقىغا چىن ۋەدە بېرىشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان.

دېمەك، ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلىپ بارىدىغان جايدىكى ھاكىمىيەتنىڭ مۇھاجىرلارنى شەرتسىز قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەت قىلىشى شەرت. مۇنداق بولمىغاندا،

ھىجرەت قىلىشنىڭ شەرتى ھازىرلانمىغان بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدا ھىجرەت قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنى ھالاكەتكە ئاتقان بولىدۇ.

## قايسى دۆلەت ھىجرەتنى قوبۇل قىلىدۇ؟

پاناھ ئىزدەپ ھىجرەت قىلىپ بارغانلارنى ئەينى ۋاقىتتىكى مەدىنىلىك ئەنسارلار مەككىدىن كەلگەن مۇھاجىرلارنى قوبۇل قىلغاندەك قوبۇل قىلىدىغان بىرەر ئىسلام دۆلىتى بارمۇ دۇنيادا؟

ئېنىقكى، ھازىرقى دۇنيادا ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، باغرىغا باسىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ يولىغا پايانداز سېلىپ قارشى ئالىدىغان بىرەر ئىسلام دۆلىتى يوق! ئەمما مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەر بار، ئۇلار قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا ئۆز پۇقرالىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدۇ، ھەتتا ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ گراجدانلىرىدىن قىلىۋالىدۇ.

ئەمما مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەر مۇسۇلمانلارغىلا ئەمەس، بەلكى ھەر قانداق بىر ئىنسانغا مەقسەتسىز بىرەر ياخشىلىق قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار بەكمۇ يىراقنى كۆزلەپ ئىش كۆرىدۇ، پىلانسىز ئىش قىلمايدۇ. ئۇلار يېنىغا ھىجرەت قىلىپ بارغانلارنى ئىسلامىي ئەقىدىسىدىن ياندۇرالمىسىمۇ، ئالدىرىماستىن ئۇلارنىڭ باللىرىنى، ھېچ بولمىغاندا ئۇلارنىڭ نەۋرە-چەۋرىلىرىنى يولدىن چىقىرالايدۇ. شۇڭا ئامېرىكا، ئاۋۇستىرالىيە ۋە ياۋروپا ئەللىرىدە تۇغۇلغان باللىغا ئاتا-ئانىسى ئىگە بولۇشتىن ئاۋۋال ھۆكۈمەت ئۆزى ئىگە بولۇپ بولىدۇ. ئۇلار بىر ئائىلىلەرنى قىلىپ باللارنىڭ قەلبىنى ئوۋلاشنى، ئاندىن ئۇلارغا پۈتۈنلەي ئىگە بولۇشنى ئوبدان بىلىدۇ.

نۇرغۇنلىغان دىندار قېرىنداشلىرىمىز مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە بېشىنى سىغدۇرالمىغانلىقى سەۋەبلىك، چارىسىزلىكتىن ئامېرىكا، ئاۋۇستىرالىيە ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىگە ھىجرەت قىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلار كەتكەن يەردە ئۇلارنىڭ كۆڭلى ھەرگىزمۇ خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇلار ھازىر ماددىي جەھەتتىن غەمدىن قۇتۇلغان بىلەن ئەقىدىسىنى قانداق قىلىپ ساغلام ساقلاپ قېلىش، باللىرىنىڭ ئەقىدىسىنى قانداق قوغداپ قېلىش، توغرىسى ئۆز باللىرىغا ئۆزلىرى قانداق ئىگە بولۇشنىڭ غېمىدە ياشىماقتا.

ئەمما ئانا ۋەتەندىكى ھىجرەت سەپەرۋەرلىكى بىرلىرىنىڭ ئويۇنىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

# ئىسلام ۋە جىھاد

«جىھاد» سۆزى ئەرەب تىلىدىكى «جىھد» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى «كۈچىنىڭ بېرىچە تىرىشىش»، «ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش» دېگەنلىكتۇر. تىرىشىش ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئىككى قاتلاملىق مەنىگە ئىگە بولۇپ، بىرىنچى قاتلامدىكى مەنىسى شەخسنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى تىرىشچانلىقنى، ئىككىنچى قاتلامدىكى مەنىسى شەخسنىڭ ماددىي تىرىشچانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ھەققانىي ئۇرۇشلاردا (ئىسلامىي جىھادلاردا) تىرىشىپ كۈرەش قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش نورمال ۋاقىتلاردا پەرز كىفايەدۇر.[1] جىھاد بەزى شارائىتلاردا خۇددى بەش ۋاخ نامازغا ئوخشاشلا پەرز ئەين[2] بولۇپ بەلگىلىنىدۇ.

جىھاد تۆۋەندىكى ئۈچ شارائىتتا پەرز ئەينگە ئۆزگىرىدۇ:

1. جىھادقا تەيىنلىنىپ مۇجاھىدلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ بولغان كىشى ئۈچۈن جىھاد قىلىش پەرز ئەيندۇر.

2. مۇسۇلمانلار تۇرىۋاتقان رايون ياكى دۆلەتكە دۈشمەنلەر بېسىپ كىرگەن ۋاقىتتا، پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا جىھاد قىلىش پەرز ئەين بولۇپ

---

(1)پەرز كىفايە - ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئۈستىگە بۇيرۇلغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئورۇندىشى بىلەن باشقىلارنىڭ گەردىنىدىن ساقىت بولىدىغان پەرز.

(2)پەرز ئەين – ھەربىر كىشى ئۆزى بىۋاستە ئورۇنداشقا بۇيرۇلغان پەرزدۇر.

بەلگىلىنىدۇ.

3. دۆلەت تەرىپىدىن مەلۇم شەخسلەر جىھادقا چىقىشقا بەلگىلىگەن ۋاقىتتا، چىقىشقا بەلگىلەنگەن شەخسلەر ئۈچۈن جىھاد قىلىش پەرز ئەيندۇر.

**جىھادنىڭ بۇيرۇلىشى**

جىھاد ئەڭ دەسلەپتە مەككىدىكى زۇلۇم ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتلەردىن ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى ۋە ئەقىدىسىنى ساقلاپ قېلىش يولىدا مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بېرىپ، ئۇجايدا پاناھلانغان مۇھاجىرلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغداش ئۈچۈن بۇيرۇلغان.﴿ أُذِنَ لِلَّذِينَ يُقَاتَلُونَ بِأَنَّهُمْ ظُلِمُوا وَإِنَّ اللَّهَ عَلَى نَصْرِهِمْ لَقَدِيرٌ﴾يەنى ﴿ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرستىشكە) رۇخسەت قىلىندى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر﴾[1]،﴿ وَقَاتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ الَّذِينَ يُقَاتِلُونَكُمْ وَلَا تَعْتَدُوا إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْمُعْتَدِينَ﴾يەنى﴿سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ﴾[2] دېگەن ئايەتلەر بۇنى ئىپادىلەيدۇ. مانا بۇ، جىھادنىڭ ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ئېنىق تەرىپىدۇ.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئىسلام دىنىدا جىھاد ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىنى، ئېتىقاد ۋە پىكىر ئەركىنلىكىنى قوغداش، ئۇلارنى ھەر تۈرلۈك ماددىي ۋە مەنىۋى قۇللۇقلاردىن ئازات قىلىش ئۈچۈن بۇيرۇلغان!

---

(1)ھەج سۈرىسى 39ـ ئايەت.

(2)بەقەرە سۈرىسى 190ـ ئايەت.

ئىسلام دىنىدا جىھادنىڭ بۇيرۇلغانلىق سەۋەبىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ مەقسەتكە قىسقارتىشقا بولىدۇ:

1. زۇلۇمغا ۋە ھەر تۈرلۈك ھەقسىزلىكلەرگە قارشى تۇرۇش.

2. باشقىلار تەرىپىدىن زورلۇق بىلەن تارتىپ ئېلىنغان ھەق-ھوقۇقلارنى قايتۇرۇپ ئېلىش.

3. ھۇجۇم قىلغۇچىلارنىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇش ۋە ئۆزىنى قوغداش.

# ئىسلام ۋە تىنچلىق

تىنچلىق ئىسلام دىنىنىڭ ئۇنۋانىدۇر. چۈنكى بۇ دىن ئىنسانىيەتنىڭ ئىككى دۇنيالىق مەڭگۈلۈك تىنچلىقىنى ۋە خاتىرجەملىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن بىر دىندۇر. «ئىسلام» سۆزىنىڭ تىنچلىقنى بىلدۈرىدىغان «سالام» سۆزىدىن تۈرلەنگەنلىكىنى بىلگىنىمىزدە دىنىمىزنىڭ تىنچلىقپەرۋەرلىكىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىپ يېتىمىز.

ئىسلام دىنى ھەممىدىن بۇرۇن پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ تىنچلىق ۋە ھۇزۇر ئىچىدە ياشىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا، بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى ئىشقا سالىدۇ. بۇ يولدا ئۇچرىغان توقۇنۇشلارنى ئەڭ ئاۋۋال تىنچلىق، سۆھبەت ياكى سۈلھى يولى بىلەن ھەل قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇندا قويىدۇ. بۇ چارىلەر كارغا كەلمىگەندە، ئۇرۇشنى ئەڭ ئاخىرقى چارە سۈپىتىدە تاللايدۇ. پەقەت تىنچلىق بىلەن خاتىرجەملىك تەھدىتكە ئۇچرىغاندا ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى ئاياق ئاستى قىلىنغاندا ياكى ئۇلار ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا ۋە ياكى مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچقان چاغدا مۇسۇلمانلار ئۇرۇش سەپەرۋەرلىكىگە ئۆتىدۇ. مۇنداق ئۇرۇش ئىسلام دىنىدا «جىھاد» دەپ ئاتىلىدۇ. مەلۇمكى، جىھاد ئىسلام دىنىدا ئەڭ كاتتا ئىبادەتتىن سانىلىدۇ.

628- مىلادىيە يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمانلار قوشۇنى شۇنچىلىك كۈچلۈك تۇرسىمۇ، قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتى بىلەن «ھۇدەيبىيە شەرتنامىسى» دىكى ناھەق

شەرتلەرنى قوبۇل قىلغانلىقى، كېيىن مەككىنى بىر ئادەمنىڭمۇ قېنىنى ئېقىتماستىن تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلغانلىقى، ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ پەلەستىندىكى بەيتۇلمەقدىس شەھىرىنى بېسىۋالغان ياۋروپالىق خىرىستىيان ئاققۇنلىرىغا ئۇرۇش ئاچماستىن، بايقۇت قىلىش چارىسىنى تاللاش ئارقىلىق شەھەرنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلغانلىقى، كېيىنچە سالاھىددىن ئەييۇبىينىڭمۇ بۇ شەھەرنى شۇ يول بىلەن قايتا ئازاد قىلغانلىقى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەزەلدىن ئۇرۇشخومار ئەمەسلىكىنى، يەنە نۇرغۇنلىغان تارىخىي ھەقىقەتلەر ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىق بىلەن ئىش كۆرۈشنى ئۇرۇش قىلىشتىن ئەلۋەتتە ئەۋزەل كۆرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

# ئىسلام ۋە مۇقەددەس ئۇرۇش

ئىسلام دىنىدا «مۇقەددەس ئۇرۇش» دەيدىغان نەرسە يوق. چۈنكى ئىسلام دىنى ئۇرۇشنى، قان تۆكۈشنى ھېچبىر ۋاقىت مۇقەددەس سانىمايدۇ، بەلكى تىنچلىقنى خالايدۇ، ئۇنى قەدىرلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئىسلامدا «ھەققانىي ئۇرۇش»لا بولۇپ، ئۇ جىھاد دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا غەرب دۇنياسىنىڭ بەزى رادىكاللىرى مۇسۇلمانلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشىنى قەستەن بۇرمىلاپ «مۇقەددەس ئۇرۇش» دەپ جار سالغان. ھالبۇكى، ھازىرغىچە بولغان ئىسلام تارىخىدا ياكى ئىسلام ئىستىلاھىدا ياكى ئىسلام قامۇسلىرىدا «مۇقەددەس ئۇرۇش» دەيدىغان تەبىر تېپىلمايدۇ. ئەكسىچە «مۇقەددەس ئۇرۇش» ۋە شۇنداق تەبىر غەرب دۇنياسىدىكى ساختىلاشقان خىرىستىيان دىنى ۋە چېركاۋلارغا خاس بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار دىن نامىدىن سەلىب ئۇرۇشلىرىغا ئوخشىغان نۇرغۇنلىغان يولسىز ئۇرۇشلارنى قوزغىغان ۋە بۇ ئۇرۇشلىرىنى «مۇقەددەس ئۇرۇش» دەپ ئاتاپ كەلگەن. بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى بۇ ئاتالغۇ ئاستىدا ئاقلاشقا ۋە خەلققە دىنىنىڭ تەلىماتى سۈپىتىدە كۆرسىتىپ ئۇلارنى قايىل قىلىشقا ئۇرۇنغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار«مۇقەددەس ئۇرۇش» دېگەن ئاتالغۇنى مەقسەتلىك ھالدا ئوتتۇرىغا چىقارغان.

ئەمما ئىسلام دىنى «مۇقەددەس ئۇرۇش»دېگەن ئاتالغۇنى تونۇمايدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى ئۇرۇشنى ھەققانىي ئۇرۇش ۋە ھەققانىي بولمىغان ئۇرۇش دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ. ھەققانىي ئۇرۇش ئىسلام دىنىدىكى ھەققانىي جىھادنى، ھەققانىي بولمىغان ئۇرۇش ھەرخىل ئەسەبىي ئۇرۇشلارنى، تاجاۋۇزچىلىقنى كورسىتىدۇ. ئىسلام دىنىي

ھەققــانىي ئۇرۇشــنى ئىتىــراپ قىلىــدۇ ۋە قوللايــدۇ. ئەممــا ھەققــانىي بولمىغان ئەسەبىي ئۇرۇشلارنى، ھەرخىـل تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنـى قوللىمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا كەسكىن قارشى تۇرىدۇ.

# ئىسلام ۋە تېررورىزم

ئىسلام دىنىنىڭ تېررورىزم بىلەن يېقىندىن ياكى يىراقتىن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. چۈنكى ئىسلام دىنى سەۋەبى نېمە بولمىسۇن، قانداقلا بىر شەكىلدىكى تېررورلۇق ھەرىكىتىگە قارشى تۇرىدۇ ۋە ئۇنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ﴿ مَنْ قَتَلَ نَفْسًا بِغَيْرِ نَفْسٍ أَوْ فَسَادٍ فِي الْأَرْضِ فَكَأَنَّمَا قَتَلَ النَّاسَ جَمِيعًا﴾يەنى ﴿كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ﴾[1] مانا بۇ، ئىسلام نەزىرىدە ئىنسان ھاياتىنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكى، بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنىنى ئاققۇزۇشنىڭ نەقەدەر ئېغىر ۋە چوڭ جىنايەت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن ئايەتتۇر.

11- سىنتەبىر ۋەقەسىدىن بۇيان «تېررورىزم»سۆزىدەك دۇنيا تەشۋىقات ۋاستىلىرىدە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىۋاتقان ۋە ئەڭ كۆپ تالاش- تارتىش ماۋزۇسى بولۇپ كەلگەن ئىككىنچى بىر سۆز يوق. بۇ سۆز شۇنچىلىك كەڭ ئىشتىلىگەن تۇرۇپ، ھازىرغىچە «تېررورىزم»سۆزىنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەر، خەلقلەر ۋە خەلقئارالىق تەشكىلاتلار ياكى جەمئىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا بىرلىككە كېلىنگەن، ئېنىق ۋە تەپسىلىي بىر تەرىپى يوق.

## «تېررورىزم» سۆزىنىڭ مەنىسى

ئىنگلىز تىلىدىكى «Terror» سۆزى لۇغەت ئېتىبارى بىلەن «قورقماق، تەشۋىشلەنمەك، ۋەھىمىگە چۈشمەك ۋە سەراسىمگە

---

(1) مائىدە سۈرىسى 32- ئايەت.

چۈشــــمەك» دېـــگەن مەنــــلەردە بولـــۇپ، ئۇنىڭغـــا «ism» دېـــگەن قوشۇمچىســنى قوشـقاندا «Terrorism»سـۆزى «قورقۇتـۇش، ۋەھىمـگە سېلىش، زوراۋانلىق قىلىش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

ئەرەب تىلىنىــڭ لۇغەتلىرىــدە يــاكى ئەرەب ۋە ئىســلام قامۇسـلىرىدا «الإرهــاب»دېـگەن سـۆزلۈك يـوق ئىـكەن. پەقەت ئىنگلىـز تىلىـدىكى «Terrorism» سـۆزىنى تەرجــمە قىلىــش جەريانىــدا «الإرهــاب» دەپ تەرجـــمە قىلىنغــان ئىـــكەن. بۇنىڭــدىن مەلــۇمكى، ئىســلام دىنىـــدا «تېررورىزمچىلىق»يــوق، مۇســۇلمانلار ئۈچــۈن «تېررورىـــزم» ئىبقىمـــى تونۇشلۇق ئەمەس. بۇ ئىبقىم ئىسلام مەملىكەتلىرىگە يېقىنقى يىللاردىن بېرى سىرتتىن كىرگەن بىر ھالاكەتتۇر.

### «جىھاد»سۆزىنىڭ مەنىسى

ئەرەب تىلىـدىكى «جىھـاد»سـۆزى قۇرئـان كەرىمـدە تۆۋەندىكىـدەك ئۈچ خىل مەنىدە كەلگەن:

1. ئــاللاھ يولــدا قولغــا قــورال ئېلىــپ غــازات قىلىــش.﴿ لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُولِي الضَّرَرِ وَالْمُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِــهِمْ فَضَّــلَ اللَّــهُ الْمُجَاهِــدِينَ بِــأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِــهِمْ عَلَــى الْقَاعِــدِينَ دَرَجَةً﴾يەنــى ﴿مـۆمىنلەردىن ئۆزۈرسـىز تـۇرۇپ جىھادقـا چىقمىغـانلار، ئـاللاھ يولــدا مــاللىرىنى، جــانلىرىنى تىكىــپ جىھــاد قىلغــۇچىلار بىــلەن بــاراۋەر بولمايدۇ. ئاللاھ ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىـپ جىھـاد قىلغـۇچىلارنى جىھادقـا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى﴾[1]

(1)نىسا سۈرىسى 95- ئايەت.

2. ھەقىقەتنى جاكارلاپ سۆز بىلەن كۈرەش قىلىش.﴿ وَجَاهِدْهُمْ بِهِ جِهَادًا كَبِيرًا﴾ يەنى﴿قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى (پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ) بار كۈچۈڭ بىلەن كۈرەش قىلغىن﴾[1].

3. ياخشى ئىشلارنى قىلىش ۋە ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشتا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش.﴿ وَمَنْ جَاهَدَ فَإِنَّمَا يُجَاهِدُ لِنَفْسِهِ﴾يەنى ﴿كىمكى تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىكەن، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولىدۇ﴾[2]

«مۇجاھىد» زۇلۇم ۋە زوراۋانلىقلارغا قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغۇچى دېگەنلىكتۇر.

## تېررورىزم بىلەن جىھادنىڭ پەرقى

تېررورىزم بىلەن جىھاد ئىككىسى ئىككى ئايرىم نەرسىگە قويۇلغان ئىسىملاردۇر! بۇ سەۋەبتىن تېررورىست مۇجاھىد دېيىلمەيدۇ. مۇجاھىدمۇ تېررورىست دېيىلمەيدۇ.

ئامېرىكا ۋە غەرب دۇنياسىدا يامان نىيەتلىك كىشىلەر تەرىپىدىن تېررورىزم بىلەن جىھاد ئىككىسىنى بىر ـ بىرىگە قەستەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىش خاھىشى بولغانلىقتىن، تېررورىزم جىھاد نامى بىلەن ۋە ھەققانىي جىھاد تېررورىزم نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىشتۇر.

(1)فۇرقان سۈرىسى 52ـ ئايەت.
(2)ئەنكەبۇت سۈرىسى6ـ ئايەت.

بــۇ ئىككــى ئــايەت نەرســىنى بىــر ـ بىــرىگە ئارىلاشــتۇرىۋېتىش پەيغەمبەرلەرنى ئۇلارنىڭ شـەنىگە لايىـق كەلمەيـدىغان سۈپەتلەر بىـلەن سۈپەتلەشــىنى تەقەززا قىلىــدۇ. چــۈنكى داۋۇد، ســۇلايمان، مۇســا ۋە مـۇھەممەد ئەلەيهىسسـالاملار قوللىرىغـا قىلىـچ ئېلىـپ ئـاللاھ تائالانىـڭ يولىــدا جىهــاد قىلغــان زاتــلاردۇر. نــاۋادا، قولىغــا قــورال ئالغانلارنىــڭ ھەممىســى «تېررورىســت»دېيىلىــدىغان بولســا، ئــاللاھ تائالانىــڭ ھەق دىنىنــى كىشــىلەرگە يەتكــۈزۈش ئــارقىلىق ئــۇلارنى ئــازغۇنلۇقلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىككى ئالەملىك بەخت يولىغا باشلاش ئۈچۈن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىــڭ ھەممىســىنى، ئــۆز خەلقىنىــڭ ھەق ـ ھوقــۇقلىرىنى قوغــداش يولىــدا كــۈرەش قىلغــان زاتلارنــى، ئۆتمۈشــلەردىكى خەلــق قەھرىمـانلىرىنى ۋە زۇلۇمغـا قارشـى تـۇرۇپ قوللىرىغـا قـورال ئالغانلارنىـڭ ھەممىســىنى «تېررورىســتلار» دېيىشــكە تــوغرا كېلىــدۇ. ئەممــا بــۇ تــوغرا ئەمەس. ئەقىــل، شــەرىئەت ۋە رىئــاللىق بۇنــداق دېيىشــنى قەتئىــي رەت قىلىدۇ[1].

مىســىرنىڭ ســابىق مۇپتىســى مەرھەم دوكتــۇر مــۇھەممەد ســەئىد تەنتاۋىي جىهاد بىلەن تېررورىــزم ئوتتۇرىســىدا يەر بىــلەن ئاســمان پەرقــى بار، دەپ سۆزگە باشلاپ بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقىنى مۇنـداق تونۇشـتۇردى: «ئىسلام دىنىدىكى جىهـاد ـ ئىككـى چوڭ پرىنسىپنى ئاساس قىلىـدۇ: بىرىنچىســى، جــاننى، مــال ـ مۈلــۈكنى، ۋەتەننــى، ئىنســانىي ھــۆرمەتنى قوغــداش. ئىككىنچىســى، ئېزىلگەنلەرنــى قۇتقۇزۇشــتىن ئىبــارەت. ئەممــا

(1)مۇھەممەد رەفئەت زەنخىرنىڭ «ئىسلام پەيغەمبىرىدىن تېررورلۇق شۈبهىسىنى رەت قىلىش» ناملىق ئەسىرى، 25ـ بەت.

تېررورىــزم ـ بىگۇنــاھ كىشــىلەرگە چــېقىلىش، خۇسۇســەن ئاياللارغــا، باللارغا ۋە ياشانغانلارغا زىيانكەشلىك قىلىشتۇر»[1].

## تېررورلۇق ۋە ئۇنىڭ جازاسى

تېررورىـــــزم ـ يولســـــىزلىق بىـــــلەن قىلىنىـــــدىغان زوراۋانلىـــــق ھەرىكەتلىرىــدۇر. ئــۇنى شەخســلەر قىلغىنىــدەك، دۆلەتلەرمــۇ قىلىــدۇ. تېررورلــۇق ـ يەر يۈزىــدە بۇزغۇنچىلىــق تېــرىش، ئىنســان ھايــاتىنى تەھدىت ئاستىغا ئېلىش ۋە كىشىلەرنى قورقىتىش، ناھەق قان تۆكۈش قاتارلىق ۋەھشىي قىلىقلار بولۇپ، دۇنيادىكى پۈتۈن دىنلار بۇنى رەت قىلىدۇ. ئىسلام دىنى تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قارشى مەۋقەسىنى ناھايىتى ئېنىق بايان قىلغان.﴿ وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَى وَلَا تَعَاوَنُوا عَلَى الْإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ﴾يەنى ﴿ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار﴾[2]. قۇرئان كەرىم يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىيدىغان، ئىنسان ھاياتىغا تەھدىت قىلىدىغان تېررورىستلارغا بېرىلىدىغان جازانىمۇ ئېنىق بەلگىلىگەن.﴿ إِنَّمَا جَزَاءُ الَّذِينَ يُحَارِبُونَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَيَسْعَوْنَ فِي الْأَرْضِ فَسَادًا أَنْ يُقَتَّلُوا أَوْ يُصَلَّبُوا أَوْ تُقَطَّعَ أَيْدِيهِمْ وَأَرْجُلُهُمْ مِنْ خِلَافٍ أَوْ يُنْفَوْا مِنَ الْأَرْضِ ذَلِكَ لَهُمْ خِزْيٌ فِي الدُّنْيَا وَلَهُمْ فِي الْآخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾يەنى ﴿ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قولىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى

(1)ئوتتۇرا شەرق گېزىتىدىن.

(2) مائىدە سۈرىسى2ـئايەت.

سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك. بۇ ئۇلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا رەسۋالىقتۇر، ئاخىرەتتە ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[1].

## جىھاد ۋە ئۇنىڭ مۇكاپاتى

ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىش پەيغەمبەرلەرنىڭ دەستۇرلىرىدىكى پىرىنسىپلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئاجىزلارنى قۇل قىلماقچى بولغان ئىستىلاچىلارغا، زالىملارغا، كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى بوغۇۋالماقچى بولغان دىكتاتورلارغا قارشى ھەققانىي كۈرەش قىلىشتۇر. بۇ كۈرەش شارائىتقا قاراپ گاھ قورال بىلەن، گاھ قەلەم بىلەن، گاھ سۆز (يەنى دەۋەت) بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش جىمى ئىبادەتلەرنىڭ كاتتىسى بولۇپ، ئىسلامدا ئۇنىڭغا يېتىدىغان بىرەر ئىبادەت يوق.

قۇرئان كەرىم ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتىنى مۇنداق بەلگىلىگەن:﴿ وَالَّذِينَ آمَنُوا وَهَاجَرُوا وَجَاهَدُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَالَّذِينَ آوَوْا وَنَصَرُوا أُولَئِكَ هُمُ الْمُؤْمِنُونَ حَقًّا لَهُمْ مَغْفِرَةٌ وَرِزْقٌ كَرِيمٌ﴾يەنى ﴿ئىمان ئېيتقانلار، (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغانلار، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلار، (يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەنلەر ۋە ياردەم كۆرسەتكەنلەر ـــ ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۆمىنلەردۇر، ئۇلارغا كەڭ مەغپىرەت ۋە ئېسىل رىزىق بار﴾[2]

---

(1) مائىدە سۈرىسى 33ـ ئايەت.

(2) ئەنفال سۈرىسى74ـئايەت.

**مۇسۇلمانلار تاجاۋۇزچى بولمىغان**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بولغان غازاتلارنىڭ ھەممىسى نېمە ئۈچۈن مەدىنە مۇنەۋۋەر شەھىرىدە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى «ئۇھۇد»، «بەدىر» دېگەن جايلاردا يۈز بەرگەن؟ چۈنكى، مۇسۇلمانلار ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ مەملىكىتىگە ھۇجۇم قىلغان ئەمەس. ئۇلار ئۆزۈشىنى ھېچبىر ۋاقىت بىرىنچى بولۇپ باشلاتقان ئەمەس. مەككىلىكلەر ۋە مەككە ۋە مەدىنە ئەتراپىدىكىلەر مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن بىرلىشىپ مەدىنىگە بىرلەشمە ھۇجۇم باشلاتقانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار يوللۇق ھالدا جىھاد قىلىپ دۈشمەنلىرىگە رەددىيە بەرگەن.

يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇن مىڭ كىشىلىك ئىسلام قوشۇنى ھىجرىيەنىڭ 8-يىلى مەككىنى فەتھى قىلىش ئۈچۈن كىرگەندە بىر ئادەمنىڭمۇ قېنى ئېقىتىلماستىن تىنچلىق بىلەن مەككە فەتھى قىلىندى؟ چۈنكى ئىسلام دىنى تىنچلىق بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىشنى ئۇرۇش قىلىپ قان تۆكۈشتىن ئەۋزەل كۆرىدۇ. شۇڭا قان تۆكۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھىجرىيەنىڭ 6-يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشچىلىقىدا مۇسۇلمانلار مەككىگە ھەج قىلىش ئۈچۈن كەلگىنىدە، مەككە كۈچلىرى ھۇدەيبىيە رايونىدا ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇلارنى مەدىنىگە قايتىپ كېتىشكە ۋە قوبۇل قىلىش قىيىن بولغان ناھەق شەرتلەرنى تاڭغاندىمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شۇ ۋاقىتتا مەككىلىكلەرگە كۈچى يېتىدىغان تۇرۇپ پەقەت قان تۆكۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ناھەق شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە مەككىگە كىرمەستىن مەدىنىگە قايتىپ كېتىدۇ. بۇ ۋەقەلىكلەرمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئۇرۇشنى،

قـــان تۆكۈشـــنى خالىمايـــدىغانلىقىنىڭ ۋە تىنچلىقـــپەرۋەر دىـــن ئىكەنلىكىنىڭ ئايرىم بىر پاكىتىدۇر.

## كىشىلەر مۇسۇلمان بولۇشقا زورلانمايدۇ

قۇرئـان كەرىـم ئىسـلام دىنىنىـڭ:﴿ لَآ إِكْرَاهَ فِي الدِّينِ﴾يەنـى ﴿دىنـدا زورلاش يوقتـۇر﴾[1] دېـگەن ئـۆزگەرمەس پىرىنسـىپىنى 14 ئەسـىردىن كـۆپرەك ۋاقىتـتىن بـىرى ئـېلان قىلىـپ كەلمەكـتە. مۇسـۇلمانلار بولسا، بـۇنى ئەمەلىيلەشـتۈرۈپ كەلمەكـتە. ئىسـلام دىنىـدا بۇيرۇلغـان جىهـادـ كىشـــلەرنى زورلاپ مۇسـۇلمان قىلىــش دېگەنلىكنـــى ئىپادىلىمەيـــدۇ. مۇسۇلمانلار ھېچ ۋاقىـت باشـقىلارنى ئىسـلامغا زورلىغـان ئەمەس. چـۈنكى بۇنـــداق قىلىـــش قۇرئـــان كەرىمنىـــڭ ئوچـــۇق ئـــايىتى بىـــلەن زىتلاشقانلىقتۇر.

ھازىرمۇ ئەرەب ۋە ئىسلام دىيارلىرىدا يەھـۇدىي، خىرىستىيان ۋە باشـقا دىنلارغـا ئېتىقـاد قىلىـدىغان خەلقلەرنىـڭ بـارلىقى ئۇلارنىـڭ ھېچبىـر ۋاقىـت مۇسـۇلمان بولۇشـقا زورلانمىغـانلىقىنى ۋە ئـۆز دىنلىرىنـى قوغـداپ قالغـان ھالـدا مۇسـۇلمانلارنىڭ ھـاكىمىيىتى ئاسـتىدا تۇرۇشـقا رازى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

## كىشىلەر ئىسلام دىنىغا قانداق كىرىدۇ؟

كىشـــلەر ئىســـلام دىنىغـــا «لائىـــلاھە ئىللەللاھـــۇ مـــۇھەممەدۇن رەسـۇلۇللاھـ ئـاللاھ تائـالادىن باشـقا ھەقىقىـي ئىـلاق يـوق، مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالام ئـاللاھ تائالانىـڭ بەندىسـى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرىـدۇر» دېگەن كەلىـمە شـاھادەتنى تىلـى بىـلەن ئېيتىش ئـارقىلىق كىرىـدۇ. بـۇ

[1] بەقەرە سۈرىسى 256ـ ئايەت.

كەلىمىنى ئېيتقان كىشىگە مۇسۇلمانچە مۇئامىلە قىلىنىدۇ. گەرچە بۇ كەلىمىنى دىلىدىن ئېيتمىغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ ۋە ئۇ ئىسلام ئۈممىتىدىن سانىلىدۇ. چۈنكى بىز ئىشلارنىڭ زاھىرىغا ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇلدۇق. كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكىلىرىنى بىلمەيمىز ۋە بىلىشكىمۇ تەكلىپ قىلىنمىدۇق. ئۇ پەقەت ئاللاھ تائالاغا خاس ئىشتۇر.

## ئىسلام دىنى قىلىچ بىلەن تارقالمىغان

ئىسلام دىنى قىلىچنىڭ كۈچى بىلەن تارقالغان ئەمەس. مۇسۇلمانلار قىلىچ بىلەن نەيزىنى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان، مال ـ مۈلكلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىپ، ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان بېسىمدارلارغا قارشى ئۆزلىرىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىش يولىدا ئىشلەتكەن.

ئىسلام دىنىنىڭ روشەن نۇرى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا پارلىشى بىلەن خوشنا دۆلەتلەر ۋە يىراق قىتئەلەردىن ئىسلام دەۋىتىنى ئاڭلاپ مۇسۇلمان بولۇشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئايىغى مەدىنىدىن ئۈزۈلمىدى. ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز قەۋملىرىنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىش يولىدا دەۋەتچى بولۇپ ئۆز ۋەتەنلىرىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بېشىدىكى بېسىمدارلار ئۇلارنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى بوغۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئۇلارنى قاتتىق قىيىن ـ قىستاقلارغا ئالىدۇ، بۇ يېڭى دىنىنى تەرك ئېتىشكە زورلايدۇ. مەككە شەھىرىدە بىلال، ئەممار قاتارلىق ساھابىلەرنىڭ بۇ يېڭى دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقلىرى سەۋەبلىك قەۋمى تەرىپىدىن قاتتىق قىيىن - قىستاقلارغا ئېلىنىشى، «تۇنجى ئىسلام

شـېھىدلىرى»دەپ تارىخقـا قەيـت قىلىنغـان ياسـىر ۋە سـۇمەييەلەرنىڭ ئۆزلىرى تاللىغان دىنىدىن قايتماسلىق يولىدا شەپقەتسىزلەر تەرىپىدىن تارىختا كـۆرۈلمىگەن ئەڭ ۋەھشىي ئۇسـۇلدا شـېھىد قىلىنىشـى ۋە باشـقا زۇلـۇملار ۋە ھەقسـىزلىكلەرنىڭ ھەممىسـى زالىملارنىـڭ بـۇ زۇلـۇملىرىنى توختىتىش ئۈچۈن جىھاد قىلىشنى تەقەززا قىلاتتى.

ئاتاقلىق تـارىخچى گوستاۋ لېبـون مۇنـداق دېـگەن ئىـكەن: «تـارىخ شـۇنى ئىسـپاتلىدىكى، دىـنلار كـۈچ بىـلەن تارقالغـان ئەمەس. خىرىستىيانلار ئىسپانىيەدىكى ئەرەبلەرنى ئىسلام دىنىدىن ۋاز كېچىشكە زورلىغىدى، ئۇلار ئۆز دىنىدىن ۋاز كەچمەسلىك بەدىلىگە ئۆلتۈرۈلۈش، پالىنىش، سۈرگۈن قىلىنىش ۋە قىيىن ـ قىستاقلارغا ئېلىنىشلارغا رازى بولدى. ئىسلام دىنى قىلىچ بىلەن تارقالمىدى. بەلكى پەقەت بىرلا دەۋەت يولى بىلەن تارقالدى. ئەرەبلەرنىڭ ئۈستىدىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن تۈركلەر بىلەن موڭغۇللارمۇ كېيىنچە ئۆز ئىختىيارى بىلەن مۇسۇلمان بولۇشتى»[1].

## ھەق-ھوقۇقلارنى مۇسۇلمانلار ئېلان قىلغان

دۇنيادا كىشىلىك ھوقۇق، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھەق ـ ھوقۇق، ئېتىقـاد ۋە پىكىـر ئەركىنلىكـى دەيـدىغان بىـرەر خەلقئـارالىق قـانۇن بولمىغان دەۋرلەردە، مۇسۇلمانلار ئادالەتنى ۋە يول تاللاش ئەركىنلىكىنى قوغداش يولىدا جانلىرىنى، پۇل ـ ماللىرىنى ۋە ھەر قانداق قىممەتلىك نەرسىلىرىنى پىدا قىلغان ئىدى. ئۇلار باشقىلارنىڭ بايلىقلىرىنى ئىگەللىۋېلىش ياكى ئۇلارنى مۇستەملىكە قىلىۋېلىش ئۈچۈن جىھاد قىلغـان ئەمەس، پەقەت ئىنسـانلارنىڭ دىـن تـاللاش ئەركىنلىكىنـى

(1)جورج بىرناردشۇنىڭ«ئەرەب مەدەنىيىتى»ناملىق ئەسىرى 661-بەت.

قوغداش، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقلىرى سەۋەبلىك تۇرلۇك ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولغانلارنى ئازات قىلىش، ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن بولسىمۇ ئۆز دىنلىرىغا داۋام قىلىپ ئىسلام ھىمايىسى ئاستىدا قوغدىلىشنى تەلەپ قىلغانلارنى ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىش يولىدا جىھاد قىلغان. ھازىرقى مۇسۇلمانلار بۇرۇنقىلىرىدىن پەخىرلەنسە بولىدۇ. ئۇلار پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۈلگە بولۇشقا ئەرزىيدۇ.

ئىنسانىيەت تارىخى ئىسلام دىنىدىكى جىھادقا ئوخشايدىغان ئىككىنچى بىر ھەققانى ئىنقىلابنى ۋە مۇنداق ئۇلۇغۋار كۆرەشنى باشتىن كەچۈرگەن ئەمەس. دۇنيادا قەدىمدىن تا ھازىرغىچە بولىۋاتقان ئۇرۇشلارنىڭ تولىسى ماددىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش، باشقىلارنىڭ زېمىنلىرىنى بېسىۋېلىش، ئۆز نوپۇزىنى كېڭەيتىش قاتارلىق مۇددىئالارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يۈز بېرىپ كەلمەكتە.

ھازىرقى ئەسىردە دۆلەت قانۇنى، خەلقئارالىق نىزامنامىلار لايىھەلىنىپ كىشىلىك ھوقۇق دېگەن ئاتالغۇ بىلەن قانۇن سايىسىدا كىشىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغداش پىرىنسىپلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ كىشىلەرگە چەكلىك ئەركىنلىك ئاتا قىلىنغان بولسا، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ۋەزىيەت بۇنداق ئەمەس ئىدى. شۇڭا جىھاد ئۇ زامانلاردا ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇش، ئۇلارنىڭ ئېتىقاد ۋە پىكىر ئەركىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر بولغان ئىدى.

قانۇن ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا قادىر بولالىسا، جىھاد قىلىشقىمۇ، ھىجرەت قىلىشقىمۇ ھاجەت قالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىنچلىق زامانلىرىدا ئاللاھ تائالانى ياد قىلىشنىڭ جىھاد قىلىشتىنمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە

ئەمەلىگلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى، رەببىڭلارنىڭ نەزەرىدە ئەڭ ساۋابلىق بولغىنىنى، مەرتىۋەڭلەرنى ئەڭ يۇقىرى قىلىدىغىنىنى، ھەق يولغا ئالتۇن ۋە كۈمۈش سەرپ قىلغاندىنمۇ ساۋابلىق بولغىنىنى، دۈشمەنلىرىڭلەر بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزەڭلارمۇ نەق مەيداندا شېھىد بولغىنىڭلاردىنمۇ چوڭ بولغىنىنى دەپ بېرەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشتۇر»[1].

ئەگەر قانۇن ئادالەتنى بەرپا قىلالمىسا، ناھەقچىلىككە يول قويسا، بۇ ۋاقىتتا جىھاد قىلىش تا قىيامەتكىچە يوللۇق بولۇپ قېلىۋېرىدۇ!

(1) ئىمام مالىك ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئەلبانىي سەھىھ دەپ باھالىغان ھەدىس«مشكاه المصابيح»2/72

## ئىسلام ۋە تەكفىر ئېقىمى

ئەپسۇسكى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئوتتۇرىغا چىققان «تەكفىر ـ كىشىلەرنى كاپىرلىققا مەنسۇپ قىلىش» ئېقىمى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ئەڭ خەتەرلىك بۆلۈنۈشلەرگە سەۋەب بولدى.

ئىسلام ئۈممىتىدىن بولغان بەزى كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك خاتالىقلىرى ۋە شەرىئەت بەلگىلىمىلىرىگە بولغان بىپەرۋالىقى ياكى قايسىبىر سەۋەب تۈپەيلى، ئۇلارنى ئالدىراپ كۇپرىلىققا ھۆكۈم قىلىۋېتىش تەكفىر ئېقىمىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى بولۇپ، بۇ ئېقىم ئەرەب ئىسلام مەملىكەتلىرىدىن تارقىلىپ، بىزنىڭ ئۇيغۇر دىيارىمىزدىمۇ بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان. ھەتتا بىزدە، ئۆزىنىڭ پىكىر ئېقىمىغا ماس كەلمەيدىغان پىكىر ئېقىمىدىكى مۇسۇلمان جامائەتلەرنى ئىسلام ئەقىدە پىرىنسىپ مىزانىغا سالماي تۇرۇپلا «كاپىرلار» دەپ ئالدىراپ ھۆكۈم قىلىۋېتىدىغان خاھىشلارمۇ باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. بەزىلەر دېتىگە ياقمىغانلارنى ئالدىراپلا «مۇناپىقلار»دەپ تاشلايدۇ. بۇ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بۆلۈنۈشىگە سەۋەب بولغانلىقىنىڭ سىرتىدا، ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدىمۇ خاتا ئىشتۇر.

### تەكفىر ئېقىمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىللار

تەكفىر ئېقىمى ئىسلام ئەللىرىدىكى دىنىغا مۇخلىس، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنى كۆزلەيدىغان، ياخشى نىيەتلىك، بىراق شەرىئەت ئىلىملىرىدىن بولغان دەسمايىسى ۋە نېسۋىسى ئىنتايىن ئاز، ھاياجانىنىڭ ئارقىسىدىن چاپىدىغان، پىكىر دائىرىسى ئىنتايىن تار بىر قىسىم دىنىي قېرىنداشلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ،

ھەرتۈرلۈك خاتالىقلارنىڭ ۋە ئىسلام نامىدىن خاتا پەتىۋالارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولۇپ كەلدى.

چۈنكى كىشىلەرنى ئىسلاھ قىلىش ۋە جەمئىيەتنى تۈزۈش ئۈچۈن يالغۇز ئىخلاسلا كۇپايە قىلمايدۇ. خاۋارىجلارمۇ ئەڭ ئىخلاسمەن، ياخشى نىيەتلىك ئادەملەر بولسىمۇ، شەرئەت ئىلىملىرىدىن يېتەرلىك دەرىجىدە نېسىۋە ئالالمىغانلىقتىن «چوڭ گۇناھ سادىر قىلغانلار كاپىر بولىدۇ»دېگەن پىكىردە چىڭ تۇرىۋالغان، ھەتتا كاتتا ساھابىلەرنىمۇ «كاپىر»دەپ ھۆكۈم قىلىۋەتكەنلىكى سەۋەبلىك يولدىن ئازغان ۋە ئازغۇن پىرقىلار قاتارىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

ئىلىمنىڭ ئىبادەتتىن مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن ساھابىلەردىن باشلاپ بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى مۇسۇلمانلارنى ئىبادەت ۋە جىھاد قىلىشتىن ئاۋۋال ئىلىم ئۆگىنىشكە چاقىرىپ كەلدى.

ھەسەن ئەل بەسرىي مۇنداق دېگەن ئىكەن: «بىلىمسىز ئىش قىلغۇچى خۇددى قىڭغىر يوللاردا ئاداشقان ئادەمگە ئوخشاشتۇر. ئىبادەت بىلەن ئىلىم ئۆگىنىشنى بىر ـ بىرىگە قارشى قىلمىغان ھالدا ئىلىم ئۆگىنىڭلار. بەزى قەۋملەر ئىبادەت بىلەنلا بولۇپ، ئىلىم ئۆگىنىشنى تەرك ئەتكەنلىكى سەۋەبلىك ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرى بولغان ئىسلام ئۈممىتىگە تىغ تەڭلىدى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىلىمدىن نېسىۋىسى بولسا ئىدى، بۇنداق قىلمىغان بولاتتى.»

## «كاپىر» دېيىشكە ھەقلىق بولغانلار

ئاللاھ تائالاغا ياكى ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياكى ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئاشكارا سۆزلىگەن كىشىنى «كاپىر»دېيىش، كۆڭلىدە ئىشەنمىسىمۇ، تىلىدا مۇسۇلمانلىقنى

سـۆزلەيدىغانلار توغرۇلـۇق ھۆكـۈم بەرمەسـلىك ۋە ئۇلارغـا مۇسـۇلمانغا قىلىـدىغان مۇئـامىلىنى قىلىـش بىزنىـڭ ئىسـلام شـەرىئىتىمىزنىڭ پىرىنسـىپىدۇر. مۇنـداقلار «مۇنـاپىقلار»دەپ ئاتىلىـدۇ. ئۇلارغـا دۇنيـادا مۇسـۇلمانلارغا يۈرگۈزىلىـدىغان ئەھكـاملار يۈرگۈزىلىـدۇ. ئـاخىرەتتە ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ.

**تۆۋەندىكىلەرنىڭ كۇپرىلىقىنى ئاشكارا سۆزلەش لازىم:**

1. ئـاللاھ تائالانىـڭ بارلىقىغـا ئىشـەنمەيدىغانلارنى «كـاپىرلار»دەپ تونۇش لازىم.

2. دىنىنـى ھايـاتلىقتىن ئايرىمـاقچى بولغـانلارنى، شـەرىئەت ھـازىرقى ئەسـىرگە مۇناسـىپ كەلمەيـدۇ دېگـۈچىلەرنى ۋە ئىسـلام شـەرىئىتىنى ئاشكارا مەسخىرە قىلغۇچىلارنى «كاپىرلار»دېيىش لازىم.

3. ئىسـلام نـامى بىـلەن ئوتتۇرىغـا چىققـان ئـازغۇن پـىرقىلەردىن باتىنىيە، ئىسمائىلىيە، قادىيـانىيە پىرقىلىرىنـى «كـاپىرلار»دېيىش لازىـم. چـۈنكى ئالـدىنقى ئىككىسـى توغرۇلـۇق شەيخۇئىسـلام ئىبنـى تەيمىـيە «ئۇلارنىـڭ كـاپىرلىقى يەھـۇدىي ۋە خىرىسـتىيانلارنىڭ كاپىرلىقىـدىن يامانـدۇر. ئـۇلار دىنىمىـزنىڭ ئاساسـلىق مەسـىلىلىرىگە ئىنكـار قىلىـدۇ» دېـگەن. ھـازىرقى زامانـدىكى باھـائىيە ۋە قادىيـانىيە پىرقىسـى يېڭـى بىـر دىـن شـەكلىدە ئوتتۇرىغـا چىققـان بولـۇپ، ئىسـلام شـەرىئىتىنى رەت قىلىـدۇ. قادىيـانىيە غـۇلام ئەھـمەد قادىيـانىنى ئـاخىرقى پەيغەمـبەر دەپ ئېتىقــاد قىلىــدۇ ۋە ئىســلام شــەرىئىتىنىڭ كــۆپلىگەن ئاساســلىق پىرىنسـىپلىرىنى ئىنكـار قىلىـدۇ. ھـازىرقى ئۆلىمـالار بۇلارنىـڭ كـاپىرلار ئىكەنلىكىنى ئېنىق سۆزلىمەكتە.

## پىرقە بىلەن شەخسلەرنى ئايرىش مەسلىسى

ئىسلام ئۆلىمالىرى كۆپىرى مەسلىسىدە تۈر بىلەن شەخسنىڭ پەرقىنى ئاجرىتىش توغرۇلۇق قانۇنىيەتلەرنى بېكىتكەن. بىزنىڭ «دىنغا ئىشىنمەيدىغانلار، دىننى هاياتلىقتىن ئايرىغۇچىلار، شەرىئەت هۆكمىنى رەت قىلغۇچىلار ۋە كۇپرى سۆزنى ئوچۇق سۆزلىگۈچىلەر كاپىرلاردۇر» دېگەن سۆزىمىز مۇئەييەن بىر شەخسكە ئەمەس، بەلكى تۈرگە ۋە مۇئەييەن پىرقىغا قارىتىلغان ئومۇمىي هۆكۈمدۇر.

ناۋادا، كۇپرىلىق بىرەر مۇئەييەن شەخسكە قارىتىلماقچى بولسا، هۆكۈم قىلىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭ راستىنلا كاپىر بولغان ياكى ئەمەسلىكىنى سۈرۈشتە قىلىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ مەۋقەسىنى ئېنىق بىلىش شەرتتۇر. بۇ هەقتە شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: «بەزىدە بىرەر ئېغىز سۆزمۇ كىشىنى كۇپرىلىق گىردابىغا ئاپىرىپ قويۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: ‹كىمكى شۇ سۆزنى دەيدىكەن، ئۇ كاپىر بولىدۇ› دېيىلگەن ۋە مۇئەييەن بىر شەخس شۇ سۆزنى دېگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ كاپىر بولغانلىقىنى شۇبهىسىز دەرىجىدە دەلىل-ئىسپات بىلەن ئىسپاتلىمىغىچە ئۇنى كاپىرلىققا هۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئازاب بىلەن تەهدىد قىلغانلارغا ئوخشاشتۇر:﴿ إِنَّ الَّذِينَ يَأْكُلُونَ أَمْوَالَ الْيَتَامَى ظُلْمًا إِنَّمَا يَأْكُلُونَ فِي بُطُونِهِمْ نَارًا وَسَيَصْلَوْنَ سَعِيرًا﴾يەنى ﴿هەقسىزلىق قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال-مۈلكىنى

يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا يېنىپ تۇرغان ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا تاشلىنىدۇ﴾[1]

بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان قۇرئان كەرىم تەھدىتلىرى ھەقتۇر. لېكىن بۇ تەھدىتلەر مۆئمىنلەرنىڭ بىر شەخسنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى يېتىمنىڭ ھەققىنى يېگەن مۆئمىن شەخس گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ، يېتىمنىڭ ھەقلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ گۇناھسىز بولۇپ ئۆلۈشى ياكى ئۇنىڭ كاتتا ساۋابلىق ئەمەللىرى بولۇپ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يوققا چىقارغان بولۇشى ياكى ئېغىر بىر مۇسىبەت ياكى چوڭ سىناقلارغا يولۇقۇپ ئاللاھقا سەۋر قىلىش ئارقىلىق گۇناھلىرى يويۇلغان بولۇشى مۇمكىن».

كۇپىرلىقنى ئاشكارا سۆزلىگەنلەر ئۈچۈن شۇنچىلىك ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈش لازىم بولغان يەردە، مۇسۇلمان ئادەم يامان ئىشلار بىلەن بىر قاتاردا ياخشى ئىشلارنىمۇ قىلىدىغان ۋە «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دەيدىغان مۇسۇلمانلار توپلىمىنى كۇپىرلىققا ھۆكۈم قىلىشقا قانداقمۇ جۈرئەت قىلالىسۇن؟! شاھادەت كەلىمىسىنى ئاغزاكى بولسىمۇ ئېيتقان ئادەم مۇسۇلمانلار قاتارىدىن سانىلىدۇ. ئۇلارغا دۇنيا ئىشلىرىدا مۇسۇلمانلىق مۇئامىلىسى قىلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن ھېسابلىشىش ئىشى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇلىدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىگە قارشى ئۇرۇش ئاچقان خاۋارىجلارنىمۇ «كاپىرلار»دېمىگەن. ساھابىلەر ئۇنىڭدىن: خاۋارىجلار كاپىر بولمىسا نېمە ئەمىسە؟ دەپ سورىغاندا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «ئۇلار كاپىرلىقتىن قاچقان كىشىلەر»دەپ جاۋاب بەرگەن.

(1) نىسا سۈرىسى 10 ــ ئايەت.

**چــوڭ گۇنــاھلار ئىمــاننى ئاجىزلاشــتۇرىدۇ، ئەممــا ئىمانــدىن چىقارمايدۇ**

چوڭ گۇناھلارنى ئىشلىگەن ئادەم تەۋبە قىلماستىن شۇ گۇناھلارغا داۋام قىلىۋېرىــدىكەن، ئۇنىــڭ ئىمــانى ئاجىزلىشــىدۇ، لــېكىن ئىمــانى ئاساسىدىن يوقىلىپ كەتمەيدۇ.

بۇنىڭ دەلىلى مۇنۇلار:

1. چــوڭ گۇنــاھلار ئىمانــدىن چىقىــپ كېتىشــكە ســەۋەب بولــدىغان بولسا، گۇناھ بىلەن مۇرتەدلىك بىــر نەرســىگە ئايلىنىــپ قالغــان بــولاتتى. گۇناھكــار مــۇرتەد بولغــان ۋە مۇرتەدلىكنىــڭ جازاســىغا لايىــق بولغــان بولاتتى. ئەمما بۇنداق بولۇشــى قۇرئــان كەرىــم، ھەدىــس ۋە ئىجمــا بىــلەن رەت قىلىنىدۇ.

2. قۇرئــان كەرىــم قاتىلنىــڭ ئۆلتۈرۈلگۈچىــنىڭ ئىگىلىــرى ئۈچــۈن دىنىــي قېرىنــداش ئىكەنلىكىنــى ســۆزلىگەن:﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِصَاصُ فِي الْقَتْلَى الْحُرُّ بِالْحُرِّ وَالْعَبْدُ بِالْعَبْدِ وَالْأُنْثَى بِالْأُنْثَى فَمَنْ عُفِيَ لَهُ مِنْ أَخِيهِ شَيْءٌ فَاتِّبَاعٌ بِالْمَعْرُوفِ وَأَدَاءٌ إِلَيْهِ بِإِحْسَانٍ﴾يەنــى ﴿ئــى ئىمــان ئېيتقــانلار! ئۆلتــۈرۈلگەنلەر ئۈچــۈن قىســاس ئــېلىش ســىلەرگە پەرز قىلىندى، ھۆر ئادەم ئۈچــۈن ھــۆر ئادەمــدىن، قــۇل ئۈچــۈن قۇلــدىن، ئايــال ئۈچـــۈن ئايالـــدىن( قىســـاس ئېلىنىـــدۇ). قاتىـــل ئۈچـــۈن دىنىـــي قېرىندىشـــى(ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىـــرى) تەرىپىـــدىن بىـــر نەرســـە

كەچۈرۈم قىلىنسا، (ئۇلارنىڭ قاتىلدىن دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى ۋە( قاتىلنىڭمۇ دىيەتنى ) ياخشىلىقچە بېرىشى لازىم﴾[1]

3. قۇرئان كەرىم بىر ـ بىرىگە تىغ تەڭلەشكەن ئىككى پىرقە كىشىلىرىنىمۇ «مۆمىنلەر» ۋە «ئۆز ئارا قېرىنداشلار» دەپ ئاتىغان.﴿ وَإِنْ طَائِفَتَانِ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ اقْتَتَلُوا فَأَصْلِحُوا بَيْنَهُمَا فَإِنْ بَغَتْ إِحْدَاهُمَا عَلَى الْأُخْرَى فَقَاتِلُوا الَّتِي تَبْغِي حَتَّى تَفِيءَ إِلَى أَمْرِ اللَّهِ فَإِنْ فَاءَتْ فَأَصْلِحُوا بَيْنَهُمَا بِالْعَدْلِ وَأَقْسِطُوا إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُقْسِطِينَ. إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ فَأَصْلِحُوا بَيْنَ أَخَوَيْكُمْ وَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ﴾يەنى ﴿ئەگەر مۆمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار قايتسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئادىللىق بىلەن تۈزەپ قويۇڭلار، ئادالەتلىك بولۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادالەتلىك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. مۆمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار﴾[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىككى مۇسۇلماننىڭ بىرى يەنە بىرىنى ئۆلتۈرسە، ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئۆلگۈچى ھەر ئىككىسى دوزاختا كىرىدۇ»[3] دېگەن. ئىمام بۇخارىي بۇ ھەدىستە مەزكۇر ئىككى كىشىنىڭ

(1) بەقەرە سۈرىسى 178ـ ئايەت.
(2) ھۇجۇرات سۈرىسى 9ـ 10ـ ئايەتلەر.
(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

دوزاخقـــا كىرىـــدىغانلىقىنى ئېيـــتىش بىـــلەن بىـــرگە ئـــۇلارنى «مۇسـۇلمان»دەپ ئاتىغانلىقىغا ئاساسـلىنىپ، چـوڭ گۇنـاھ ئىشلىگەنلەر كاپىر بولمايدۇ، دەپ قارار قىلغان.

## ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن باشقا گۇناھلار كەچۈرۈم قىلىنىدۇ

شـېرىكتىن باشـقا پۈتـۈن گۇنـاھلار مەيلـى چـوڭ بولسـۇن، مەيلـى كىچىك گۇناھلاردىن بولسۇن، ئـاللاھ تائالانـىڭ پەزلـى ـ كەرەمـى بىـلەن تەۋبە بىلەن ياكى تەۋبىسىز كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە:﴿ إِنَّ اللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَنْ يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَنْ يَشَاءُ وَمَنْ يُشْرِكْ بِاللَّهِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلَالًا بَعِيدًا﴾يەنى ﴿ئاللاھ ئـۆزىگە بىـرەر نەرسـىنىڭ شـېرىك كەلتۈرۈلۈشـىنى ئەلـۋەتتە مەغپىـرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىنى (ئاللاھ ئـۆزى) خالىغـان ئـادەمگە مەغپىـرەت قىلىدۇ، كىمكى ئاللاھقـا شـېرىك كەلتۈرىـدىكەن، ئـۇ ھەقىـقەتەن قـاتتىق ئازغان بولىدۇ﴾[1] دەپ كۆرسەتكەن. بۇ ھۆكـۈم شـېرىكتىن تەۋبە قىلمـاي ئـۆلگەنلەر ئۈچۈنـدۇر. ئەممـا تەۋبە قىلىـپ شـېرىكتىن قـول ئـۈزگەن ۋە ئىمـاننى يېڭىلىغـان ئـادەم بۇنىڭـدىن مۇستەسـنادۇر. دېـمەك، ئـاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنـدىن كېيىن تەۋبە قىلغـان ئادەمنىـڭ گۇنـاھى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

ئايەتتىكى شېرىكتىن مەقسەت: ئاللاھتىن باشقا بىرىنـى ئـىلاھ قىلىـپ چوقۇنۇش ياكى ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىـش بىـلەن بىـرگە باشقىسـىنى ئـىلاھ تۇتۇشتۇر.

---

(1) نىسا سۈرىسى 116 ـ ئايەت.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: «بۇ قائىدىنى شېرىكتىن قول ئۈزۈپ، تەۋبە قىلغانلارغا تەتبىقلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى گۇناھىغا تەۋبە قىلغان كىشى مەيلى شېرىكتىن تەۋبە قىلسۇن، مەيلى باشقا گۇناھلاردىن تەۋبە قىلغان بولسۇن، بەربىر ئوخشاشتۇر، ئۇ چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە:﴿ قُلْ يَا عِبَادِيَ الَّذِينَ أَسْرَفُوا عَلَى أَنْفُسِهِمْ لَا تَقْنَطُوا مِنْ رَحْمَةِ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ جَمِيعًا إِنَّهُ هُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ﴾ يەنى﴿( مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، ئى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن جىمى گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1] دېگەن» [2].

بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسكە كۆرە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەسلىككە، گۇناھسىز كىشىلەرگە تۆھمەت ئويدۇرماسلىققا، شەرىئەت ئەمرلىرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماسلىققا ئەھدە بېرىڭلار. كىمكى بۇ ئەھدىلىرىگە ۋاپا قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ تولۇق بېرىدۇ. كىمكى بۇ گۇناھلاردىن بەزىسىنى قىلىپ سالسا، دۇنيادا جازالىنىش ئارقىلىق گۇناھتىن پاكلىنىدۇ، كىمكى بۇ گۇناھلاردىن بەزىسىنى ئىشلەپ سالغان بولسىمۇ، بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ جازاسىنى

(1) زۇمەر سۈرىسى53-ئايەت.

(2)شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە پەتىۋالىرى 7- توم 484-بەت.

كـۆرمىگەن بولسـا، بـۇ ئاللاھقـا تاپشـۇرۇلىدۇ، ئـاللاھ خالىسـا ئازابلايـدۇ، خالىسا كەچۈرۈم قىلىدۇ»[1].

كۆرگىنىمىزدەك، بۇ ھەدىسمۇ چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغانلارنىڭ بـۇ گۇنـاھلىرى سـەۋەبلىك كـاپىر بولـۇپ كەتمەيـدىغانلىقىنى ئىپـادىلىمەكتە. ئەلـلامە مـازنى «بـۇ ھەدىـس گۇنـاھ ئىشـلىگۈچىلەرنى كـاپىرلار قاتارىـدىن سـانايدىغان خاۋارىجلارغـا رەددىـيە بېرىشـكە يېتەرلىكتۇر»دېگەن.

## بىر ئادەمدە ئىمان بىلەن كۇپرىنىڭ تېپىلىشى

بىر ئىنساندا ئىماننىڭ بەزى ئالامەتلىرى بىلەن بىرگە كـۇپرى ياكى مۇناپىقلىقنىڭ بەزى ئالامەتلىرىمۇ تېپىلىدۇ.

بـۇ ھەقىـقەت قەدىمكـى ۋە ھـازىرقى كـۆپلىگەن ئۆلىمالارنىـڭ نەزەرلىرىدىن ساقىت بولۇپ كەلگەن. ئۇلارنىـڭ نەزەرىـدە، ئىنسان ياكى خـالىس مـۆمىن يـاكى خـالىس كـاپىر بولىـدۇ. ئۈچىنچىسـى يوقتـۇر. ئۇلارنىـڭ نەزەرىـدە، شـەيئىلەر يـاكى ئاپئـاق يـاكى قاپقـارا بولىـدۇ. ئەينـى ۋاقىتتا ئۇلار قارا بىلەن ئاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رەڭلەرنى ئۇنۇتقان.

شـۇڭا ئـۇلار بەزى شەخسـلەر يـاكى جامـائەتتە ئىماننىـڭ پۈتـۈن سـۈپەتلىرى تولـۇق تېپىلماسـتىن، كۇپرىنىـڭ يـاكى مۇناپىقلىقنىـڭ بەزى ئـالامەتلىرى كۆرۈلسـە، ئـۇلارنى «كـاپىر» يـاكى «مۇنـاپىق» دەپ ھۆكـۈم قىلىشقا ئالدىرايـدۇ. چـۈنكى ئۇلارنىـڭ ئېتىقـادى بـويىچە، ئىمـان كۇپرى ياكى مۇناپىقلىق بىلەن بىرلىشەلمەيدۇ.

---

(1)ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

مۇتلەق ئىمان بىلەن مۇتلەق كۇپرىنى كۆزدە تۇتماقچى بولساق بۇ ئېتىقاد تامامەن توغرىدۇر. ئەمما مۇتلەق ئىماندىمۇ كۇپرىنىڭ ياكى مۇناپىقلىقنىڭ ياكى جاھىلىيەتنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كۆرىلىدۇ. ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى «قارا خوتۇننىڭ بالىسى» دەپ ھاقارەتلىگەندە، ئۇنى «سەندە جاھىلىيەتنىڭ ئالامەتلىرى بار ئادەم ئىكەنسەن»[1] دېگەن. ئەبۇ زەر راستچىللىقى ۋە جىھادتا ئالدىنقى سەپتىن ئورۇن ئېلىشى بىلەن تونۇلغان كاتتا ساھابە ئىدى.

يەنە بىر ھەدىستە: «كىمكى جىھاد قىلماستىن ياكى كۆڭلىدە بولسىمۇ ئۇنى ئارزۇ قىلماستىن ئۆلىدىكەن، ئۇ مۇناپىقلىقنىڭ بىر ئالامىتى بىلەن ئۆلگەن بولىدۇ»[2] دېگەن.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە قۇرئان كەرىمنىڭ مۇناپىقلارنىڭ ھالىنى بايان قىلغان﴿ هُمْ لِلْكُفْرِ يَوْمَئِذٍ أَقْرَبُ مِنْهُمْ لِلْإِيمَانِ﴾يەنى ﴿ئۇ كۈندە ئۇلار ئىمانغا قارىغاندا كۇپرىغا يېقىن ئىدى﴾[3] دېگەن ئايىتى توغرۇلۇق توختىلىپ: «بۇرۇن ئۇلاردا ئىماننى بىسىپ چۈشەلمەيدىغان دەرىجىدىكى مۇناپىقلىق بار ئىدى، ئۇھۇد غازىتى بولغان كۈندە ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقى ئىمانىغا غالىب كەلدى ـ دە، كۇپرىغا يېقىن بولۇپ ئۆزگەردى» دېگەن.

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3)ئال ئىمران سۈرىسى 167ـ ئايەت.

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ سۆزىنى رىۋايەت قىلغان: «ئىمان قەلبتە بىر ئاقلىق ئالامىتى بىلەن باشلىنىدۇ، بەندىنىڭ ئىمانى كۈچلەنگەنسېرى ئۇنىڭ قەلبى تېخىمۇ ئاقىرىشقا باشلايدۇ، ئىمان تولۇقلانغىنىدا، ئۇنىڭ قەلبى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كېتىدۇ. مۇناپىقلىقمۇ قەلبتە بىر قارىلىق ئالامىتى بىلەن باشلىنىدۇ، بەندە مۇناپىقلىققا داۋام قىلغانسېرى، ئۇنىڭ قەلبى شۇنچىلىك قارىيىشقا باشلايدۇكى، ئۇ تولۇق مەنىدىكى مۇناپىقلاردىن بولغىنىدا، ئۇنىڭ قەلبى پۈتۈنلەي قارىيىپ كېتىدۇ. ئەگەر سىز مۆمىنىنىڭ قەلبىنى يېرىپ كۆرەلىسىڭىز، ئۇنىڭدا ئاقلىقنى كۆرگەن، كاپىرنىڭ قەلبىنى يېرىپ كۆرەلىسىڭىز، ئۇنىڭدا قارىلىقنى كۆرگەن بولاتتىڭىز».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمان بولغان ئادەم دوزاختا مەڭگۈ قالمايدۇ»[1] دېگەن سۆزىمۇ قەلبىدە ئىماندىن كۆپرى كۆپ بولغان كىشىمۇ، گۇناھىغا تېگىشلىك ئازابلىنىپ بولۇپ، شۇ زەررىچىلىك ئىمانى يۈزىسىدىن دوزاختىن چىقىرىلىدىغانلىقىنى ۋە ئاخىرى جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنساندا ئىمان بىلەن كۇپرى ياكى مۇناپىقلىقنىڭ ئالامەتلىرىمۇ تېپىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

# ئىسلام ۋە سىياسەت

نۇرغۇن كىشىلەر سىياسەت سۆزىدىن ئۈركۈنىدۇ، ھەتتا بەزىلەر ئۇنىڭدىن سەسكىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار سىياسەتنىڭمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەخلاق ۋە پرىنسىپى بارلىقىنى بىلمەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار مۇتلەق كۆپ ساندىكى سىياسىيلارنىڭ مەككارلىقىنى، ئەدەپ-ئەخلاقتىن يىراقلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلار سىياسەت دېگەن ۋە سىياسىي دېگەن شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ دەپ مۇتلەق ھۆكۈم چىقىرىۋەتكەنلىكتىن شۇنداق قارىشى مۇمكىن.

ئەسلىدە سىياسەت ئۆزى مۇنداق سەسكىنىشلىك نەرسە ئەمەس، پەقەت ئۇنى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي تەرەپتىن كونترولسىز قوللىنىشى ۋە ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن سۈيىئىستېمال قىلىشى سەۋەبلىك بۇ ئەھۋالغا كېلىنگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئاتاقلىق پەيلاسوپ ۋە دىنىي ئۆلىما ئىبنى رۇشدى دىن ۋە سىياسەتنىمۇ يېتىشكەن كىشى ئىدى. ئۇ پەلسەپە بىلەن تىبابەتتە ئالىم بولغاندەك، فىقھى ۋە سىياسەتتىمۇ ئالىم ئىدى. كۆپلىگەن ئۆلىمالار شەرىئەتنى تىبابەتكە ئوخشىتىدۇ. ئىمام شاتىبى «شەرىئەت ئەڭ كاتتا دوختۇردۇر» دېگەن ئىكەن.[1]

دىنىنىڭ سىياسەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى دوختۇرنىڭ ئىنسان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. ئۇ پەقەت داۋالاش ۋە ساقايتىش مۇناسىۋىتىدۇر. پەيغەمبەرلەر ئەڭ پەزىلەتلىك سىياسىيلار ئىدى.

---

(1) ئىمام شاتىبىنىڭ«الموافقات»ناملىق ئەسىرى2-توم،149-بەت.

ئۇلارغا چۈشكەن شەرىئەتلەرمۇ ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەڭ مۇكەممەل سىياسەتلەر ئىدى. ھەتتا قەدىمكى ئۆلىمالاردىن ئەبۇ بەكرى شاشى «شەرىئەتنىڭ گۈزەللىكلىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە، شەرىئەتنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە گۈزەللىكلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ پەزىلەتلىك سىياسەت مەيدانىغا كىرىدىغانلىقى ۋە ساغلام ئەقىل بىلەن ماسلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى سۆزلىگەن.[1]

ھۆججەتۇلئىسلام ئىمام غازالى مۇنداق دېگەن: «خەلقنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەشتىكى سىياسەت تۆت مەرتىۋىلىك بولۇپ، بىرىنچى مەرتىۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ سىياسىتىدۇر.»[2]

پەيغەمبەرلەرنىڭ سىياسىتىنى تەربىيىۋى ۋە ئىجتىمائىي سىياسەت دېسەك ئەڭ توغرا بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇلار ئىنسانىيەتنى ئىمان ۋە ئەخلاق بىلەن تەربىيەلەش ۋە جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن زاتلاردۇر. ھازىرقى ئەسىردە سىياسەتنىڭ ساھەلىرىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. مەسىلەن: دۆلەت سىياسىتى، تەلىم-تەربىيە سىياسىتى، تەشۋىقات سىياسىتى، ئىجتىمائىي ئىشلار سىياسىتى، مەدەنىيەت سىياسىتى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

«دۆلەتلەرنىڭ خەلقنى باشقۇرۇش سىياسەتلىرىمۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ سىياسىتىدىن تاشقىرى ئەمەس. چۈنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ سىياسىتى ئىنسانلارنى ئىسلاھ قىلىش بولسا، ھازىرقى ھۆكۈمەتلەرنىڭ سىياسىتى

(1) دوكتور ئەھمەد رىسۇنىنىڭ«الفكر الإسلامي»(ئىسلام نەزىرىيەسى)ناملىق ئەسىرى36-بەت.
(2) ئىمام ئەبۇ ھامىد ئەل غەززالىينىڭ«احياء علوم الدين»(دىنى ئىلىملەرنى تىرىلدۈرۈش)ناملىق ئەسىرىنىڭ1-توم،28-بەتتىن.

خەلقنى ئىدارە قىلىش بولىۋاتماقتا. پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەت يولىدا دۇچ كېلىدىغان چوڭ مۇشكىلىسى قەۋمىنىڭ ئىچىدىكى كاتتىباشلار ۋە نۇپۇزلۇق كىشىلەر ئىدى. «سىياسىي مەسىلە»نى تەرپلىمەكچى بولساق، شۇنداق دەيمىزكى، ئىچىدە كاتتىباشلار بىلەن سىياسىيلار ئورۇن ئالغان ھەر قانداق مەسىلە سىياسىي مەسىلىدۇر. قەدىمدە يۈرت كاتتىلىرىنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىگە قارشى چىققانلىقى ئوپئوچۇق سىياسىي مۇشكىلە ئىدى. مەسىلەن: پىرئەۋن بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشكىلىسى ئەينەن سىياسىي مۇشكىلە ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋن تەرىپىدىن چوڭ بىر سىياسىي قارشىلىققا ئۇچرىغان، پىرئەۋنمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن سىياسىي قارشىلىققا ئۇچرىغان. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەربىرى يەنە بىرىنىڭ يولىنى توسقان. مۇسا ئەلەيھىسسالام پىرئەۋننى ئىسرائىل ئەۋلادىغا زۇلۇم قىلىشتىن توسقان بولسا، پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى دىنىنى تەبلىغ قىلىشتىن توسقان. قۇرئان كەرىمدە مۇسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە كەلگەن قىسسىلەردە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋن ئوتتۇرىسىدىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئادەمنى گويا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەقەت پىرئەۋن ئۈچۈنلا ئەۋەتىلگەندەك ئويغا سېلىپ قويىدۇ. ھەممە پەيغەمبەرنىڭ ئىشى سىياسەت ئىدى. ھەتتا سۇلايمان ئەلەيھىسسالاممۇ چوڭ سىياسىي ۋە دۆلەت ئادىمى ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىياسەتنى ئەڭ مۇكەممەل مەنىسى بىلەن قوللانغان زات ئىدى. دەۋەت ۋە تەربىيە سىياسىتىدىن ئۇيۇشتۇرۇش سىياسىتىگىچە، پىلان تۈزۈش چېنىقتۇرۇش سىياسىتىدىن ئىشقا ئاشۇرۇش سىياسىتىگىچە ۋە ئاخىرى

ئىسلام دۆلىتىنى بەرپا قىلغىچە ھەممىسى ئەڭ پەزىلەتلىك ۋە مۇكەممەل سىياسەت ئىدى.»[1]

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، بىز مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن سىياسەتتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرىمىز؟ نېمە ئۈچۈن سىياسەتنى دىنىمىز ئۈچۈن قوللانمايمىز؟ مەيداننى باشقىلارغا تاشلاپ بېرىپ چەتتە تۇرىۋالساق ئەھۋالىمىز نېمە بولماقچى؟ بىز ئەۋلادتىن ئەۋلادقا باشقىلارنىڭ سىياسىتى ئاستىدا ياشاشقا موھتاجمۇ؟

ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەر بىلەن قانداق ئۆتىشى لازىم؟

ئىسلام ئۆلىمالىرى ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەرگە قارىتا قەدىمدىن بىرى ئىككى خىل مۇئامىلىدە بولۇپ كەلگەن. بەزىلەر ھاكىمىيەتكە يېقىنلىشىپ، سىياسەتكە ئارىلىشىپ ئۇلارغا نەسىھەت قىلىش، يول كۆرسىتىش، ئىش بېشىدىكىلەرنىڭ خاتالىقلىرىغا قارشى چىقىش ۋە تۈزىتىش ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرىغا ياردەم قىلىشنى زۆرۈر دەپ قاراپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىچە، «يامانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ياخشىلىقنى كەلتۈرۈش»تىن ئىبارەت دىنىي پىرىنسىپ، ھاكىمىيەت ئۈستىكىلەرگە يېقىنلىشىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەمما ئۇلاردىن ۋە سىياسەتتىن يىراق تۇرۇپ بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.

ئىككىنچى قاراشتىكىلەر سىياسەتتىن ۋە ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق دىنىنى ساغلام تۇتقىلى بولىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، ئۇلار ئۆزلىرىنى سىياسەتتىن ۋە

(1) دوكتور ئەھمەد رىسۇنىنىڭ«الفكر الإسلامي»(ئىسلام نەزىرىيەسى)ناملىق ئەسىرى39-بەت.

ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەردىن قاچۇراتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا، ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەرگە يېقىن بولۇش ۋە مەنسەپ تۇتۇش ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىغا سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇرلاپ قويىدۇ، ھەقىقەتنى دادىل سۆزلىگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلاردىن يىراق تۇرۇش كېرەك.

ئىمام شاتىبى بۇ مەسىلىدە ئىنتايىن توغرا پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دېگەن: «ئۆلىما ۋە ياخشى ئادەملەر ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىرەر ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىنسا، ئۇنى رەت قىلماسلىقى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرماسلىقى لازىم. بۇنىڭغا بىنائەن، ئالىمنىڭ رىياكارلىق سادىر قىلىپ قويۇشتىن قورقۇپ كىشىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يالغۇزلۇقنى تاللىۋېلىشى، ئادالەتنى بەرپا قىلالايدىغان پادىشاھ ياكى ھاكىمنىڭ تەكلىپ قىلىنغان ۋەزىپىدىن يۈز ئۆرۈشى قاتارلىق ئىشلار ناۋادا ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان بولسا، ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇپ ئىش كۆرۈش كېرەك. چۈنكى دىن ۋە دۇنيالىق بۇنىڭ بىلەن بولىدۇ.»[1]

ئىمام شاتىبىنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، ھۆكۈمەت تەرەپتىن بىرەر ۋەزىپىگە ياكى مەنسەپكە تەكلىپ قىلىنغان ئۆلىما مۇنداق شارائىتتا پايدا-زىياننى مۇۋازىنەت قىلىپ تۇرۇپ ئىش كۆرۈشى لازىم. ئۇنىڭ مەنسەپ تۇتۇشى ئومۇمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن تۇتمىغىنىدىن ياخشىراق بولسا، بۇ مەنسەپنى قولدىن بەرمەسلىكى كېرەك. ناۋادا ئەكسىچە بولۇپ، ئۇنىڭ مەنسەپ تۇتۇشى ئومۇمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن زىيانلىق بولىدىغانلىقى كۆرۈنسە، ئۇنىڭ بۇ مەنسەپنى تۇتمىغىنى ياخشى.

(1) ئىمام شاتىبىنىڭ«الموافقات»ناملىق ئەسىرى2-توم،372-بەت.

دەۋەتنىڭ يوللىرى كۆپ. دەۋەت ۋەز-نەسىھەت قىلىش، ئۆگىتىش ۋە كىتاب نەشىر قىلىش بىلەن بولغىنىدەك، سىياسەتكە ئارىلىشىش بىلەنمۇ بولىدۇ. بىزگە ئەڭ يېقىن مىسال تۈركىيە بولۇشى مۇمكىن. تۈركىيەدە باشتىن ئاخىر چوڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق دۆلەت ئىچىدىكى نۇرغۇنلىغان چىرىكلىكلەرنى ۋە يولسىزلىقلارنى پاش قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقارغان ۋە بىر قەدەر ئادالەتنى بەرپا قىلغان باش مىنىستىر رەجەب تايىيىپ ئەردوغان دىنىي مەدرىسەدىن چىققان تالىپ. دەۋاسى ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانى ۋە خەلقنى رازى قىلىشتىن ئىبارەت دىنىي دەۋا. ئەگەر ئۇ ۋەز-نەسىھەت ئارقىلىق دىن تەشۋىق قىلىشقا كۇپايە قىلىپ سىياسەتكە ئارىلاشمىغان بولسا، بۈنچىلىك غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەن ۋە مۇنچىلىك چوڭ ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارالمىغان بولاتتى.

ئەگەر ئەردوغان سىياسەتكە كىرمەستىن، ئەنئەنىۋى دەۋەت ئۇسۇلى بويىچە داۋام قىلىۋەرگەن بولسا، ئۇ شۇ ئىزىدىلا تۇرۇپ قالاتتى ۋە بۈگۈنكى ھەر تەرەپتىن تەرەققىي قىلغان ۋە مۇسۇلمانلار قانۇنلۇق ھەق-ھوقۇقلىرىغا ئىگە بولغان تۈركىيە بارلىققا كەلمىگەن بولاتتى.

توغرا، جۇڭگونى تۈركىيەگە ياكى مىسىرغا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. بىزدە بىرەر دىنىي ئالىمنىڭ ئاپتونوم رايونغا رەئىس بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئەمما دىنىي ئالىم بىلەن زىيالىي خەلق قۇرۇلتىيىغا ئەزا بولالايدۇ ياكى باشقا سىياسەت ساھەسىدە نەتىجە قازىنالايدۇ. خەلقىم ئۈچۈن، دىنىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن دېگەن ئادەم مۇنداق پۇرسەتلەرنى قولدىن بەرمەيدۇ. بەلكى پۇرسەتلەرنى ئۆزى يارىتىدۇ.

خەلقىمىز سىياسەتتىن يىراق ياشاپ، قانۇن نېمە؟ سىياسەت نېمە؟ بۇنى بىلمىگەنلىكتىن، ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھەق-ھوقۇقلىرىدىنمۇ پايدىلىنالماي كەلمەكتە. ھەتتا تەلەپ قىلىشنىمۇ بىلمەي قالماقتا. چۈنكى دۆلەت قانۇنىدا يېزىلغان قانۇنلۇق ھەققىنى تەلەپ قىلىدىغان ئادەم سىياسەتتىن يىراقلاپ كەتمەسلىكى ۋە ھەممىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشى لازىم. ئەمما خەلق، خۇسۇسەن بۇ خەلقنىڭ زىيالىيلىرى ۋە ئالىم-ئۆلىمالىرى ئۆزلىرىنى سىياسەتتىن قاچۇرۇپ يۈرسە، باشقىلار قىلىدىغىنىنى قىلىۋېرىدۇ، ھەتتا ئۇلارنى قانۇن بىلەن ئەمەس، بەلكى سىياسەت بىلەنلا ئىدارە قىلىپ باشقۇرىدىغان بولىۋالىدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىمىز بۇنىڭ مىسالى.

شۇڭا بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىز ۋە دىنىي ئالىملىرىمىز سىياسەتتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرماستىن، سىياسەت مەيدانىغا كىرىشى، كىرگەندىمۇ سىياسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلماستىن، بەلكى سىياسەتنى ئۆزىنىڭ ۋە خەلقىنىڭ مۇددىئاسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا خىزمەت قىلىش، ئادالەتنى بەرپا قىلىش، خەلقنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، خەلقنىڭ قانۇنلۇق ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغداش قاتارلىق بىر قاتار ئىجابىيلىقلار قولغا كېلىشى مۇمكىن.

# ئىسلام ۋە دۆلەت

## دىن دۆلىتى ئەمەس، ئىسلام دۆلىتى

ئىسلام دۆلىتى دېيىلگەن هامان كىشىلەرنىڭ خىيالىغا ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ياۋروپا قىتئەسىدە، جاھالەت بىلەن خۇراپاتنىڭ بىردىنبىر مەنبەئى بولغان خىرىستىيان چېركاۋلىرىنىڭ زوراۋانلىقى ئاستىدا ھۆكۈم سۈرگەن ۋە ئاخىرى ئومۇمىيۈزلۈك خەلق ئىنقىلابى بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلانغان دىن دۆلەتلىرى كېلىدۇ.

دىن دۆلىتى ئەسلىدە ئىسىم ۋە مەنىسى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ياۋروپا چېركاۋلىرىنىڭ ئىجادى ۋە مەھسۇلىدۇر. چۈنكى دىن دۆلىتىنى شۇلار چىقارغان ۋە شۇلار شۇنداق دەپ ئاتىغان. ئەمما ئىسلام دىنىدا مۇنداق دۆلەت بولمىغان ۋە ئۇنىڭ سەلبىي مەنىسىمۇ مەۋجۇت بولمىغان، ھەتتا ئىسلام تارىخىدا ياكى ئىسلام قانۇنىدىمۇ «دىن دۆلىتى»دەيدىغان ئىستىلاھ مەۋجۇت ئەمەس.[1]

ئەمەلىيەتتە ئىسلام دۆلىتى بىلەن دىن دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرقلەر بار. چۈنكى دىن دۆلىتى تار دائىرىدە، ئىسلام دۆلىتى كەڭ دائىرىدە بولىدۇ. «ئىسلام» سۆزىنىڭ مەنىسىمۇ «دىن» سۆزىنىڭ مەنىسىدىن ئەلۋەتتە چوڭ ۋە كەڭدۇر. شۇڭا ئىسلام فىقھشۇناسلىرىنىڭ نەزىرىدە «دىن» ئىسلام شەرىئىتىدە قوغداش پەرز بولغان بەش چوڭ زۆرۈرىيەتنىڭ بىرى سانىلىدۇ. ئۇلار: دىن، جان، ئەقىل، نەسىل ۋە مال- مۈلۈك قاتارلىقلاردۇر. مۇندىن باشقا «ئىسلام تەربىيەسى» دېگەن سۆز پۈتۈن تەربىيە ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان

---

(1) دوكتور ئەھمەد رىسۇنىنىڭ«الفكر الإسلامي»(ئىسلام نەزىرىيەسى) ناملىق ئەسىرى44-بەت.

بولۇپ، «دىن تەربىيەسى» ئىسلام تەربىيەسىنىڭ بىر تارمىقىدۇر.[1]

## ئىسلام دۆلىتى بىلەن دىن دۆلىتىنىڭ پەرقى

ئىسلام دۆلىتى بىلەن دىن دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرقلەر بار. مەسىلەن:

(1) ئىسلام دۆلىتى ئەركىن سايلام، ئىختىيارىي بەيئەت ۋە ئورتاق كېڭەش ئاساسىغا قۇرۇلىدىغان دۆلەت. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەلىم بېرىپ:﴿ وَشَاوِرْهُمْ فِي الْأَمْرِ﴾يەنى ﴿ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن﴾[2] دېگەنلىكى ۋە مۇسۇلمانلارنى سۈپەتلەپ:﴿ وَأَمْرُهُمْ شُورَىٰ بَيْنَهُمْ﴾يەنى ﴿ئۇلار ئىشلارنى ئۆزئارا كېڭىشىش ئارقىلىق بېجىرىدۇ﴾[3] دېگەنلىكى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ئەمما دىن دۆلىتى پوپلارنىڭ دىنىي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولىدىغان دۆلەتتۇر. بۇ خۇددى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ياۋروپا قىتئەسىدە خىرىستىيان چىركاۋلىرىنىڭ زوراۋانلىقى ئاستىدا ھۆكۈم سۈرگەن دىن دۆلەتلىرىگە ئوخشاش.

(2) ئىسلام دۆلىتىدە دۆلەت باشلىقى (خەلىپە ياكى رەئىس) خەلق تەرىپىدىن سايلىنىدۇ. بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىككە سايلانغانلىق قىسسىسىمۇ بۇنىڭ دەلىلىدۇر. چۈنكى خەلىپىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى تەيىنلەپ

---

(1) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «فقه الدولة في الإسلام» ( ئىسلامدا دۆلەت چۈشەنچىسى) ناملىق ئەسىرىنىڭ 58- بېتىدىن.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى 159- ئايەت .
(3) شۇرا سۈرىسى 38- ئايەت.

قويغـان ئەمەس، بەلكـى ئـۇنى مۇسـۇلمانلار كېڭىشىش ئـارقىلىق سـايلاپ چىققـان ئىـدى. ئـۆمەر ئىبنـى خەتتـاب، ئوسـمان ئىبنـى ئاففـان ۋە ئەلـى ئىبنــى ئەبــۇ تالــب قاتــارلىق خەلىپىلەرمــۇ شــۇ تەرىقىــدە ســايلانغان. ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى ئالدىنقىسى تەيىـنلەپ قويغـان ئەمەس. ئەممـا دىـن دۆلىتىــدە ســايلاش بولمايــدۇ، دۆلەت باشـلىقى دىنىـي ماقامىنـىڭ بىۋاسـىتە بۇيرۇقى بىلەن تەيىنلىنىدۇ ياكى دىنىي ماقامىنىڭ ئۆزى بولىدۇ.

(3) ئىسـلام دۆلىتىــدە دۆلەت باشـلىقى ئىسـلام شـەرىئىتى تەرىپىــدىن قويۇلغـان شـەرتلەر ۋە چەكلىمىـلەر دائىرىسـىدە ئىـش كۆرىـدۇ. باشـلىق خاتالاشسـا خەلقىنـىڭ قارشـى چىقىـش ۋە ئـۇنى مەنسـىپىدىن ئېلىـۋېتىش ھوقـۇقى بولىـدۇ. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ: «باشـلىققا بويسـۇنۇش پەقەت شــەرىئەتنىڭ بەلگىلىملىرىنىــڭ دائىرىســى ئىچىــدە بولىــدۇ»[1] دېگەن ھەدىسى بۇنى كۆرسىتىدۇ. ئەممـا دىـن دۆلىتىـدە دۆلەت باشـلىقى مۇتلەق ئەركىن بولۇپ، پۈتۈن ئىشلاردا ئۇنىـڭ دېگىنـى دېـگەن بولىـدۇ. خەلقىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى چىقىش ھوقـۇقى بولمايـدۇ. قارشـى چىققـۇچىلار ھامان «كاپىر» لىققا ھۆكۈم قىلىنىپ ئېغىر جازالارغا يولۇقىدۇ.

(4) ئىسلام دۆلىتىــدە دۆلەت باشـلىقىغا بويسـۇنۇش ئاللاھقـا ئاسـىيلىق بولمايــدىغان ئىشــلار دائىرىســىدە بولىــدۇ. باشـلىق مۇسـۇلمانلىققا تــوغرا كەلمەيــدىغان بىــرەر قــانۇن چىقارسـا، ئىسـلام دۆلىتـى تەركىبىــدىكى ھەر قانــداق بىــر پۇقرانىــڭ ئۇنىڭغــا قارشــى چىقىــش ھوقــۇقى بولــۇپلا قالماسـتىن، بەلكـى پەرزدۇر. چـۈنكى بـۇ ھەر بىـر مۇسـۇلمان ئۈچـۈن پەرز بولغـان «ئەمـر- مەرۇپ، ۋەز ـ نەسـىھەت» قاتارىغـا كىرىـدىغان ئىـش. بىرىنچـى خەلىپىنىــڭ «مەن ئاللاھقـا ئىتـائەت قىلغـان مـۇددەتچە ماڭـا

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

بويسۇنۇڭلار، ئەگەر مەن ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلسام، ماڭا بويسۇنۇشقا بولمايدۇ. ياخشى ئىش قىلسام ماڭا ياردەم قىلىڭلار، ئەگەر يامان ئىش قىلسام ماڭا قارشى چىقىڭلار» دېگەن سۆزى، ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مەسجىدتە خۇتبە ئوقۇۋاتقىنىدا، بىر ئايال كېلىپ، ئۇنىڭ سۆزىگە قارشى چىققان ۋە ئۇنى تەنقىدلىگەندە، خەلىپە ئۆمەرنىڭ كەمتەرلىك بىلەن «ئۆمەر خاتالاشتى، بۇ ئايال توغرا قىلدى»[1] دېگەنلىكى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما دىن دۆلىتىدە ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەرگە قارشى چىقىش دىنغا قارشى چىقانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ياۋروپادا خەلقنى جاق تويغۇزغان ۋە ئۇلارنى «دىن» دېگەن ئاتالغۇدىنمۇ قاتتىق نەپرەتلىنىدىغان دەرىجىگە كەلتۈرۈپ قويغان سەۋەبنىڭ بىرى بۇ ئىدى.

(5) ئىسلام دۆلىتىنىڭ دۆلەت باشلىقى ئۆزىنى خەلقنىڭ ۋەكىلى دەپ تونۇيدۇ. شۇڭا ۋاپادار خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز خەلىپىلىككە سايلانغان ۋاقتىدا، مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا قىلغان تۇنجى نۇتقىدا: «ئەي خالايىق! مەن بۇ مەسئۇلىيەتنى مېنىڭ ئىختىيارىمسىز ھالدا ئۈستۈمگە ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدىم، ئەڭ ياخشىسى سىلەر بۇ ئامانەتنى مەندىن ئېلىڭلار، ئۆزەڭلار خالىغان بىرىنى سايلىۋېلىڭلار»[2]

(1) ئىمام ھاكىم رىۋايىتى .

(2) ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئەمەۋىيلەر خەلىپىلىكىنىڭ 7- خەلىپىسى بولۇپ، ھىجرىيە 61- يىلى (680،) مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە تۇغۇلغان، ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئوغلى ئاسىمنىڭ قىزى لەيلانىڭ ئوغلىدۇر. مۇنداقتا ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ چەۋرىسى ھېسابلىنىدۇ. مىلادىيە 717- يىلىدىن 720- يىلىغا قەدەر (ئىككى يېرىم يىل)خەلىپىلىك قىلغان. ئادالەتپەرۋەرلىكى، كەمتەرلىكى، تەقۋادارلىقى، باشقا خەلىپىلەردەك مال ـ دۇنيا

دېگەن. لېكىن پۈتۈن خەلق ئاممىسى ئۇنىڭ بۇ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلمىغان ۋە ئۇنىڭ خەلىپىلىكىگە ھەممە بىردەك رازى ئىكەنلىكىنى ھەممە بىر ئاۋازدا سۆزلىگەن. ئاندىن ئۇ سۆزىگە داۋام قىلىپ: «ئەي خالايىق! ئاللاھقا ئىتائەت قىلمىغان كىشىگە بويسۇنۇشقا بولمايدۇ. مەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان مۇددەتچە ماڭا بويسۇنۇڭلار، ئەگەر مەن ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلسام ماڭا بويسۇنۇش يوق» دېگەن. ئەمما دىن دۆلەتتە دۆلەت باشلىقى خەلقنىڭ ئەمەس، ئاللاھنىڭ ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئېيتقان ھەر بىر سۆز دىن ۋە قانۇن ھېسابلىنىدۇ.

## مۇسۇلمانلاردا سىياسىي ئىستىبدات دەۋرىنىڭ باشلىنىشى

مۇسۇلمانلارنىڭ ئاۋۋالقى تۆت خەلىپىنىڭ زامانىدىن كېيىنكى ئۇزۇن يىللىق تارىخىي جەريانىدا كەتكۈزۈپ قويغان ئەڭ مۇھىم نەرسىسى ۋە ئەڭ چوڭ خاتالىقى ئىسلام دىنىنىڭ كېڭەش ۋە ئەركىن سايلام پرىنسىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقى ئىدى.

ئۆلگىلىك خەلىپىلەر[1] دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، بىر قانچە

---

توپلاشقا تىرىشماسلىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان بولۇپ، زامانىسىدىكى كۆپلىگەن ئۆلىمالارنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئۆلگىلىك خەلىپىلەر سانالغانلىقتىن، خۇلافائۇرراشىدۇن ـ ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى قاتارلىق ئۆلگىلىك خەلىپىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز 101ـ ھىجرىيە (720م) ھازىرقى سۈرىيىنىڭ ھەلەب شەھىرىگە يېقىن دىر سەمئان دېگەن يېرىدە ۋاپات بولۇپ، شۇ جايغا دەپنە قىلىنغان. ئىشەنچلىك رىۋايەتلەرگە كۆرە، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز قول ئاستىدىكى ۋالىيلاردىن بىرىنىڭ زەھەر بېرىشى بىلەن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

(1) ئۆلگىلىك خەلىپىلەر ـ خۇلەفائۇرراشىدۇن ـ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئوسمان ئىبنى ئائففان ۋە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب قاتارلىق ئاۋۋالقى 4 چوڭ خەلىپىنى كۆرسىتىدۇ.

كىشىنىڭ خاتالىقى سەۋەبلىك، كېڭەش ۋە سايلام بويىچە ئىش كۆرىدىغان ئۆلگىلىك «ئىسلام خەلىپىلىكى» ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان ئىمپېراتورلۇق تۈزۈمگە ئايلىنىپ قالغان[1]. ئەينى ۋاقىتتىكى ساھابىلەر بۇ ئىشقا قارشى چىققان ۋە قەتئىي رازى بولمىغان. ھەتتا بەزى ساھابىلەر بۇ تۈزۈمنى قەدىمكى ئىرانلىقلارنىڭ ئاتىدىن بالىغا قالىدىغان تەخت مىراسخورلىقى تۈزۈمگە ئوخشىتىپ «كىسرالىق تۈزۈمى» دەپ ئاتىغان[2].

## ئىسلام دۆلىتى باشقا دىنلارنى چەتكە قاقمايدۇ

ئىسلام دۆلىتى ئۇزۇن ئەسىرلىك ئىنسانىيەت تارىخىدا باشقا دىنلارنىمۇ ئېتىراپ قىلىپ، ھەر بىر دىنىنىڭ ئەھلىگە ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى بەرگەن تۇنجى دۆلەتتۇر. شۇڭا 14 ئەسىرلىك ئىسلام تارىخى جەريانىدا، ئىسلام دىنى بىرەر دىنغا ياكى شۇ دىنىنىڭ ئەھلىگە قارشى ئۇرۇش ئاچقىنى يوق. بۇنىڭغا باشقا دىنلارغا مەنسۇپ ئالىملارمۇ گۇۋاھتۇر. مۇسۇلمانلار پەقەت ئىسلام دەۋىتىگە قارشى چىقىپ، خەلقنى ھەق دىنىنىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلاش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلغان، ئىسلام دەۋىتىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن بارغان ئەلچىلەرنى ئۆلتۈرىۋەتكەن ۋە ئىسلام دۆلىتىگە تەھدىت سالغان مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىدىكى خەلقنى باشلىقلىرىغا چوقۇنۇشنىڭ

---

(1) ئەھلى سۈننە مەزھىبىدە، ساھابىلارغا تىل ئۇزىتىشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن ئومۇمەن ئۆلگىلىك كىشىلەردۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ بەزىسىدىن سادىر بولغان نالايىق ئىشلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بەزىبىر زىددىيەتلەرنى ئۇلارنىڭ "ئىجتىھادىتىكى خاتالىق"ى دەپ تونۇيمىز. بۇنىڭغا پۈتۈن ئەھلى سۈننە ئۆلىمالىرى بىردەك ئىتتىپاقتۇر.

(2) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «فقه الدولة في الإسلام» ( ئىسلامدا دۆلەت چۈشەنچىسى) ناملىق ئەسىرى 144۔ بەت.

خارلىقــدىن ئـــازاد قىلىـــپ، بىــر ئـــاللاھقىلا ئىبـــادەت قىلىـــدىغان، ئىنسـانلاردىن قورقمايـدىغان ئەزىزلىققا ئىلىـپ چىققـان. چۈنكى ئىسـلام دىنـى ئالەمشـۇمۇل بىـر دىــن. ئۇنىــڭ دەۋىتــى يەر يۈزىــدىكى پۈتــۈن ئىنسـانىيەتكە قارىتىلغـان. مـۇھەممەد ئەلەيھىسســالام ئىسـلام دىنىنــى بارلىق ئىنسان ئەۋلادىغا يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى ئۈستىگە يۈكلەنگەن بىـر پەيغەمبەر ئىـدى. ئۇنىـڭ ھەر قايسى پادىشاھلارغا ئىسلام ئەلچىلىرىنـى تۇرماسـتىن ئەۋەتىــپ، ئـۇلارنى چىـرايلىقچە سـۆھبەت، ئىبسـىل ئـۈلگە ۋە ئەدەپلىــك سـۆزلەر بىــلەن ئىسـلامغا دەۋەت قىلغـانلىقمۇ بـۇ سـەۋەبتىن ئىدى.

ئەممـا باشــقا دىنلارنىــڭ ئىگىلىــرى، ھەتتــا ســاماۋىي دىنلارنىــڭ كــاتتىلىرىمۇ باشــقىلارنىڭ دىنىنــى يــاكى ئـــۇلارنى ئىبتــراپ قىلىـــش دىگەنــــى تىخــــى يىقــــنغىچە بىلمەيتتــــى. مىلادىيــــدىن بـــۇرۇنقى بۇختەنەسســـەر قوشـــۇنلىرىنىڭ پەلەســـتىندىكى يەھۇدىيلارنىـــــڭ ئۆلىمــالىرىنى ۋە ئىشــقا يارايــدىغان ئــادەملىرىنى قىرىـــپ تۈگىتىـــپ، ئىبادەتگاھلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، قالغـان پـۇقرالىرىنى بابىلغـا ئەسىـر قىلىــپ ئىلىــپ كەتكەنلىكــى، مىلادىــيە 3- ئەســرگىچىلىك (ئىمپىراتــور كونستانتىيىن خىرىستىيان دىنىنى قوبـۇل قىلغانغـا قەدەر) رىملىقلارنىـڭ خىرىستىيانلارنى بۇددىستلىققا زورلىغـانلىقى ۋە مـۇتلەق كـۆپ سـانلىقىنى قىرىــــپ تاشــــلىغانلىقى، 14- ئەســــرنىڭ ئاخىرلىرىــــدا، ئىســــپانىيىدە خىرىستىيان چىركاۋلىرى قۇرغان «تەپتىش مەھكىملىـرى»نىـڭ ياۋروپـا بۇددىستلىرىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتـۈرگەنلىكى ۋە يىقىنقى ئەسىرلەردە باشقا دىندىكىلەر قوزغىغان دىنىي ئۇرۇشلار بۇنىڭ مىسالىدۇر.

مۇســـۇلمانلار ئـــاللاھ تائالانىـــڭ﴿ وَلَا تَسُبُّوا الَّذِينَ يَدْعُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ

﴿يەنــى ﴿ئــاللاھتىن باشقىســىغا چوقۇنــدىغانلارنىڭ ئىلاھلىرىنــى سۆكمەڭلار﴾[1] دېگەن ئەمرى بويىچە ئىش كۆرگەنلىكتىن، ھېچقانداق بىر دىنىنى ياكى ئۇنىڭ ئەھلىنى خورلىغان ياكى سۆككەن ئەمەس. ئەمما باتىل دىنلارنىڭ باتىللىقىنى ئىلمىي يوسۇندا بايان قىلىش باشقا مەسىلە. مۇسۇلمانلار قەدىمدىن بىرى مۇشۇنداق ئېسىل پىرىنسىپلار دائىرىسىدە ئىش ئېلىپ بارغان تۇرۇقلۇق، ياۋروپانىڭ بەزى دۆلەتلىرىدىكى بۇزغۇنچىلارنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ ماقامىغا ۋە شەنىگە تىل ئۇزىتىپ، ھەجۋى رەسىملارنى سىزىشى ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقانلىق ئەمەسمۇ؟! مۇسۇلمانلار قايسىبىر دىنىنىڭ ئىلاھلىرىنى ياكى مۇقەددەس بىلىدىغان شەخسلىرىنى سۆككەن؟

دىنلارنى ۋە دىنىي مۇقەددەسلەرنى قانۇنلۇق ھالدا قوغداش پىكرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تېخى ئەمدىلا مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان بولسا، ئىسلام دىنى مۇندىن 14 ئەسىر ئىلگىرىكى چاغلاردىلا «دىنلارنى ۋە ئۇ دىنلارغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى كەمستمەسلىك، ھەر بىر دىن ئەھلىگە ئۆز دىنىنى ساقلاپ قېلىش ۋە خالىغان دىنغا ئەركىن ئېتىقاد قىلىش» ھۆرىيىتىنى يۇقىرىقى «مەدىنە دەستۇرى»نىڭ ماددىيلىرى ئىچىدە ئېلان قىلىپ، ئۇنى رەسمىي ئەمەلىيلەشتۈرگەن ئىدى.

ئىسلام دۆلىتى يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلاردىن ئىبارەت ساماۋىي دىنغا مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ دىنلىرىنى ئېتىراپ قىلىپلا قالماستىن، مەجۇسىيلەرنىڭ دىنىنىمۇ ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلارغا ئەھلى كىتابقا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشنى بەلگىلىگەن.

(1) ئەنئام سۈرىسى 108- ئايەت.

## ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى

ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئۆزى بولۇپ، قۇرئان كەرىم بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە مۇجەسسەم بولغان ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، مۇئامىلە، كىشىلىك ۋە كوللېكتىپ ئالاقىلار، دۆلەت تۈزۈمى، دۆلەتنىڭ تاشقى ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، مۇئامىلىسى، جىنايى ئىشلار قانۇنى قاتارلىق بىر يۈرۈش قائىدە ـ تەرتىپلەرنى ۋە نىزاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىسلام دۆلىتى پوپلار باشقۇرىدىغان دىن دۆلىتىگە ياكى ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان ئىمپېراتورلۇق دۆلىتىگە ياكى «دىن بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا ئارىلاشمىسۇن» دەيدىغان سېكۇلارىزىم دۆلىتىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ھەقىقىي ئىسلام دۆلىتى ـ ئاللاھنىڭ بەلگىلىگەنلىرى ھۆكۈم سۈرىدىغان، باشلىقلىرى خەلق تەرىپىدىن ئەركىن سايلىنىدىغان خەلق دۆلىتىدۇر[1].

مۇندىن ئون تۆت ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە قۇرۇلغان ئىسلام دۆلىتى ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم ھەقىقىي مەنىدىكى دېموكراتىيىنىڭ ئۈلىنى تۇرغۇزغان ۋە ئەمەلدە تەتبىقلاپ كۆرسەتكەن، شۇنداقلا ھازىرقى دېموكراتىيەلەرنىمۇ ئىلگىرىلەپ كەتكەن ئىدى. مىسىرلىق مەشھۇر مۇتەپەككۇر دوكتور شاۋقى مىسىرنىڭ «ئەل ۋەفد» گېزىتىنىڭ 1986ـ يىلى 11ـ سىنتەبىر سانىدا ئېلان قىلغان بىر ماقالىسىدا مۇنداق دېگەن: «ھەقىقىي ئىسلام ھازىرقى دېموكراتىيە دەستۇرلىرىدىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە. بۇنى مۇنداق

(1) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «فقه الدولة في الإسلام» (ئىسلامدا دۆلەت چۈشەنچىسى) ناملىق ئەسىرىنىڭ 30ـ بېتىدىن.

ئىككى جەھەتتىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ:

(1) شەرىئەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق پرىنسىپى ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قانۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق پرىنسىپىدىن ئۈستۈندۇر. چۈنكى دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار دېموكراتىيە قانۇنلىرىنى لايىھىلىگۈچى ئورگانلارمۇ- مەيلى ئۇلار پارلامېنت بولسۇن، مەيلى دۆلەت رەئىسى بولسۇن، مەيلى باشقا قايسىبىر تەرەپ بولسۇن ـ قانۇن چىقىرىشتا قەيتسىز ۋە شەرتسىز ئورگانلار بولۇپ، ئۆزلىرى قانۇن چىقارغۇچىلار بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ سالاھىيتى چەكسىز بولىدۇ. شۇڭا قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى قانۇندىن خالىغان ماددىيلارنى ئېلىپ تاشلاپ، خالىغانلىرىنى كىرگۈزەلەيدۇ. ئەمما ئىسلامدا شەرىئەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دۆلەتنىڭ پۈتۈن ئورگانلىرىنى، ھەتتا قانۇن چىقارغۇچى ئورگانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن، ھېچكىم شەرىئەتنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ياكى ئۆزگەرتىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس. (چۈنكى ئاللاھنىڭ تۈزگەن قانۇنى ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا يارايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئەمما يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە ھۆكۈمى بەلگىلەنمىگەن مەسىلىلەردە، قانۇنشۇناسلار ئىجتىھاد يولى بىلەن ئىش كۆرىدۇ.)

(2) ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن چىقىرىش ۋە يۈرگۈزۈش ئورگانلىرىغا دۆلەتنىڭ كونتروللىقىدىن مۇستەقىل ھالدا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى بېرىش پرىنسىپى ھازىرقى ئەڭ ئىلغار دېموكراتىيە قانۇنلىرىدىمۇ تېپىلمايدۇ. شۇڭا قەدىمكى ۋە ھازىرقى بارلىق قانۇن كىتابلىرىدىكى «قانۇن دۆلەتنىڭ خاھىشىنى ئىپادىلەيدۇ» دەيدىغان سۆز ئىسلامدا قەتئىي مەۋجۇت ئەمەس.

ھازىرقى دېموكراتىيە قانۇنلىرىنىڭ پىكىر، ئېتىقاد ۋە تەشۋىقات ئەركىنلىكىدىن باشلاپ كۆپلىگەن ئىشلاردا ئىنسانلارنىڭ ھۆررىيىتىگە كاپالەت قىلغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ»[1].

(1) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «فقه الدولة في الإسلام» ( ئىسلامدا دۆلەت چۈشەنچىسى) ناملىق ئەسىرىنىڭ38-39- بەتلىرىدىن.

# ئىسلام ۋە دېموكراتىيە

دېموكراتىيە- گرېك تىلىدىكى: DEMOS (يەنى خەلق) ۋە KRATIA( يەنى ھۆكۈم) دېگەن ئىككى سۆزدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، « خەلق ھاكىمىيتى» ياكى«خەلق ھۆكۈمرانلىقى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

« ھەقىقىي دېموكراتىيەنى ئاكادېمىيىلىك ئاتالغۇلارغا ھاجەت بولماستىن، ئاددىي تىل بىلەن ئىپادىلىگەندە، دېموكراتىيە ـ خەلق ئۆزلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى ئۆزلىرى تاللاپ چىقىشى، ئۇلار ياقتۇرمايدىغان بىرىنىڭ ئۇلارغا مۇسەللەت بولىۋالماسلىقى، ئۇلار قوبۇل قىلالمايدىغان قانۇن ـ پىرىنسىپلارنى ئۇلارغا تاڭماسلىقى، پۇقرالارنىڭ باشلىقلىرىدىن ھېساب ئېلىش، خاتالاشسا ئۇلارغا قارشى چىقىش ھوقۇقى بولۇشى دېگەنلىكتۇر. مانا بۇ، دېموكراتىيەنىڭ جەۋھىرىدۇر. مانا مۇشۇ ھەقىقىي دېموكراتىيە جەۋھىرىنى ئىنسانلار ئەركىن سايلام، خەلق رايىنى سوراش، كۆپ سانلىقنىڭ رايى بويىچە ئىش كۆرۈش، جامائەت پىكرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن پارتىيەلەرنى قۇرۇش، ئاز سانلىقنىڭ ھەققىنى قوغداش، تەشۋىقات ۋە پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى، مەھكىمىنىڭ مۇستەقىللىقى دېگەنگە ئوخشىغان ھەر خىل ئاتالغۇلارنى ۋە ئۇسۇل، چارىلەرنى قوللىنىپ كەلدى.

مۇشۇ مەنىدىكى دېموكراتىيە ئىسلامغا زىت كېلەمدۇ؟ بۇنى قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ قايسى دەلىلى رەت قىلىدۇ؟

دېموكراتىيىنى يۇقىرىقى تەرىپى بويىچە چۈشەنگەن كىشىلەرگە ئايانكى، ھەقىقىي مەنىدىكى دېموكراتىيە ئىسلام دىنىنىڭ

ئىجادىيىتىــدۇر! تــارىختىن بۇيــانقى مۇســتەبىت ھاكىممۇتلەقلەرنىــڭ تۈرلــۈك زۇلۇملىرىــدىن قۇتۇلۇشــنىڭ يــوللىرىنى ئىــزدەش، ھاياتلىقنىــڭ ئۆزۈن ئەسىرلىك تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىش نەتىجىسىدە، ئىنسانلار تېخى يېقىنقى يىللاردىن بىرى ئوتتۇرىغا چىقارغان دېموكراتىيە تۈزۈمى ئىسلام دىنى ئون تۆت ئەسىر ئىلگىرى تۈنجى قېتىم قارار قىلغان ھەق ـ ھوقۇقلارنىڭ بىر قىسمىدۇر. مەسىلەن: ئىسلام دىنىدا دۆلەت باشلىقىنى پەيغەمبەر تەيىنلەپ بەرمەيدۇ، بەلكى ئۇنى خەلق ئۆزى سايلاپ چىقىدۇ. ئىسلام دىنى جامائەت ياقتۇرمايدىغان بىرىنىڭ ئۇلارغا نامازدا ئىمام بولۇشىنى يامان كۆرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «ئۈچ خىل ئادەمنىڭ ئوقۇغان نامىزى قوبۇل بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى جامائەت ياقتۇرمايدىغان ئىمام...»(1) نامازدىكى ئەھۋال شۇنداق بولغان يەردە، پۈتۈن ھاياتلىق ۋە بارلىق سىياسەت ئىشلىرىدا ئەھۋال قانداق بولۇشى كېرەك؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى باشلىقلىرىڭلار سىلەر ياقتۇرىدىغان ۋە ئۇلارمۇ سىلەرنى ياقتۇرىدىغان، سىلەر ئۇلارغا ياخشى تىلەكلەرنى تىلەيدىغان، ئۇلارمۇ سىلەرگە ياخشى تىلەكلەرنى تىلەيدىغان كىشىلىرىڭلاردۇر. سىلەرنىڭ ئەڭ يامان باشلىقلىرىڭلار سىلەر ياقتۇرمايدىغان، ئۇلارمۇ سىلەرنى ياقتۇرمايدىغان، سىلەر ئۇلارغا لەنەت ئوقۇيدىغان، ئۇلارمۇ سىلەرگە لەنەت ئوقۇيدىغان كىشىلىرىڭلاردۇر»(2)

«ئىسلام قانۇنشۇناسلىرىغا كۆرە، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ساماۋى دىنلارنىڭ شەرىئەت قانۇنلىرىدا كەلگەن پىرىنسىپلار ۋە ئاساسلىق مەسىلىلەر ئىنسانلار ئىدراك قىلالايدىغان، چۈشىنىپ قوبۇل

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

قىلالايدىغان ۋە ھەممە بىردەك قوللايدىغان ئىشلاردۇر، مەسىلەن: ئۇلارنىڭ ئادالەتنى، ھەققانىيەتنى ياقتۇرۇپ، ھەقسىزلىقنى ۋە زۇلۇمنى يامان كۆرگىنىگە، ۋاپادارلىقنى ياقتۇرۇپ، خىيانەتنى يامان كۆرگىنىگە ئوخشاش. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، دېموكراتىيە تۈزۈمىنىڭ پىرىنسىپلىرىدىن بولغان خەلقنىڭ ئۆزلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى ئۆزلىرى تاللاش ھەققى، ئەركىن سايلام، كۆپ سانلىقنىڭ رايى بويىچە ئىش كۆرۈش، كۆپ پارتىيە قۇرۇش، ئاز سانلىقنىڭ ھەققىنى قوغداش، تەشۋىقات ۋە پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى، خەلق مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمەتتىن مۇستەقىل بولۇش ھەققى قاتارلىقلارمۇ ئىنسانلار قوبۇل قىلىدىغان ۋە قوللايدىغان ئىشلاردۇر.

**دېموكراتىيە تۈزۈمى توغرۇلۇق پىكرىي-قاراشلار**

«بەزى ئۆلىمالار ۋە بەزى ئىسلامىي پىرقىلەر دېموكراتىيەنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پەقەت بىرلا سەۋەب بىلەن رەت قىلىنىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئىسلامدا دېموكراتىيەدىن بىھاجەت قىلىدىغان«شۇرا» (كېڭەش)نىڭ بولغانلىقىدۇر. شۇڭا ئۇلار دەيدۇكى، ئىسلامدىكى «شۇرا» كاپىرلار ئىجاد قىلغان دېموكراتىيەدىن ئەۋزەلدۇر. ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ دەيمىزكى، ئىسلامدىكى«شۇرا» دىنىنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا ئۇ ئاساسلىق پىرىنسىپتۇر، بەس. ئەمما ئۇنى قايسى شەكىلدە ۋە قانداق تەرتىپ بىلەن ئېلىپ بېرىش ئىشى ئىسلام قانۇنشۇناسلىرىنىڭ ئىجتىھادىغا ۋە تەجرىبىلەرگە تاپشۇرۇلغاندۇر. ھازىر ئالدىمىزدا دېموكراتىيە تەجرىبىسىدىن ئىبارەت چوڭ بىر بايلىق تۇرۇپتۇ. بىز ئۇنىڭدىن تاللاپ ئېلىپ پايدىلانساق بولدى ئەمەسمۇ؟

شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، ئىسلام دىنى ئەقىدە، ئىبادەت،

ئەخلاق، مۇئامىلە ۋە ھالال-ھارام قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ئەھكاملىرىنى ۋە قائىدە-تۈزۈملىرىنى ئېنىق قىلىپ بەلگىلەپ بەرگەن. ئەمما سىياسەت ئۈچۈن ئومۇمىي پىرىنسىپلارنى ۋە ئاساسىي قائىدىلەرنى بەلگىلىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا مۇئەييەن بىرەر تۈزۈم بەلگىلەپ بەرگەن ئەمەس. »[1]

«بەزى مۇسۇلمان قېرىنداشلار دېموكراتىيە دېگەن خەلق ھۆكۈمرانلىقى دېگەن مەنىدە بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ھاكىمىيىتىنى خەلققە ئېلىپ بەرگەنلىك بولىدۇ ۋە قۇرئان كەرىمدىكى(ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقىلا ئائىتتۇر)[2]دېگەن پىرىنسىپقا زىت كېلىدۇ، دەيدۇ. بىز دەيمىزكى، بۇ ھەرگىز زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى دېموكراتىيەگە چاقىرغۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ ھاكىمىيىتىنى رەت قىلىشنى مەقسەت قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ چاقىرىدىغىنى پەقەت دىكتاتورلۇق تۈزۈمگە قارشى چىقىش، خەلقنىڭ يەللىسىگە مىنىۋالغان مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرنى رەت قىلىپ، خەلق ئۆزىنىڭ باشلىقلىرى ئۆزلىرى ئەركىن سايلاپ چىقىدىغان ۋە ئەگەر ئۇلار قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا، ئۇلاردىن ھېساب ئالىدىغان بىر تۈزۈم بويىچە ئىش كۆرۈشنى خالايدۇ، بەس. بۇ تۈزۈم زامانىمىزدا دېموكراتىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، قۇرئان كەرىمدىكى ﴿ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقىلا ئائىتتۇر﴾يەنى ھاكىمىيەت ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، ھۆكۈم چىقىرىش، بەلگىلەش پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدۇر، دېگەن ئايەت ئىسلام پىرىنسىپلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىقى بولۇپ، پۈتۈن ئىسلام

(1) دوكتور ئەھمەد رىسۇنىنىڭ«الفكرالإسلامي» (ئىسلام نەزىرىيەسى)ناملىق ئەسىرى92-بەت.

(2) يۇسۇف سۈرىسى40-ئايەت.

ئۆلىمالىرى « ھاكىمىيەت ئاللاھ تائالاغا خاس، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسىدۇر، بۇيرۇغۇچى، توسقۇچى ۋە ھالال-ھارامنى بەلگىلىگۈچى پەقەت ئاللاھ تائالادۇر»دېگەن پىرىنسىپقا بىردەك ئىتتىپاقتۇر.

ئۆز ۋاقتىدىكى خاۋارىجلارمۇ « ھاكىمىيەت پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا خاستۇر»دېگەن پىرىنسىپنى چۈشەنمەستىن، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشلارنى ھەل قىلىشتا ئىش ئۈستىدىكىلەرنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ئىشىنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلغان. ھالبۇكى، قۇرئان كەرىمدە ئارىسى بۇزۇلغانلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دەۋاسىنى سوراپ تېگىشلىك ھۆكۈم چىقىرىشقا بۇيرۇغان ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپ. خۇسۇسەن ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدا چىققان دەۋا ئىشلىرىدا مۇسۇلمان ئىش ئۈستىدىكىلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشى توغرىسىدا كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلارمۇ كۆپ. شۇڭا تۆتىنچى خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خاۋارىجلارغا رەددىيە بەرگەن سۆزىدە: «ئۇلارنىڭ "ھاكىمىيەت پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا خاستۇر" دېگەن سۆزى ئەلۋەتتە ھەق سۆزدۇر. ئەمما ئۇلار بۇ سۆز ئارقىلىق باتىلنى مەقسەت قىلغان»دېگەن.

ئاللاھ تائالانىڭ خەلقى ئۈستىدىكى ھاكىمىيىتى ھەق ۋە راستتۇر. بۇ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1. ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى ھاكىمىيىتى بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭ كائىناتتىكى تەسەررۇپلىرى، تەقدىر قىلىشى ۋە ئىرادە قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كائىناتتا ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە تەقدىرى بىلەن بولىدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى ئۈچۈن قانۇن تۈرغۇزۇشتىكى ھاكىمىيتى بولۇپ، دىنىنىڭ بۇيرۇغان ۋە توسقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھېچقانداق بىر دېموكراتچى مۇسۇلمان يۇقىرىقى بۇ ئىككى تۈرلۈك ھاكىمىيىتىنىڭ ئاللاھ تائالاغا خاس ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايدۇ. ئۇ دېموكراتىيەنى پەقەت ئىسلام پىرىنسىپلىرى ئىچىدىكى باشلىق سايلاش، شۇرانى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ھەقسىزلىققا قارشى تۇرۇش قاتارلىق ئاساسلىق ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا چارە-تەدبىر ئورنىدىلا قوللىنىدۇ، بەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە دېموكراتىيە تۈزۈمى بىلەن كېتىپ بېرىۋاتقان ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا:« دۆلەت دىنى ئىسلام، جىمى قانۇنلارنىڭ مەنبەسى ئىسلام شەرىئىتىدۇر» دەپ قەيت قىلىنغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىق ۋە ئۇنى تەكىتلىگەنلىك ئەمەسمۇ؟»[1]

مىسىرلىق ئاتاغلىق يازغۇچى ۋە ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئۇستاز ئابباس ئاققاد ھازىرقى دېموكراتىيە تۈزۈمىنىڭ جەۋھىرى ئىسلام دىنىدىن كەلگەنلىكىنى دەلىللەپ «ئىسلام دېموكراتىيىسى»ناملىق بىر كىتاب يازغان. دېمەك، ھەقىقىي مەنىدىكى دېموكراتىيە ئىسلامنىڭ روھىغا مۇۋاپىقلىشىدۇ[2].

ھازىرقى دۇنيادا مۇسۇلمانلار ھەممىلا جايدا ئېزىلمەكتە ۋە ھەق-

(1) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «فتاوى معاصرة» (ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى)ناملىق ئەسىرى، 3-توم 645~ 646 -بەتلەر.

(2) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ « فتاوى معاصرة » (ھازىرقى زامان پەتىۋالىرى)ناملىق ئەسىرى، 3-توم 637~ 638 -بەتلەر.

ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىنماقتا. ئۇلار پەقەت دېموكراتىيە سايىسىدا ئۆزلىرىنىڭ بەزى ھەق-ھوقۇقلىرىغا ۋە ئىنسانىي ھۆرمىتىگە ئىگە بولماقتا. مەسىلەن: ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ئاۋۇستىرالىيە قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلار شۇ دۆلەتلەردىكى دېموكراتىيە سايىسىدىلا ئۆزلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى ئەركىن، ئازادە ئېلىپ بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشمەكتە. تۈركىيە باش مىنىستىرى رەجەب تايىپ ئەردۇغانمۇ شۇ دېموكراتىيە سايىسىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ تۈركىيەنى يېڭى بىر دەۋرگە ئېلىپ كىرمەكتە. ئەجەبلىنىمەنكى، نېمە سەۋەبتىن بىزنىڭ بىر قىسىم دىنىي قېرىنداشلىرىمىز دېموكراتىيەنى بۇنچىلىك يامان كۆرىدىغاندۇ؟

كاشكى زامانىمىزدا ئىسلام ھاكىمىيىتى مەۋجۇت بولسا ئىدى، باشقا تۈزۈمگە ھاجەت قالمىغان بولاتتى. ئەمدى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىقىدىغان زامان كەلگۈچىلىك ئۇلار پايدىلىنىدىغان ئەڭ ياخشى تۈزۈم دېموكراتىيە ئىكەنلىكىدە شەك يوق. دېموكراتىيە كوممۇنىست تۈزۈمىدىن ۋە تەخت ۋارىسلىق تۈزۈمىدىنمۇ يامانمىدۇ؟

شۇنىمۇ ئەسكەرتىش لازىمكى، ھازىرقى زاماندا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دۆلەتلەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان«دېموكراتىيە»لەرنىڭ ھەممىسىلا ھەقىقىي دېموكراتىيەگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ تولىسى قۇرۇق شۇئار بولۇپ، مۇستەبىت، ھاكىمۇتلەقلىق ۋە تەخت ۋارىسلىق تۈزۈملەرمۇ ئەنە شۇ چىرايلىق «دېموكراتىيە»شۇئارى ئاستىدا داۋام قىلماقتا. مۇنداقلارنىڭ تولىسى ئۆزلىرىنى تېخى«دېموكراتىك دۆلەت» ۋە «دېموكراتىيەنىڭ پاسىبانى» دەپ ئاتىۋالىدۇ. ئەمما ئۇلاردا دېموكراتىيەنىڭ ئەسىرىنىمۇ كۆرگىلى

بولمايدۇ. ئۇلاردا سايلانغان رەئىس جۇمھۇرلارمۇ ئۆمۈر بويى سايلىنىدۇ، ئۇلار تەختنى پەقەت ئۆلۈم ياكى ئۆرۈلۈش بىلەنلا بوشىتىدۇ. ئىشنىڭ قىزىق يېرى، بەزى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرمۇ ئۆزلىرىنى دېموكراتىك دۆلەت دەپ ئاتىۋالىدۇ، خەلق دۆلىتى دەيدۇ-يۇ، خەلققە ھېچ نەرسە بەرمەيدۇ، ھەتتا ئۇلاردا مەسئۇللىرىنى سايلاش ھوقۇقىمۇ بولمايدۇ.

# ئىسلام ۋە مىللەتچىلىك

بىز ھەممىمىز مۇسۇلمانلىق سۈپىتىمىز بىلەن چوڭ بىر ئىسلام ئائىلىسىگە مەنسۇپمىز. بىزنىڭ بۇ ئائىلىمىز «ئۈممەت»دەپ ئاتىلىدۇ. بىز شۇ ئۈممەت بىلەن پەخىرلىنىمىز ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بىزنى شۇ ئۈممەتنىڭ قاتارىدىن قىلغانلىقىغا مىڭلاپ شۈكۈر ئېيتىمىز. چۈنكى بىز مۇشۇ ئۈممەت سايىسىدا ئىنسانلارغا قوچىلىق قىلىشنىڭ، ھەر خىل تەبىئەت كۈچلىرىگە چوقۇنۇشنىڭ خارلىقىدىن قۇتۇلۇپ، ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىشتەك شەرەپكە ۋە ئەزىزلىققا ئېرىشتۇق. بۇ ئورۇندا ئىككىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ:« بىز ئىسلام بىلەن ئىززەت تاپقان بىر قەۋممىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىسلامدىن باشقىسىنى تىلەمەكچى بولساق، چوقۇم خارلىققا مەھكۇم بولىمىز»دېگەن مەشھۇر سۆزى يېتەرلىك.

شۇنداقتىمۇ ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز قەۋمى ۋە ئۆز مىللىتىنى باشقىلاردىن بەكرەك سۆيۈشىنى، ياردەمنى ئەڭ ئاۋۋال شۇلارغا قىلىشنى ۋە ھەممىدىن ئاۋۋال شۇلارنىڭ غېمىنى يېيىشىنى توسمايدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە ۋە مەنپەئىتىگە تامامەن ئۇيغۇن بىر دىندۇر. ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىدىكى ئۆز مىللىتىگە بولغان سۆيگۈ ـــ مۇھەببەتنى ئۇلارنىڭ قەلبىگە سالغان زاتمۇ ئاللاھ تائالادۇر. بۇنداق بولغان ئىكەن، ھەقلىق رەۋىشتە ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش، ئۆز مىللىتىنىڭ غېمىنى يېيىش ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش تامامەن جائىزدۇر، ھەتتا بەزى شارائىتلاردا زۆرۈردۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:﴿ وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا﴾يەنى﴿ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن

ۋە ئۆزۈڭمۇ ئۇنىڭغا چىداملىق بولغىن﴾[1] ۋە ﴿وَأَنْذِرْ عَشِيرَتَكَ الْأَقْرَبِينَ﴾يەنى ﴿يېقىن تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن﴾[2] دېگەن ئەمرلىرىدە ياخشىلىقنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆز يېقىنلىرىدىن باشلاشقا بۇيرۇغان. بىر مىللەتنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرى ئۇنىڭ ئۆز ئەھلى ۋە ئۆز مىللىتىدۇر. بۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ.

«ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى بىر ئاتا ۋە بىر ئانىدىن ياراتقاندىن كېيىن ئۆز ھېكمىتى بىلەن ئۇلارنى ھەرخىل قەبىلە، ھەرخىل مىللەت قىلىپ يەر شارىغا تارقاتتى.﴿ يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُمْ مِنْ ذَكَرٍ وَأُنْثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا﴾يەنى ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن (ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە قەبىلە قىلدۇق﴾[3] شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە ئۆز قەۋمىنى ـ ئۆز مىللىتىنى سۆيىدىغان تۇيغۇ يەرلەشتۈردى. شۇ سەۋەبتىن ھەربىر مىللەت ۋە ھەربىر قەۋم ئۆز مىللىتىنى سۆيىدۇ ۋە باشقىلاردىن كۆرە ئۆز قەۋمىنى ئۆزىگە يېقىن ھېس قىلىدۇ. مىللىتىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئەيىبلىنىشىگە، كەمسىتىلىشىگە ۋە بوزەك قىلىنىشىغا چىداپ تۇرالمايدۇ. بۇ ھېس ـ تۇيغۇ پۈتكۈل ئىنسانلاردا مەۋجۇت بولغان ئورتاق بىر نەرسە بولۇپ، ئۇنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىپقا چىققاندا مۇشرىكلاردىن شۇنداق چىدىغۇسىز ئەزىيەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالاغا دەردىنى ئېيتىپ دۇئا

(1) تاھا سۈرىسى132ـئايەت.
(2) شۇئەرا سۈرىسى214ـئايەت.
(3) ھۇجۇرات سۈرىسى 13ـ ئايەت

قىلغانـدا، ئـاللاھ تائـالا تاغقـا مـۇئەككەل پەرىشتىنى ئەۋەتـكەن. پەرىشـتە كېلىــپ ئىككــى تــاغنى مۇشــرىكلارنىڭ ئۈســتىگە تاشــلايمۇ دېگەنــدە، پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالام «يــاق، چــۈنكى مېنىــڭ قەۋمــم بىلمەيــدۇ» دېـــگەن. مانـــا بـــۇ پەيغەمـــبەر ئەلەيهىســـسالامنىڭ ئـــۆز قەۋمىنـــى سۆيىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

يەنە ســاھابە كـــراملاردىن تۇفەيـــل ئەددوســـى دېـــگەن كىشـــى مۇسۇلمان بولغانـدا قەۋمـى ئـۇنى ناھـايىتى قـاتتىق ئـۇرۇپ قېيىنغـان، بـۇ ئەھـۋالنى كـۆرگەن پەيغەمـبەر ئەلەيهىسسـالام دۇئاغـا قـول كۆتۈرگەنـدە، ساھابىلەر دەۋس قەبىلىسـى ھـالاك بولـدى، دېيىشـكەن. تۇفەيـل مۇنـداق دەيدۇ: «مەن ئـۇ ۋاقىتتـا قەۋمىمنىـڭ ھـالاك بولىشـىدىن قـاتتىق قورقـۇپ كەتـكەن ئىـدىم. ئەممـا پەيغەمـبەر ئەلەيهىسسـالام قەۋمىمنىـڭ ھىـدايىتى ئۈچۈن دۇئا قىلغان ئىـكەن.» بۇمۇ تۇفەيلنىـڭ ئـۆز قەۋمىنـى قانچىلىـك سـۆيىدىغانلىقىنى كۆرســىتىدۇ. لېكىن ھەر قانــداق نەرســىنىڭ چەك - چېگرىسى بولغانـدەك، مىلـلەت ۋە قەۋم سۆيگۈسـىنىڭمۇ چەك - چېگرىسـى بولۇشــى لازىــم. ئەممــا ئىنســانلار بــۇ چەك چېگرىنــى ئايرىيالمىســا، ئــۆز مىللىتىنــى ھەممىــدىن ئۈســتۈن دەپ دەۋا قىلىــپ، باشــقا مىللەتلەرنــى كۆزگە ئىلماستەك، كەمسىتىشتەك يامان ئادەت مەيـدانغا كېلىـدۇ. بۇنىـڭ نەتىجىســـىدە، ئىنســـانلار قەبىلىۋازلىـــق قىلىـــپ بىـــر - بىـــرى بىـــلەن ئۇرۇشــىدىغان، ھەق - نــاھەق بولۇشــىغا قارىماســتىن قــارىغۇلارچە ئــۆز مىللىتىنىڭ تەرىپىنى تۇتۇپ، بىر - بىرىنـى ئۆلتۈرىـدىغان ئىشلار كېلىـپ چىقىدۇ. ئىسلام دىنى پۈتكۈل ئىشلارنى ئىنسان تەبىئىـتىگە ئەڭ ئۇيغـۇن شەكىلدە رەتكە سالغىنىدەك، بۇ مىللەتچىلىـك مەسىلىسـىنىمۇ ئىنسانىنىڭ يـــارىتىلىش تەبىئىتـــدە بـــار بولغـــان مىلـــلەت سۆيگۈســـىنىمۇ يوققـــا چىقارماستىن، مىللەتچىلىكتىن كېلىپ چىقىـدىغان يۇقىرىقىـدەك زىيـان-

زەخمەتلەرگىمۇ يول قويماستىن ناھايىتى مۇۋاپىق شەكىلدە ھەل قىلغان. ئىسلام دىنى دۇنيادا مەۋجۇت بولغان بارلىق مىللەت ۋە قەبىلىلەرگە كەلگەن ئالەمشۇمۇل بىر دىن. بۇ دىن ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە بارلىق ئىنسانلارنىڭ ھۆرمەتتە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسلىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەممىڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالام بولسا تۇپراقتىن يارىتىلغان»[1] دېگەن. ئىسلام يەنە كىشىنىڭ قايسىبىر مىللەتتىن بولۇشى ئۇنىڭغا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك بەرمەيدىغانلىقىنى، پەزىلەت ۋە ئالاھىدىلىكنىڭ پەقەت يارائقۇچىسىنى تونۇپ، ئۇنىڭغا قۇللۇق قىلىشتا ئىكەنلىكىنى ئېيلان قىلغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ ﴾يەنى﴿ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك سانىلىدىغىنىڭلار ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلاردۇر﴾ [2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى ۋە ئەڭ ئاخىرقى ھەجنى قىلغان ۋاقتىدا، ئەرەپاتتا تۇرۇپ، ئوقۇغان ۋەدا خۇتبىسىدە مۇنداق دېگەن: «ئى ئىنسانلار! ئۇنۇتماڭلاركى، سىلەرنىڭ رەببىڭلار بىر، ئاتاڭلار بىردۇر. ئەرەبنىڭ ئەجەمدىن، ئەجەمنىڭ ئەرەبتىن ئارتۇقچىلىقى يوق، قىزىل

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(2) ھۇجۇرات سۈرىسى 13 ـ ئايەت.

تەنلىكنىــڭ قــارا تەنلىكــتىن، قــارا تەنلىكنىــڭ قىزىــل تەنلىكــتىن ئارتۇقچىلىقى يوق. ئارتۇقچىلىق پەقەت تەقۋالىقتىدۇر» [1]

ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى قەبىلىۋازلىق، مەھەللىۋازلىق، يۇرتۋازلىق ۋە تار مىللەتچىلىك ئىللىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنى ئەڭ ئالىي تۇيغۇ ۋە يۈكسەك غايىدە بىرلەشتۈرگەن. ئۇ بولسىمۇ، ئىسلامىي قېرىنداشلىق تۇيغۇسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنى «بىر ئۈممەت» دەپ ئاتىغان. بۇ ئۈممەتنىڭ ئەزالىرىنىڭ تىللىرى باشقا، رەڭگى باشقا، مىللىتى باشقا، ياشايدىغان يەرلىرى باشقا، ئەمما ئەڭ ئالىي غايىسى بىر، يۈزلىنىدىغان قىبلىسى بىر، يولباشچى پەيغەمبىرى بىــــــردۇر.﴿ إِنَّ هَـٰذِهِ أُمَّتُكُمْ أُمَّةً وَاحِدَةً وَأَنَا رَبُّكُمْ فَاعْبُدُونِ﴾ يەنى﴿سىلەرنىڭ بۇ ئۈممىتىڭلار بىرلا ئۈممەتتۇر. مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلارمەن، ماڭىلا قۇلچىلىق قىلىڭلار﴾[2] ئاللاھ تائالا يەنە مۇسۇلمانلارنى ھەممە بىردەك ئاللاھنىڭ دىنىغا مەھكەم ئېسىلىپ ئايرىلماسلىققا چاقىرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللَّهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا ﴾ يەنى﴿ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىڭلار، ھېچ ئايرىلماڭلار﴾[3]،﴿ إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ﴾يەنى ﴿ مۆمىنلەر ھەقىقەتەن ئۆز ئارا قېرىنداشلاردۇر﴾ [4]

مۇسۇلمانلار ھەممىسى ئۆز ئارا قېرىنداش بولغان ئىكەن، ھېچبىر مىللەتنى، ھېچبىر قەۋمنى ياكى ھېچبىر جامائەتنى كەمسىتىشكە،

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(2) ئەنبىيا سۈرىسى 92- ئايەت
(3) ئال ئىمران سۈرىسى 102- ئايەت
(4) ھۇجۇرات سۈرىسى 10- ئايەت

مەسخىرە قىلىشقا بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا بىزگە بۇ ھەقتە تەلىم بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا يَسْخَرْ قَوْمٌ مِنْ قَوْمٍ عَسَى أَنْ يَكُونُوا خَيْرًا مِنْهُمْ وَلَا نِسَاءٌ مِنْ نِسَاءٍ عَسَى أَنْ يَكُنَّ خَيْرًا مِنْهُنَّ وَلَا تَلْمِزُوا أَنْفُسَكُمْ وَلَا تَنَابَزُوا بِالْأَلْقَابِ بِئْسَ الِاسْمُ الْفُسُوقُ بَعْدَ الْإِيمَانِ وَمَنْ لَمْ يَتُبْ فَأُولَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ﴾يەنى ﴿ ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى مەسخىرە قىلمىسۇن. بەلكى ئۇلار مەسخىرە قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. ئاياللارمۇ ئاياللارنى مەسخىرە قىلمىسۇن. بەلكى ئۇلار مەسخىرە قىلىنغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. بىر ـ بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار، ئىماندىن كېيىن پاسىقلىق نېمىدېگەن يامان! كىمكى تەۋبە قىلمايدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر ﴾[1]

يۇقىرىقىلاردىن مۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ، مىللەتچىلىكنى ئىككى قىسىمغا ئايرىپ چۈشىنىش كېرەك: بىرى ئىجابى يەنى ئىسلامغا ئۇيغۇن بولغان مىللەتچىلىك، يەنە بىرى سەلبى يەنى ئىسلام مەنئى قىلغان مىللەتچىلىك.

## ئىجابى مىللەتچىلىك

ئىجابى مىللەتچىلىكنى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلاشقا بولىدۇ:

1.ئەگەر ئاۋۋال ئۆز مىللىتىنىڭ غېمىنى يېيىش، ياخشىلىقنى، ياردەمنى ئاۋۋال ئۆز مىللىتىدىن بولغان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا

(1) ھۇجۇرات: 11ـ ئايەت

قىلىش. بۇنىڭ شەرتى باشقا مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەققىنى ئېلىۋالماسلىق.

2. ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئۆز مىللىتىدىن بولغان مۇسۇلمانلارنى باشقا مۇسۇلمانلاردىن بەكرەك سۆيۈشى. بۇنىڭ شەرتى باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەر يامان كۆرمەسلىكتۇر.

3.ئۆز مىللىتىدىن بولغان مۇسۇلمانلارغا خىزمەت ۋە ياردەم قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇشى. بۇنىڭ شەرتى باشقا مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا ھەقسىزلىق قىلماسلىقتۇر.

4.ئۆز مىللىتىنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرىدىن، قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرىدىن پەخىرلىنىشى، كىشىلەرنى ئىشلەشكە، تىرىشىشقا، ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە تەرغىب قىلىش ئۈچۈن مىللىتىنىڭ ئۆتمۈشتىكى غەلىبىلىرىنى ئەسلىتىشى ۋە تارىخىي شەخسلىرىنى مەدھىيىلىشى.

## سەلبى مىللەتچىلىك

ئىرقچىلىق، باشقا مىللەتلەرنى كەمسىتىش بولۇپ بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئەسەبىيەت» دەپ ئاتىغان ۋە ئۇنىڭ ئىسلامغا پۈتۈنلەي زىت كېلىدىغان جاھىلىيەتنىڭ قىلىقى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭدىن مەنئى قىلغان.

سەلبى مىللەتچىلىكنىڭ بەزى كۆرۈنۈشلىرى ۋە ئۇنىڭ زىيانلىرى

1. مەن پالانى مىللەتتىن، دەپ ئۆز مىللىتىنى ماختاپ، باشقا مىللەتلەرنى سۆكۈش. بۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىدىغان، بۇزغۇنچىلىق خارىكتىرلىق قىلىقتۇر. چۈنكى بىراۋنىڭ ئۆز

مىللىتىنىــى ئۇســتۇن كۆتــۈرۈپ، باشــقا مىللەتلەرنــى يەرگە ئۇرۇشــى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا دۈشمەنلىكنى پەيدا قىلىدۇ.

2. ئــۆز مىللىتىنىــى ھەممىــدىن ئۈســتۈن دەپ قــاراپ، باشــقا مىللەتــلەرگە تەكەببۇرلــۇق قىلىــش. چــۈنكى كىبىــرلەنگەن كىشــى باشقىلارنى كــۆزىگە ئىلمايــدۇ، باشقا مىللەتلەرنــى كەمسىتىدۇ. بۇنــداق قىلىش مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا چوڭ توقۇنۇشلارغا يول ئاچىدۇ.

3. ئــۆز مىللىتىــدىن بولغــان مۇســۇلمان ئەمەســلەرنى باشــقا مىللەتتىن بولغان مۇسۇلمانلاردىن ئۈستۈن كۆرۈش. بىر كاپىرنى قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىر مۇسۇلماندىن ئۈستۈن كۆرۈش قەتئىي جائىز ئەمەس.

4. ھەقسىز ھالــدا ئــۆز مىللىتىنىــڭ تەرىپىنــى تۇتــۇش. بۇنــداق قىلىش ھەقسىزلىك ۋە زۇلۇمدۇر. ھەدىس قۇدسىيدا ئاللاھ تائالا: «ئى بەنــدىلىرىم! مەن زۇلــۇمنى ئــۆزۈمگە ھــارام قىلــدىم، سىلەرمۇ بىــر ـ بىرىڭلارغــا زۇلــۇم قىلمــاڭلار»[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « زۇلۇمغا ئۇچرىغــان ئــادەم گەرچە كــاپىر بولســىمۇ، ئۇنــىڭ دۇئاســىدىن ھەزەر قىلىڭلار، چۈنكى زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئادەم بىلەن ئاللاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەردە يوقتۇر»[2] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىراۋنىڭ ھەقسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، شۇ زالىمغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ماڭسا، ئۇ ئىسلامدىن چىقىپ كېتىدۇ.»[3] يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىر زالىمغا ھەقنى يوقىتىش ئۈچۈن ياردەم قىلسا، ئۇ ئاللاھتىن ۋە پەيغەمبەردىن ئادا جۇدا بولغان بولىدۇ»[4]

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى
(2) ئىمام بەززار رىۋايىتى
(3) ئىمام تەبەرانى رىۋايىتى
(4) ئىمام تەبەرانى ۋە ھاكىم رىۋايىتى

5. ئەسەبىيەتكە ئېسىلىۋېلىش ۋە ئۇنىڭغا چاقىرىش. بۇ دىنىمىزدا قاتتىق مەنئىي قىلىنغان، ئىنسانىيەتچىلىككىمۇ ياتمايدىغان يامان ئىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«كىمكى ئەسەبىيەتكە چاقىرىدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس، كىمكى ئەسەبىيەت ئۈچۈن ئۇرۇشىدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس، كىمكى ئەسەبىيەت ئۈستىدە ئۆلىدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس»[1] دېگەن»[2]

(1) ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى
(2) ئىستىداتلىق ئالىم ۋە تونۇلغان ژۇرنالىست ئابدۇلئەھەد ھافىزنىڭ« مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرلىك»ناملىق ماقالىسىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

# ئىسلام ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك

ھەر قانداق بىر خەلقنىڭ ۋەتىنى ئۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسى بولۇپ، پۇل ـ مېلىنى، جېنىنى ۋە قىممەتلىك ھەر نەرسىسىنى پىدا قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بىر مۇسۇلماننىڭ ۋەتىنى ۋە خەلقىگە قارىتىلغان ئەڭ ئاددى بۇرچى ۋەتىنى بىلەن خەلقىنى دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن جان تىكىپ قوغدىشى، ۋەتىنىگە ۋە خەلقىگە خىيانەت قىلماسلىقى ۋە بۇ ئىككىسىنى خۇددى ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرىنى قوغدىغاندەك قوغدىشىدىن ئىبارەتتۇر.

ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۆيگۈسىدىن قالسا، ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغ سۆيگۈ ـ ۋەتەن سۆيگۈسىدۇر. ھەقىقىي مۇسۇلمان كىشى ئۆز ۋەتىنىگە سادىق بولىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلىقنىڭ تەقەززاسى ۋاپادارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. خۇددى ئىبادەتلەرمۇ ئىنساننى باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق بىر مۆجىزات سۈپىتىدە يارىتىپ، ئۇنىڭغا بۇ كائىناتنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ۋە يەر يۈزىنىڭ خوجايىنلىقىنى ئاتا قىلغان كەرەملىك ئاللاھقا شۈكۈر ۋە مىننەتدارلىق ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن قىلىنىدىغان بىر ۋاپا بۇرچى بولغاندەك، ۋەتەننى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭ يولىدا مال ـ مۈلكىنى، جېنىنى ۋە ھەر نەرسىسىنى پىدا قىلىش ھەر قانداق بىر پۇقرانىڭ ئۇنى ئىللىق قوينىدا ئۆستۈرۈپ يېتىلدۈرگەن ئانا ۋەتەنگە ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋاپا بۇرچىدۇر.

## ۋەتەن سۆيگۈسى ۋىجدان ۋە ۋاپا بۇرچىدۇر

ۋىجدانلىق ئىنسان ۋەتىنىنى سۆيۈشنى ئىنسانلىق بۇرچى دەپ بىلىدۇ. چۈنكى ئىنسان خاراكتېرى ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇشنى،

ياخشــىلىق قىلغــاننى سۆيۈشــنى تەبىئىــي زۆرۈرىــيەت دەپ تونۇيــدۇ. دۇنيادا ئىنسان ئۆچۈن ئۇنىڭغا ئىللىق باغرىنى ئېچىپ، ئۇنى تۆرلۈك نېمەتلىرى بىلەن كۈتۈۋالغان، ئۇنى بارچە ياخشىلىقلىرىدىن بەھرىمەن قىلغان، كۆكسى كەڭ، قوينى ئىسسىق ئاشۇ ئانا ۋەتىنىدىنمۇ سۆيۈملۈك بىرى بارمۇ؟! ياخشىلىقنى ياخشىلىق قىلىش بىلەن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ ئەلا بىرى بارمۇ؟!

ۋاپادار ئىنسان چوقۇم ئۆز ۋەتىنىنى سۆيىدۇ. چۈنكى، ھەركىمنىڭ ئۆز ۋەتىنى خۇددى ئانىسىنىڭ قوينىدەك ئىسسىق ۋە يۇمشاقتۇر. شۇڭا ئۇنى «ئانا ۋەتەن» دەيمىز. ئانىمىز خەۋپكە ئۇچرىسا بىزنىڭ قانچىلىك بىئارام بولۇپ كېتىدىغانلىقىمىز ۋە ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتىدىغانلىقىمىز تۇرغان يەردە، ۋەتەنمۇ شۇنداق قەدىرلىك ئانا! بەلكى ئۇ بىزنى تۇغقان ئانىمىزدىنمۇ قەدىرلىك ۋە قىممەتلىك ئانىمىزدۇر. چۈنكى، ئانىلارنى ئۆستۈرگەن تۇپراقمۇ ئەنە ئاشۇ ۋەتەن ئەمەسمۇ؟

« ۋەتەن ئىنسانىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، مۇھەببىتى باغلانغان ماكانى، ئۇنىڭ مۈلكى، نومۇسى ۋە شەرىپىدۇر. ئىنسان ۋەتەن تۇپرىقىدا ھايات كەچۈرىدۇ، شۇ تۇپراقتا ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ نامىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ بايرىقىنى شۇ يەردە تىكلەيدۇ. ۋەتەننىڭ تۇپرىقى، سۈيى ۋە ھاۋاسى ئىنسانغا ھوزۇر ۋە بەخت بېغىشلايدۇ. ئىنساننىڭ دۇنيادىكى قىممىتى ۋەتىنى بىلەن بولىدۇ؛ ۋەتىنى بىلەن تونۇلىدۇ. ۋەتىنى بولمىسا ئۇنى ھېچكىم تونىمايدۇ؛ سۆزى ئۆتمەيدۇ؛ ئىشى ئاقمايدۇ. ۋەتىنى كۈچلۈك، ئەزىز بولسا، بېشى تىك، ئېتىبارى يۇقىرى، قەدرى ئۈستۈن بولىدۇ. قەيەرگە بارسا «مەن پالان يەرنىڭ گىرۋدانى» دەپ، غۇرۇر بىلەن بېشى تىك،

كـۆڭلى خـاتىرجەم كېزىـدۇ. شـۇنىڭ ئۈچـۈن ۋەتەن، ئـاللاھ تائالانىـڭ ئىنسانغا ئاتـا قىلغـان سـان ـ ساناقسـىز نېمەتلىرىنىـڭ ئەڭ چوڭلىرىـدىن بىرىدۇر.

ئـاللاھ تائـالا ئىنسـاننى يارىتىشـتا ئۇنىـڭ قەلبىگە ۋەتىنىنـى سـۆيۈش تۇيغۇسـىنى يەرلەشـتۈرگەن. بـۇ تۇغمـا مـۇھەببەت ئىنسـاننى ۋەتىـنىگە باغلايدۇ. ئۇ مەجبۇر بولۇپ قالمىغىچە ۋەتىنىـدىن ئايرىلىشـنى خالىمايـدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئـۆز ۋەتىنـى بولغـان مەككىـدىن ئايرىلىـپ مەدىـنىگە ھىجـرەت قىلىشـقا مەجبـۇر بولـۇپ يولغـا چىققانـدا: «ئەي مەككە! سـەن ئاللاھقـا ۋە ماڭـا ئەڭ سـۆيۈملۈك شەھەرسـەن، ئەگەر خەلقىڭ مېنى چىقارمىغان بولسا ئىـدى، مەن ھەرگىـز سـەندىن ئايرىلىـپ چىقىـپ كەتمەيتـتىم»[1] دېـگەن. ۋەتەنـدىن ئـايرىلىش ئىنسـان نەپسـىگە ئەڭ ئېغىـــر كېلىـــدىغان، ناھـــايىتى قـــيىن بـــىر ئـــىش بولغاچقـــا، مۇھاجىرلارنىـڭ پەزىلىتـى ھەممىـدىن ئۈسـتۈن بولغـان. چـۈنكى ئـۇلار ئاللاھ يولىدا ۋەتەنلىرىدىن ئايرىلىپ، مەدىنىگە كۆچـۈپ بارغـان. شـۇنىڭ ئۈچـۈن مۇھــاجىر سـاھابىلارنىڭ ئەنسـار سـاھابىلاردىن ئـارتۇقچىلىقى ئۇلارنىڭ ۋەتەنلىرىنـى تەرك ئەتكەنلىكىـدۇر. ئـاللاھ تائـالا مۇھـاجىرلارنى ئالاھىدە مەدھىيىلەپ مۇنداق دېـگەن: ﴿ لِلْفُقَرَاءِ الْمُهَاجِرِينَ الَّذِينَ أُخْرِجُوا مِنْ دِيارِهِمْ وَأَمْوَالِهِمْ يَبْتَغُونَ فَضْلًا مِنَ اللَّهِ وَرِضْوَانًا وَيَنْصُرُونَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ أُولَئِكَ هُمُ الصَّادِقُونَ﴾يەنـى ﴿(ئـۇ غەنىيمەتنىـڭ بىـر قىسمى) دىيارىـدىن ھەيـدەپ چىقىرىلغـان، مـال ـ مۈلكىـدىن ئايرىلغـان پېقىـر مۇھاجىرلارغـا خاسـتۇر، ئـۇلار ئاللاھنىـڭ پەزلىنـى ۋە رازىلىقىنـى تىلەيـدۇ، ئاللاھقـا ۋە

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى

ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدۇ، ئەنە شۇلار (ئىمانىدا) راستچىل كىشىلەردۇر﴾[1]

ۋەتەنىدىن ئايرىلىش ئەڭ ئېغىر جازا ۋە ئەڭ قاتتىق ئازاپ بولغاچقا، ئىسلام جازا قانۇنىدا جىنايەتچىنى ۋەتەنىدىن پالاش، ئۆلۈم جازاسى بىلەن تەڭ تۇتۇلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿ إِنَّمَا جَزَاءُ الَّذِينَ يُحَارِبُونَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَيَسْعَوْنَ فِي الْأَرْضِ فَسَادًا أَنْ يُقَتَّلُوا أَوْ يُصَلَّبُوا أَوْ تُقَطَّعَ أَيْدِيهِمْ وَأَرْجُلُهُمْ مِنْ خِلَافٍ أَوْ يُنْفَوْا مِنَ الْأَرْضِ﴾يەنى ﴿ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قولى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى يۇرتىدىن سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك﴾[2] يەنە قۇرئان كەرىمدە ۋەتەن سۆيگۈسى جان سۆيگۈسى بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئېلىنىدۇ. ﴿ وَلَوْ أَنَّا كَتَبْنَا عَلَيْهِمْ أَنِ اقْتُلُوا أَنْفُسَكُمْ أَوِ اخْرُجُوا مِنْ دِيَارِكُمْ مَا فَعَلُوهُ إِلَّا قَلِيلٌ مِنْهُمْ﴾يەنى﴿ ئەگەر بىز ئۇلارغا: «ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار» دەپ ئەمر قىلغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى بۇنى ئىجرا قىلمايتتى﴾[3] يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:﴿ لَا يَنْهَاكُمُ اللَّهُ عَنِ الَّذِينَ لَمْ يُقَاتِلُوكُمْ فِي الدِّينِ وَلَمْ يُخْرِجُوكُمْ مِنْ دِيَارِكُمْ أَنْ تَبَرُّوهُمْ وَتُقْسِطُوا إِلَيْهِمْ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُقْسِطِينَ﴾يەنى﴿ (كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە

(1) ھەشر سۈرىسى 8- ئايەت
(2) مائىدە سۈرىسى 33- ئايەت
(3) نىسا سۈرىسى 66- ئايەت

سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادالەتلىك بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادالەتلىك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾ (1)

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سەپەردىن قايتسا، مەدىنىنىڭ تۆپىلىرىنى كۆرۈش بىلەنلا ئالدىراپ تۆگىسىنى تېزلىتەتتى» (2) مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەتەن ۋە يۇرت سۆيگۈسىنىڭ ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدا بار بولغان تەبىئىي بىر سۆيگۈ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن بۇ مۇھەببەت ۋە سۆيگۈنىڭمۇ چەك ـــ چېگرىسىنى ئايرىش كېرەك. شۇڭا ۋەتەنپەرۋەرلىكنىمۇ ئىجابى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سەلبى ۋەتەنپەرۋەرلىك دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

## ئىسلام قوللايدىغان ئىجابىي ۋەتەنپەرۋەرلىك

ئىسلامدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ـ يۇرت ـ ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتەننىڭ ھەق ھوقۇقىنى ئادا قىلىش، ۋەتىنىگە ۋاپادار بولۇش، ۋەتىنىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن ئىشلەش، ۋەتىنىنى دۈشمەنگە قارشى مۇداپىئە قىلىش، ئەگەر ۋەتىنى ئاسارەتكە چۈشۈپ قالغان بولسا ۋەتەننى ئازات قىلىش ئۈچۈن ئىسسىق جېنىنى، تاتلىق مېلىنى ۋە قىممەتلىك ۋاقتىنى پىدا قىلىپ جىھاد قىلىش، ۋەتەندە بىرلىكتە ياشايدىغان بارلىق كىشىلەر ئارىسىدا ئىسلام پەرز قىلغان قېرىنداشلىق رىشتىسىنى مۇستەھكەملەش، ۋەتەنداشلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى

(1) مۇمتەھىنە سۈرىسى.
(2) بۇخارى رىۋايىتى

شەخسىي مەنپەئەتتىن ئەلا بىلىش قاتارلىق ئىشلاردۇر. ھەر بىر مۇسۇلمانغا ئۆز ۋەتىنىگە قارىتا مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىشى پەرز ئەيندۇر ۋە پۈتكۈل دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا پەرز كۇپايىدۇر.

## ئىسلام رەت قىلىدىغان سەلبىي ۋەتەنپەرۋەرلىك

ئىسلام دىنى يۇرتۋازلىقنى، مەھەللىۋازلىقنى ۋە تار مىللەتچىلىكنى رەت قىلىدۇ. چۈنكى بۇلار دۈشمەنلەرنىڭ، ئىستىلاچىلارنىڭ ئىشىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدىغان ئىللەتلەردۇر. يۇرتۋالىق ۋە مەھەللىۋازلىقتىن بىر ۋەتەننىڭ گۇرۇپپىلىرى تۇرۇپ، بىر - بىرىنى ياراتمايدىغان، بىر - بىرىنى كەمسىتىدىغان، ئۆز يۇرتىدىن ياكى ئۆز مەھەللىسىدىن بولغانغا يان بېسىپ، باشقا يۇرتتىن بولغان دىنى قېرىندىشىنى يەكلەيدىغان، باشقا يەردىكى قېرىنداشلىرى بىلەن كارى بولمايدىغان، ھەقسىزلىققا ئۇچرىغانغا يار يۆلەك بولمايدىغان، قىيىن ئەھۋالدا قالغانلارغا ياردەم قىلمايدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ.

## ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مەنبەئى ئىسلام ئەقىدىسىدۇر

مۇسۇلمانىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى ئىسلام ئەقىدىسىدىن كېلىدۇ. ئىسلام ۋەتەن تۇيغۇسىنى ئەقىدىگە باغلايدۇ. يەنى ئىسلام نەزىرىدە ۋەتەن ھەربىر مۇسۇلماننىڭ خاس ۋەتىنى بىلەن پۈتكۈل مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى ياشايدىغان ئومۇمىي ۋەتەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى يەر شارىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتلىرى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي ۋەتىنىدۇر. دۇنيانىڭ قايسى بىر يېرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتىنى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىسا، بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئۇ ۋەتەننى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئە قىلىپ، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش پەرز بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن

ئىسلام خۇسۇسىي ۋەتەن تۇيغۇسى بىلەن ئومۇمىي ۋەتەن تۇيغۇسىنى بىرلەشتۈرىدۇ. بۇلارنىڭ قايسى بىرىنى تەرك ئېتىش ئىسلامغا ئۇيغۇن ۋەتەنپەرۋەرلىك بولمايدۇ. ئىسلامنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى كۈچلۈك ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىكتۇر. مۇسۇلماننىڭ ۋەتىنىنى سۆيۈشى ھاياتنى سۆيۈشى بىلەن باراۋەر، ئۇنىڭ ۋەتىنىدىن چىقىرىلىشى بۇ ھاياتتىن ئايرىلىش بىلەن تەڭدۇر. دېمەك ئىجابى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىسلامدا جائىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىسلام تەرغىپ قىلىدىغان پەرز ئىشلاردىندۇر. ئىسلامدا قوغداشقا ۋە ئۇ يولدا جان بېرىشكە تېگىشلىك بەش نەرسە بار، ئۇ ئىسلام فىقھىدا «بەش زۆرۈرىيەت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ دىن، جان، مال ، نومۇس ۋە ئەقىلدۇر. بۇنىڭ ئىچىدىكى مال ۋە نومۇس ۋەتەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى ۋەتەن يولىدا ئۆلگەن مۇسۇلمان شېھىت بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مال-مۈلكىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم شېھىت بولىدۇ.»[1] دېگەن. ۋەتىنىمىز بىزنىڭ مۈلكىمىز، شەرىپىمىز، نومۇسىمىز ۋە ھەر نەرسىمىزدۇر. ۋەتەننى قوغداش ئۇنىڭ غېمىنى يېيىش بىزنىڭ ئەڭ ئالدىنقى دىنىي ۋە مىللىي بورچىمىزدۇر»[2]

(1) ئىمام ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە تىرمىزى رىۋايىتى.

(2) ئىستىداتلىق ئالىم ۋە تونۇلغان ژۇرنالىست ئابدۇلئەھەد ھافىزنىڭ« مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرلىك»ناملىق ماقالىسىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

# ئىسلام ۋە ۋىجدان

ئىسلام دىنىدا ۋىجداننىڭ ئورنى ۋە مەرتىۋىسى ئالاھىدە چوڭ بولۇپ، شەرىئەت تەكلىپلىرى ئاساسەن ۋىجداننىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىجراغا ئۆتىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي ئىمانى بولغان كىشىلەر شەرىئەتتە بۇيرۇلغانلارنى ئورۇنداش ۋە توسقانلاردىن يېنىشتا ئەڭ ئاۋۋال ۋىجداننىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالىدۇ ۋە ۋىجداننىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىش كۆرىدۇ.

بۇ سەۋەبتىن ۋىجداننىڭ خىزمىتى چوڭ ۋە مەرتىۋىسى يۇقىرىدۇر. شۇڭا ئىسلام دىنىنىڭ بىرىنچى دەستۇرى بولغان قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنىڭ ۋىجدانىغا خىتاب قىلغان ۋە بارلىق كۈچىنى ئەڭ ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ۋىجدانىنى ھەرىكەتكە سېلىشقا قاراتقان.

«ئىسلامنىڭ نەزىرى ئەڭ ئاۋۋال قەلبكە چۈشىدۇ. ئەخلاق ئۆلچەملىرى ئۇنى ۋىجدان دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى قەلبنىڭ ناچار ئىللەتلەردىن سالامەت بولۇشى ۋە توغرا يۆنىلىشكە داۋام قىلىشى نۇرغۇنلىغان ياخشىلىقلارنىڭ قولغا كېلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. قىسقىسى، بارچە ياخشىلىق قەلبتىن باشلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ: «ئاللاھ سىلەرنىڭ تەققى-تۇرۇقۇڭلارغا ياكى پۇل-مېلىڭلارغا قارىمايدۇ. بەلكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ۋە ئەمەلىڭلارغا قارايدۇ. تەقۋالىق مانا بۇ يەردە» دېگەن ۋە يۈرىكىگە ئىشارەت قىلغان.[1]

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

توغرا، ھەقىقەتكە ئېچىلغان ۋە يۈزلىنىشىدە مۇستەھكەم بولغان قەلب ھەممە نەرسىگە ياخشىلىقنى چاچىدۇ ۋە شۇنداق قىلىپ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. [1]

قۇرئان كەرىمدىكى﴿ يَوْمَ لَا يَنْفَعُ مَالٌ وَلَا بَنُونَ. إِلَّا مَنْ أَتَى اللَّهَ بِقَلْبٍ سَلِيمٍ﴾يەنى ﴿ئۇ كۈنى مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت ساغلام قەلب بىلەن كەلگەن ئادەملا (پايدا تاپىدۇ)﴾[2] دېگەن ئايەت ئىللەتلەردىن ساغلام بولغان پاك ۋىجداننى سۈپەتلىگەن بولۇپ، كۇفرى ۋە شېرىكنىڭ غۇبارلىرىدىن، ئالدامچىلىقتىن، كۆز بوياشتىن ۋە ھەر قانداق ئىچكى ئىللەتتىن پاك بولغان قەلب ئاخىرەت كۈنىدە ئىگىسىنى بەختلىك قىلىدىغان قەلبتۇر. ئەمما قىلغان ھەر بىر ياخشى ئىشىدا شۆھرەت تېپىشنىلا ئويلاپ قىلىدىغانلارغا ئاخىرەتتە ياخشى ئاقىۋەت يوق.

## دىن ۋىجداننىڭ يېتەكچىسىدۇر

ۋىجداننى ياخشىلىققا يېتەكلەيدىغان نەرسە دىندۇر. بۇنى مۇسۇلمان ئەمەس ئالىملارمۇ ئېتىراپ قىلماقتا. ياۋروپالىق پەيلاسوپلاردىن بىرى مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ياخشى بىر ۋىجدانغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، دىننى تەربىيەدە ۋە ئەخلاقتا يۈكسەلگەن، دىيانەتلىك بىر جەمئىيەتتە ياشاش كېرەك. ۋىجدان ئۆزى يالغۇزلا ئىنسانغا نە يارىتىلىشىنىڭ مەقسەتلىرىنى، نە توغرا ـ خاتانى، نە ياخشى ـ ياماننى ئايرىپ بېرەلمەيدۇ. ۋىجداننىڭ يولىدىن ئازماسلىقى ئۈچۈن، ئۇ

(1) ئىسلام مۇتەپەككۇرى مەرھۇم مۇھەممەد غەززالىينىڭ«مائة سؤال عن الإسلام»(ئىسلام ھەققىدە 100سوئالغا جاۋاب) ناملىق ئەسىرى117ـبەت.
(2) شۇئەرا سۈرىسى88ـ89ـئايەتلەر.

ئۆزىگە يول كۆرسىتىدىغان بىرەر رەھبەرگە مۇھتاجدۇر. بۇ رەھبەر بولسىمۇ ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ دىنىدۇر.»

دېمەككى، توغرا يوسۇندا ھەقىقىي دىنىي ۋە ئەخلاقىي تەربىيە ئالغان ئىنسانلارنىڭ ۋىجدانى ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن چوقۇم مەنئى قىلالايدۇ ۋە گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەيدۇ. قىسمەن دىندارلارنىڭ ئەخلاقىدىكى ناچارلىقلار ئۇلاردا توغرا دىنىي تەربىيەنىڭ ھەقىقىي رەۋىشتە ئەكس ئېتەلمىگەنلىكىدىن بولىدۇ.

# ئىسلام ۋە كىشىلىك ھوقۇق

كىشىلىك ھوقۇق ئىسلام دىنىنىڭ مەھسۇلى ۋە ئاللاھ تائالا چۈشۈرگەن قانۇنىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. دۇنيادا كىشىلەر ھەق-ھوقۇق دېگەنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن چاغلاردا، دەسلەپ قىلىپ ئۇنى قۇرئان كەرىم ئېلان قىلغان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەتبىق قىلغان.

چۈنكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى دۇنيادا ئەڭ ئۇلۇغ مەۋجۇتات بولۇپ يارىتىلغان ئىنساننىڭ ھوقۇقى ۋە ھۆرمىتى ھەم ئىززىتى ئىدى.

«ئاللاھ تائالا ئىنساننى خارلىنىشى ئۈچۈن ئەمەس، ھۆرمەتلىنىشى ئۈچۈن، ھايۋانلارنىڭ دەرىجىسىدە ياشىشى ئۈچۈن ئەمەس، پەرىشتىلەرنىڭ ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشى ئۈچۈن ياراتقان. ئەگەر ئىنسان ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىپ، يەر يۈزىدىكى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدىغان بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا پەرىشتىلەردىنمۇ يۇقىرى دەرىجىلەرگە ئېرىشىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:﴿ وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ وَحَمَلْنَاهُمْ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ وَرَزَقْنَاهُمْ مِنَ الطَّيِّبَاتِ وَفَضَّلْنَاهُمْ عَلَى كَثِيرٍ مِمَّنْ خَلَقْنَا تَفْضِيلًا﴾يەنى﴿شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئۇلارنى توشۇدۇق، شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق. يەنە ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق﴾[1] ئەمما ئىنسانىيەت بېشىدىن كەچۈرگەن ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەن ئادەم بىلىدۇكى، ئىنسانىيەتنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى خورلۇق ۋە ئېزىلىشتىن

(1) ئىسرا سۈرىسى70ـ ئايەت.

باشقىسىنى كۆرمىگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي ھەق-ھوقۇقلىرىغىمۇ ئېرىشەلمىگەن. ئىنسانلارغا بۇ ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى تېتىتقانلار پەرىشتىلەر ئەمەس ياكى جىنلار ئەمەس، يەنىلا شۇ ئىنسانلار ئىدى. دېمەك، ئاز-تولا مال-دۇنياغا ياكى مەنسەپكە ئېرىشكەن ئىنسانلار باشقىلارنى شۇنداق ئەزگەن.»[1]

تاكى 6- ئەسىرگە كەلگۈچىلىك ئىنسانىيەت مۇشۇنداق قاراڭغۇلۇقتا ۋە مۇشۇنداق خورلۇقتا ھايات كەچۈرگەن. پەقەت ئىسلام دىنى كېلىشى بىلەن ۋەزىيەتتە جىددىي ئۆزگىرىش بولدى. ئىنسانلار تۇنجى قېتىم ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمەتلىك ئىنسان ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ۋە ئەدەبىي ھەق-ھوقۇقلىرى بارلىقىنى بىلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنيا تارىخىدا تۇنجى بولۇپ «كىشىلىك ھوقۇق» بەلگىلىمىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇ دەسلەپكى قەدەمدە «كىشىلىك ھوقۇق» بەلگىلىمىسىدىن تۆۋەندىكىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئۇنى ھاياتلىق ساھەلىرىدە تەتبىق قىلغان ئىدى:

## 1. باللارنىڭ ھەق-ھوقۇقى

ــ قىز - ئوغۇللار ھۆرمەتتە ۋە ئىنسانلىق قەدىر-قىممەتتە باراۋەر بولۇپ، ھەر ئىشتا ئوخشاش مۇئامىلە كۆرۈش ھوقۇقىغا ئىگە.﴿ وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ﴾يەنى ﴿ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق﴾[2]، ﴿ إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُ بِالْعَدْلِ﴾... يەنى﴿ئاللا ئادالەتلىك بولۇشقا بۇيرۇيدۇ﴾[3]

(1) ئىسلام مۇتەپەككۇرى مەرھۇم مۇھەممەد غەززالىيىنىڭ«مائة سؤال عن الإسلام»(ئىسلام ھەققىدە 100سوئالغا جاۋاب) ناملىق ئەسىرىنىڭ130-بېتىدىن.
(2) ئىسرا سۈرىسى70-ئايەت.
(3) نەھل سۈرىسى 90-ئايەت.

دېگەن ئايەتلەردىكى «ھۆرمەت» بىلەن «ئادالەت» ئوغۇل-قىز ھەر ئىككى جىنسقا قارىتىلغان.

ــ باللار مال - مۈلۈك ئىگىسى بولالايدۇ. ئۇلار ئۈچۈن كەلگەن ھەدىيەلەر، ياردەملەر ۋە ئۇلارغا ئاتىۋېتىلگەن مال - مۈلۈكلەر ئۇلار بالاغەتكە يېتىپ ئەقىل - ئىدراكقا ئىگە بولغانغا قەدەر ياخشى مۇھاپىزەت قىلىنىپ ساقلىنىدۇ.﴿ وَلَا تَقْرَبُوا مَالَ الْيَتِيمِ إِلَّا بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ﴾يەنى ﴿يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار﴾[1]

ــ باللارغا گۈزەل ئىسىملارنى قويۇش كېرەك. «سىلەر قىيامەت كۈنىدە ئۆزەڭلارنىڭ ۋە ئاتاڭلارنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىلىسىلەر. شۇڭا بالىلىرىڭلارغا چىرايلىق ئىسىملارنى قويۇڭلار»[2]

ــ باللارنى ئوقۇتۇش ۋە ياخشى تەربىيەلەش ئاتا ــ ئانىلارنىڭ ئۈستىدىكى مۇھىم پەرزلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇلارنى ئادا قىلمىغان ئاتا-ئانا ئۆزلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا تۇتقان بولىدۇ. ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنْفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ عَلَيْهَا مَلَائِكَةٌ غِلَاظٌ شِدَادٌ﴾يەنى﴿ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆزۈڭلارنى ۋە ئائىلە ئەزالىرىڭلارنى يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاش بولىدىغان، قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاخ ئازابىدىن ساقلاڭلار﴾ [3]

(1) ئەنئام سۈرىسى 152 -ئايەت.
(2) ئىمام ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
(3) تەھرىم سۈرىسى 6 -ئايەت.

بالىلارنى 10 ياشقا كىرگەنگە قەدەر ئۇرۇشقا بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «بالىلىرىڭلارنى يەتتە يېشىدا نامازغا بۇيرۇڭلار، ئۇن ياشقا كىرگەندىمۇ ناماز ئوقۇمىسا، ناماز ئۈچۈن يېنىك ئۇرۇڭلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن 10 ياشقا توشمىغان بالىنى قايسىبىر سەۋەب بىلەن ئۇرۇشقا بولمايدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

ــ بالىلارنىڭ ئۆيلۈك ــ ئۈچاقلىق بولغانغا قەدەر بارلىق چىقىملىرى ئاتىسىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. كىچىك بالىلارنى مەئىشەتنىڭ تىرىكچىلىكلىرىگە شېرىك قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. «ياخشىلىقنى ئاۋۋال ئائىلەڭدىن باشلىغىن، بالا مېنى كىمگە تاشلاپ قويىسەن، ماڭا ئاش ـ نان بەرگىن! دەيدۇ»[2].

ــ بالىلارغا زىيانكەشلىك قىلىنمايدۇ. «بىراۋنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ھەقلىرىنى زايە قىلىۋېتىشى، ئۇنىڭ گۇناھكار بولۇشى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر»[3].

ــ بالىلار ئۈچۈن بەددۇئا قىلىنمايدۇ. «ئۆزەڭلارنىڭ، ئەۋلادلىرىڭلارنىڭ ۋە ماللىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلماڭلار. ئاللاھ تائالانىڭ نېمە سورالسا بېرىدىغان بىر سائىتى بار، سىلەرنىڭ بەددۇئايىڭلار شۇ سائەتكە ئۇدۇل كېلىپ قالمىسۇن»[4].

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(2) بۇخارى راۋايىتى.
(3) ئەبۇ داۋۇت راۋايىتى.
(4) مۇسلىم رىۋايىتى.

— بالىلار ئارىسىدا ئادالەتلىك بولۇش كېرەك، بىرىنى دەپ باشقىلىرىنى رەنجىتىشكە بولمايدۇ. «ئاللاھتىن قورقۇڭلار، بالىلىرىڭلار ئوتتۇرىسىدا ئادالەت قىلىڭلار»[1]

دۇنيادا بالىلار ھوقۇقى باياننامىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى 20 - ئەسىرنىڭ بىر يېڭىلىقى بولدى.

مەلۇمكى، قۇرئاننىڭ بالىلار ئۈچۈن بەرگەن ھۆرمىتى ۋە ئەھمىيىتى دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر قانۇندا تېپىلمايدۇ. تەبىئىيكى، ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى خورلىماسلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشى ئۈچۈن يەرلىك قانۇنلار ئىشقا يارىمايدۇ. چۈنكى دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلىرى ئۆي ئىچىگە يارىمايدۇ. قانۇن پەقەت ئاتا - ئانىلارنىڭ يۈرىكىدىن چىقىشى لازىم. بۇ بولسىمۇ، بىر ھېساب كۈننىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ۋە بالىلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى قوغدىماسلىقنىڭ جازاسىنى چوقۇم كۆرىدىغانلىقنى بىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

## 2. ئاياللارنىڭ ھەق-ھوقۇقى

مۇندىن 1403 يىل بۇرۇن دۇنيا تارىخىدا بىرىنچى قېتىم ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش ھۆر ۋە ھۆرمەتلىك ئىنسان ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش ھەق - ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكى ئېلان قىلىندى.[2]

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى ۋەھيى مىلادىيەنىڭ610-يىلى 8-ئاينىڭ 10-كۈنى چۈشكەن. ( سەفىيۇررەھمان مۇباركەفۇرىنىڭ«شىرىن بۇلاق» ناملىق ئەسىرىدىن).

تېخى مىلادىيەنىڭ 1700ــ يىللىرى فرانسىيىدە ئاياللارنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكى ياكى باشقا بىر جىنس ئىكەنلىكى توغرۇلۇق جىددىي تالاش ـ تارتىشلار بولۇپ ئۆتكەن ئىكەن. 6 ـ ئەسىرنىڭ شارائىتىدا ئاياللار دۇنيانىڭ قانداقلا يېرىدە بولمىسۇن، قۇل ئورنىدا كۆرۈلەتتى. يەھۇدىي دىنىدا ئاياللار شەيتانلارنىڭ بىر تۈرى دەپ قارالغان بولسا، بۇددىزمدا ئاياللار جىن، دەپ قارىلاتتى. ھىندىلارنىڭ دىنىدا بولسا، ۋابا، كېسەللىك ۋە باشقىمۇ بەختسىزلىكلەر ئاياللارنىڭ سەۋەبىدىن بولىدۇ، دەپ قارىلاتتى. ھىندىلار ئېرى ئۆلگەن ئايالنى تىرىك تۇرغۇزۇپ ئېرى بىلەن بىرگە كۆيدۈرەتتى. ھازىرمۇ بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ قىسمەن مەزھەبلىرىدە ھۆكۈم سۈرمەكتە. پەقەت، ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، قۇرئاننىڭ ئىجتىمائىي ئىشلار قانۇنىدا، ئاياللارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى بەلگىلىنىپ، ئۇلارنىڭ شان ـ شەرىپى كۆتۈرۈلدى. شۇ ۋاقىتلارنىڭ شارائىتىدا دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە، خۇسۇسەن ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئاياللار مىراس ئورنىدا قوللىنىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قالدۇرغان مال ـ مۈلۈكلەردىن مىراس ئېلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئەمما ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارغا مۇنۇ ھوقۇقلارنى بەلگىلىدى:

ـ ئاياللارنىڭ مىراس ئېلىش ۋە ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز، خالىغىنىچە تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقى بار. ﴿ وَلِلنِّسَاءِ نَصِيبٌ مِمَّا تَرَكَ الْوَالِدَانِ وَالْأَقْرَبُونَ﴾يەنى ﴿ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭ ھەسسىسى بار﴾[1]

---

(1) نىسا سۈرىسى7ـئايەت.

ــ ئەرنىڭ ئايالىنىڭ بارلىق چىقىملىرىنى تەل قىلىپ بېرىشى.﴿ لِيُنْفِقْ ذُو سَعَةٍ مِنْ سَعَتِهِ وَمَنْ قُدِرَ عَلَيْهِ رِزْقُهُ فَلْيُنْفِقْ مِمَّا آتَاهُ اللَّهُ ﴾يەنى ﴿باي ئادەم (ئايالىنى ۋە باللىرىنى) ئۆزىنىڭ بايلىقىغا يارىشا تەمىنلىسۇن، رىزقى تار قىلىنغان ئادەم ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بەرگىنىگە يارىشا تەمىنلىسۇن ﴾[1]

ـ ئاياللار قانداقلا شارائىتتا بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ ئوقۇش، ئۆگىنىش ئەركىنلىكى ۋە مەجبۇرىيىتى بار. «ئوقۇش، ئۆگىنىش ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەر قانداق بىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر.»[2]

ــ ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش ئۆزى خالىغان بىرسى بىلەن تۇرمۇش قۇرۇش، ئەگەر بەختلىك بولالمىغان ھالەتتە يېتەرلىك ئۆزۈر بىلەن ئاجرىشىش ھوقۇقى بار. «چوكاننى ئۇنىڭ ئىختىيارىسىز، قىزنى ئۇنىڭ رايىسىز ياتلىق قىلماڭلار»[3]،﴿ فَإِذَا بَلَغْنَ أَجَلَهُنَّ فَأَمْسِكُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ أَوْ فَارِقُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ ﴾ يەنى﴿ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقان چاغدا، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە كېلىشىپ قېلىڭلار ياكى چىرايلىقچە ئايرىلىپ كېتىڭلار﴾[4]

ــ ئاياللارنى ئۇرۇپ، تىللاشقا ۋە خورلاشقا بولمايدۇ. «ئاياللىرىنى ئۇرىدىغانلار ياخشى كىشىلەر ئەمەس»[5]

---

(1) تالاق سۈرىسى7-ئايەت.
(2) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
(3) بۇخارى رىۋايىتى.
(4) تالاق سۈرىسى2-ئايەت.
(5) ئىمام بەيھەقى رىۋايىتى.

ــ ئاياللار پـۇل تېپىشـقا يـاكى ئائىلىنىـڭ ئېھتىيـاجلىرىنى قامداشـقا زورلانمايــدۇ.﴿ الرِّجَالُ قَوَّامُونَ عَلَى النِّسَاءِ بِمَا فَضَّلَ اللَّهُ بَعْضَهُمْ عَلَى بَعْضٍ وَبِمَا أَنْفَقُوا مِنْ أَمْوَالِهِمْ﴾يەنـى ﴿ئەرلەر ئاياللارنىـڭ ھامىيلىرىـدۇر، بـۇ ئاللاھنىــڭ ئۇلارنىــڭ بەزىســىنى بەزىســىدىن ئــارتۇق قىلغــانلىقى ۋە ئەرلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر﴾[1]

### 3. ئىجتىمائىي ھەق-ھوقۇقلار

ـــ قوشنىســـىنىڭ ئــاچ ياتقــانلىقىنى بىلىـــپ تـــۇرۇپ، ئـــۇنى تويغۇزماستىن، ئۆزى توق ياتقان ئادەم مۇسۇلمان ئەمەس.[2]

ـــ قوشـــنىلىرىغا ئـــازار بېرىـــدىغان ئـــادەم ھەقىقىـــي مۇســـۇلمان بولالمايدۇ.[3]

ـ ئىنسـانلار قـانۇن ئالدىـدا بـاراۋەردۇر ۋە ھەر قانـداق بىـر مۇئامىلىـدە باراۋەرلىــك ھوقۇقىغــا ئىــگە. «ئەرەبنىـــڭ ئەجەمــدىن، ئەجەمنىـــڭ ئەرەبــتىن، ئــاق تەنلىكنىــڭ قــارا تەنلىكــتىن، قــارا تەنلىكنىــڭ ئــاق تەنلىكـتىن، ھېچقانــداق ئــارتۇقچىلىقى يوقتــۇر. پەقەت ئـۇلار تەقۋالىــق بىلەنلا بىر-بىرىدىن ئەۋزەل بولالايدۇ.»[4]

ــ قـول ئاسـتىڭلاردا ئىشـلىگەنلەر قانــداق تەبىقىــدىن بولمىسـۇن، سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. ئۇلارغىمـۇ يىگىـنىڭلاردىن يېگـۈزۈڭلار،

---

(1) نىسا سۈرىسى34-ئايەت.

(2) ھاكىم رىۋايىتى.

(3) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

(4) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

كىيگىنىڭلاردىن كىيگۈزۈڭلار ۋە ئىچكىنىڭلاردىن ئىچكۈزۈڭلار. ئۇلارنى كۆچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا زورلىماڭلار.[1]

ــ ئىشچىنىڭ ھەققىنى ئۇنىڭ تەرلىرى قۇرۇشتىن بۇرۇن بېرىپ بولۇڭلار.[2]

ـ مۇسۇلمان ـ كىشىلەرگە قولى ياكى تىلى بىلەن زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمىگەن كىشىدۇر.[3]

ــ سىلەرنىڭ ھېچبىرىڭلار ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىنى، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بۇرادىرى ئۈچۈن ياخشى كۆرمىگىچە ھەقىقىي مۇسۇلمان بولالمايدۇ.[4]

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىگە يېتىپ بېرىپ، ئۇ جايدا تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى قۇرغاندىن كېيىن، مەدىنىدە ياشايدىغان مۇسۇلمانلار، يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىك ئەرەبلەر ئۈچۈن 52 ماددىلىق «مەدىنە دەستۇرى» ناملىق باياناتنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق مەدىنىدە ئىسلام دۆلىتى تەركىبىدىكى بارلىق گىراجدانلارنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكى، ئۆزئارا ئىناقلىق ۋە چىقىشىش بىلەن ياشىشى، سىرتقى دۈشمەنلەردىن مەدىنە دۆلىتىنى بىرلىكتە مۇداپىئە قىلىش مەجبۇرىيىتى قاتارلىق پىرىنسىپلارنى بەلگىلىگەن. بۇ ئەينى ۋاقىتتا «كىشىلىك ھوقۇق» باياننامىسىنىڭ دۇنيا تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنىپ، ئەمەلىي ھاياتقا تەتبىقلىنىشى ئىدى.

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
(3) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(4) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەمما خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق باياننامىسى 20 ـ ئەسىرنىڭ بىر يېڭىلىقى بولدى. ئىسلام دىنىنى چۈشەنمىگەنلەر بۇ ئىشنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى ئىجابىيلىق دەپ قارىشى ئالدى. ئەمما مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۇ يېڭىلىق ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇ مۇندىن 14 ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى ئېلان قىلىنىپ بولغان.

خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق پروگراممىسىنىڭ بىرىنچى ماددىيسىدا «ئىنسانلار ھۆر تۇغۇلىدۇ، ئۇلار ھەق-ھوقۇقلاردا ۋە مەسئۇلىيەتلەردە باراۋەردۇر» دەپ كەلگەن. بۇ سۆز دۇنيا تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان. ئۇ مىسىرغا قويغان ۋالىينىڭ خەلققە زۇلۇم قىلغانلىقى ھەققىدىكى شىكايەتنى ئاڭلاپ، ۋالىينى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىگە چاقىرتقان ۋە ئۇنىڭغا: «ئىنسانلار ئانىلىرىدىن ھۆر تۇغۇلغان تۇرسا، قاچاندىن بىرى ئۇلارنى قۇل قىلىۋالدىڭلار»[1]دەپ قاتتىق كايىغان. دېمەك، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئېيتقان بۇ سۆز ئەسىرلەردىن بىرى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە خىيال ۋە ئارزۇ-ئارمان بولۇپ كەلگەن ئىدى.

«مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداشتا ئەڭ ئۈلگە نەمۇنىلەرنى ياراتتى. ئىنسانلار ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، كىچىك بولسۇن، چوڭ بولسۇن، مىللىتى، رەڭگى، تىلى ۋە دىنى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر باراۋەر ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنى ئىسلامنىڭ ئەڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرىدىن سانىدى. بۇ

(1) ئىبنى ئابدۇلھەكەم ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان قىسسە، مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇف كاندېھلىۋى«ساھابىلارنىڭ تەرجىمھالى»ناملىق ئەسىرنىڭ2ـتوم، 88ـبېتىدە بايان قىلغان.

مــاۋزۇدا مــۇھەممەد ئەلەيھىســسالامنىڭ ۋاپــات بولۇشــىدىن ئــۈچ ئــاي ئىلگىـــرى ئوقۇغـــان ۋىـــدا خۇتبىســـى يېتەرلىكتـــۇر. مـــۇھەممەد ئەلەيھىسســالام ۋىــدا خۇتبىســىدە كىشــىلەرنىڭ مــال ـ مــۈلكىگە، ئــار ـ نومۇسىغا تېگىشنىڭ كەچۈرۈلمەس جىنـايەت ئىكەنلىكىنـى قايتـا ـ قايتـا تەكىتلىگەن ئىدى. بۇ تەخمىنەن 633ـ مىلادىيە يىلـى ئىـدى. ئـۇ دۇنيـا قـانۇن ـ تـۈزۈم دېگەنلەرنـى ئـاڭلاپمۇ باقمىغـان دەۋر ئىـدى. ئىنسـانلار تەرىپىدىن لايىھىلەنگەن قانۇنلار:

1215 ـ مىلادىيە يىلى چوڭ شەرت قانۇنى،

1628ـ مىلادىيە يىلى جىسمانىي ئەركىنلىك قانۇنى،

1776ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقى ئېلان قىلىنغان،

1789ـ يىلـى «ئىنسـان ھەقلـرى ۋە گـراژدانلىـق ھەققـى ۋەسىقىسـى» يېزىلغان ۋە

1948ـ يىلىغا كەلگەندە ئىنسان ھەقلىرى قـانۇنى خەلقئـارادا رەسـمىي تۈردە ئېلان قىلىنغان.»[1]

(1) دوكتور مۇھەممەد ئەلى ئەل شەددىنىڭ« مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلغان ئون چوڭ تۆھپىسى»ناملىق ماقالىسىدىن.

# ئىسلام ۋە پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى

پىكىر بايان قىلىش ئىنسانغا خاس بىر ئۆزگىچىلىك بولۇپ، ھەر كىمنىڭ پىكىر بايان قىلىش ھەققى ئۇنىڭ تەبىئىي ھەق-ھوقۇقلىرىدىن بىرىدۇر.

ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىغا چەك قويغىنى يوق. بەلكى يەر يۈزىدە پىكىر ئەركىنلىكىنى ئەڭ كۈچلۈك ھىمايە قىلىپ كەلگەن دىن ئىسلام دىنىدۇر. ئىسلام پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ مەيلى ھەق، مەيلى باتىل پىكىر بايان قىلىشىغا ئەڭ كەڭ يول قويغان زاتتۇر. ھەتتا بىر سەھرالىق ئادەم غەنىيمەت تەقسىماتى بولغان كۈندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياقىسىدىن قاتتىق تارتىپ تۇرۇپ، قوپال سۆز بىلەن «ئى مۇھەممەد! ئاللاھنىڭ مېلىدىن ماڭىمۇ بەرمەمسەن؟» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچ ئاچچىقلىنىپ قالماستىن ياكى ئۇڭايسىزلانماستىن، كۈلۈپ تۇرۇپ، «بۇ ئادەمگىمۇ بېرىڭلار»[1] دېگەن. بۇنىڭغا ئوخشىغان ۋەقەلىكلەر ئىسلام تارىخىدا ئىنتايىن كۆپتۇر.

بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىككە سايلانغان كۈنى جامائەتكە نۇتۇق سۆزلەپ: «مەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان مۇددەتچە ماڭا بويسۇنۇڭلار، ئەگەر مەن ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلسام، ماڭا بويسۇنۇشقا بولمايدۇ. ياخشى ئىش قىلسام ماڭا ياردەم قىلىڭلار، ئەگەر يامان ئىش قىلسام ماڭا قارشى چىقىڭلار» دېگەن.

(1) ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

ئەگەر خەلقتە پىكىر بىرىش، قارشى چىقىش ئەركىنلىكى بولمىسا، خەلىپە بۇ سۆزنى قىلمىغان بولاتتى.

بىر كۈنى ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدتە مۇنبەرگە چىقىپ تۇرۇپ، ئۆيلىنىشتىكى مەھرى ھەققىنىڭ كۈندىن - كۈنگە زىيادىلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ، ئۆيلىنىش مەھرىنى 400 دىرھەمدىن ئاشۇرىۋەتمەسلىك ھەققىدە ۋەز-نەسىھەت قىلغاندا، بىر ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ، «ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! ئاللاھ قۇرئاندا ﴿ وَآتَيْتُمْ إِحْدَاهُنَّ قِنطَارًا فَلَا تَأْخُذُوا مِنْهُ شَيْئًا ﴾يەنى ﴿ئۇلارنىڭ بىرىگە كۆپ مىقداردا مەھرى بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار﴾[1] دېگەن تۇرسا، سىز كىشىلەرنى ئاياللارغا كۆپ مەھرى بېرىشتىن مەنئى قىلامسىز؟!» دېگەندە، ئۆمەر كەمتەرلىك بىلەن «ئۆمەر خاتالاشتى، بۇ ئايال توغرا قىلدى»[2] دېگەن ۋە سۆزىدىن قايتقان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىدىكى پىكىر ۋە سۆز قىلىش ئەركىنلىكىنىڭ بىرەردىن مىسالى.

«ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا دەسلەپ ئۆگەتكەن نەرسە سۆز ۋە بايان ئىدى. قۇرئان كەرىم بۇنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ وَعَلَّمَ آدَمَ الْأَسْمَاءَ كُلَّهَا﴾يەنى﴿ ئاللاھ پۈتۈن شەيئىلەرنىڭناملىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى﴾ [3] ئاللاھ تائالا ئادەمنى خالىغانلىرىنى سۆزلىسۇن، مەقسەتلىرىنى بايان قىلسۇن ۋە ھەممە نەرسىنى نامى بىلەن ئاتىسۇن دەپ ئۇنىڭغا شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئۆگەتكەن. قۇرئان كەرىمدە

(1) نىسا سۈرىسى20-ئايەت.
(2) بەيھەقى ۋە ھاكىم رىۋايىتى.
(3) بەقەرە سۈرىسى31-ئايەت.

يەنە﴿ الرَّحْمَنُ. عَلَّمَ الْقُرْآنَ. خَلَقَ الْإِنْسَانَ.عَلَّمَهُ الْبَيَانَ﴾يەنى ﴿رەھمان تائالا قۇرئاننى ئۆگەتتى، ئىنساننى ياراتتى، ئۇنىڭغا سۆزلەشنى ئۆگەتتى﴾[1] دېگەن ئايەت بار. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانغا ئەڭ دەسلەپ ئۆگەتكەن نەرسىسى ناماز ياكى ئەۋرىتىنى يۈگەش ياكى كەسىپ-ھۈنەر ئەمەس، بەلكى سۆزلەش ۋە بايان ئىدى. يەنە بىر ئايەتتە:﴿ أَلَمْ نَجْعَلْ لَهُ عَيْنَيْنِ. وَلِسَانًا وَشَفَتَيْنِ﴾يەنى ﴿بىز ئۇنىڭغا ئىككى كۆز، بىر تىل ۋە ئىككى كالپۇك ئاتا قىلمىدۇقمۇ؟﴾[2]دېگەن»[3]

قەدىمكى پەيلاسوپلار ئىنساننى « سۆزلەيدىغان ھايۋان» دەپ تەرىپلىگەن ئىكەن. دېمەك، ئىنساننىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئۆزگىچىلىكى سۆزلەش ۋە بايان قىلىشتۇر. ئىنساننىڭ قەدىر-قىممىتىنى كۆتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ ماددىي ۋە ئەدەبىي ھەق-ھوقۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلغان ئىسلام دىنى قانداقمۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئالاھىدە ئۆزگىچىلىكى بولغان پىكىر بايان قىلىش، مەقسەتلىرىنى ئوچۇق سۆزلەش ئەركىنلىكىنى بوغۇۋالسۇن؟!

ھەتتا قۇرئان كەرىم ئىبلىستىن پەرئەۋنغىچە، يەھۇدىيلاردىن مۇناپىقلارغىچە ھەممىسىنىڭ ئاللاھ تائالاغا قارشى ئېيتقان نالايىق سۆزلىرىنىمۇ بىر-بىرلەپ ھېكايە قىلىپ بەرگەن. مەسىلەن: ئىبلىس ئاللاھ تائالاغا قارشى:﴿ لَأَتَّخِذَنَّ مِنْ عِبَادِكَ نَصِيبًا مَفْرُوضًا. وَلَأُضِلَّنَّهُمْ وَلَأُمَنِّيَنَّهُمْ﴾يەنى ﴿مەن ئەلۋەتتە سېنىڭ بەندىلىرىڭدىن مۇئەييەن ساندىكىلەرنى ئىگىلەيمەن. شۇنداقلا چوقۇم ئۇلارنى ئازدۇرىمەن،

(1) رەھمان سۈرىسى1-3-ئايەتلەر.
(2) بەلەد سۈرىسى8-9-ئايەتلەر.
(3) دوكتور ئەھمەد رىسۇنىنىڭ«الفكر الإسلامي»(ئىسلام نەزىرىيەسى)ناملىق ئەسىرى 73-بەت.

ئۇلارنى خام خىيال قىلىدۇرىمەن﴾[1] دېگەن. پىرئەۋن ئاللاھ تائالاغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ:﴿ يَا أَيُّهَا الْمَلَأُ مَا عَلِمْتُ لَكُمْ مِنْ إِلَهٍ غَيْرِي فَأَوْقِدْ لِي يَا هَامَانُ عَلَى الطِّينِ فَاجْعَلْ لِي صَرْحًا لَعَلِّي أَطَّلِعُ إِلَى إِلَهِ مُوسَى وَإِنِّي لَأَظُنُّهُ مِنَ الْكَاذِبِينَ﴾يەنى ﴿ئى كاتتىلار! مەن ئۆزەمدىن باشقا يەنە بىر ئىلاھىڭلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. ئى ھامان، مېنىڭ ئۈچۈن پىششىق خىش پىشۇرۇپ ئېگىز بىر بىنا سالغىن، مەن مۇسانىڭ ئىلاھىنى كۆرۈشۈم مۇمكىن، مەن ھەقىقەتەن ئۇنى يالغانچىلاردىن دەپ گۇمان قىلىمەن﴾[2] دېگەن. يەھۇدىيلار ئەدەپسىزلىكىدىن﴿ إِنَّ اللَّهَ فَقِيرٌ وَنَحْنُ أَغْنِيَاءُ﴾يەنى ﴿ئاللاھ پېقىردۇر، بىز بولساق بايمىز﴾[3] دېگەن. مۇندىن باشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى مۇناپىقلارنىڭ، يەھۇدىيلارنىڭ ۋە مۇشرىكلارنىڭ ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك بىلەن ئېيتقان نالايىق سۆزلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر.

ئەمما ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇستىدىكى ھاكىمۇتلەقلەرنىڭ خاھىشى ئىسلامنىڭ پىكىر ئەركىنلىكىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. چۈنكى ھازىرقى زاماندا مۇسۇلمانلار نەدىلا بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ تىلى تۇتۇلغان، پىكىر بېرىش ۋە ناھەقچىلىككە قارشى چىقىش ئەركىنلىكى بوغۇپ قويۇلغان، ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت قانۇنىدا بېكىتىلگەن يوللۇق ھەق-ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان شارائىتتا ھايات كەچۈرمەكتە.

(1) نىسا سۈرىسى118-ئايەت.
(2) قەسەس سۈرىسى38-ئايەت.
(3) ئال ئىمران سۈرىسى181-ئايەت.

ئۇلارنىڭ ئۇستىدىكى ھاكىمىيەتلەرمۇ تولۇق مەنىسى بىلەن پىرئەۋنىيلەشكەن.

مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىدىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ تەس. چۈنكى بۇلارنىڭ ئەھۋالى ئالدىنقىلارنىڭكىدىنمۇ يامان. جانابى ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم قىلغاي!

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر كۈنى پىرئەۋن «سەن خەلققە نىمانچە بەك زۇلۇم قىلىسەن؟» دەپ سورالغىنىدا، پىرئەۋن: «مېنىڭ زۇلۇم قىلىشىمغا سەۋەب بولغۇچىلار خەلقتۇر. چۈنكى ئۇلاردىن ھېچكىم ماڭا قارشى چىقمىدى ئەمەسمۇ؟» دېگەن ئىكەن.

## ئىسلام ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكى

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى دىنغا كىرىشكە زورلىمايدۇ ۋە زورلىغان ئەمەس. بۇ ئۆزگەرمەس پىرىنسىپ بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ پىرىنسىپنى قۇرئان كەرىمدە:﴿ لَآ إِكْرَاهَ فِي الدِّينِ﴾ يەنى ﴿دىنىدا زورلاش يوق﴾[1] دېگەن بىر جۈملە سۆز بىلەن جاكارلىغان.

ئىسلام دىنىدا ئىنسانلارنىڭ دىن تاللاش ئەركىنلىكى ئېتىراپ قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى قوغدىلىدۇ ۋە قوغدىلىپ كەلگەن. شۇڭا ئىسلام مەنبەلىرىدە، شەخسنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى ياكى رەت قىلىشى پۈتۈنلەي شۇ شەخسنىڭ ئۆز ئەركىنلىكى ۋە ئىرادىسىگە باغلىق دەپ تەكىتلەنگەن.

ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلەرنى ئاللاھقا دەۋەت قىلىشتىكى بىردىنبىر ئۇسۇلى: ئاۋۋال ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى كىشىلەرگە تولۇق بايان قىلىش ۋە قۇرئان كەرىمنى ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ ئوقۇپ بېرىش، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنى خالىسا ئىسلامنى قوبۇل قىلىش، خالىسا ئۆز دىنىدا داۋام قىلىش ئىختىيارى بىلەن ئۆز ھاللىرىغا قويۇۋېتىشتىن ئىبارەتتۇر.

قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيىسىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى، ھەرگىزمۇ باشقىلارنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا زورلاش ئەمەسلىكىنى ئوچۇق جاكارلىغان.﴿ أَفَأَنْتَ تُكْرِهُ النَّاسَ حَتَّى يَكُونُوا

---

(1) بەقەرە سۈرىسى256-ئايەت.

مُؤْمِنِينَ﴾يەنى ﴿سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا زورلىماقچىمۇ؟﴾[1]، ﴿ لَسْتَ عَلَيْهِمْ بِمُسَيْطِرٍ﴾يەنى ﴿سەن ئۇلارغا مۇسەللەت ئەمەسسەن)[2]، ﴿ فَإِنْ أَعْرَضُوا فَمَا أَرْسَلْنَاكَ عَلَيْهِمْ حَفِيظًا إِنْ عَلَيْكَ إِلَّا الْبَلاَغُ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئۇلار (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە، بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتكىنىمىز يوق، سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر﴾[3]

ئىسلام دىنى قۇدرەت تېپىپ، مۇسۇلمانلار كۈچلىنىپ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن چاغلاردىمۇ مۇسۇلمانلار باشقا دىندىكىلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە زورلىغان ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆز دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان هالدا ياشاش هەققىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە كاپالەتلەندۈرگەن.

هەتتا مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەهرىدە تۇنجى ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلۇپ مۇسۇلمانلار زەپەر قۇچقان ۋاقىتلاردىمۇ ئۇ جايدىكى ئىنسانلار ئىسلام دىنىغا كىرىشكە زورلانمىغان. پەقەت ئۇلارنى مۇسۇلمان قىلىش ئۈچۈن دەۋەت قىلغان ۋە هەقىقەتنى يەتكۈزگەن، بەس. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مەدىنىدە «مەدىنە دەستۇرى» دەپ ئاتالغان 52 ماددىلىق بايانامىنى هازىرلاپ، مەدىنىدە ياشايدىغان مۇسۇلمانلار، مۇشرىكلار، يەهۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلاردىن هەربىرىنىڭ ئۆز دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىش هوقۇقى ئېتىراپ قىلىنىغانلىقى، هەتتا مەزكۇر ۋەسىقىدە «يەهۇدىيلار بىلەن مۇسۇلمانلار بىر ئۇممەت» يەنى بىر دۆلەتنىڭ ئوخشاش هوقۇقلۇق گراژدانلىرى دەپ قەيت

(1) يۇنۇس سۈرىسى 99- ئايەت .
(2) غاشىيە سۈرىسى 22- ئايەت.
(3) شۇرا سۈرىسى 48- ئايەت.

قىلىنغــانلىقى بۇنىــڭ مىســالى. مۇســۇلمانلاردا باشــقا دىنــدىكىلەرنى ئىسلامغا زورلاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھازىرمۇ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ۋە باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىدە باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

# ئىسلام ۋە مۇرتەدنىڭ جازاسى

مۇرتەد ــ مۇسۇلمانلىقتىن يېنىپ، كاپىر بولۇپ كەتكەن ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھقا پاكى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىرەرسىگە پاكى قۇرئان كەرىم ۋە ئىشەنچلىك ھەدىسلەر بىلەن بەلگىلەنگەن ئەقىدە ۋە ئىمانغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرەرسىگە ئاشكارا ئىنكار قىلغان ئادەم مۇسۇلمانلىقتىن چىقىپ مۇرتەد بولغان بولىدۇ.

«پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى بىلەن باشقىلارنى تىللاش، ھەرىكەت ئەركىنلىكى بىلەن باشقىلارنى زىيانغا ئۇچرىتىش ئوتتۇرىسىدا زور پەرق بار. يەنى مەن خالىغىنىمنى سۆزلەيمەن ۋە خالىغىنىمنى قىلىمەن، ئەمما مېنىڭ بۇ ئەركىنلىكىم باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىغا دەخلى يەتكۈزىدىغان يەرگە يەتكەندە توختايدۇ. توغرا، ئىنسان كامالىغا يېتىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەركىنلىك كېرەك. ھەربىر ئىنساننىڭ باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىغا دەخلى-تەئەررۇز يەتكۈزمىگەن ھالدا تولۇق ئەركىنلىكتىن پايدىلىنىش ھەققى بار.»(1)

ئىسلام فىقھىغا ئاساسەن، مۇرتەد ئاۋۋال تەۋبە قىلىپ، ئىمانغا قايتىشقا دەۋەت قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مەلۇم مۆھلەتمۇ بېرىلىدۇ. ئەگەر بۇ مۆھلەت ئىچىدە گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ، ئىمانغا قايتسا مەسىلە ھەل بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ مۇرتەدلىكىدە چىڭ تۇرسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈش بەلگىلەنگەن.

---

(1) ئىسلام مۇتەپەككۇرى مەرھۇم مۇھەممەد غەززالىينىڭ«مائة سؤال عن الإسلام»(ئىسلام ھەققىدە 100سوئالغا جاۋاب) ناملىق ئەسىرى20-بەت.

بۇ مەسىلىنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەردۇر. «دىنىدىن يېنىۋالغاننى ئۆلتۈرۈڭلار»[1]، «مۇسۇلمان ئادەمنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە بولمايدۇ، پەقەت قاتىل، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق تۇرۇپ زىنا قىلغۇچى ۋە دىنىدىن يېنىۋېلىپ جامائەتتىن ئايرىلغۇچى بۇنىڭدىن مۇستەسنا.»[2] دېمەك، مۇرتەدنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسى ھەدىس ئارقىلىق بەلگىلەنگەن. ئەمما قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدە مۇرتەدلىك ۋە ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسى بايان قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسى بايان قىلىنمىغان.

«بۇ مەسىلە ھەققىدە كۆز قاراش بايان قىلىشتىن ئاۋۋال تۆۋەندىكىلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ:

1. قۇرئان كەرىمنىڭ بىر قانچە ئايىتىدە مۇرتەدنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسى بايان قىلىنغان. ئەمما ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسى بايان قىلىنمىغان. مەسىلەن:﴿ وَمَنْ يَرْتَدِدْ مِنْكُمْ عَنْ دِينِهِ فَيَمُتْ وَهُوَ كَافِرٌ فَأُولَئِكَ حَبِطَتْ أَعْمَالُهُمْ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ وَأُولَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ﴾يەنى ﴿سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن قايتىپ كاپىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر﴾[3]، ﴿ إِنَّ الَّذِينَ ارْتَدُّوا عَلَى أَدْبَارِهِمْ مِنْ بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ الْهُدَى الشَّيْطَانُ سَوَّلَ لَهُمْ وَأَمْلَى لَهُمْ﴾يەنى ﴿توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن ئارقىسىغا(كۇفرىلىققا)

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(3) بەقەرە سۈرىسى217-ئايەت.

قايتىشۋالغانلارغا (بۇ ئىشنى) شەيتان چىرايلىق كۆرسەتتى ۋە ئۇلارنى (يالغان ۋەدىلەر بىلەن) ئۈمىدلەندۈردى ﴾[1]

مەلۇمكى، قۇرئان كەرىم قاتىللىق، ئوغرىلىق، زىنا، قاراقچىلىق قاتارلىق خەتەرلىك جىنايەتلەرنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازالىرىنى ئېنىق قىلىپ بېكىتكەن. ئەمما مۇرتەدلىك قۇرئان كەرىمدە شۇنچە كۆپ بايان قىلىنغان تۇرۇپ، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسى بېكىتىلمىگەن. بۇ ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادا جازا يوقلىقىدىنمۇ ياكى ئۇنىڭ يۇقىرىقى جىنايەتلەردىن پەرقلىق بىر جىنايەت بولغانلىقىدىنمۇ؟

2. ئىسلامدىن يېنىۋېلىشنىڭ ئىسلام دەۋىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان مەقسەتلىك جىنايەت ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆز ۋاقتىدا مەدىنىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئەرەبلەردىن بولغان مۇشرىكلارنى ۋە مۇناپىقلارنى ئىسلامغا قارشى كۈشكۈرتۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان رەزىل پىلانى ئىكەنلىكىنى ئىسلام تارىخىدىن ئوقۇۋۇاتىمىز. قۇرئان كەرىم ئۆز ۋاقتىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ رەزىللىكلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:﴿ وَقَالَتْ طَائِفَةٌ مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ آمِنُوا بِالَّذِي أُنْزِلَ عَلَى الَّذِينَ آمَنُوا وَجْهَ النَّهَارِ وَاكْفُرُوا آخِرَهُ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ﴾يەنى ﴿ئەھلى كىتابتىن بىر تۈركۈمى دېدىكى: «ئىمان ئېيتقانلارغا چۈشكەن ۋەھيىگە ئەتىگەندە ئىمان ئېيتىڭلار، كەچقۇرۇنلۇقى يېنىۋېلىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار) ئۇلار (ئىماندىن) قايتىشى مۇمكىن»﴾[2] قۇرئان كەرىم يەنە مۇناپىقلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَإِذَا لَقُوا الَّذِينَ آمَنُوا قَالُوا

(1) مۇھەممەد سۈرىسى25-ئايەت.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى72-ئايەت.

آمَنَّا وَإِذَا خَلَوْا إِلَى شَيَاطِينِهِمْ قَالُوا إِنَّا مَعَكُمْ إِنَّمَا نَحْنُ مُسْتَهْزِئُونَ﴾يەنى ﴿ئۇلار ئىمان ئېيتقانلار بىلەن ئۇچراشقىنىدا: «بىزمۇ ئىمان ئېيتتۇق» دېيىشىدۇ، (كاتتىباشلىرىدىن بولغان) شەيتانلىرى بىلەن يالغۇز جايدا تېپىشقاندا بولسا «بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللىمىز، پەقەت (تىلىمىزنىڭ ئۇچىدىلا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ) ئۇلارنى مەسخىرە قىلىمىز» دەيدۇ﴾[1]

3. مۇرتەدلەر توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ سىياقىدىن مەدىنىدە يۈز بەرگەن مۇرتەدلىكنىڭ ئىسلامدىن يېنىۋېلىشتىن ئىبارەت شەخسىي ھەرىكەت ئەمەس، بەلكى بىر تۈپتىن يەنە بىر توپقا، بىر جامائەتتىن يەنە بىر جامائەتكە ياكى بىر قوشۇندىن يەنە بىر قوشۇنغا يۆتكىلىش ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. يۇقىرىقى ھەدىستىكى «جامائەتتىن ئايرىلغۇچى» دېگەن جۈملە بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ روشەنلىككە چىقىرىدۇ. چۈنكى «جامائەتتىن ئايرىلىش» دېگەنلىك شۇ جامائەتكە قارشى جەڭ ئېلان قىلىش ۋە دۈشمەنلەرنىڭ سېپىگە ئۆتۈپ كېتىپ، ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك مەۋقەسىدە بولۇش دېگەن مەنىگە كېلىدۇ. ئىمام نەسەئى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە كەلگەن «ئىسلامدىن چىقىپ، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلغانلار ئۆلتۈرۈلىدۇ ياكى دارغا ئېسىلىدۇ ياكى پالىنىدۇ» دېگەن جۈملە بۇ دېگەنلىرىمىزنى كۈچلەندۈرىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن، دېمىزكى، ھەدىستە ئۆلۈم جازاسى بەلگىلەنگەن مۇرتەدلىك بىرەر شەخسنىڭ ئىسلامدىن يېنىپ كېتىشىگە ئەمەس، بەلكى ئىسلام دۆلىتىنى يىقىتماقچى بولغان، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى

(1) بەقەرە سۈرىسى14-ئايەت.

پارچىلىماقچى بولغان ۋە ئوچۇق-ئاشكارا ئىسلام دىنىغا قارشى قورال كۆتۈرگەن مۇرتەدلەرگە قارىتىلغان ھۆكۈم بولۇشى مۇمكىن. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، بىراۋ ئىسلامدىن يېنىۋېلىپ، مەيلى ئۇنى يوشۇرسۇن، مەيلى ئاشكارا سۆزلىسۇن، ئۇ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە سۆيەتلەنگەن مۇرتەدنىڭ جىملىسىدىن سانالماسلىقى ۋە بۇ گۇناھى سەۋەبلىك ئۆلتۈرۈلمەسلىكى كېرەك. چۈنكى ئاللاھ تائالا ﴿دىندا زورلاش يوق﴾ دېگەن ئومۇمىي پرىنسىپنى ئېلان قىلغان. بۇ ئايەت كىشىلەرنى دىنغا كىرىشكە زورلاشقا بولمايدىغانلىقىنى ئوچۇق سۆزلىمەكتە. ئىمان دېگەن قەلبنىڭ ئىشى. شۇڭا ئىمان ئېيتقان ئادەم ئۆز قانائىتى بىلەن چىن قەلبىدىن ئېيتىدۇ.[1]

## دىنغا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا قارشى چىقىشنىڭ پەرقى

ئىسلام مۇتەپەككۇرى مەرھۇم مۇھەممەد غازالى مۇنداق دەيدۇ: «دىنغا ئاسىيلىق قىلىپ گۇناھ قىلىش بىلەن دىنغا قارشى چىقىش جىنايىتىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنمايدۇ. مەسىلەن: ھورۇنلىقتىن ناماز ئوقۇشنى تەرك ئەتكەن ئادەم بىلەن «ناماز دېگەن ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر يەتكۈزىدىغان پايدىسىز ئىش» دېگۈچىلەر ئوخشاشمۇ؟ بۇلارنىڭ گۇناھىمۇ ئوخشاش ئەمەس. چۈنكى ئالدىنقىسى پەرزنى تەرك ئەتكەن گۇناھكار، كېيىنكىسى ئىسلام دىنىغا قارشى چىققان جىنايەتچىدۇر.

مۇرتەدلىك جەمئىيەتنىڭ تەرتىپىنى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىنى بۇزۇش ئۈچۈن قەستەن ئىشلەنگەن جىنايەتتۇر. پىكىر ئىنقىلابىنىڭ

(1) دوكتور ئەھمەد رىسۇنىنىڭ«الفكر الإسلامي»(ئىسلام نەزىرىيەسى) ناملىق ئەسىرىنىڭ82-87-بەتلىرى.

ئەسكىرى ئىنقىلاب ئۆچۈن مۇقەددىمە ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمىزدە، دۆلەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلغان مۇرتەدلىك ھەرىكىتىنىڭ خەتىرىنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى بىلىپ يېتىمىز. ئىسلام تارىخىغا قارايدىغان بولساق، مۇرتەدلەرنى ئۆلتۈرۈشنىڭ پەقەت ئىسلام دۆلىتىنى ۋە دىنىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان چارە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىمىز»[1]

(1) ئىسلام مۇتەپەككۇرى مەرھۇم مۇھەممەد غەززالىينىڭ« مائة سؤال عن الإسلام»(ئىسلام ھەققىدە 100سوئالغا جاۋاب) ناملىق ئەسىرى206-بەت.

# مەن نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانمەن؟

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئامېرىكىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان مىسىرلىق ئالىم دوكتور ئەبۇ شادى «مەن نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانمەن؟» دېگەن سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۆۋەندىكىدەك جاۋاب بەرگەن:

1.مەن ئىمان كەلتۈرگەن ئىسلام دىنى ئەقىلغا تامامەن مۇۋاپىق بىر دىندۇر. ئۇنىڭ ئاساسى ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىقرار قىلىشتىن ئىبارەت.

دۇنيادا ھېچقانداق دىن ئاللاھ تائالانى ئىسلام دىنى سۈپەتلىگەندەك ئېسىل ۋە كامالىي سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىيەلىگەن ئەمەس.

2. ئىسلام دىنى ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا چوقۇنۇشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ ۋە ئىنساننى يالغۇز ئاللاھ تائالاغىلا باغلايدۇ.

ئىسلام نەزىرىدە ئىنساننىڭ مەخلۇقاتقا چوقۇنۇشى ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق ھۆرمىتىنى تۆۋەنلەتكەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئىنسان كائىناتتىكىلەرنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى ۋە ھەممىنىڭ خوجايىنىدۇر. ئۇ ھەرگىزمۇ كائىناتقا ئەسىر ئەمەس، كائىنات كۈچلىرىگە بويسۇنغۇچىمۇ ئەمەس. بەلكى ئۇ بىر تەرەپتىن مۇستەقىل خاھىش ۋە ئەركىن ئىرادىگە ئىگە ھۆر ئىنسان، يەنە بىر تەرەپتىن كائىناتنىڭ بىر پارچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ نىزامىغا بويسۇنغۇچى مەۋجۇداتتۇر.

3. ئىسلام دىنى ئىلگىرىكى ساماۋى دىنلار بىلەن بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلىدۇ ۋە ھەممىسىنىڭ ئورتاق غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي تەلىماتلىرىنىڭ ئاساسلىقى تىنچلىق ۋە شەپقەت ئىدى. دۇنيادا بۇ ئىككىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ۋە تەشۋىق قىلىشتا ئىسلامدەك بىر ھامىي يوق. (ھەتتا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئون ۋەسىيىتىمۇ قۇرئان كەرىمدىن ئورۇن ئالغان-ت)[1]

ئىسلام دىيارلىرىدا ياشايدىغان يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار ئۆز دىنلىرىدىن ۋاز كەچمىگەن بولسىمۇ، خۇددى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە كۆرمەكتە ۋە ھەق-ھوقۇقلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولماقتا. چۈنكى ئىسلامدا باشقىلارنى مۇسۇلمان بولۇشقا زورلاش يوق.

4. ئىسلام دىنى ھۆررىيەتكە چاقىرىدىغان، ئىستىبداتنىڭ ھەر قانداقىنى رەت قىلىدىغان ۋە ھەقسىزلىققا دادىل قارشى تۇرىدىغان ئىلغار دىن.

---

(1) مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مىسىردىكى «تۇرىسىنا تېغى» دا ئون ئەمر چۈشكەن بولۇپ، ئۇلار مۇنۇلار: «ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن:
1. ئالالاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماڭلار.
2. ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار.
3. ئۇرۇق- تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىڭلار.
4. ئىگىسىز يېتىملارغا ياخشىلىق قىلىڭلار.
5. كەمبەغەل، يوقسۇللارغا ياردەم قىلىڭلار.
6. ئىنسانلارغا ياخشى سۆز قىلىڭلار، ئادىل مۇئامىلە قىلىڭلار.
7. نامازنى تولۇق ئادا قىلىڭلار.
8. زاكاتنى ئادا قىلىڭلار.
9. بىر ـ بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكمەڭلار.
10. بىر ـ بىرىڭلارنى ئۆز مەملىكىتىدىن قوغلاپ چىقارماڭلار، دەپ ئەھد ئالغان ئىدۇق.» (بەقەرە سۈرىسى 83 ـ84 ـ ئايەتلەر).

5. ئىسلام دىنى دۇنياۋى دىن بولۇپ، ئۇ چەكلىك مۇھىت ۋە چەكلىك جۇغراپىيەگە مەھكۇم بولۇپ قالمايدۇ. ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە كەلگەن ئومۇمىي دىندۇر.

6. ئىسلام دىنىنىڭ دەستۇرى قۇرئان كەرىم ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا مۇناسىپ كېلىدىغان ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگىدۇر.

چۈنكى ئەقىدە، ئەخلاق ۋە ئىبادەتنىڭ پىرىنسىپلىرى ئۆزگەرمەس قىلىپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، شاخچە مەسىلىلەرنىڭ ۋە يېڭى چىققان ئىشلارنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرى ئىسلام مۇجتەھىدلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە تاپشۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار زاماننىڭ ئىلگىرىلىشىگە ۋە ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ قۇرئان كەرىمنىڭ روھىغا ئۇيغۇن قانۇن-تۈزۈملەرنى تۈزىدۇ.

7. ئىسلام دىنى ئىلىمنى ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى ۋە كائىناتتىكى ئايەتلىرىگە ئېلىپ بارىدىغان ھەقىقىي يولباشچى دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئىلىم ئۆگىنىش ئىسلام دىنىنىڭ ئالدىنقى پەرزلىرىدىن بىرىدۇر.

ئىسلام دىنى بىلىمسىزلىكنى ۋە جاھالەتنى جىددىي بىر يېتەرسىزلىك دەپ قارايدۇ ۋە ئۇنىڭغا چارە-تەدبىر قوللىنىدۇ.

8. ئىسلام دىنى ئاللاھ تائالا بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق بىر ۋاستىنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا مۇسۇلمانلار ئىبادەت ۋە دۇئالىرىنى بىۋاستە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىدۇ.

9. ئىسلام ھەقىقىي مەنىدىكى دېموكراتىيەنىڭ ئاساسىنى بېكىتكەن. ئادالەت ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىدۇر.

10. ئىسلام دىنى ئەمەلىيەتچان دىن بولۇپ، ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى يۈكسىلىشىگە كاپالەت قىلىدۇ.

11. ئىسلام دىنى ئىلىمنى ئۇلۇغلاشتا ۋايىغا يەتكەن بولۇپ، ئۇنى نۇرغۇنلىغان شەكلىي ئىبادەتلەردىن يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە كۆتۈرۈپ مۇقەددەسلەشتۈرگەن.

چۈنكى ئىسلامدا ئىلىم ئىماننى كۈچلەندۈرۈش ۋە ھەقىقەتلەرنى ئېچىش ئېتىبارى بىلەن كاتتا ئىبادەتلەردىن سانىلىدۇ.

12. قۇرئان كەرىم ئىنسانىيەت دۇنياسى تەرەققىي قىلغانسېرى تېخىمۇ كۆپلەپ مەيدانغا چىقىپ تۇرىدىغان ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن.

بۇ ئىلمىي ھەقىقەتلەر ئىنسانلارنىڭ بىلىم سەۋىيەسىنىڭ ۋە ئەقىل- ئىقتىدارىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ تا قىيامەتكىچە شۇنداق مەيدانغا چىقىپ تۇرىدۇ. ئەگەر قۇرئان كەرىم ھازىر چۈشكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا بىرەر ھەرپ كەم-زىيادە قىلىنمىغان بولاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ مۆجىزىسى مەڭگۈگە داۋام قىلىدىغان دائىملىق مۆجىزە.

13. تەۋرات بىلەن ئىنجىل ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق يېتەرلىك بىشارەتلەرنى بەرگەن بولۇپ، ناۋادا يەھۇدىي ۋە خرىستىيان دىنلىرىنىڭ ئۆلىمالىرى

مۇسۇلمان ئۆلىمالار بىلەن بەس-مۇنازىرىگە كىرىدىغان بولسا، ئۇلار چوقۇم يېڭىلىدۇ.

چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق كەلگەن تەۋارت ۋە ئىنجىل تېكىستلىرى ھېچقانداق تەۋىلنى قوبۇل قىلمايدۇ.

14. ئىسلام پىرىنسىپلىرى ئەقىل ۋە فىترەتنىڭ تەقەززاسىغا تامامەن ئۇيغۇن بولۇپ، ئىنسانىنىڭ بۇزۇلمىغان ساپ فىترىتى بىلەن ئەقلى بۇ پىرىنسىپلارنى تامامەن قوللايدۇ.

15. ئىسلام دىنى قالاقلىقنى، خۇراپاتنى ۋە ئارقىغا چېكىنىشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ ۋە ھەمىشە ئالدىغا ئىلگىرىلەشنى تەرەققىي قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئىنسانىنىڭ بارچە ھۆررىيىتى ئىسلام دىنىدا كاپالەتكە ئېلىنغان بولۇپ، ئېتىقاد ئەركىنلىكى، پىكىر ئەركىنلىكى ۋە پىكىر بېرىش ئەركىنلىكى قاتارلىقلارغا ئالاھىدە ھۆرمەت كۆرسىتىلىدۇ ۋە قوغدىلىدۇ. بۇ ئەركىنلىكلەرگە قارشى ھەرىكەت قىلىش ياكى خۇراپات بىلەن جاھالەتنى راۋاجلاندۇرۇش كاپىرلىققا ئوخشاش ئەيىبلىنىدۇ.

16. ئىسلام دىنىدا بىرى يەنە بىرىنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ، بەلكى ھەركىم ئۆز قىلمىشىدىن جاۋابكار بولىدۇ. شۇنداقلا ھەركىم ئۆز ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ.[1]

(1) ئىسلام مۇتەپەككۇرى مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەززالىينىڭ« كيف نفهم الإسلام»(ئىسلامنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟) ناملىق ئەسىرى217-بەت.

## ئىسلامغا ئەڭ چوڭ زىيانكەشلىك مۇسۇلمانلاردىن كەلمەكتە

بىزنىڭ دىنىمىز ئەنە شۇنداق ئىلغار ۋە مۇكەممەل دىن بولۇپ، ئۆزىنىڭ پايدا-زىيىنىنى پەرق ئېتەلەيدىغان سەۋىيەدىكى ھەر قانداق ئادەم بۇنى بىلەلەيدۇ. ئىسلام شۇنچە روشەن ھەقىقەتكى، ئۇنى ئىزاھلاشقا ياكى چۈشىنىش ئۈچۈن كۆپ ئويلىنىشقا ھاجەت قالمايدۇ.

ئەپسۇسكى، بۇ دىنىنى كىشىلەرگە قىيىن كۆرسىتىپ قويغانلار ۋە ئۇنىڭ شەنىگە داغ قوندۇرۇۋاتقانلار يەنىلا مۇسۇلمانلاردۇر. بۇ ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىش. چۈنكى ھازىرقى زاماندىكى مۇسۇلمانلار دۇنيانىڭ قانداقلا يېرىدە بولمىسۇن، ھەرگىزمۇ ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەللىكلىرىنى ۋە ئەۋزەللىك تەرەپلىرىنى نامايان قىلالمىغان. ئەكسىچە، ئىسلام دىنىنى باشقىلارنىڭ كۆزىگە سەت كۆرسىتىش ۋە ئۇنى ھازىرقى ئەسىر بىلەن ماسلىشالمايدىغان بىر دىن قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئىسلامغا ئەڭ چوڭ زىيانكەشلىكلەرنى قىلغان.

ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئەللامە مۇھەممەد غازالى بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تىرىلىپ كېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى كۆرگەن بولسا، ئۇلارنى تونۇماي قالغان بولاتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسلام دىنىنى تاپالمايتتى، ئۇلاردا قۇرئان بىلەن سۈننەتنىمۇ كۆرەلمىگەن بولاتتى.»[1]

چۈنكى، ھازىرقى مۇسۇلمانلاردا ئومۇملاشقان شەخسىيەتچىلىك، ئاچكۆزلۈك، مەنمەنچىلىك قاتارلىق ئەخلاقىي جەھەتتىكى بۇزۇلۇشلار

(1) ئىسلام مۇتەپەككۇرى مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەززالىينىڭ« كيف نفهم الإسلام»(ئىسلامنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟) ناملىق ئەسىرى223-بەت.

ئۇلارنى باشقا بىر ئۇممەتكە ئۆزگەرتىپ قويغان. ئۇلاردا ئىسلامنىڭ بىرلا نامى ۋە شەكلىي ئىبادەتلىرىلا قالغان بولۇپ، ئىمان روھى ئۇلاردا ئىپادىلەنمەيدىغان بولۇپ قالغان. بۇ بۇھران سودا-سېتىق ئىشلىرىدا قەسەم قىلىپ تۇرۇپ بىر-بىرىنى ئالداشتىن باشلاپ يول ماڭغاندا يول تالىشىشقا قەدەر بېرىپ ئومۇملاشقان. بۇ ۋەزىيەت بىزنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزدە تېخىمۇ ئېغىر، تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولماقتا.

قىسقىسى، مۇسۇلمانلاردا شۇ زاھىرىي ئىبادەتلەردىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىغان، ئۇلاردىكى ئىماننىڭ كۈچى دۇنيا ھەلەكچىلىكى ئالدىدا يېڭىلىپ قالغان.

مۇسۇلمان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا مۇسۇلمان دەپ ئاتىلىپ قالغان بەزى ئۇيغۇرلار بەزى دىندارلاردىكى شەخسىيەتچىلىك، ئالدامچىلىق ۋە يالغانچىلىقلارنى كۆرۈپ، سەسكىنگەن يەردە، باشقا دىندىكىلەر بىزگە قانداق باھا بېرەر؟ ئۆتمۈشلەردە ئۆزلىرىنىڭ توغرىلىق، راست سۆزلۈك ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ئاسىيا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىدىكى كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرۈۋەتكەن ۋە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەب بولغان مۇسۇلمانلار بىلەن ھازىرقى زاماندىكى نامدىكى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى بىلەمسىز؟ بىزنىڭ بۇ ئەھۋالىمىزنى كۆرۈپ كىممۇ مۇسۇلمان بولسۇن؟ كىممۇ بىزدىن تەسىرات ئالسۇن؟

بۇ ئورۇندا مۇنداق بىر قىسسىنى قىستۇرۇپ قويغۇم كەلدى. يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان غەربلىكلەردىن بىرى مەككىگە كەلگەن ئىكەن، ئۇ جايدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، «ئاللاھقا

شۈكرىكى، مەن مۇسۇلمانلارنى كۆرمەي تۇرۇپ مۇسۇلمان بولغان ئىكەنمەن» دېگەن ئىكەن.

چۈنكى هازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسۇلمانچىلىقىدىن مەسجىدلەردە بەش ۋاخ نامازنى جامائەت بولۇپ ئوقۇشتىن باشقىسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىدا مۇسۇلمانغا خاس ئۆزگىچىلىكلەرنى تاپقىلى بولمايدۇ. بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار ئىسلامىي قېرىنداشلىقتا كامالىغا يېتىپ ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك شەخسىي مال ـ مۈلكىنى بىر ـ بىرى بىلەن بۆلۈشۈشكەن، ھەتتا ئەنسارلاردىن كۆپ خوتۇنلىرى بارلىرى ئۆي ـ ئوچاقسىز مۇھاجىرلارغا «ئاياللىرىمدىن كۆڭلۈڭگە ياققىنىنى تاللىغىن، سۆزىنى بېرىپ، ئىددىتى چىققاندىن كېيىن ساڭا ئۆيلەندۈرۈپ قوياي» دېگەن سەممىي تەكلىپنى قويۇش دەرىجىسىگە، ئۇرۇشلاردا بىر ـ بىرىنى ئاسرىغانلىقتىن، «سەن ھايات قالغىن، سېنىڭ ئورنۇڭغا مەن ئۆلەي» دېگەن مەقسەت بىلەن بايراقنى ۋە ئالدىنقى سەپنى تالىشىش دەرىجىسىگە يەتكەن بولسا، ھازىرقى مۇسۇلمانلاردىكى شەخسىيەتچىلىكتىن ئىبارەت بۇ ناچار روھىي ھالەت ھاياتلىقنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىگىچە بېرىپ سىڭىپ كەتكەن. بۇلارنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئاددىيسى، ھازىرقى مۇسۇلمانلاردىكى شەخسىيەتچىلىك ماشىنا ھەيدەشتە ئەدەپسىزلەرچە يول تالىشىشتىن باشلاپ مەسجىدلەردە كىشىلەرنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ ئۆتۈپ جامائەتلەرگە ئازار بېرىشكىچىلىك پۈتۈن ئىشلىرىدا ئىپادىلىنىپ تۇرماقتا.

# ئىسلام ئۈممىتىنىڭ قان گۇرۇبى ئىماندۇر

مۇسۇلمانلارنىڭ شانلىق ئالتۇن دەۋرلەرنى ئارقىسىدا قويۇپ ئومۇمىيۈزلۈك چېكىنىشى بىرلا ئىلىم-مەرىپەتتە ياكى بىرلا ئەدەپ-ئەخلاقتا ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلار ئېتىقادىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھەر تەرەپتىن بىراقلا چېكىنىپ كەتكەن. ھەتتا ئۇلارنىڭ پەن-تېخنىكىلاردا تەرەققىي قىلىش نۆۋىتىنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، پۈتۈن ئۆمرىنى ھېچكىمگە پايدىسى بولمايدىغان ئىلمى كالام، ئىلمى پەلسەپە ۋە ئىلمى مەنتىق، شۇنداقلا ئىلمى تەسەۋۋۇپقا بېغىشلىشى ئارقىسىدا پۈتۈن ئىسلام ئەللىرى ئومۇمىي بىر بەختسىزلىككە يۈز تۇتقان ئىدى.

شۇ قاتاردا بىزنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىمىزمۇ بۇ بەختسىزلىكتىن يېتەرلىك نېسىۋىسىنى ئالغان ئىدى. ئۇزۇن ئەسىرلىك جاھالەت ۋە قاششاقلىق بىلەن ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرىكى مۇستەملىكە ئاستىدىكى مەھكۇملۇق بىزنىڭ بەختسىزلىكىمىزنى تېخىمۇ ئاشۇرىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ بىز ئىمانىمىز ئاجىز، ئەخلاقىمىز ناچار، سىياسەت بىلمەيدىغان، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن قۇربان قىلىشتىن چېكىنمەيدىغان، خۇراپاتنى دىن، مەھكۇملۇقنى ھايات، شەخسىيەتچىلىكنى ئەنئەنە دەپ چۈشىنىدىغان، يادۇنيالىقىمىزنى ياكى ئاخىرەتلىكىمىزنى ياخشىلىيالمىغان بىر مىللەتكە ئايلىنىپ قالدۇق. ھەتتا بىز قاششاقلىقتا، جاھىللىقتا ۋە بەختسىزلىكتە پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئاخىرىغا تىزىلىدىغان بولۇپ قالدۇق. ئىسلام ئۈممىتى، جۈملىدىن بىز ئۇيغۇرلار بىر كېسەل ئادەمگە ئوخشاپ قالغانمىز. كېسەلنىڭ مىكروبلىرى تېنىمىزنىڭ ھەممىلا يېرىگە تارىلىپ كەتكەن، بىز بولساق بۇ كېسەلنىڭ دەردىنى چەكمەكتىمىز. خۇددى بىر

كېسەل ئادەم شىپا تېپىش ئۈچۈن دوختۇرنىڭ يېزىپ بەرگەن رېتسىپى بويىچە ئىش كۆرۈشكە مۇھتاج بولغىنىدەك، بىزمۇ بۇ مەنىۋى كېسەللىرىمىزدىن شىپا تېپىپ، ساقلىقىمىزغا قايتىشىمىز ئۈچۈن ئىسلامنىڭ رېتسىپى بويىچە ئىش كۆرۈپ، چوقۇم تەجرىبىدىن ئۆتكەن ۋە ئىشىمىزغا يارايدىغان دورىلارنى قوللىنىشىمىز شەرت.

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بۇزۇلغان قېنىنى ئانالىز قىلغاندا، ئۇزۇلۇپ قالغان بۇ مۇھىم ھالقىنىڭ «مۇستەھكەم ئىمان» ئىكەنلىكى ۋە ئىماننىڭ كەملىكىدىن بۇ ئۈممەتنىڭ تېنىگە ئاغرىق تەككەنلىكىنى بىلىپ يېتىمىز. چۈنكى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ قان گۇرۇپپىسى مۇستەھكەم ئىمان بولۇپ، ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار شۇنىڭ بىلەن قەد كۆتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن دۇنيانى سورىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىززەت ـــ ئابروي ۋە كۈچ-قۇۋۋەت قازانغان ئىدى. مۇسۇلمانلار قاچانكى، ئىماننىڭ كۈچىدىن ۋە ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن ئايرىلىپ قالدى، ئۇلارنىڭ خورلۇق دەۋرى باشلاندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بېشىغا كېلىدىغانلاردىن ئالدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن:« بىر زامان كېلىدۇكى، خۇددى ئاچ قالغانلارنىڭ ھەممىسى بىر لېگەنگە ئالدىراپ قول ئۇزاتقاندەك، بارچە مىللەتلەر ھەر تەرەپتىن سىلەرگە قول سالىدۇ» ساھابىلار: يارەسۇلەللاھ! سانىمىزنىڭ ئازلىقىدىن شۇنداق بولامدۇ؟ دەپ سورىشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا :«ياق، ئۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار كۆپ، ئەمما سىلەر ئۇ ۋاقىتتا خۇددى سەل سۈپۈرۈپ ئېلىپ ماڭغان تاشلاندۇقلارغا ئوخشاش قەدىرسىز بولۇپ قالىسىلەر. چۈنكى ئاللاھ دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ كۆڭلىدىكى ھەيۋىتىڭلارنى ئېلىپ تاشلاپ،

قەلبىڭلارغا دۇنيانى سۆيۈش ۋە ئۆلۈمدىن قورقۇش ئىللىتىنى سېلىپ قويىدۇ»[1] دېگەن.

چۈنكى ئىمان بىلەن قەدە كۆتۈرگەن بىر ئۇممەتنىڭ ئىمانىنىڭ كۈچىدىن ئايرىلىپ قالغىنىدىن كېيىنكى ئەھۋالى شۇنداق بولماي قانداق بولماقچىدى؟

شەكسىزكى، ھەقىقىي جانلىق ئىمان مۇسۇلماننىڭ قەلبىدىكى قوزغاتقۇچ كۈچتۇر. مۇسۇلمان ئادەم شۇ كۈچ سايىسىدا ھاياتتىكى دىن ۋە دۇنيالىق مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلالايدۇ ۋە كۈچ-قۇۋۋەت ھاسىل قىلالايدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى﴿ وَأَنْتُمُ الْأَعْلَوْنَ إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ ﴾ يەنى﴿ ئەگەر سىلەر ھەقىقىي مۇئمىن بولالىساڭلار چوقۇم ئۈستۈنلۈككە ئېگىسىلەر﴾[2] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەللامە مۇھەممەد ئەمىن مىسرى بۇ ماۋزۇدا مۇنداق دېگەن:« پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشنى ئاۋۋال كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىنى ياكى ئەخلاقىنى ياكى تەن ساقلىقىنى يا سىياسىي ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلىغان ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلىغان. باشقا جەھەتتىكى ئىسلاھاتلارنىڭ ھەممىسى ئىماندىن كېيىن ئۆزلىكىدىن كەلگەن. ئەقىدىلىك ئىنسان تۇرلۇك پاساتچىلىقلارنى ئىسلاھ قىلالايدۇ. چۈنكى ئەقىدىلىك ئىنسان غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كېچە-كۈندۈز تىرىشىدۇ ۋە ئاخىرى

(1) ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى139-ئايەت.

غەلىبە قىلىدۇ. ئەقىدىلىك ئىنسان شەرت-شارائىتنى ئۆزى يارىتىدۇ.»[1]

## ئاۋۋال چىن مۇسۇلمان بولۇش شەرت

ئىمان بىرىنچى، ماددىي سەۋەب ئىككىنچى ئورۇندا كېلىدۇ. چىن مۇسۇلمان بولۇش دوختۇر بولۇشتىن، ئىنژىنىر بولۇشتىن، فىزىكا مۇتەخەسسىسى بولۇشتىن، بىئولوگىيە مۇتەخەسسىسى بولۇشتىن ۋە ھەر نەرسىدىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

قىسقىسى، ئىسلام مىللىتىنىڭ قەد كۆتىرىشى شەخسلەرنىڭ چىن مەنىدە مۇسۇلمان بولىشىدىن باشلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ماددىي ئىمكانىيەتلەرگە تايىنىپ ئوخشاش بولمىغان ساھەلەردە يېتىشىپ چىقىش تەلەب قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مۇسۇلمان دوختۇر، مۇسۇلمان مۇئەللىم، مۇسۇلمان دېھقان، مۇسۇلمان تىجارەتچى، مۇسۇلمان كادىر، مۇسۇلمان ئىشچى ۋە مۇسۇلمان ھۈنەرۋەن بارلىققا كەلگەن بىر ئۆلگىلىك جەمئىيەتنى قۇرۇپ چىقىش غايە قىلىنىدۇ. ئىمام ھەسەن ئەل بەننا مۇنداق دېگەن:« چىن مۇسۇلمان تېپىلغان يەردە غەلىبىنىڭ بارلىق ئامىللىرىمۇ تېپىلغان بولىدۇ.»

## چىن مۇسۇلمان بولۇشنىڭ مەنىسى چوڭقۇر

چىن مەنىدە مۇسۇلمان بولۇش دېگەنلىك شۇ زاھىرى ئىبادەتلەر بىلەنلا بولمايدۇ. بەلكى ئاللاھ تائالا تەلەب قىلغاندەك بولۇش ۋە پۈتۈن يۈرۈش-تۇرۇش، ئىش-ھەرىكەت، گەپ- سۆز، مۇئامىلە ۋە ھاياتنىڭ ھەممە ساھەسىنى ئۇ سىزىپ بەرگەن ئۆلچەمگە قېلىپلاشتۇرۇش

(1) مۇھەممەد ئەمىن مىسرىنىڭ«مەسئۇلىيەت»ناملىق ئەسرى39-بەت.

دېگەنلىكتۇر. ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى قەدىر-قىممىتى ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىق دەرىجىسىگە قاراپ بولىدۇ. مۇسۇلمانلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۇنۋانى تەقۋالىقتۇر. تەقۋالىق ـ ئۆزىنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ، ئادا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىرىش دېگەنلىكتۇر. تەبىئىيكى، ئاللاھ تائالانى رازى قىلماي تۇرۇپ ئۇنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىرگىلى بولمايدۇ.

چىن مۇسۇلمانلىق ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن باشلىنىدۇ. بىراۋنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئۇنىڭ تاشقى دۇنياسىدىن ئەۋزەل ۋە گۈزەل بولغاندىلا، چىن مۇسۇلمانلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ. مۇبادا ئادەمنىڭ تاشقى دۇنياسى ئىچكى دۇنياسىدىن چىرايلىق بولۇپ قالغاندا، مۇناپىقلىق ئوتتۇرىغا كىرىپ قالغان بولىدۇ. چۈنكى مۇناپىقلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى خاراب، تاشقى دۇنياسى چىرايلىقتۇر.

چىن مۇسۇلمانلىقنىڭ ئالامىتى شەخس ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىدىن سۆيۈملۈك بولىشىدۇر. چۈنكى ئاللاھ سۆيگۈسى ۋايىغا يەتمىگىچە ئىمان تولۇقلانمايدۇ.

چىن مۇسۇلمانلىق ئىپادىسى ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش ۋە ئۆزىنى كىچىك ساناش بىلەن بولىدۇ.

چىن مۇسۇلمانلىق ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇئامىلىنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇش ۋە ئۇنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇئامىلە ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلىش، ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش، غەزىپىدىن ھەزەر قىلىش، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراش، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

چىن مۇسۇلمانلىق ھەر كىمنىڭ ھەققىنى جايىدا ئادا قىلىش بىلەن بولىدۇ.

چىن مۇسۇلمان ئادەم ئايالى ئۈچۈن ئۈلگىلىك ئەر، بالىلىرى ئۈچۈن ئۈلگىلىك ئاتا، ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن ئۈلگىلىك بالا، قوشنىلىرى ئۈچۈن ئۈلگىلىك قوشنا، خىزمەتداشلىرى ئۈچۈن ئۈلگىلىك خىزمەتداش، ساۋاقداشلىرى ئۈچۈن ئۈلگىلىك ساۋاقداش بولالايدۇ.

چىن مۇسۇلمان ئادەمنىڭ سۆيگۈسى ۋە نەپرىتى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۈچۈن بولىدۇ. ئۇ ياخشىلىق يولىدا تۇرماستىن ئىلگىرىلەيدۇ، يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرىدۇ. خاتالاشقان ياكى بىرەر گۇناھ ئىشلەپ سالغان ھامان تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتىشنى بىلىدۇ.

چىن مۇسۇلمان ئادەم خۇددى خۇشپۇراق گۈلگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ پايدىسى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە يېتىپ بارىدۇ.

چىن مۇسۇلمان ئادەم مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىنى بۇزىدىغان ۋە ئۇلارنى سىنىپلارغا بۆلۈپ، ھەممىسىنى كاپىر قىلىۋېتىدىغان ھىزبۇتتەھرىرچىلەردىن بولمايدۇ.

چىن مۇسۇلمان ئادەم «ساقال قويمىغانلار مۇسۇلمان ئەمەس» دەپ مۇسۇلماننى كاپىرغا چىقىرىۋېتىدىغان تەكفىرچىلەردىن بولمايدۇ.

چىن مۇسۇلمان ئادەم «ھىجرەت قىلمىغانلار مۇناپىقلاردۇر» دەپ دىيارىمىزدا ئۆز مەۋجۇدىيىتىمىزنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان ۋە ئەڭ ئېغىر كۈنلەردە ياشاۋاتقان ئۇ ئەزىز مىللەتنى ئائىلىۋى ۋەيرانچىلىققا، ئۆمۈرلۈك مۇساپىرچىلىققا ۋە چىدىغۇسىز پېقىرچىلىققا دەۋەت قىلمايدۇ ھەمدە ئۆزلىرىمۇ ھىجرەتنى باھانە قىلىپ مەسئۇلىيەتتىن قاچمايدۇ ۋە

مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىنى ئاتېئىزم تەربىيەسىگە تاشلاپ بېرىپ چەتئەللەرگە چىقىپ كەتمەيدۇ.

چىن مۇسۇلمان ئادەم «مائاش ئالغانلار كاپىر» دەپ ئىشچى-خىزمەتچى ۋە پېنسىيەگە چىققان مۇسۇلمانلارنى هارام يېگەنلىك بىلەن ئەيىبلەيدىغان سىرلىق مۇجاھىد، ساختا قەھرىمانلاردىن بولىۋالمايدۇ.

چىن مۇسۇلمان ئادەم «هازىرقى ئىماملارنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇغىلى بولمايدۇ »دەپ كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ مەسچىتلىرىگە كىرىپ ناماز ئوقۇشتىن توسىدىغان تەتۈر تەشۋىقاتچىلاردىن بولمايدۇ.

چىن مۇسۇلمان ئادەمنىڭ روھىدا ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلىش بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بولىدۇ. مۇنداق ئادەم ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن جىهاد روھىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان نۇرچىلاردىن بولمايدۇ.

چىن مۇسۇلمان ئادەم «مائاش ئالغانلار مۇسۇلمان ئەمەس» دەپ مۇسۇلمانلارنى ئىدارە-جەمئىيەت، زاۋۇت-فابرىكا ۋە كان-كارخانىلاردىن بوشىتىپ، ئورۇننى «ئاكا مىللەت»كە هازىرلاپ بەرمەيدۇ.

چىن مۇسۇلمان ئادەم بىر-ئىككى ھەدىسنى ئۆگىنىۋېلىپ ئىمام ئەزەمگە چەندەك ئاتمايدۇ.

چىن مۇسۇلمان ئادەم ئەتراپىدىكى ئېھتىياج ئىگىلىرى قايرىپ قويۇپ تەكرار ھەج قىلىش باھانىسى بىلەن رىياكارلىق قىلىپ يۈزمىڭلارچە پۇلنى سورۇۋەتمەيدۇ.

چىن مۇسۇلمان ئادەم ئىسلام دۆلىتىنى ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا، ئاندىن ئائىلىسىدە، ئاندىن مەھەللىسىدە، ئاندىن جەمئىيىتىدە قۇرۇپ چىقىدۇ.

چىن مۇسۇلمان ئادەم ھوشيار بولىدۇ، دۈشمەنلىرىنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن غەپلەتتە قالمايدۇ. چۈنكى مۇسۇلمان دېگەن ئەقىللىق بولىدۇ.

**بىز مۇھتاج بولغان مۆجىزە ئۆزىمىزدە بار**

خۇددى ئەللامە ئەبۇلھەسەن نەدۋى ئېيتقاندەك، مۆمىن ئادەمنىڭ قەلبىدە چاقنىغان ئىماننىڭ كۈچىگە ئاتۇمنىڭ كۈچىمۇ يەتمەيدۇ. چۈنكى ئىمان ئاجايىپ خارىق ئادەتلەرنى يارىتىشقا قادىر بولغىنىدەك، ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ كىرزىسلىرىنى ھەل قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر. چۈنكى دۇنيادىكى ھەقسىزلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلاردىكى شەخسىيەتچىلىك، نەپسى خاھىشىغا چوقۇنۇش ۋە ئاچكۆزلۈك قاتارلىق ئىللەتلەردىن كېلىپ چىقىدۇ. ئىمان ئەنە شۇنداق ئىللەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ھەققانىيلىق، ئادالەت، يول قويۇش، كەڭ قورساقلىق قاتارلىق خىسلەتلەرنى ئۈندۈرۈپ بىر ئۇممەتنى باشقىچە بىر ئۇممەت قىلىپ دۇنياغا چىقىرىدۇ.(1)

21-ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ ناھايىتى تېز دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە، ئىسلام دىنى ھەققىدىكى توغرا چۈشەنچىلەر كىشىلەرنىڭ زېھنىلىرىدە ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى ۋە كۆپلىگە سەلبىي چۈشەنچىلەر ۋە ئېتىقادلارغا تۈزىتىش بېرىلىپ ئىسلام

(1) ئەللامە ئەبۇلھەسەن نەدەۋىنىڭ«ئىمان نۇرى ئاستىدا»ناملىق ئەسىرى23-بەت.

دىنىنىڭ ئېسىللىكى، مۇسۇلمانلارنىڭ كەمچىلىكلىرى ئوتتۇرىغا چىقماقتا.

ئۇنداقتا، مۇشكىلە ئىسلام دىنىنىڭ مەقسىتىنى ۋە تەلىماتلىرىنى چۈشەنمەسلىكتە ئەمەس. چۈنكى ھازىرقى زاماندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئىسلام دىنى چۈشىنىدۇ ۋە نېمە قىلىش كېرەكلىكىنىمۇ بىلىدۇ. مۇشكىلە چۈشەنگەنلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن يېتەرلىك مەنىۋى كۈچ-قۇۋۋەتكە ۋە ئىچكى تۈرتكىگە ئىگە بولماسلىقتۇر. چۈنكى ھازىرقى مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنىڭ ئىلغارلىقىنى، ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىشنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك سائادەتنىڭ كاپالىتى ئىكەنلىكىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامسىز قەدر كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىنى ياخشى چۈشىنىدۇ ۋە قايىل بولىدۇ. ئەمما شۇ چۈشەنگەنلىرىنى ۋە ئۆزلىرى قايىل بولغانلارنى تەتبىق قىلمايدۇ. گوياكى غايىبتىن بىر كۈچ كېلىپ ئۇلارنى تەتبىق قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغاندەك كۈتىدۇ. قىسقىسى، ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشكىلىسى چۈشەنمەسلىكتە ياكى بىلمەسلىكتە ئەمەس، بەلكى ئەمەل قىلماسلىقتا.

**شەكلەن ئۆزگىرىش پايدا بەرمەيدۇ**

ئىسلام دۇنياسى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئاجىزلىق، خورلۇق ۋە پارچىلىنىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرمەكتە. زامانىمىزدا مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا ھەقىقەتەن ئېغىر مۇسىبەتلەر ۋە چوڭ كېلىشمەسلىكلەر كەلمەكتە. ئىسلام دۈشمەنلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنى بۇزۇش، ئەقىدىسىنى سۇسلاشتۇرۇش جەھەتتە غەلىبە قىلغان بولۇپ، ئاخىرقى ۋاقىتلاردا مۇسۇلمانلاردا قىسمەن

ئويغۇنۇشلار ۋە شەكلىي جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلگەن بولدى. ئەمما بۇلار كۆتۈلگەندىن ئەلۋەتتە يىراقتا تۇرماقتا.

دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلاردا دىنغا قايتىش سەپەرۋەرلىكى باشلانغان بولۇپ، بەزى شەكلىي جەھەتلەردە ئۆزگىرىشلەر بولدى. مەسىلەن: مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ باشلىرىغا ئىسلامىي ھىجاب ئارتىشى، مەسجىدلەردە ناماز ئوقۇيدىغانلار سانىنىڭ كۆپىيىشى، ھەج ۋە ئۆمرە قىلىش قىلىش مەككىگە كېلىدىغانلار سانىنىڭ كۆپىيىشى دېگەنگە ئوخشىغان بەزى ئىجابىيلىقلار ئادەمنى سۆيۈندۈرىدۇ. ئەمما بۇ ئىشلار ئاساسىي مەقسەتتىن خېلىبەك يىراقتا بولغانلىقتىن، نە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى ئۆزگەرمىگەن، نە ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسى تۈزەلمىگەن، نە ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرى ھەل بولمىغان.

مەسجىد ھەرەمدە ھەر جۈمە كۈنى مىڭلارچە مۇسۇلمان پەلەستىنىنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ مۇستەملىكىسىدىن ئازات بولىشىنى، يەھۇدىيلارنىڭ يوقىلىشىنى ۋە مۇسۇلمانالارنىڭ غەلىبە قازىنىشىنى ئاللاھ تائالادىن تىلەيدۇ. ئەمما نېمە ئۈچۈن بۇ دۇئا ئىجابەت بولمايدۇ؟ ئەڭ ئۇلۇغ جاي ھەرەمدە قىلغان دۇئالار نېمە ئۈچۈن ئىجابەت بولمايدۇ؟ چۈنكى مۇنداق دۇئا قىلىش يىللاردىن بېرى ئادەتكە ۋە رەسمىيەتكە ئايلىنىپ قالغان. كىشلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسى خاراپ، نىيىتى بۇزۇق، ئەخلاقى ناچار، ئىمانى ئاجىز بولۇپ قالغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئاللاھ تائالا بۇ كائىناتتا شۇنداق بىر ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتنى بېكىتتۇۋەتكەنكى، ئۇنى ھېچكىم ئۈچۈن ئۆزگەرتىپ بەرمەيدۇ، ھەتتا پەيغەمبەر ئۈچۈنمۇ ئۇنى ئۆزگەرتىپ بەرمەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ« ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» دېگەن قانۇنىيەتتۇر. بۇنى قۇرئان كەرىم ﴿ وَأَنْ لَيْسَ لِلْإِنْسَانِ إِلَّا مَا سَعَى﴾ يەنى

﴿ئىنسان پەقەت ئۆزى ئىشلىگەن ئىشنىڭلا نەتىجىسىنى كۆرىدۇ﴾[1] دەپ تەبىرلىگەن. ئەگەر سەۋەب قىلماستىن، ئىشلىمەستىن، دۇئا بىلەنلا ئىش ھەل بولىدىغان بولسا ئىدى، ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۆلگىسى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جىھاد قىلمىغان بولار ئىدى، دۇئاغىلا تايىنىپ ئىشنى ھەل قىلغان بولار ئىدى. ئەمما ئۇنداق ئەمەس. سەۋەب بىلەن دۇئا بىرلەشمىگەندە مەسىلە ھەل بولمايدۇ. مۇسۇلمانلار دۈشمەنلىرىگە قارشى تەدبىر ئالماستىن، ئۇلارغا ئۆزلىرى قوراللانغان پەن-تېخنىكا بىلەن قوراللىنىپ تاقابىل تۇرماستىن، ئاللاھ تائالا كائىناتتا بېكىتتۈەتكەن سەۋەب قىلىش قانۇنىغا ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلاھىي قانۇنىغا ئەمەل قىلماستىن ھەرگىزمۇ غەلىبە قىلالمايدۇ. بىز مۇسۇلمانلار ئۆزىمىزنى ئوڭشىمىساق پەلەستىن ۋە باشقا ئىسلام دىيارلىرىنىڭ كاپىرلارنىڭ مۇستەملىكىسىدە قالغىنى قالغان.

دېمەك، مۇسۇلمانلاردىكى شەكلىي جەھەتتىكى ئۆزگىرىش ۋە زاھىرىي ئىبادەتلەرنى ئورۇنداپ قويۇش ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. پەقەت ئۇلار ئىچىدىن ئۆزگەرمىگىچە، قۇرئان كەرىمنىڭ ھەۋزى كەۋسىرى بىلەن ئىچكى دۇنياسىنى غۇسلى قىلدۇرۇپ تازىلىماستىن مەسىلە ھەل بولمايدۇ. مۇسۇلمانلار سەۋەب قىلماي مەسجىد ھەرەمدە مىڭ يىل دۇئا قىلسىمۇ مەسىلە ھەل بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ئاللاھ تائالا كائىناتتا بېكىتتۈەتكەن قانۇنىيەتكە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا زىت ئىشتۇر.[2]

(1) نەجم سۈرىسى.
(2) بۇ ماۋزۇنى يېزىشتا مىسىرلىق ئالىم مەجدى ھىلالىينىڭ«أين المخرج؟» (چىقىش يولى نەدە؟) ناملىق ئەسىرىدىن پايدىلىنىلدى.

# پايدىلانغان مەنبەلەر


| كىتاب ئىسمى | ئاپتورى |
| --- | --- |
| العقائد الإسلامية | الشيخ سيد سابق |
| كتاب التوحيد | الشيخ محمد بن صالح الفوزان |
| كتاب الإيمان | الشيخ عبد المجيد الزنداني |
| إحياء علوم الدين | العلامة أبوحامد الغزالي |
| مائة سؤال عن الإسلام | الشيخ محمد الغزالي |
| هذا دبننا | الشيخ محمد الغزالي |
| مجموع الفتاوى | شيخ الإسلام ابن تيمية |
| فتاوى معاصرة (جلد1-2-3). | الدكتور يوسف القرضاوي |
| التقليد وأحكامه | الأستاذ سعد بن ناصرالشثري |
| العبادة في الإسلام | الدكتور يوسف القرضاوى |
| ليس من الإسلام | الشيخ محمد الغزالي |
| الفكر االإسلامي | الدكتور أحمد الريسوني |
| كيف نفهم الإسلام | الشيخ محمد الغزالي |
| مناهج الشريعة الإسلامية | الشيخ أحمد محي الدين العجوز |
| من فقه الدولة في الإسلام | الدكتور يوسف القرضاوي |